بسم الله الرحمن الرحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

١

سورة الفاتحة والبقرة

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

1

فاتىھە ۋە بەقەرە سۈرىلىرى

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەيىن، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


## مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

محمد يوسف محمد تورسون



بىرىنچى توم | المجلد الأول

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م / 1446هـ

ISBN:978–625–00–1246–8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بېشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

مۇئەللىپ ھەققىدە ........ 007

ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان
ئەسەرلىرىدىن بەزىسى: ........ 013

بېغىشلىملار ........ 015

- - ........ 016

مۇقەددىمە ........ 049

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى ........ 049

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە بولغان ئېھتىياج ........ 051

مەندىكى تەپسىر يېزىش ئىستىكى ........ 053

تەپسىر جەۋھەرلىرى ........ 055

تەپسىردىكى ئاساسلىق باسقۇچلار ........ 056

ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتىكى پرىنسىپىم ........ 057

«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرجىمىسى ........ 057

ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە پايدىلانغان مەنبەلەر ........ 058

ساپ ئۇيغۇرچە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ........ 059

ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر ........ 060

ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم ........ 086

تەپسىر كىتابلارنى ئوقۇشتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سۆزلەر
ۋە ئاتالغۇلار ........ 091

كىرىش ........ 095

«بىسمىللاھ» دېيىشنىڭ ھۆكمى ........ 097

## بىرىنچى پارە

فاتىھە سۈرىسى ........ 099

﴿ئامىن﴾ دېيىشنىڭ ھۆكمى ...... 114
﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش ئەۋزەلمۇ ياكى ئىچىدە دېيىشمۇ؟ ...... 115
بەقەرە سۈرىسى ...... 119
بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ...... 120
بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ...... 121
تەقۋادارلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرى ...... 125
كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ...... 129
مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى ...... 133
مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىنى پاش قىلىدىغان مىساللار ...... 138
ئاللاھنىڭ بىرلىكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقى ...... 141
«قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك
مۇكاپاتلار ...... 146
«قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار ۋە كىشىلەرنىڭ مەۋقەسى ...... 148
ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى ...... 153
ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت
بىلدۈرۈلگەنلىكى ...... 155
ئىنسان تەبىئىتى ۋە شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ...... 159
ئىسرائىل ئەۋلادى ۋە ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلار ...... 164
يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ...... 166
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ...... 171
يەھۇدىيلارنىڭ تۇزكورلۇقى ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى سەرسان ھاتايى ...... 177
مەڭگۈلۈك نىجاتلىق ھەقىقىي ئىماندىدۇر ...... 179
يەھۇدىيلارنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشى ۋە لەنەتكە ئۇچرىشى ...... 181
كالا بوغۇزلاش قىسسىسى ...... 183
يەھۇدىيلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى ۋە ئىمانسىزلىقى ...... 187
يەھۇدىيلارنىڭ يالغانچىلىقى ۋە ئاللاھقا تۆھمەت قىلىشى ...... 191
يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى ...... 194
يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇقەددەس كىتابلارغا
قارىتا مەۋقەسى ...... 198

يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»نى ئىنكار قىلىشى ..... 202
يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتقا بولغان ھېرىسلىقى ..... 204
يەھۇدىيلارنىڭ پەرىشتىلەرگە قارىتا مەۋقەسى ۋە
پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشى ..... 206
يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسىم جىنايەتلىرى ..... 209
ئەخلاق ۋە كۆرسەتمىلەر ..... 213
ھۆكۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەر ..... 216
يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى مەۋقەسى ..... 220
يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئاخىرەت ھەققىدىكى مەۋقەسى ..... 221
كىشىلەرنى مەسجىدلەردىن توسۇش ئۇنى ۋەيران قىلىشنىڭ
گۇناھى ..... 224
ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلارنىڭ تۆھمەتلىرى ..... 227
پەيغەمبەرنى ئەھلى كىتابقا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ..... 229
ئاللاھنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان خىتابى ..... 231
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھنىڭ بەيتى (مەسجىدى ھەرەم) ..... 332
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ..... 235
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە
قارشى چىققۇچىلار ..... 237
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە يەئقۇب
ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى ..... 240
ئەھلى كىتابقا مۇنازىرە ..... 244

## ئىككىنچى پارە

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ..... 249
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ..... 256
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ..... 260
سەۋر قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار ..... 264
ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ جازاسى ..... 268
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە شېرىكى يوقلىقى ..... 273
ھەل قىلغۇچ چارە ..... 276

ئەھلى كىتاب، «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام........ 281
ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى........ 284
قىساسنىڭ پەرزلىكى........ 289
ۋەسىيەت........ 293
روزا ۋە ئۇنىڭ پەرزلىكى........ 296
رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى........ 303
روزىنىڭ بەزى ئەھكاملىرى........ 306
پارىخورلۇق ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋېلىشنىڭ ھاراملىقى........ 311
ئاي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى........ 313
ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى........ 316
ئۇلۇغ ھەج ئايلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش پرىنسىپلىرى........ 320
ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى (1)........ 423
ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى(2)........ 923
ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى(3)........ 233
مىنادا قونۇشنىڭ ھۆكمى........ 335
مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى........ 336
شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ جازاسى........ 339
ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى........ 343
مۇسۇلمانلارنى چىدامچانلىقتا ئۇندەش........ 347
پۇل-مال سەرپ قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغانلار........ 348
جىھادنىڭ پەرز قىلىنىشى........ 350
ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھۆكمى........ 355
يېتىملەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش........ 359
مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار بىلەن ئۆيلىنىشىنىڭ جائىز
ئەمەسلىكى........ 361
ھەيز ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى........ 363
ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش........ 367
قەسەمنىڭ كاپارىتى........ 369
قەسەم ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى........ 370
ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىقتا قەسەم قىلىش مەسىلىسى........ 373

ئاجرىششتا بالىياتقۇنىڭ پاكلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر 375
ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى 376
تالاقنىڭ بەزى ئەھكاملىرى 380
ئۈچ تالاق دېگەن نېمە؟ 382
ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش (يەنى ھالال قىلىش) دېگەن نېمە؟ 382
تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار 386
بالا ئېمىتىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرى 390
ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى 394
ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا ئەلچى قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى 396
يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ
مەسىلىسى 398
نامازنىڭ ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلىش 401
ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا 403
مىللەتلەر قانداق ياشنايدۇ؟ 405
تالۇت بىلەن جالۇتنىڭ قىسسىسى 408
داۋۇدنىڭ جالۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسە 413

## ئۈچىنچى پارە

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى 417
ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ئۈندەش 421
ئايەتۇلكۇرسى 423
دىندا زورلاش يوقتۇر 426
نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ كىبىرى 430
ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشىنىڭ دەلىلى 432
ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنىڭ دەلىللىرى 436
ئاللاھ يولىدا پۇل سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ
ئەدەپلىرى 438
پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇددىئالىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى 443
سەرپ قىلىنىدىغان مالنىڭ تۈرى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى 446

شەيتاننىڭ ھىيلىسى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى.................................... 448
پۇل سەرپ قىلىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرى .......................................... 452
سەدىقىنى كىملەرگە بېرىش كېرەك؟.................................................. 455
جازانە ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان خەتىرى ................................... 461
ئۆسۈمنى ھارام قىلىشتىكى ھېكمەت............................................... 465
جازانە توغرۇلۇق بەزى ھۆكۈملەر...................................................... 467
قەرز ۋە نېسى مۇئامىلىنىڭ بايانى.................................................... 470
گۇۋاھ قويۇشنىڭ جائىزلىقى .......................................................... 476
ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئىلمىنىڭ كەڭلىكى.... 478
مۇئمىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ دۇئالىرى......................................................... 481

## مۇئەللىپ ھەققىدە

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن 1968- يىلى10- فېۋرال كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدە ئىلىم-مەرىپەتلىك ئائىلە – مۇھەممەد تۇرسۇن ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھۆكۈمەت مەكتىپىگە كىچىك يېشىدىلا ئوقۇشقا كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللىدىكى يوشۇرۇن مەدرىسىدە ئاخشاملىرى «قۇرئان كەرىم»نى يادلاشقا باشلىغان.

1985- يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش بىلەن بىرگە، قارىيلىقنىمۇ تولۇق تۈگەتكەن. شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا ئۇ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چوڭ جامەسىدە تۇنجى خەتمىنى ئۆتكەندە، كېرىيە خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ۋە كاتتا ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىلغا يېقىن ئەرەب تىلى ئۆگەندى. 1986 - يىلى ئۇنى ئاتىسى سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارىدىغان ھاجىلارغا قېتىپ قويدى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە ئوقۇشقا بارغان ۋە ئىككى ئايلىق ئەرەب تىلى كۇرسىدىن كېيىن، ئەزھەر ئىنىستىتۇتىنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن. تۆت يىللىق ئىنىستىتۇتنى مۇسابىقە ئارقىلىق ئۈچ يىلدا تۈگىتىپ، 1989- يىلىنىڭ ئاخىردا ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشكەن.

1993 - يىلى ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تۈركىيەدە بىر يىل ئەرەب تىلى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۆگىتىشتىن مۇئەللىم بولغان. 1995- يىلى فېۋرال ئېيىدا ئۇ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىسىك شەھىرىگە كېلىپ ئۇ جايدىكى «قازاق-تۈرك ئىنىستىتۇتى» دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن قازاقىستاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، «ناماز ئوقۇش قائىدىسى»، «ئىسلام ئەقىدىلىرى»، «زاكات كىتابى»، «روزا ۋە

ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ نەشىر قىلدۇردى. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ۋە بەزى كىتابلىرىنى قازاق قېرىنداشلار قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ «شافاغات نۇر» دېگەن ئايلىق قازاقچە ژۇرنالدا يىللارچە ئېلان قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ 70 يىل دىنسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر مەملىكەتتە، يىللاردىن بىرى كوممۇنىزم بىلەن سوتسىيالىزمنى ۋە دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن گېزىتلەردە تۇنجى بولۇپ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن دىنى ماقالە يازغان، كىشىلەرگە دىنىي ئۆگەتكەن ئىدى.

مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن 2001- يىلىغىچە قازاقىستاندا ئەنە شۇنداق بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ۋە يېزىش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە دىنىي توغرا يوسۇندا يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تەكلىپى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلەت رادىيوسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە دىكتور بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. 2005-يىلدىن 2023- يىلىغىچە سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن ھازىر «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» تەركىبىدىكى «ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»نىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە

مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە كىتاب يېزىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ، «ئىككى دۇنيا سائادىتى» ناملىق بىر كىتابچە يازغان ۋە ئۇنى ۋەتەنگە قېرىنداشلىرىغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار نۇسخىلارغا كۆپەيتىپ ئوقۇپ پايدىلانغان. ھازىر بۇ ئەسەر قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

## مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ پىكىر- قارىشى

مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر-قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە

چەكلىك مۆھىت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن ھازىرغىچە 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر يازغانلىقى سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ۋە ئىنتېرنېت تورلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 1500 پارچىدىن ئاشىدۇ، 300 پارچىدىن كۆپرەك ئۈن-سىن پروگراممىسى ۋە ئايرىم سۆھبەت لېنتىلىرى تارقالغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرى كۆپ تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ قازاقىستاندا نۇرغۇن كىتابلىرى كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەممە كىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، تىلى راۋاندۇر. شۇڭا ھەركىم ئۇنى قەدىرلەپ ئوقۇيدۇ.

ۋەتەن ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننى ئۇيغۇر تارىخىدا ئەڭ كۆپ مول ھوسۇللۇق دىنىي زىيالىي دەپ باھالايدۇ. ئۇ ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ۋە ئىسلامىي يازغۇچىدۇر.

## ئەسەرلىرى

### ◄ تۆۋەندە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 1996- يىلى بىرىنچى نەشرى، ئىستانبۇل. 2002- يىلى ئىككىنچى نەشرى، ئىستانبۇل، 2010-يىلى ئۈچىنچى نەشرى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى مىسىردا، سلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 2020- يىلى ئالمۇتىدا بېسىلغان.

2. «ئىسلام ئەقىدىلىرى» 1997- يىلى بىرىنچى نەشرى، ئالمۇتا، سلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 1998- يىلى ئىككىنچى نەشرى قەشقەردە ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2003 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتا قازاق تىلىدا، 2004- يىلى تۆتىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2005-يىلى ئالمۇتىدا سلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2006-يىلى ئالمۇتىدا قازاق تىلىدا، 2008-يىلى سلاۋيان يېزىقىدىكى

ئۇيغۇر تىلىدا، 2009-يىلى يەنە سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2010-يىلى يەنە سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2013-يىلى ئالتىنچى نۇسخىسى مىسىردا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان. رۇسچە نەشرى ھازىر ئالمۇتىدا يوروق كۆرۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

3. «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشرى 1998- يىلى ئالمۇتا سىلاۋيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2007-يىلى ئەرەب ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2008-يىلى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013- يىلى بېيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

4. «ناماز ھەققىدە ساۋات» 1998- سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى نەشرى ئالمۇتا، 2006-يىلى ئىككىنچى نەشرى ئالمۇتا، 2008 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى 2009-يىلى ئالمۇتا، 2010-يىلى بەشىنچى نەشرى ئالمۇتىدا ئالاھىدە رەڭلىك بېسىلدى. 2012-2013- 2014- 2016- يىللىرى ئارقا-ئارقىدىن يەنە ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى. 2020- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا رەڭلىك بېسىلغان.

5. «روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» 1999- يىلى ئالمۇتىدا بىرىنچى نەشرى ئەرەب ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2004- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

6. «دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغدايلى» («يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى)، 1999 - يىلى بىرىنچى نەشرى ئالمۇتىدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2005- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

7. «زاكات كىتابى» 2003- يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2018- يىلى ئىككىنچى نەشرى يەنە ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» 2004-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

9. «ئىلاھىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005- يىلى ، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010- يىلى، ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بېيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2013- ئىستانبۇلدا، ئالتىنچى نەشرى 2016-يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

10. «غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004- يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان.

11. «ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» 2005-يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا، 2007-يىلى ئىككىنچى نەشرى سەئۇدى ئەرەبىستان پايتەختى رىيازدا، 2009- يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتىدا سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011- يىلى مەككىدە، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

12. «ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى ئالمۇتىدا سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010- يىلى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013- يىلى ئىستانبۇلدا، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان.

13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009-يىلى بېيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ بېسىلغان.

14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2012-يىلى بېيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرى 2013- يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2020- يىلى سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالمۇتىدا بېسىلغان.

15. «دىن ۋە ھايات (1600 سوئالغا جاۋاب)» 2009- يىلى بېيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

16. «دىن ۋە ھايات (2000 سوئالغا جاۋاب)» بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2011 - يىلى بېيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرىنىڭ سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى2013 - يىلى ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2013 - يىلى قاھىرە ۋە بېيرۇتتا ئىككى توملۇق نەشر قىلىنغان.

17. «ئىسلام ئەخلاقى» بىرىنچى نەشرى 2010- يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013- يىلى مىسىردا بېسىلغان.

18. «ھەج بەدەل تىجارىتىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئوچۇق سۆز» بىرىنچى نەشرى 2012- يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013- مەككىدە نەشر قىلىنغان.

19. «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟» بىرىنچى نەشرى2013-يىلى

بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013- يىلى قاھىرەدە، ئۈچىنچى نەشرى 2018- يىلى سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

20. «مانا بۇ ئىسلام» بىرىنچى نەشرى 2013 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

21. «ئىسلام دىنىدىن ساۋات» 2017- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

22. «بەخت-سائادەتنىڭ 40 رېتسىپى» ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى2017 - يىلى ئىستانبۇلدا، تۈركچە تەرجىمىسى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا، سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 2019- يىلى ئالمۇتىدا، رەڭلىك ئالاھىدە نۇسخىسى 2020- يىلى يەنە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

23. «قەلەم ئىلھاملىرى» ماقالىلار توپلىمى، 2 توم. بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

24. «قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب» بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

25. «ئازغۇن پىرقىلەر» بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

26. «ئەڭگۈشتەر (مۇئمىنىنىڭ ھەمراھى)» بىرىنچى نەشرى 2019- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

27. «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» (ئاللاھ بىلەن بولغان ھايات) بىرىنچى نەشرى 2020- يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2023- يىلى قازاقىستاندا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان.

28. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى» بىرىنچى نەشرى 2021- يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2022- يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2002- يىلى كىرىل يېزىقىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

29. «تەپەككۇر ئىلھاملىرى» ماقالىلار توپلىمى، 2 توم. بىرىنچى نەشرى 2024- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

### ◄ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەسەرلىرى:

1. «قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».

2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).

3. «يۈرەك سىرى» (شېئىرلار توپلىمى).

4. «قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىزدۇر».

### ◄ ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىدىن بەزىسى:

1. «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى».

2. «تەپسىرى مۇيەسسەر». بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەييارلىغان.

3. «ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلار توپلىمى». بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەييارلىغان.

4. «قۇرئاندىكى دىنلار». دوكتور مەھمۇد شەرىف.

5. «ھەقىقەتنىڭ ئېلانى». ئەللامە رەھمەتۇللاھ ھىندىي.

6. «تەۋھىد كىتابى». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفەۋزان.

7. « توغرا ئەقىدە». ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز.

8. «ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ئۇسەيمىن.

10. «ئەھلى سۈننەتنىڭ يولى». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.

11. «خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى». ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللاھ سەھىم.

12. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇشى». مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانىي.

13. «بەختلىك ھايات يوللىرى». ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدىي.

14. «مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار». ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز.

15. «نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ 33 ئامىلى». ئەللامە سالىھ ئەل مۇنەججىد.

16. «بەختلىك ھايات» نەشر قىلىنىش ئالدىدا.

ـ نەشرىياتتىن

# بېغىشلىمىلار

## دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھنىڭ بېغىشلىمىسى

جىمى ھەمدۇسانا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان، بىزنى ھىدايەتكە باشلىغان يېگانە زات - جانابى ئاللاھقا بولسۇن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بىزگە بۇ ئۇلۇغ دىننى ئېلىپ كەلگەن، ئۇنى تولۇق يەتكۈزگەن، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە - كىراملىرىغا ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغابولسۇن.

ساۋاقدىشىم ۋە دەۋەت يولىدىكى سەپدىشىم مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن بىلەن 1986-يىللاردا مەرھۇم ئاتام رەھمەتۇللاھ قارىھاجىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن مىسىرغا كەلگىنىدە تونۇشقان ئىدىم. شۇ چاغدا كەلگەنلەر جەمئىي 11 ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇ تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 1984-يىلى تۇنجى تۈركۈمدە كەلگەن مەن قاتارلىق توققۇز ئوقۇغۇچىدىن كېيىنكى ئىككىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ھېسابلىناتتى. 1984 - يىلى 12-ئايدا مەن قاتارلىق بۇ توققۇز نەپەر ئوقۇغۇچى مىسىر - ئەلئەزھەرگە ئوقۇشقا كىردۇق، 1986 - يىلى ئوقۇش سېپىمىزگە مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن بىلەن بىللە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ قوشۇلدى. شۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 30 غا يەتكەن ئىدى.

ئۇ چاغلاردا ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۇرتتىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئاساسەن خەت - چەك ئەۋەتىش بىلەن بولاتتى. ئۇ چاغلاردا گەرچە سانىمىز ئاز، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش كۈچلۈك بولسىمۇ، ياخشى ئوقۇپ بۇ دىننى مىللەتكە يەتكۈزۈش غېمى ھەممىمىزگە ئورتاق ئىدى. ھەممىمىز ئاساسەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتنى كۆزلەپ ئوقۇۋاتقان، تۇرۇۋاتقان يېرىمىزمۇ بىر دائىرە ئىچىدە بولغاچقا، ھەربىر ساۋاقدىشىمىزنى ئائىلىسى، ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرى، مىجەز - تەبىئىتى قاتارلىق ھەربىر تەرەپلىرىگە قەدەر يېقىندىن تونۇش پۇرسىتىمىز بولاتتى. بولۇپمۇ ئوخشاش مۇھىت ۋە ئوخشاش تۇرمۇش شەكلىنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز ساۋاقداشلار ئارا بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى قېرىنداشلىققا ۋە ئۆمۈرلۈك ئۈزۈلمەس رىشتىگە

ئايلاندۇرغان ئىدى.

بۇرادىرىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن توغرا نىيەتلىك ۋە ئالىي هىممەتلىك ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىقى، ئۇچۇق - يورۇقلۇقى، جاپاغا چىدامچانلىقى، ھەقتە دادىللىقى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچى ئىدى.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن خوتەن كېرىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، ئۇ مەكتەپ يېشىغا توشماستىنلا رەھمەتلىك ئانىسى پاتەمخان ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، مەھەللىدىكى ئايشەم خېنىمغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن قۇرئان ساۋادىنى ئوقۇش يېشىغا توشۇش بىلەن تەڭ چىقىرىپ بولىدۇ ۋە مەكتەپكە بارىدۇ. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقنى ئوقۇۋاتقان چېغىدا كېرىيە ناھىيەسىدىكى چوڭ ھېيتگاھ جامەسى ئېچىلىپ، تۈرمىلەردىن چىققان قارىيلار، ئۆلىمالار ئاستا - ئاستا ئۆيلەردە ئۆسمۈرلەرگە قۇرئان ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم دېگەن كىشىنىڭ دەسلەپ قىلىپ قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ بىر مۇددەت ئاشۇ ئۇستازىدا قىرائەت ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە قۇرئان يادلىغاچ مەكتەپتە ئوقۇشىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىدۇ.

1985- يىلدىن كېيىن سەييىد ئەھمەد ھاجىمدا ئەرەب تىلى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. كېيىن دادىسى ئۇنى يۇرتى ئارالدىكى تېخىمۇ چېگراق تۇزۇمدە ئوقۇتىدىغان ئىمىن ھاجىمغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇستازىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 7 كىلومېتىر كېلىدىغان بولغاچقا، 15 كۈندە بىر قېتىم ئۆيىگە بېرىپ كېلىدۇ. ئۇستازى ئۇنىڭغا ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنى يادلىتىپ ئوقۇتىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ بۇرۇنقى ئۇستازى مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم ئىككىنچى ئۇستازى ئىمىن ھاجىم بىلەن بىللە 1984- يىلى ھەجگە بارغىنىدا، مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم ئۇنىڭغا پاكىستاننىڭ ۋىزىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن 1986- يىلى 6- ئاينىڭ 24- كۈنى ئاتىسى ۋە ئۇستازى مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم بىلەن بىللە كېرىيەدىن ھەجگە ماڭغان گۇرۇپپىغا قېتىلىپ قەشقەرگە چىقىپ، قەشقەردە 15 كۈن ئەتراپىدا تۇرغاندىن كېيىن، قەشقەر چىنىۋاغدىن ئاپتوبۇس بىلەن پاكىستانغا ماڭىدۇ ۋە شۇ يىلى پاكىستاندىن ھەرەمگە

بېرىپ ھەج قىلىدۇ.

مەككىدە مۇھەممەد تۇرسۇن ھاشىم ھاجىم، مەدىنىدە ئوسمان مەۋلىۋى ھاجىم قاتارلىق ھەمشەھەرلەر ئۇلاردىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. ھەجدىن كېيىن ھەمراھلىرى مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننى قالدۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇشنىڭ يولىنى قىلىش ئۈچۈن مەككىدە يالغۇز قېلىپ قالىدۇ.

ئوسمان مەۋلىۋى ئۇنى پاكىستاندا ئوقۇسۇن دەپ، لاھوردىكى بىر مەدرىسىنىڭ مۇدىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا شۇ يەردە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەككىدە مىسىرغا بارىدىغان دوستلارنى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزى ئارزۇ قىلغان مىسىرغا بېرىشنى قارار قىلىدۇ. 11 نەپەر تالىبۇل ئىلىمدىن تەركىب تاپقان بۇ گۇرۇپپا مەرھۇم ئاتام رەھمەتۇللاھ قارىھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا، 1986- يىلى 9- ئاينىڭ 6- كۈنى جىددە شەھرىدىن مىسىر پايتەختى قاھىرە شەھرىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن «ئەزھەر پەتىۋا كومىتېتى» رەئىسى سەييىد ئەھمەد مۇسەللەم رەھىمەھۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان زىيالىي ئوغلى ئادىل مۇسەللەمنىڭ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، بىر يىل بۇرۇن ئەزھەرگە قوبۇل قىلىنغان بىزنىڭ 9 ئوقۇغۇچىلىق تۈنجى گۇرۇپپىمىزغا ئوخشاش، بۇ 11 ئوقۇغۇچىمۇ ئەزھەرگە قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ھازىرلاپ، ئىككى ئاي «مەخسۇس تەييارلىق سىنىپىتا (دىراسەتۇل خاسسەدە)» ئوقۇيدۇ.

ئاللاھنىڭ تەۋپىقى بىلەن ئىككى ئايدىن كېيىن، 22 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئەزھەر ئىلىم يۇرتىغا ئىمتىھان بېرىپ، مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن، ئابدۇلئەھەد ھاپىز قاتارلىق 4 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرىغا، 18 ئوقۇغۇچى تولۇقسىزغا ئۆتىدۇ.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن دەسلەپتە ئەرەبچە ۋە شەرئىي دەرسلەرنى چۈشىنىشتە بىرئاز قىينالغان بولسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ تىرىشىشى نەتىجىسىدە، بىر قانچە ئايغا قالمايلا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيە ھازىرلاپ ئۈلگۈرىدۇ.

ئۇ چاغلاردا، بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دىن يولىدا خىزمەت قىلىمىز، دېگەندىن باشقا پىلانىمىز يوق ئىدى. بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ساۋاقداشلىرىمىز: «ئوقۇش پۈتتۈرۈپ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

قايسى مەكتەپتە ياكى قايسى يەردە ئىشلەيسىلەر؟» دەپ سورايتتى. بىز: «ئاللاھ تائالا يولىدا بىلىم ئالىمىز، خەلقىمىزگە بىلىم بېرىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز، قالغان ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا قويىمىز» دېگىنىمىزدە، ئۇلار ھەيران قالاتتى ۋە: «سىلەر قانداق بىغەم ئادەملەر، ئادەم دېگەندە پىلان بولمامدۇ؟!» دەيتتى. ئۇلارغا بىزنىڭ شارائىتىمىزنى چۈشەندۈرۈش بىرئاز ۋاقىت ئالاتتى.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن 1989- يىلى بىز بىلەن بىللە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىردى. ئۇ يىلى مەن بىلەن بىرنەچچەيلەن «ئىسلام ۋە ئەرەب تەتقىقاتى فاكۇلتېتى»غا، مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن بىلەن بىرنەچچەيلەن «شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتى»غا، يەنە بىرنەچچەيلەن «ئۇسۇلىددىن (ئاساسىي دىنىي پەنلەر) فاكۇلتېتى» ۋە «ئەرەب تىلى فاكۇلتېتى»غا كىرگەن ئىدى.

بۇ ئارىدا، مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ كېيىن كەلگەن 20 ئەتراپىدىكى باللار بىلەن بىللە ئەزھەرنىڭ «چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار يۇرتى»غا كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپ، ياتاققا ئېرىشتى. ئۇ چاغلاردا «چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار يۇرتى»دىكى 3000 ئوقۇغۇچى ئارىسىدا، پەقەتلا 35 ئۇيغۇر بار بولۇپ، قالغان 15 كە يېقىن ئوقۇغۇچى سىرتتا ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىمىزنى باشلىۋالغان بولدۇق. ئۇنىۋېرسىتېتتا 4 يىل ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەپتىسى يىغىلىپ ئىلمىي ئەنجۇمەن، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ماقالە يېزىش، تەرجىمە قىلىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتۇق، بىرىمىزنى باش قىلىپ سايلاپ چىقاتتۇق. ئاخىرقى يىللىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلىقى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن بولغان ئىدى.

1993- يىلى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن قاتارلىق 9 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردۇق. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمىزغا مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاش، ئانىسى مەرھۇم تاش ھاجىم، مەرھۇم ئابدۇللېتىپ قاسىم قاتارلىقلار قىممەتلىك ھەدىيەلەرنى ئېلىپ مىسىرغا كەلگەن ۋە بىزگە قاھىرەدىكى نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان «مەنيەل رەۋزە ئارىلى»دىكى بەش يۇلتۇزلۇق «مېرىدىئان مېھمانخانىسى»دا چوڭ مۇراسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. مۇراسىمغا شۇ چاغدىكى تونۇلغان چوڭ ئالىملاردىن ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي رەھىمەھۇللاھ، پروفېسسور دوكتور ئابدۇلھەي فەرماۋى، تونۇلغان نەشرىياتچى ئەھمەد رائىف، ئىسلام ۋە ئەرەب تەتقىقاتى

فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور دوكتور سەيىد رىزق ئەتتەۋىل رەھىمەھۇللاھ قاتارلىق كاتتا ئۆلىما ۋە ئۇستازلار ئىشتىراك قىلغان ئىدى. مۇراسىم مەرھۇم ئابدۇللېتىپ قاسىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلدى. ساۋاقدىشىمىز ئابدۇلئەھەد ئابدۇغېنىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلانغان بۇ تارىخىي مەرىكە مەرھۇم دوكتور ئابدۇقادىر تاش، ئەللامە مۇھەممەد غەززالىيلارنىڭ دەۋەت يولىدىكى تەجرىبىلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە نەسىھەتلىرىدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزى ۋە مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ مەخسۇس مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغان شېئىرىنى ئوقۇش بىلەن داۋاملىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرگە سوۋغا تەقدىم قىلىش ۋە كەچلىك تاماق زىياپىتى، خاتىرە رەسىمگە چۈشۈشلەر ۋە قارىھاجىمنىڭ بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئاتاپ يازغان «ئەلۋىدا» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ھەدىيەلەرنى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بەرگەن بولدى. بۇ مۇراسىم دەل 1993-يىلى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىم پائالىيىتىنىڭ خەۋىرى ئەرەبچە ھەپتىلىك «ئەل مۇسلىمۇن (مۇسۇلمانلار)» گېزىتىگە چىققان ئىدى.

شۇ يىلى، 84- ۋە 86- يىللىق ئىككى قاراردا ئەزھەرگە قوبۇل قىلىنغانلاردىن 9 ئوقۇغۇچى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۆرلۈك فاكۇلتېت-لىرىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىدۇق. مەن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مىسىرغا قايتقىنىمدا، ساۋاقداشلىرىم ئوقۇتۇش، دەۋەت ۋە ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كېتىشكە باشلىغان ئىكەن.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن مىللىتىمىزگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزگە قايتىدۇ ۋە ئۆيلىنىدۇ. لېكىن، ۋەتىنىمىزنىڭ دىنىي خىزمەت شارائىتى مۇناسىپ بولمىغاچقا، 1995-يىلىنىڭ بېشىدا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىسىك شەھىرىگە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى «قازاق-تۈرك ئىنىستىتۇتى»دا ئەرەب تىلى مۇئەللىمى بولۇپ ئىش باشلايدۇ. بىر- ئىككى ئاي ئۆتمەيلا ئائىلىسى-دىكىلەردىن ئۈكىسى ئابدۇللاھنىڭ قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ، ئۆزىنىڭمۇ ۋەتەنگە بارالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مىللىتىگە خىزمەت قىلىش روھى بۇنىڭلىق بىلەن يوقاپ ياكى ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ.

«ھەر ئىشتا بىر ياخشىلىق بار» دېيىلگەندەك، مۇھەممەد يۇسۇپ

مۇھەممەد تۇرسۇن شۇ يىلى 3- ئايدا قازاقىستاننىڭ ئىسسىك ۋە ئالمۇتا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى قاسىم ھاجىم قاتارلىق دەۋەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۇرادەرلەر بىلەن تېپىشىدۇ.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن دەسلەپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە كىرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» قاتارلىق دۆلەتلىك چوڭ گېزىت-ژۇرناللىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ژۇرنال رېداكسىيەسىدىكىلەرمۇ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن دىنىي مەسىلىلەردە ماقالە يېزىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم 1995- يىلى 4- مايدا «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىلنىڭ كامالىتى» دېگەن تۇنجى چوڭ ھەجىملىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە يازىدىغان بولىدۇ. گېزىت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ. گېزىتخاندىكىلەرمۇ ئۇنى ئالدىرىتىدىغان، «ماقالە قېنى؟» دەپ تېلېفون قىلىدىغان بولىدۇ، ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر مەسجىدلىرىنىڭ مۇتەۋەللىيلىرى مەزكۇر گېزىتقا مۇشتەرى بولۇپ جامائەت بىلەن ئوقۇشنى يولغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇ يەردىكى ئىسلامغا تەشنا، مېھماندوست ئۇيغۇر، قازاق، تۈرك قاتارلىق خەلقلەر ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە خىزمەت قىلىشىغا قۇچاق ئاچىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىدىكى دىنغا قايتىش ھەرىكىتىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىدۇ. شۇ گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر توپلىمىنىڭ بىرى قازاقىستاندا، يەنە بىرى، ئىستانبۇلدا ئىككى قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى قازاق قېرىنداشلار قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ «شافاغات نۇر» دېگەن ئايلىق قازاقچە دىنىي ژۇرنالدا يىللارچە ئېلان قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ 70 يىل دىنسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر مەملىكەتتە، يىللاردىن بېرى كوممۇنىزم بىلەن سوتسىيالىزمنى ۋە دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن گېزىتلەردە تۇنجى بولۇپ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن دىنى ماقالە يېزىۋاتاتتى، كىشىلەرگە دىننى ئۆگىتىۋاتاتتى.

2002- يىلى 4- ئايدا، ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىگە دىكتور بولۇپ كىرىدۇ ۋە 2005- يىلى 12- ئايدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

بۇ ئورۇندا شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، مۇھەممەد يۇسۇپ

مۇھەممەد تۇرسۇن ئەزھەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا خېلى تالانتلىق شائىر ئىدى. بەزى شېئىرلىرى ۋەتەندىكى ژۇرناللاردىمۇ ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. قاھىرەدە تۇرۇش جەريانىدىمۇ توختىماي شېئىر يازاتتى. قاھىرەدە يازغان شېئىرلىرى مەخسۇس توپلام قىلىنىپ قولىدا ساقلاقلىق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىمۇ شۇ مەرىكىگە ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇغان ئىدى. لېكىن، قازاقىستانغا بارغاندىن كېيىنكى دەۋەت ئالدىراشچىلىقى ئۇنى شېئىر يېزىشتىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماقالە ۋە كىتاب يېزىشقا، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يۈزلەندۈردى. ھازىر ئۇنىڭ «غۇربەتتىكى ياشلىق»، «يۈرەك سىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئۇ مىسىردىكى چاغدىلا بەزى ئەرەبچە كىتابچىلارنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما كىتاب يېزىش ئۇنىڭ پىلانىدا يوق ئىدى. ئۇ 1994- يىلى ۋەتەنگە قايتقىنىدىن كېيىن ئىنى- سىڭىللىرىغا ئۇلارنىڭ يازلىق تەتىلىدىن پايدىلىنىپ دىنىي مەسىلىلەرنى، خۇسۇسەن ئەقىدە مەسىلىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. تەتىلمۇ توشۇپ ئۇلار مەكتەپكە كېتىدۇ. مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇنمۇ تۈركىيەگە، ئاندىن قازاقىستان تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ ئىنى ـ سىڭىللىرىغا ئۆگىتىپ بولالمىغانلىرىنى بىر دەپتەرگە يېزىپ ئەۋەتىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنى يېزىپ توپلايدۇ. بۇنى كۆرگەن دوستلىرى ۋە چوڭلار ئۇنىڭغا: «ۋەتەندىكى ئىنىلەرنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭمۇ ئىنىلىرى، ئەگەر بىر نەرسە يازماقچى بولسىلا ئومۇمغا يازسىلا، ئۇنى كىتاب قىلىپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن» دەيدۇ ۋە كىتاب قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ 1994- يىلىنىڭ ئاخىرى «ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق كىتابىنى يازىدۇ.

1995- يىلى قازاقىستانغا بارغىنىدا، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچە جەھەتتە بىزنىڭ يۇرتتىكىلەردىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىنى كۆرگىنىدە، ئىسلامنىڭ ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىش ئويى خىيالىغا كېلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ 1997- يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» دېگەن كىتابى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى ئىسلام ئائىلە تۈزۈمىگە دائىر كىتاب بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇرلار ئېھتىياجلىق بولغان بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. ئۇ كىتاب قازاقىستاندىمۇ كۆپ ئالقىشقا

ئېرىشىدۇ ۋە مەسجىدلەردە ئىماملار ئۇنى ئوقۇپ تەبلىغ قىلىدۇ. ئۇ كىتاب يەنە قازاقىستاندا رۇس ھەرپىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستانلاردىكى ئۇيغۇرلار ئوقۇپ پايدىلىنىدۇ.

1998- يىلى قازاقىستان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ تەلپى بىلەن «ناماز ئوقۇش قائىدىسى» ناملىق كىتابنى تاماملاپ، كىرىل يېزىقىدا بېسىپ ئالمۇتادىكى ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى مەسجىدلەرگە تارقىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قازاقىستان كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى 20 پارچىدىن ئاشىدۇ، ئەڭ كۆپ نەشر قىلىنغانلىرى «ناماز ئوقۇش قائىدىسى»، «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟»، «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، «ھالال-ھارام»، «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات»، «بەخت -سائادەتنىڭ 40 رېتسېپى» قاتارلىق كىتابلىرى بولىدۇ. «ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق كىتابى قازاق تىلىدا ئىككى قېتىم، ئۇيغۇر تىلىدا 11 قېتىم نەشر قىلىنغان بولسا، «ناماز ئوقۇش قائىدىسى» دېگەن كىتابى ئاخىرقى قېتىم قازاق ۋە رۇس تىللىرىدىمۇ نەشر قىلىنىدۇ.

كېيىن ئۇنىڭ بالىلارغا ئاتاپ سوئال-جاۋاب شەكلىدە كىچىك بىر كىتاب قىلىمەن، دەپ باشلىغان، ئاخىردا «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابقا ئايلىنىپ كەتكەن ئەسىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىننى تونۇشىدىكى مۇھىم ئىلمۇھال (ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بىلىم ۋە ئەمەل- ئىبادەت جەھەتتىن بىلىشى زۆرۈر بولغان ئاساسىي بىلىملەر) كىتابى بولۇپ قالىدۇ. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا مەن بۇرادىرىم مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇنغا تۇرلۇك ئىلمىي مەسىلىھەتلەرنى بەرگەن ۋە كىتابنى باشتىن ئاياغ ئوقۇپ چىقىپ دىنىي نۇقتىدىن تەھرىرلەپ بەرگەن بولدۇم. مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇنمۇ ئورۇنلۇق بولغان ھەربىر تەكلىپ ۋە تەنقىدكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى ۋە كىتابنىڭ ئىسلام ھەققىدە ئەڭ ساپ ۋە تولۇق چۈشەنچە بېرىدىغان بولۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئاخىر «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق كىتابى ئارقا-ئارقىدىن جەمئىي ئالتە قېتىم نەشر قىلىندى، قازاقىستاندا رۇس ھەرپىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىندى، رەسمىي تىراژى 20 مىڭ نۇسخىدىن ئاشتى، ۋەتىنىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

بۇ خىزمەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ خېمىر تۇرۇچى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنى قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىشقا ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ئاپىرىپ

بېرىشى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۇنى قارىيلىققا بەرگەندە يۈرەكتىن چىقىرىپ ئېيتقان: «بۇ ئوغلۇمنى ئاللاھ يولىغا ئاتىدىم» دېگەن سۆزى بولسا، جانابى ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۆزى پەرۋىش قىلىپ تەربىيەلەپ ئەنە شۇنداق خىزمەتلەرنى قىلىشقا يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۆزى لايىق خىزمەتكە سېلىشى، مۇيەسسەر قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى يەردە قويمىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ ئىشلەش بىلەن بىللە دەۋەت يولىدا ئالاھىدە تەر ئاققۇزغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ بۇ كىتابلارنى ئىشتىن چۈشۈپ ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلىرىدا يېزىپ پۈتتۈرگەن ئىدى.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ يۇقىرىقى كىتابلاردىن باشقا مەخسۇس ھەج توغرىسىدا «ھەج ۋە ئۆمرە»، دۇئا ھەققىدە «ئىلاھىي قورغان»، «ئىسلام دىنىدىكى ھالال ۋە هارام»، «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات»، «مانا بۇ ئىسلام»، «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز» دېگەن كىتابلىرىمۇ ئۇيغۇرچە كونا يېزىقتا ۋە رۇس يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان. «ھەقىقەتنىڭ ئېلانى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ نەشر قىلىنغان. ئۇنىدىن باشقا ماقالىلىرى، شېئىرلىرى، پەتىۋالىرى، رادىيو پروگراممىلىرى، تېلېۋىزىيە سۆھبەتلىرى بولۇپ دىنىي تەشۋىقات ساھەسىدە قىلغان خىزمىتى ۋە تىرىشچانلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ. جانابى ئاللاھ بىزنى ۋە بۇ قېرىندىشىمىزنى ئىزچىل ھەق ئۈستىدە ساباتلىق تۇرۇشقا، داۋاملىق ئىسلام خىزمىتىدە بولۇشقا مۇيەسسەر ۋە مۇۋەپپەق قىلغاي!

ئادەتتە بىرەر كىتابى نەشردىن چىققان كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەختكە چۆمگەن كۈن بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئۇنىڭ بايلىقى، خۇشاللىقى ئىدى. كىتابلىرى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن يىغقانلىرى، پەرزەنتلىرىگە ۋە مىللىتىگە قالدۇرىدىغان مىراسى ئىدى. دېمەك، كىتابلىرى ئۇنىڭ ھەر نەرسىسى ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى چەتئەلدە ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت كىتابلارنى باستۇرۇپ نەشر قىلىشتا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندىم بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالغىنىمدا، ئۇنىڭ: «زامانىمىزدا ئەڭ كۆپ ئۇيغۇرچە دىنىي كىتاب يېزىپ مىللىتىمىزگە سۇنغان كىشى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن» دېگەن گېپىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

قولىمىزدىكى «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بۇ ئەسەرگە كەلسەك، مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ بىز ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۈسۈپ يېتىلىشى، ئىلىم ۋە دەۋەت يولىدىكى خىزمىتى قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن جەرياني ئەمەلىيەتتە جانابىي ئاللاھنىڭ ئۈنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىرلەشتىن ئىبارەت كاتتا خىزمەت ئۈچۈن تەييارلاشتىن ئىبارەت، دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن 2002- يىلى 4-ئاينىڭ 17-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە كىرگەن كۈنىدىن باشلاپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە بىر تەرەپتىن تەپسىر يېزىشقا، يازغانلىرىنى رادىيودا كۈندىلىك سۆزلەشكە باشلاپ، ئاخىر ئۇنى 2014-يىلى ئاۋغۇستنىڭ 25-كۈنى تۈگەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى بۇ تەرجىمە ۋە تەپسىرنى باشتىن باشلاپ قايتا كۆرۈپ چىققان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم تەپسىر يېزىش ئۈچۈن ئولتۇرغىنىدا، ئۆزىنى ئىبادەت ئۈستىدە ھېس قىلغانلىقىدىن، تاھارەتسىز ئولتۇرماسلىقنى ۋە ھەر كۈنلۈك ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئىزھار قىلغان ھالدا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغان. شۇنداقلا، ھەر كۈنى تەرجىمە قىلغان ئايەتلەرنى شۇ كۈندىكى نامازلاردا ئوقۇش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈۋالغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار ئىشلەيدىغان چوڭ خىزمەتنى ھەتتا يىللىق دەم ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چەتئەللەرگە ساياھەتكە چىققان ۋاقىتلىرىدىمۇ، كومپيۇتېرى بىلەن بىر قانچە تەپسىرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىپ يالغۇز تاماملىغان.

ئۇ «قۇرئان كەرىم» خىزمىتىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە سالمىقىنى بىلگەن بىرى بولغاچقا بىر يىل بۇرۇن مەندىن ئۆزى نەچچە قېتىم قايتا-قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۈزىتىپ، خاتىرجەم بولغان 10 تومدىن تەركىب تاپقان ئورىگىنال نۇسخىلارنى كۆرۈپ چىقىشىمنى ۋە پىكىر- تەكلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مەنمۇ بۇ ھەقتە پايدىلىق دەپ قارىغان مەسلىھەتىمنى بېرىش بىلەن بىللە، بۇ 10 تومنى يالغۇز ئۆزۈم كۆرۈپ چىقىپ بولالمىغاچقا، ئەزھەردىكى بىلىملىك بىر نەچچە ئوقۇغۇچىغا بۆلۈپ بەرگەن ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ ئەسىرى ھەققىدە

پىكىر-تەكلىپلىرىمىزنى بەرگەن ئىدۇق. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ تەرجىمە ۋە تەپسىرنى ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا، ئۇنىڭدا مەيلى تەرجىمىدە بولسۇن، مەيلى تەپسىر ۋە ئىزاھلاشتا بولسۇن، بىرەر ئېغىر خاتالىق ۋە دىققەتسىزلىكنى بايقىمىغان بولدۇق. بايقىغان يەڭگىل سەۋەنلىكلەر، تىلنىڭ راۋان ياكى ئەمەسلىكى ۋە ئىملاسى جەھەتلەردىكى بەزى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئاپتورغا سۇندۇق، ئاپتورمۇ بۇ مۇلاھىزىلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولدى.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن يېزىپ چىققان «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق بۇ چوڭ ھەجىملىك تەپسىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىردىنبىر تولۇق تەپسىر ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»مۇ يېقىنقى زامانلاردا دەسلەپ قۇرئان تەرجىمىسىگە ئۇل سالغان مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىم باشلاپ بەرگەن يولدا مىللىتىمىزگە سۇنۇلغان 4-تەرجىمە ھېسابلانسا، «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ئۆتكەن ئەسىرلەردە يېزىلغان تاتار ئالىملىرىنىڭ تەپسىرلىرى ۋە ئۇيغۇر ئالىملاردىن سابىت داموللاجىم ۋە زەرىف قارىھاجىملارنىڭ تەپسىرلىرىدىن كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باشتىن-ئاخىر تولۇق يېزىلغان تۇنجى ۋە بىردىنبىر چوڭ ھەجىملىك تەپسىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» تاكى قىيامەتكە قەدەر، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت كىتابى بولغاچقا، ئۆزىدىكى بالاغەت ۋە پاساھەت بىلەن نازىل قىلىنغان چاغلاردىكى ئەرەبلەرگە مۆجىزىلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، باشقىلار ۋە ھەر دەۋردە ياشىغانلار ئۈچۈن، ھەر ساھەدە ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئىسپاتلانغان ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى تۈگىمەيدۇ. ھەر ئەۋلاد ئالىملار ئۇنى تەپسىرلەپ ھارمايدۇ.

ساماۋى[1] كىتابلار ئىچىدە، پەيغەمبەرگە تۇتۇشۇش، ھەربىر ھەرپ، ھەربىر ئايەت ۋە ھەربىر سۈرىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى جەھەتتىن «قۇرئان كەرىم» قولىمىزدىكى شەك ياكى گۇمان ئوبيېكتى بولمىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئىلاھىي كىتابتۇر. قۇرئاندا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] ساماۋى كىتابلار- ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئان قاتارلىق كىتابلاردۇر.

باشقا ئىنسانلاردەك ئىنسانىي تەبىئەتلىك ئىكەنلىكى، پۈتۈن ۋەزىپىسىنىڭ خالايىقنى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشقا تىرىشىش، ئىسىل ئەخلاق- پەزىلەتلەرگە ئۈندەش، يامانلىق، ئازار بېرىش ۋە قەبىھ قىلمىش قاتارلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، چاقىرىقنى چىرايلىق قوبۇل قىلغانلارغا خۇش بېشارەت بېرىش، يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىگە تاللانغانلىقى تەكرار- تەكرار مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدىن ئايرىم بولغان بولسا، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ ئۈممىتىگە بېرىلگەن دەستۇرنىڭ دەل ئۆزى بولغان ۋە تاكى قىيامەتكە قەدەر ئىنسانلار ئۇنى ئوقۇپ، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بۇرمىلاشتىن، ئۇنتۇلۇشتىن ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن قوغدىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۈممىتى بۇ ئىلاھىي كىتابنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئاڭقىرالىغان تەقدىردە، بۇ ساغلام چۈشەنچىنىڭ مېۋىسى ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر ئىمان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىش بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ چاقىرىقى جىمى ئىنسانلارنى يېگانە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنى، ئۇنى ھەرقانداق نۇقسان ۋە كەمچىلىكتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇدقا چوقۇنماسلىقنى، ئىسىل ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق- پەزىلەتنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە ئالاقىدار تۈرلۈك سەۋەبلەرنى قىلىشنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاپ، ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىشنى، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى ۋە نىشانىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جانابى ئاللاھنىڭ بۇ ھەق دىنىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھىدايەت مەشئىلى قىلىپ بەرگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ نۇرى ئاستىدا ئادالەت، ھەققانىيەت، باراۋەرلىك، ئېھسان ۋە ھەمكارلىشىش، پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىش، زۇلۇم، زىنا-پاھىشە قاتارلىق يامان ئىشلاردىن توسۇش ئاساسىدا ساغلام جەمئىيەت بەرپا قىلالايدىغانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مېنىڭچە بۇ تەرجىمە ۋە تەپسىر ئىلگىرىكى تەرجىمە ۋە تەپسىرلەردىن پايدىلانغان ۋە تەجرىبە ئىگىلىگەن بولغاچقا، ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئاممىباب ۋە دەۋر ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قاندۇرىدىغان ھالەتتە تەييارلانغان دەپ قارايمەن.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ بۇ تەپسىردە قۇرئان ئايەتلىرىنى باشقا ئايەتلەر بىلەن تەپسىرلەش ئارقىلىق بىر مەزمۇندىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى جەملەپ ئىزاھلاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يەنە ئۇ تەپسىر كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىشى ۋە تەپسىرى ھەققىدىكى ئىشەنچسىز رىۋا- يەتلەرنى كەلتۈرۈشتىن ساقلانغان، كونا ۋە يېڭى تەپسىر كىتابلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەر بىلەن ئەقلىي تەھلىلنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرگەن، نۆۋەتتە كەلگەندە ئايەت ۋە سۈرىلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، ئارىلىرىدىكى مەزمۇن باغلىنىشچانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. ئايەتلەردىن نەق چىقىپ تۇرىدىغان مەنىنى ئېلىپ، يىراق مەنىگە بويسۇندۇرۇپ تەۋىل قىلىشقا زورۇقۇپ كەتمىگەن. تەپسىرىنى قۇرۇق ۋە ئارتۇق گەپ - سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتمىگەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بۇ تەپسىرىنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن ئىلىم - مەرىپەت، ئەمەل-ئىبادەت ۋە ئەدەپ- ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىگە يارىشا نەپ ئالالايدۇ.

مەن بۇ تەرجىمە ۋە تەپسىردىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان ئىلمىي كۈچ ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن توختىلىپ ئولتۇرماستىن، ئۇنى باھالاشنى يەنىلا كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىگە ھاۋالە قىلىشنى مۇناسىپ دەپ قارايمەن.

ئاخىردا جانابى ئاللاھتىن بۇ كاتتا خىزمەتنىڭ كاتتا مۇكاپاتىنى ئاپتورغا ۋە ئۇنى ئىسلام خىزمىتىگە ئاتىغان ئاتا-ئانىسىغا، بۇ خىزمەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا ئۇنى قوللىغان ۋە تولۇق شارائىت ھازىرلاشقا تىرىشقان جىدامچان ئائىلىسىگە، پىداكار پەرزەنتلىرىگە ساقلاپ قويۇشىنى ۋە مىللىتىمىزگە بۇ خىزمەتنى پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

ھىجرىيە 1439-يىلى رامىزاننىڭ 14-كۈنى،

مىلادىيە 2018-يىلى 28-ماي.

# دوكتور ئاتائۇللاھ شاھيارنىڭ بېغىشلىمىسى

پۈتۈن كائىناتنى ۋە كائىناتتا ياشاۋاتقان بارلىق مەخلۇقاتنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھقا مەدھىيەلەر ئېيتىمەن. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن ماڭىدىغان مۇئمىنلەرگە سالام يوللايمەن.

ئۇزۇن مۇددەت ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەردىن بېرى چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىنى ھەر خىل سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئەسلى مەنبە بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن بىۋاسىتە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي كەلدى. زامانىمىزدا خېلى كۆپ ئۇيغۇر ياشلىرى چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ دىني ئىلىملەردە مەلۇم سەۋىيەلەرگە يەتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان (يەنى پەرىشتە جىبرىل ئاللاھ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ چۈشكەن) بۇ ئۇلۇغ كىتابنى زامانىمىز كىشىلىرىگە تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس.

خېلى يىللاردىن بېرى يېقىن ئۆتتۈۋاتقان دوستۇم، «ئۆلىمالار بىرلىكى»مىزنىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بىرى ۋە تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئائىت 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي ئىلىم تەتقىقات ساھەسىگە زور تۆھپىلەرنى قوشۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈردى ۋە بۇرۇن ھېچ قەلەم تەۋرىتىلىپ باقمىغان يېڭى بىر ئىلمىي ساھەدە يېڭى بىر يولنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب»، «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ۋە «ناماز» ناملىق ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا، خۇسۇسەن قازاقىستاندا ئەڭ كۆپ

تارقالغان دىنىي ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپ مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش ۋە تۇرمۇشتىن قەلەم تەۋرىتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي قۇۋۋىتى بىلەن جاپالىق ئىشلەپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى يېزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

مەن «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق مەزكۇر تەپسىرنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن يېزىپ چىققان بۇ ئەسەر، تەخمىنەن ئون ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تۇنجى تەپسىر كىتابى بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق كەڭ دائىرىلىك زور ھەجىمگە ئىگە بىر تەپسىر يېزىلىپ باققان ئەمەس. مەيلى تەپسىر مەنبەلىرىدىن توغرا پايدىلىنىش جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەش جەھەتتىن بولسۇن، بۇ تەپسىرنى ھازىرغىچە يېزىلغان ئۇيغۇرچە دىنىي ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئەتراپلىق يېزىلغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

ئەھلى سۈننەت ئېتىقادىغا ئۇيغۇن، ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان، ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن تولىمۇ يىراق بۇ تەپسىر زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشىغا تامامەن ماس كېلىدىغان، ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بىر تەپسىر بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

«تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق بۇ تەپسىر بىرىنچى بولۇپ رۇس يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا قازاقىستاندا نەشر قىلىندى. 2018- يىلى 5- ئايدىن ئېتىبارەن بىر تومدىن نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 2019- يىلى 10- ئايدا تولۇق نەشر قىلىنىپ بولدى. ئۇنى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ قازاقىستاندىكى مۇخلىسلىرىنىڭ ۋە ئۇنى سۆيگەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قازاقىستاندا تونۇلغان كارخانىچى دىلمۇرات قۇربېيېف ئاكىمىز ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ھەقسىز تارقاتتى.

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ۋە زامانىۋى تەپسىر كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن يىللار ئەجىرى سىڭدۈرۈپ يېزىپ چىققان «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بۇ ئەسىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت، تېنىگە ساقلىق،

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ھاياتىدا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

دوتسېنت دوكتور ئاتائۇللاھ شاھيار

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ رەئىسى
مارمارا ئۇنىۋېرستېتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى
ھىجرىيە 1443- يىلى، 19- شەۋۋال،
مىلادىيە 2022 - يىلى 20- ماي.

# ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندىمنىڭ بېغىشلىمىسى

تەپسىر دېمەك، بايان قىلىش، ئاشكارا قىلىش، ئېچىش، شەرھلەش دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىزاھلىنىشى، يېشىپ چۈشەندۈرۈلۈشى دەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەسلىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر ئايىتىنى باشقا بىر ئايىتى ئىزاھلايدۇ ھەمدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ساھابىلىرى تەپسىر قىلىشقان، ساھابىلەردىن كېيىن، تابىئىنلار (ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى، تۆتىنچى.... ئەۋلاد مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشقان.

ساھابە، تابىئىن ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرى ئاغزاكى تەپسىر بولۇپ، ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن يازما تەپسىر بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش ئىشى زامانىمىزغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ، مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى باشقا تىللارغا تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىش پائالىيىتى باشلانغان.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ قاراخانىيلار زامانىدىن باشلاپ «قۇرئان كەرىم»نى ئاغزاكى ياكى يازما ھالدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ھىجرىيە 734 -يىلى يېزىلغان ۋە ئىستانبۇل تۈرك-ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە ئۇنىڭدىن باشقا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن كىلاسسىك «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى بولمىسىمۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئالىملىرى تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇق ياكى قىسمەن سۈرىلىرى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىنىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. ئەمما بۇلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى بوران-چاپقۇنلاردا يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. 20-ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم» تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىنغان

بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى بىلەن دىنىي ۋە سىياسىي ئەرباب سابىت داموللامنىڭ «روشەن بايان»ناملىق تەپسىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللامنىڭ تەرجىمىسى نەشر قىلىنماي يوقاپ كەتكەن، سابىت داموللامنىڭ تەپسىرىدىن 30-پارىنىڭ تەپسىرى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان 28-، 29- پارىلىرىنىڭ قول يازمىسىدىن باشقا قالغان پارىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى نامەلۇم.

مەلۇمكى، 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ ئۆلچەملىك «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇگۈنگە قەدەر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىرەر تەپسىر كىتابى يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغان ئەمەس.

مانا ئەمدى قولۇڭلاردىكى «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق مەزكۇر تەپسىر 30 پارچىغا يېقىن دىنىي كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىجتىهادلىق ئالىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ يىللاردىن بىرى كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، هارماي-تالماي ئىلىپ بارغان 21 يىللىق جاپالىق مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن بۇ تەپسىرنى يېزىپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىمۇ ئىشلەپ چىققان بولۇپ، تەرجىمە ئايرىم نەشر قىلىندى.

«تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق مەزكۇر تەپسىر مۇنداقلا يېزىپ قويۇلغان تەپسىر بولماستىن، ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن كونا-يېڭى نوپۇزلۇق تەپسىرلەرنىڭ (ھەممىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان) خۇلاسىسى ۋە جەۋھىرى بولۇپ، سۈننى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادىغا تامامەن ماس كېلىدۇ.

مەن مەزكۇر تەپسىرنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ئاللاھ تائالادىن مۇئەللىپكە ئۇزۇن ئۆمۈر، كاتتا ئەجىر-ساۋاپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە بەرىكەت تىلەش بىلەن، ئۆيىدە «قۇرئان كەرىم» ساقلاۋاتقان ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدا مەزكۇر تەپسىردىن بىر يۈرۈش بولۇشىنى ئارزۇ ۋە ئۈمىد قىلىمەن.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن: ئابدۇلجېلىل تۇران

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» نىڭ قۇرغۇچىسى
ھىجرىيە 1443- يىلى، 24- شەۋۋال،
2022-يىلى 25- ماي، ئىستانبۇل

# ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىزنىڭ بېغىشلىمىسى

«قۇرئان كەرىم»نى بىزگە يېتەكچى قىلغان، بىزلەرنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇسانا ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. «قۇرئان كەرىم»نى بىزگە ئۆگەتكەن، ئۇنى ئەمەلىي تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن يولباشچىمىز، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامىنى تىلەيمەن. «قۇرئان كەرىم»نى بىزلەرگە يەتكۈزۈش يولىدا جان تىكىپ خىزمەت قىلغان ساھابە كىراملار، تابىئىنلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالادىن رەھمەت تىلەيمەن.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نازىل قىلغان مۇقەددەس كالامى، ھىدايەت مەشئىلى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزىسىدۇر. بۇ كىتاب ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كۈندىن تا قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزگىرىپ كېتىش، كەم ـ زىيادە قىلىنىشتىن ساقلىنىپ، ئاللاھتىن كەلگەن پېتى داۋاملىشىدىغان يېگانە گۆھەردۇر. بۇ كىتابنى ئۆزگەرتىش ياكى كەم ـ زىيادە قىلىشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنى قوغداشقا ئاللاھ تائالا ئۆزى كېپىل بولغان.

«قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش، ئۇنىڭدىكى بۇيرۇقلارنى ئورۇنداش، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ئەرەبچە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەبچىنى ئۆگىنىپ «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنەلىشى ئىنتايىن قىيىن ۋە مۈشكۈلدۇر. مىللىتىمىزنىڭ بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان پىداكار ئۆلىمالىرىمىز تارىختىن بېرى خەلقىمىزگە ئاللاھنىڭ كالامى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ھەر ساھەدە نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ، تەرجىمە قىلىپ،

مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەنە شۇ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان مۆتىۋەر ئالىملىرىمىزدىن بىرى ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن بولۇپ، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھۆكۈمەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا ئىلىم سۆيەر دادىسى مۇھەممەد تۇرسۇن ھاجىم ئۇنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ قارىيلىققا بەرگەن. كىچىك يېشىدا «قۇرئان كەرىم»نى يادلاپ، كېرىيە شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ مەسجىد-كېرىيە جامەسىدە خەتمىدىن ئۆتۈپ، ئۇستازى مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم ۋە باشقا مۆتىۋەر ئالىملارنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن، كېرىيەدە تونۇلغان چوڭ ئالىملاردىن ئەرەب تىلى ئوقۇشقا باشلىغان. ئۇ 1986- يىلى ئۆز يۇرتى ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىلىم يولىدا مۇساپىرلىق يولىغا ئاتلانغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئىككى ھەرەمگە كېلىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 9-ئايدا مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە مىسىرغا بېرىپ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئەڭ مۆتىۋەر بىلىم يۇرتى بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش ئۈچۈن جەم بولغان ئون نەچچە ئوقۇغۇچىغا قوشۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. بىز شۇنىڭدىن بېرى بىللە ئوقۇپ، بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن ئەزھەر ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا تۆت يىللىق ئوقۇشنى ئۈچ يىلدا پۈتتۈرۈپ، 1989- يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام شەرئىتى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ 1993- يىلى فاكۇلتېتنى پۈتتۈرۈپ باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان. شۇ يىلى ئەزھەر بىلىمگاھى تارىخىدا 9 نەپەر ئوقۇغۇچى بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتتۈردۇق. ئۇلار: مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن، پېقىر ئابدۇلئەھەد ھاپىز، دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ، ئابدۇلھەمىد رەھمەتۇللاھ، مۇھەممەد ئابدۇللاھ نىيازى، ئىمام مۇھەممەد، ئابدۇرېشىد قادىر، ئابدۇلھەفىز مۇھەممەد ئابدۇللاھ ۋە مۇھەممەد روزى باقى قاتارلىقلاردۇر. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيە ۋە قازاقىستاندا بىر نەچچە يىل ئەرەب تىلى بويىچە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالمۇتىدا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدە دىنىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ئەقىدىسى، ناماز ۋە باشقا تېمىلاردا كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر

مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

ساۋاقدىشىم مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن 2001-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە سەئۇدى ئەرەبىستان خەلقئار رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىگە ئىسقا كىرگەن بولۇپ، 2005- يىلىدىن تارتىپ شۇ بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا ئىلمىي خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ 30 پارچىغا يېقىن كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، «ناماز»، «ئىسلام ئەخلاقى»، «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب»، «مانا بۇ ئىسلام»، «بەخت-سائادەتنىڭ 40 رېتسىپى» ناملىق ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە زور ئالقىشىغا ئېرىشتى.

قولىڭىزدىكى «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق بۇ تەپسىر مۇئەللىپىنىڭ 20 يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ چوڭ ھەجىملىك تەپسىرى ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلىپ چىققان تۇنجى ئۇيغۇرچە تەپسىردۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەزى پارىلەرنىڭ ياكى سۈرىلەرنىڭ تەپسىرى يېزىلغان ياكى ئۆزبېك ۋە تاتار ئالىملارنىڭ تەپسىرلىرى بېسىلىپ پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇق ئۇيغۇرچە تەپسىرى يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىنىغا مىڭ يىلدىن كۆپ بولغان بولسىمۇ، دىنىمىزنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇنداق تەپسىلىي تەپسىرىنىڭ يوقلىقى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش ئىدى. بۇرادىرىمىز ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن مانا مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى كەڭ دائىرىدە چۈشىنىشى ئۈچۈن يىللاردىن بېرى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ بۇ چوڭ ھەجىملىك تەپسىرنى روياپقا چىقاردى. مۇئەللىپىنىڭ بۇ تەپسىرنىڭ يېزىلىش جەريانىدىكى تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئەڭ ياخشى مەن بىلىمەن. چۈنكى، بىز بىر يەردە ئىشلەيمىز. نۇرغۇن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى بىللە مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتۇق. ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتا مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، تۈركچە تەرجىمىلەر ۋە ئەرەبچە مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ بېكىتىلدى. ھەربىر ئايەتنى تەپسىر قىلىشتا

تارىختىن بېرى يېزىلىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆپچىلىككە ئىگە بولغان، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەڭ توغرا تەپسىر دەپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تەپسىرلەرگە سېلىشتۇرۇپ، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئەڭ كۆچلۈك قاراشلىرى بويىچە تەپسىر قىلىندى.

تەپسىر پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئالىمغا تاپشۇرۇلدى. شۇ قاتاردا ماڭىمۇ تاپشۇرۇلدى. مەن بۇ تەپسىرنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ چىقتىم. بۇ تەپسىر ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەڭ ياخشى شەكىلدە، ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىپ چىقىلغان. ئەقىدە ۋە ئەھكام مەسىلىلىرىدە ئەھلى سۈننەت يولىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك بۇ تەپسىرنى ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل تەپسىر دەپ باھا بېرىمەن. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەپسىرنى ئوقۇپ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا چۈشىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ ئۇيغۇر تىلىدا مۇكەممەل يېزىلغان ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ مۇھىم تەپسىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەپسىرنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، بۇ بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان تەپسىر بولۇپ، تەرجىمە ئەسەر ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، بۇ تەپسىر خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە كېلەچەك ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆپ پايدىلىقتۇر.

ئۈچىنچىدىن، مۇئەللىپ تۈرلۈك سەۋىيەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان:

ئالدى بىلەن ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى، ئاندىن نازىل بولۇش سەۋەبى، ئاندىن تەپسىرى، ئاخىردا مۇھىم نۇقتىلىرى بېرىلگەن. تەپسىر قىلىشتا ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان ۋە «ئىسرائىلىيات» دەپ ئاتالغان خۇراپاتلاردىن ۋە ئاجىز رىۋايەتلەردىن يىراق تۇرغان.

تىل ۋە بايان جەھەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەقلىيىتىگە مۇناسىپ يول تۇتقان بولۇپ، بۇ تەپسىر ئومۇم خەلق چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە چىققان. مۇئەللىپنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ روشەنلىكى ۋە تىل ئىپادىسىنىڭ راۋانلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ.

ئايەتلەرنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىشتا ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆرگەن بولۇپ، خاتا چۈشىنىلىپ قېلىشقا ئورۇن بەرمىگەن، دىنسىزلارنىڭ ۋە باتىل ئەقىدىدىكىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ ماڭغان.

نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ مەنبەلىرىنى ئەڭ ئىشەنچلىك تەپسىر كىتابلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تولۇق بايان قىلغان.

مۇئەللىپ ئىلمىي قۇدرىتى بىلەن تونۇلغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئەڭ قەدىمىي بىلىمگاھ بولغان ئەزھەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، ئەسەرلىرى ئانا ۋەتەندە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە قايتا-قايتا نەشر قىلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ تەپسىرى ۋە بارلىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، قەدىمقى ۋە ھازىرقى ئىسلامىي ئەسەرلەردىن تولۇق پايدىلانغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

بۇ تەپسىر ئىسلامنى ئەينەن تونۇشتۇرۇش ۋە ئۆز ھەقىقىتى بويىچە بايان قىلىش ئالاھىدىلىكى يۇزىسىدىن ئۇنى ئۆزگە لايىق بىر شەكىلدە بېسىپ تارقىتىشنى ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ئاللاھ تائالادىن مۇئەللىپنىڭ ئىلمىنى زىيادە قىلىشىنى، ئېخمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمەن. ئاللاھ تائالا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى بۇ تەپسىرنى ئوقۇپ ياخشى مەنپەئەت ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىپ، مۇئەللىپكە چەكسىز ئەجرى ئەزىم بەرسۇن، ئامىن.

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى تۈرك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى.
ھىجرىيە 1443- يىلى، 21-شەۋۋال،
مىلادىيە 2022 - يىلى، 22-ماي.

# دوكتور ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ بېغىشلىمىسى

مېنىڭ بىلىشىمچە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇيغۇر تىلىدا دىنىي تېمىلاردا ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇندەك كۆپ ۋە سۈپەتلىك ئەسەر يازغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئۆلىماسى يوق. مەن تېخى بۇ يەردە ئۇستازنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالمىدىم. گەرچە ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرى چەتئەلدە بېسىلىپ تارقىتىلىسىمۇ، يەنە بەزى مۇھىم ئەسەرلىرى مەلۇم يوللار بىلەن ۋەتەنگە كىرگەن ۋە يەنە مىڭلارچە نۇسخا نۇسخا كۆپەيتىلىپ بېسىلىپ ئىنتايىن كەڭ تارقالغاندۇر. بولۇپمۇ ئۇستازنىڭ «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق ئەسىرىنى ئالاھىدە مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە ئەرزىيدۇ.

مەزكۇر ئەسەر مۇھىم دىنىي مەسىلىلەرنى ئاددىي، ئىخچام سوئال جاۋاب شەكلىدە يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان بولۇپ، دىنىي بىلىم ئاساسى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقۇش سەۋىيەسى ۋە زەۋقىگە ئالاھىدە ماس كەلگەن، شۇڭلاشقىمۇ ھەجمىنىڭ زور بولۇشىغا قارىماي، ئائىلە ئائىلىلەردە، دوستلار ھالقىلىرىدا دىنىي بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان باشتا تاللىنىدىغان كىتابقا ئايلانغان. ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئوقۇش بىلەنلا قالماستىن، ئەسەرنى مەخسۇس ئوقۇپ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇستازنىڭ «ئىسلامدا ئائىلە تەربىيەسى»، «ناماز» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ، مەزكۇر ساھەدە ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەم تۇنجى ھەمدە ئەڭ سۈپەتلىك يېزىلغان ئەسەرلەردۇر.

بۈگۈن ئۇستازنىڭ نەچچە يىللىق قان-تەرىنىڭ سەمەرىسى بولغان يەنە بىر كاتتا ئەسەر «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق تەپسىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. بېسىپ تارقىتىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئەسەرنى ئوقۇش پۇرسىتىگە نائىل بولۇش ئەلۋەتتە ماڭا كاتتا بىر شەرەپتۇر. مۇسۇلمانلارغا ئايانكى، قۇرئان ھەر زامان ۋە ماكاندا مەڭگۈ تەپسىرلىنىدىغان بىر مۇقەددەس كىتابتۇر، بولۇپمۇ، مەلۇم ئورتاق تۇپراق، ئورتاق تارىخ، ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىملىرىنىڭ تۈزگەن

ياكى تەلىف قىلغان تەپسىرلىرىنىڭ بولۇشى بەكلا مۇھىمدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ بۇ ئەمگىكى ئۇيغۇر تەپسىرچىلىك تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ دەپ قارايمەن. تەپسىرگە كۆز يۈگۈرتۈش داۋامىدا بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلدىم.

بىرىنچىسى، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئوچۇق، چۈشىنىشلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرمۇ ئوقۇشتىن قىينالمايدۇ. ئاۋال ئايەتنىڭ ئەرەبچىسى بېرىلگەن، ئاندىن ئايەتلەرنىڭ لەۋزىي تەرجىمىسى بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئاستىغا تەپسىرى بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر بەزى تەپسىر كىتابلىرىدىكىدەك تەرجىمە بىلەن تەپسىرنى ئارىلاشتۇرۇپ قايمۇقۇپ قالمايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن باھالىغاندا، تەپسىرنىڭ تىلىنى زىيادە مۇرەككەپلىكتىن خالى، ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئاۋامنىڭ دائىم مۇراجىئەت قىلالايدىغان بىر تىل ئۇسلۇبىغا ساھىب دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام تىلى مانا مۇشۇنداق كاتتا ئەمگەكلەرنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن ئاندىن رەسمىي تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە، مەزكۇر تەپسىرنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار.

ئۈچىنچىسى، مەزكۇر تەپسىر تەپسىرچىلىك ساھەسىدىكى ئەڭ ئېتىبارلىق، نوپۇزلۇق تەپسىرلەرنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئاپتور كىلاسسىك تەپسىرلەردىكى نەقىللەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان ۋە تەپسىرگە كىرگۈزگەن، شۇنداقلا، مەنبەسىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتكەن.

ئاخىردا شۇنى قىستۇرۇشنى توغرا تاپىمەنكى، ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈف مۇھەممەد تۇرسۇن ئۆزىنىڭ توختاۋسىز ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن باشقا بارلىق ئۇيغۇر تالىبلىرى ۋە ئۆلىمالىرىغا ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە، ھازىرغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە باشقا بىر شەخس ھەتتا مەلۇم ئورگان مۇھەممەد يۈسۈف قارىھاجىم يازغان، تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرچىلىك مىقداردا ئەسەر ئىجاد قىلالىغىنى يوق. بۇ خىل ئىزچىللىق، بوشاشماسلىقنى ئالقىشلىماسلىق ئىنساپ ئەھلىنىڭ ئىشى ئەمەس دەپ ئويلايمەن. بولۇپمۇ بۇ ئون توملۇق (يەنى بەش مىڭ بەتلىك) تەپسىر بىزنى تېخىمۇ خىجىل قىلىۋېتىدۇ. قەلەم ئەھلىلىرى بىر ۋاراق سۈپەتلىك يازمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. دەۋرىمىزدە ئىلىم دۇنياسىدا، بولۇپمۇ دىنىي ئىلىم دۇنياسىدا ئۈلگە، ئۆرنەكلەرگە موھتاج بولۇۋاتقان بۇ دەۋردە، ئۇستاز مۇھەممەد

يۈسۈف بۇ مول نەتىجىلىرى بىلەن ئالاھىدە پارلاپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ ئۇستازىنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ ئەجرىنى كاتتا قىلغاي، قەلەملىرىگە نۇر بەرگەي، ئەقلىنى تېخىمۇ ئېچىۋەتكەي، بىزگە تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى سۇنۇشقا نېسىپ قىلغاي!

ئابدۇرېھىم دۆلەت

كونيا سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ بۆلۈمى دوكتورانتى
ھىجرىيە 1443- يىلى، زۇلقەئىدە ئايىنىڭ 14- كۈنى،
مىلادىيە 2022- يىلى 6- ئايىنىڭ 13- كۈنى.

# تىلشۇناس ئىسمائىل قادىر ھاجىمنىڭ بېغىشلىمىسى

مەن «تەپسىر جەۋھەرلىرى»ناملىق بۇ تەپسىرنىڭ ئالدىنقى ئون پارىسىنى ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق كۆپلىگەن قىممەتلىك بىلىملەرگە ئېرىشتىم، نۇرغۇنلىغان كىتابلاردىن ۋە تەپسىرلەردىن تاللانغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن- نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەسىلەن: شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەسلى مەتىن ئاساسىدا قانداق چۈشىنىش، قانداق چۈشەندۈرۈش، رېئاللىقتا ماسلاشتۇرۇپ قانداق تەپەككۇر قىلىش. دەۋرگە باپ يېتەكچى ئىدىيەنى قانداق شەكىللەندۈرۈش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. بۇ تەپسىر بىز پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك تولىمۇ قىممەتلىك گۆھەردۇر. ئۆزىنى، يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، ئۇلارغا نېمىنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان مۇشۇنداق ئالىملىرىمىز بولۇشىنى چىن دىلىمدىن تەلپۈنۈپ ئاللاھ تائالادىن تىلەيمەن. ئەنە شۇنداق ئالىملىرىمىزنىڭ سۇنغان ئەمگەك مېۋىلىرى بىزنىڭ تەشنالىقىمىزنى قاندۇرىدۇ، بىزنى تەربىيەلەپ، بىزنىڭ نېمىلەرنى تاللاپ، نېمىلەردىن كېچىشىمىزنى ئۆگىتىدۇ. مۇنداق رېئاللىققا باپ تەپەككۇرلەرنىڭ قايىل قىلىش، جەلپ قىلىش رولى زور بولىدۇ. ئۇنىڭدا يېتەكلەش نۇرى چاقنايدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز تاپالمىدىم.

بۇ تەپسىرنىڭ مەن بايقىغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

مۇئەللىپ ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى توغرۇلۇق ھەقىقەتەن كۆپ ئىزدەنگەن. مەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋە باشقا تىللاردىكى تەرجىملەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. قولۇمدىكى بارچە تەپسىرلەرگە سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، تەرجىمىنىڭ خالىس ئۇيغۇر تىلىدا بولۇشىغا كۆپ كۈچ چىقارغانلىقىنى ۋە تىلنىڭ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ تەپسىردە ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر مۇنداق: بىرىنچىدىن، تەرجىمىدە تىرناق ئىنتايىن مۇناسىپ ئىشلە-تىلگەن، بەزى تەرجىملەرگە ئوخشاش تىرناقلار ئىشلىتىلمىگەن.

ئىككىنچىدىن، تەرجىمىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر چۈشىنىشلىك، هازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىغا يېقىن. ئۈچىنچىدىن، ئەرەبچە جۈملە ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىسى بويىچە ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشكە ئىنتىلىش كۆپ، يېڭىدىن ئەرەب تىلى ئۆگىنىۋاتقان كىشى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قايسى جۈملە، قايسى ئىبارە، قايسى سۆز، قايسى جۈملە ۋاستىسىنىڭ قانداق تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە ئىلىم ئالالايدۇ. تۆتىنچىدىن، بەزى دىنىي ئاتالغۇلار ۋە قىسسەلەردىكى سۆز، ئىبارىلەر ناھايىتى چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئېلىنغان.

ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى، ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەت تەپسىر قىلماقچى بولغان مەزمۇنلارنى چۈشىنىشكە بەك پايدىلىق بولۇپتۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ راۋانلىقى، تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بېرىشنى ئاشۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن سىرت بۇ قىسىمدا نۇرغۇن مەلۇمات ۋە بىلىملەر بار ئىكەن. ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىپ، ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. مەزمۇن قىلىنغان ھەربىر ئايەت توپلىمىغا بۇنداق چۈشەنچىلەرنى بېرىش چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىزچىللىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

تەپسىر قىسمى ھازىرقى رېئال ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان بىر تەپسىر بولۇپتۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان دىنىي بىلىملەر، تۇرمۇش، مۇئامىلە، ئىبادەت، ئەخلاق ھەممىسىگە چېتىشلىق ھۆكۈم قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىتابتىن ئارتۇقچىلىقى ئالدى بىلەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ ئايەتتىكى بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش ياكى قانداق ساقلىنىش يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى كۆرسىتىلگەن. ھەرقانداق كىشى ھەربىر مەزمۇننى بىر كۆرگەندىن كېيىن، يەنە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئوقۇغۇسى كېلىدۇ-دە، مەن زادى قانداق قىلدىم؟ ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك؟ دېگەن سوئاللارنى خىيالىدىن بىر ئۆتكۈزىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇنىڭ شۇ كىشىگە تەسىرى بولغانلىقى، مەنپەئەتى بولغانلىقىدۇر. بۇنداق ئۇنۇم ھەممە كىتابتا كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ رېئال ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندىلا كۆرۈلىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى كۆپ پايدىلىق، ناھايىتى ئىخچام، ئەستە ساقلاشقا باپ، باشقىلارغا نەسىھەت تەرىقىسىدە سۆزلەشكە قولايلىق بولۇپتۇ. تەپسىرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئوقۇغان كىشى ئايەتنىڭ

مەزمۇنى ۋە تەپسىرنىڭ خۇلاسىسىنى تېزلا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. مانا بۇ تەپسىردىن ئالغان نەق پايدىدۇر.

ئاخىردا مۇئەللىپكە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمەن.

ـ ئىسمائىل قادىر ھاجىم
تىلشۇناس

# مۇھەممەد ئەمىن قارىھاجىم (بىشارەت)نىڭ بېغىشلىمىسى

«قۇرئان كەرىم»-ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان، لەۋزىنى ئوقۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان، مەنىسىنى بىلىپ ئەمەل قىلىنىدىغان، ھېچكىم ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىگەن ۋە كەلتۈرەلمەيدىغان، پاساھەت ۋە بالاغەتتە تەڭدىشى يوق، قىيامەتكىچە قوغدىلىدىغان، «فاتىھە» سۈرىسىدىن باشلىنىپ، «ناس» سۈرىسى بىلەن ئاخىرلاشقان، روشەن ئەرەب تىلىدىكى مۆجىزە كالامدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلەرگە ۋە رىسالەت مەشئىلىنى بۈگۈنكى ئەۋلادلارغىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن مۆپەسسىر ئۆلىمالار قالدۇرغان ساغلام مەنبەلەرگە تايىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇراد - مەقسىتىنى ۋە سىر - ئەسرارلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىگە بىلدۈرۈش ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. ھازىرغىچە قۇرئان كەرىمنىڭ بىرقانچە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ۋە تەپسىرى رويابقا چىققان بولسىمۇ، ئۇشبۇ خىزمەت يەنىلا ئوشۇقچە بولماستىن، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان شەرەپلىك خىزمەتلەر قاتارىدىندۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىم قانچىلىك تەتقىق قىلىنسا مەنە جاۋاھىراتلىرى شۇنچە ئېچىلىدىغان، چوڭقۇرلاپ قېزىش بىلەن سىر - ئەسرارلىرى تۈگەپ قالمايدىغان مۆجىزىلىك كىتابتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان قىلغان ئىش ھەرقانچە مۇكەممەل دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا خاتالىق، نۇقسانلىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ، داۋاملىق تۈزىتىشكە ۋە تولۇقلاشقا موھتاج بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىمنىڭ «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق ئۇشبۇ ئەسىرى ئۇزۇن يىللىق چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تىنىمسىز تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىلمىي خىزمەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە بۇ تەپسىر 2023 - يىلى نەشرگە تەييارلىنىپ بولغان بولسىمۇ،

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، بۇ ئەسەرنىڭ تىخىمۇ سۈپەتلىك، ئىمكانقەدەر خاتالىقتىن خالىي ھالدا نەشردىن چىقىشى ئۈچۈن بىز ئۇنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ چىقىشنى قارار قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ، 2023 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىم، ئابدۇلئەھەد ھاپىز، ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى، ئۆمەر قارىھاجىم ئابدۇلئەھەد ئوچات ۋە پېقىر قاتارلىق ئالتە كىشى مەزكۇر ئەسەرنى قايتا تەھرىرلەش ۋە سىلىقلاشتۇرۇپ بېكىتىشتىن ئىبارەت ۋەزنى ئېغىر، ئەمما خەلقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مەنپەئەتلىك بىر خىزمەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن 2024 ـ ئاينىڭ 3 ـ ئايدا ئۇنى تامامەن پۈتتۈردۇق.

بىز بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىنتايىن مۇنتىزىم شەكىلدە ئېلىپ باردۇق ھەمدە بۇ خىزمەت باشتىن ئاخىر تۆۋەندىكىدەك پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلغان ئاساستا تاماملاندى:

1. «تەپسىر جەۋھەرلىرى»گە قويۇلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» قايتىدىن تەكشۈرۈلۈپ، ئىلگىرى كۆزدىن قاچقان بەزى ئىملا خاتالىقلىرى تۈزىتىلدى، ئاندىن مەزمۇنغا، جۈملە قۇرۇلمىسىغا ۋە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەستايىدىل قاراپ چىقىلىپ قىسمەن ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلدى؛

2. ئىزدىنىشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان بەزى ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىلىرى قولىمىزدا بار بولغان ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە قۇرئان كەرىم تەرجىمىلىرىگە ۋە تەپسىر كىتابلىرىغا سېلىشتۇرۇلۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ئەھۋالغا قاراپ بەزى ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىلىرى پەرقلىق بولدى؛

3. بەزى ئايەتلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ئورنى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى ھەققىدە «ئىئرابۇل قۇرئان»، «ئەلئىئرابۇل مۇيەسسەر»، «ئەددۇررۇل مەسۇن»، «ئەللۇباب فى ئۇلۇمىل قۇرئان» قاتارلىق قۇرئان ئىلىملىرى ھەققىدىكى مۆتىۋەر كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىندى ۋە تەرجىمە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى؛

4. «تەپسىر جەۋھەرلىرى»نى تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ناۋادا ئايەتلەرگە قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەپسىر باشقا نوپۇزلۇق تەپسىرلەرگە زىت كەلمىگەن ياكى ئاجىز قاراشقا ئاساسلانمىغانلا بولسا، ئۆز پېتى قالدۇرۇلدى، ئۇنداق بولمىغاندا باشقا تەپسىرلەردىكى ئەڭ مۆتىۋەر

دەپ قارالغان تەپسىر ئېلىنىدى؛

5. بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى مۇقىملاش ئۈچۈن نوپۇزلۇق ئەرەبچە تەپسىرلەردىن: «تەپسىرى مۇيەسسەر»، «مۇختەسەر فىتتەفسىر»، «تەپسىرى تەبەرىي»، «تەپسىرى ئىبنى كەسىر»، «تەپسىرى فەتھۇلقەدىر»، «تەپسىرى سەئدىي»، «تەپسىرى قۇرتۇبىي»، «تەپسىرى بەغەۋىي»، «تەپسىرى ئەلۇسىي»، «ئەيسەرۇتتەفاسىر»، «تەپسىرى رازىي»، «تەپسىرى ئەزۋائۇلبايان»، «تەپسىرى جەلالەين»، «تەپسىرى بەيزاۋىي»، «تەپسىرى ئەتتەھرىر ۋەتتەنۋىر»، «تەپسىرى قاسىمىي»... قاتارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىندى؛

6. تۈزىتىشكە تېگىشلىك يەرلەر ھەممەيلەننىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن، ھېچبولمىغاندا كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئاساسلىنىپ تۈزىتىلدى.

بىز مۇشۇنداق ئۇسۇل ۋە پرىنسىپ بويىچە «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»نى ۋە «تەپسىر جەۋھەرلىرى»نى «فاتىھە سۈرىسى»دىن «ناس سۈرىسى»گىچە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكىلەپ، تولۇق كۆرۈپ چىقتۇق. بۇ جەرياندا ھەممەيلەن ئىنتايىن ھىممەت كۆرسەتتى ھەمدە ۋاقتىدا، تولۇق قاتنىششقا ئەھمىيەت بەردى.

ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ قارىھاجىمنىڭ «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بۇ ئەسىرى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىر ئەمگەك بولۇپ، تىلىنىڭ شېرىن ۋە يەڭگىللىكى، مەزمۇنىنىڭ چۈشىنىشلىكلىكى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىنىڭ گۈزەللىكى، نوپۇزلۇق تەپسىرلەرگە ئۇيغۇنلۇقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مۇھىم بىر ئەسەردۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ قارىھاجىمنىڭ بۇ كاتتا ئەمگىكىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى، شۇنداقلا ئۇستازنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىغا زور ئۇتۇقلارنى نېسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن.

سەممىي ئېھتىرام بىلەن: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

**07.05.2024**

# مۇقەددىمە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر خالىس ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان، بارچە ئالەملەرنىڭ رەببى – ياراتقۇچى ئىگىسى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىسى، ھەق دىنىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئاتىغان ئەڭ كاتتا نېمىتىنى تاماملىغان ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆچمەس ھىدايەت مەشئىلىنى نازىل قىلىپ دىللارنى نۇرلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا جىمى مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن ۋە مەدھىيەلەيمەن. ئىنسانىيەتكە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇئمىنلەرگە، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭىدىغان مۇئمىن قېرىنداشلىرىمغا جانابى ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى

تەپسىر – ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئەھكاملىرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئىلىم دېمەكتۇر[1]. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۇنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىن تاللاپ چىقارغاندەك، كىتاب نازىل قىلغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇ كىتابلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا نازىل قىلغان. ﴿وَمَآ

[1] ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان في علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 1ـ توم، 13ـ بەت.

أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِۦ لِيُبَيِّنَ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[1]. ساماۋى دىنىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان«قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان. ﴿إِنَّآ أَنزَلْنَـٰهُ قُرْءَٰنًا عَرَبِيًّا لَّعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، بىز ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[2]. «قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرنىڭ ئۆز تىلىدا نازىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى چۈشىنەتتى، مەنىسىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى، پاساھىتى ۋە مۆجىزىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەمەس ئىدى، ھەتتا ساھابىلەرمۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل ئەمەس ئىدى، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنەتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇپەسسىر ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر داۋاملاشتۇرۇپ زامانىمىزغا قەدەر يەتكۈزدى. نەتىجىدە، ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرخىل تىللاردا مىڭلارچە تەپسىرلەر يېزىلدى. شۇ قاتاردا دىيارىمىزدىمۇ مىلادىيە 11- ئەسىردىن باشلاپلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا يورۇق كۆرۈشكە باشلىغان بولۇپ، تۇنجى ئۇيغۇرچە تەپسىرنى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئۇستازى ھۈسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەري يازغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىمىز بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى زامانىمىزغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 4- ئايەت.

[2] يۇسۇف سۈرىسى: 2- ئايەت.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە بولغان ئېھتىياج

«قۇرئان كەرىم» نى تەپسىر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، نېمىگە بۇيرۇپ، نېمىدىن توسقانلىقىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەڭ شەرەپلىك دىنىي خىزمەت ۋە كاتتا ئىبادەتتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى ۋە تەپسىرلىرىنى بارلىق ئىنسانلارغا، ھەتتا ئاۋاملارغىچە ھەممىگە بىلدۈرۈش پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولغان ئۆلىمالارنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر.

ئىلىملەرنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن ۋە تۈرمۇش قىيىنلاشقان بۇ دەۋردە ھەممىلا ئادەمنىڭ دىنىي ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇشى كۈتۈلمەيدۇ. چۈنكى، دۇنيالىق ئاخىرەتلىككە ئۈستۈن قىلىنىۋاتقان بۇ زاماندا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈرمۇشىنى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسەتكەن پىرىنسىپلارغا ئۇدۇللاشقا ۋە مەنىۋىيەتكە بولغان تەشنالىقلىرىنى «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق قاندۇرۇشقا ھەممىدىن بەك موھتاج. شۇڭا ئۇلارغا ئىككى دۇنيالىق سائادەت ۋە خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتى بولغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىشلىك ھالدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل نەق كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئورۇنداش مەجبۇرىيىتى بار. شۇڭا بىز بۇ تەپسىردە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى، ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى، سىر-ئەسرارلىرى، ئىلمىي ھەقىقەتلىرى ۋە پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرى قاتارلىق ماۋزۇلارغا كىرمىدۇق. ئۇلارنى شۇ پەنلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىزدىنىشىگە ھاۋالە قىلدۇق ۋە خەلقىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنى بىلىۋېلىشىنى ئالدىنقى مەقسەت قىلدۇق.

ئىنسانلار جەمئىيىتى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن ئىلاھىي قانۇنغا موھتاجدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلار تەرىپىدىن لايىھەلەپ چىقىلغان يەرلىك قانۇنلارنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتتى، خۇسۇسەن بۇ قانۇنلارنىڭ جىنايى قىلمىشلارنى تىزگىنلەش، كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە جەمئىيەت ئىنتىزامىنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى

كاپالەتلەندۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلدى. ئۇلار ماددىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش ئومۇملىشىپ كەتكەن بۇ ھاياتلىقتىن زېرىكىپ، بىرەر قۇتقۇزغۇچىغا بولغان ئېھتىياجىنى جىددىي ھېس قىلىشتى. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ۋە ھاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى قايتا ئېسىگە ئالدى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» سايىسىدىلا خۇددى بۇرۇنقى سائادەت ئەسىرىدىكىدەك ئىززەتكە، تىنچ-ئامانلىققا، تەشۋىشلەردىن خاتىرجەملىككە ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇش بىلەن يەر يۈزىدە ئەڭ قالاق ھايات كەچۈرىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەڭ نامرات، سىياسىي جەھەتتىن ئەڭ ئۇرۇشقاق، ئىناقسىز، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەڭ تارقاق بىر مىللەتنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىك، ئەخلاق-پەزىلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتكە ئايلاندۇردى. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِنَّ هَـٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ يَهۡدِي لِلَّتِي هِيَ أَقۡوَمُ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ قۇرئان (ئىنسانلارنى) ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئىنسانلارغىلا خاس ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانىيەتكە ھىدايەت مەشئىلىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ يولىدا ماڭغانلار بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ماركسىزمچىلارنىڭ خىيالىي جەننىتىگە ئوخشىمايدۇ. توغرا يولغا كىرگەن كىشى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر. چۈنكى، كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ھەرقانداق بىر زىيان- زەخمەت، پەقەت ئىشنى توغرا يوسۇندا قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ. بۇ خۇددى قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ يول قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن ھاياتىنى نابۇت قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر. ھەربىر ئىشنى توغرا يوسۇندا قىلغان كىشى زىياندىن خالىي بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەستۇر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاتا قىلىدىغان ھىدايىتى دىنىي تەرەپكىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنى دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا توغرا ئېتىقادقا، توغرا پىكىرگە، توغرا يۆنىلىشكە، توغرا ئىشقا ۋە توغرا نەتىجىگە يېتەكلەيدۇ. يۇقىرىقى ئايەتتىكى «توغرا يول»نىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭدۇر.

[1] ئىسرا سۈرىسى: 9- ئايەت.

قىسقىسى، ئىنسان توغرا يولغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى شۇ توغرا يولدا، توغرا يوسۇندا كېتىۋېرىدۇ. شەكسىزكى، توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى «قۇرئان كەرىم»دۇر. «قۇرئان كەرىم» بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىزدۇر. ئۇ بىزنىڭ ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىكىمىزنى تولۇق كاپالەتلەندۈرىدىغان ئاساسلىق دەستۇرىمىزدۇر. «قۇرئان كەرىم» نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەپسىرىگە ـ تەپسىر بولغاندىمۇ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل دەپ بېرەلەيدىغان بىر تەپسىرگە ـ ئېھتىياجلىقمىز.

## ◄ مەندىكى تەپسىر يېزىش ئىستىكى

ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ، مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن ئاۋام خەلققە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مەقسىتىنى توپتوغرا، ئۇدۇللا كۆرسىتىپ بېرىدىغان، چۈشىنىشلىك بىر تەپسىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن ئۇ چاغلاردا بۇنداق بىر تەپسىرنى يېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» نى تەپسىر قىلىپ ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى ئايدىڭلىتىش ئىشى پەۋقۇلئاددە ئىلىم، يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدىم. چۈنكى، دەسمايەم ئاز، سەۋىيەم تۆۋەن، تەجرىبەم يېتەرسىز ئىدى. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى ھەركىم ئاسانلا چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي سۆزلەر بىلەن كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ھالدا، ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر تەپسىر ئىزدىمەكچى بولدۇم.

مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن تەپسىرلەرنى ئاربلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇستازى دوكتور مۇھەممەد مەھمۇد ھىجازىينىڭ «التفسير الواضح» (تەپسىرى ۋازىھ) ناملىق ئۈچ توملۇق تەپسىرىنى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ «أيسر التفاسير لكلام العلى الكبير» (ئەيسەرۇتتەفاسىر) ناملىق بەش توملۇق تەپسىرىنى مۇناسىپ كۆردۈم. چۈنكى، بۇ ئىككى تەپسىرنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تولۇقلايتتى. بۇ ئىككى تەپسىر زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى چۈشىنىشكە بولغان زور ئېھتىياجىنى

نىسبەتەن تەمىن ئېتىدىغاندەك تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى تەپسىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ۋە يەنە باشقا مۆتىۋەر تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ ئېلىش قارارىغا كەلدىم. دوستلىرىمۇ بۇ پىكرىمنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى ۋە تېزرەك تۈتۈش قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلىشىپ ماڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلىگەن بولدى.

## ◄ بۇ ئىككى تەپسىرنى ئاساس قىلىشىمدىكى سەۋەب

1. بۇ ئىككى تەپسىر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت قىلىنغان مەنىلىرىنى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ۋە ئىخچام ھالدا بايان قىلىپ بەرگەن.

2. ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان دەرىجىدىكى كۆپ سۆزلەشتىن ۋە مەنىگە دەخلى يېتىدىغان دەرىجىدىكى ئىخچاملىقتىن يىراق ئوتتۇرا يولنى تۇتقان.

3. ئەقىدە مەسىلىسىدە ئەھلى سۈننەتنىڭ[1] يولىنى تۇتقان بولۇپ، سەلەف سالىھلارنى ئۈلگە قىلغان.

4. قەدىمقى تەپسىرلەردىكى «ئىسرائىلىيات» دەپ ئاتالغان خۇراپى قىسسىلەرنى ۋە ئىختىلاپلىق قاراشلارنى ئالمىغان.

5. ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارالغانلىرىنى تاللاپ ئالغان.

«التفسير الواضح»نىڭ ئالاھىدىلىكى: سۈرىلەرنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەك ئۈچۈن مەخسۇس ماۋزۇ قويغان ۋە ھەربىر ماۋزۇدىكى ئايەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلغان.

«أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير»نىڭ ئالاھىدىلىكى: ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ شۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەردىن بىر، ئىككى، ئۈچ ۋە ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى بىراقلا بايان قىلغان. ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن، شۇ ئايەتلەرنىڭ بىر قانچە مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىخچام ھالدا بايان قىلغان. ھەربىر بۆلەكنىڭ تەپسىرىدىن

---

[1] ئەھلى سۈننەت-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان مۇسۇلمانلار توپىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ «ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، سۈننەت-بىر خىل ئەقىدە ئەتراپىغا توپلاشقان جامائەت ياكى ئۈممەتنىڭ ئېتىقاد يولى بولۇپ، بۇ يولدا بىرلەشكەن ۋە ئوخشاش ئېتىقادتا بولغان ئىنسانلار «جامائەت» دەپ ئاتالغان. (شەھرىستانى «الملل والنحل» 1- توم، 47- بەت).

كېيىنكى «مۇھىم نۇقتىلىرى» دېگەن قىسمىدىكى مەزمۇنلارنىڭ كۆپرەكى ئاساسەن مۇشۇ تەپسىردىن ئېلىندى.

ئاندىن بۇ ئىككى تەپسىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن سۈزۈپ چىقتىم:

تەپسىرى تەبەري (جامع البيان في تفسير القرآن).
تەپسىرى قۇرتۇبىي (تفسير القرطبي)
تەپسىرى بەغەۋىي (معالم التنزيل).
تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم).
تەپسىر جەلالەين (تفسير الجلالين).
تەپسىرى رازىي (التفسير الكبير للرازي)
تەپسىر سەفۋەتۇتتەفاسىر (تفسير صفوة التفاسير).
تەپسىرى سەئدىي (تيسيرالكريم الرحمن في تفسير كلام المنان).
تەپسىر شەئراۋىي (خواطر الشعراوي حول القرآن).
تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر (التحرير والتنوير).
تەپسىرى مۇيەسسەر (التفسير الميسر).
تەپسىرى مۇختەسەر (المختصر في التفسير).
«ئەل جەدۋەل فى ئىرابىل قۇرئان» (الجدول في إعراب القران).

يۇقىرىقى تەپسىرلەردىن باشقا يەنە «فى زىلالىل قۇرئان» (في ظلال القرآن)، «تەپسىرى شىنقىيتىي» (أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن)، «تەپسىرى كەششاف» (الكشاف)، «تەپسىرى بەيزاۋى» (أنوار التنزيل وأسرار التأويل) قاتارلىق تەپسىرلەردىن پايدىلاندىم.

## ◄ تەپسىر جەۋھەرلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى ئىنسانلارغا چۈشىنىشلىك ۋە روشەن ئۇسلۇب بىلەن يەتكۈزۈش ھەربىر ئۆلىمانىڭ ئەڭ ئاساسلىق بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشنىڭ نەقەدەر جاپالىق ۋە قىيىن ئەمگەك ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكىگە، تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىماي، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇ ئىشنى باشلىدىم. بۇ تەپسىرنى خەلقىمگە مەنپەئەتلىك، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىشىگە، ئىمانىنى كۈچەيتىشىگە ياردەم قىلىدىغان، تەپسىرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان شەكىلدە تاماملاپ چىقىشىم ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياردەم

تىلىدىم، قولۇمدىن كەلگەنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

بۇ تەپسىرنى «تەپسىر جەۋھەرلىرى» دەپ ئاتىدىم. چۈنكى، بۇ قەدىمدىن هازىرغا قەدەر يېزىلغان مۆتىۋەر تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى سۈزۈپ ئېلىنغان، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قاراشلىرى تاللاپ چىقىلغان، بايانلىرى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىخچاملانغان، ئىسمىغا لايىق بىر ئەسەر بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بىر تاللانمىدۇر.

«تەپسىر جەۋھەرلىرى» تەپسىرلا ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ بايانىنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، بەزى ھەدىسلەرنىڭ شەرھىنى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلىكلەرنىڭ تەھلىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پايدىلىق بىر ئەسەردۇر.

بۇ تەپسىرنىڭ ئۇسلۇبى تۆۋەندىكىچە بولدى:

بىرىنچى، سۈرە ھەققىدە قىسقىچە بايان ۋە سۈرىدىكى ئاساسلىق مەقسەت.

ئىككىنچى، ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى.

ئۈچىنچى، نۆۋەتتىكى ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

تۆتىنچى، نازىل بولۇش سەۋەبى.

بەشىنچى، تەپسىرى.

ئالتىنچى، مۇھىم نۇقتىلىرى.

### ◄ تەپسىردىكى ئاساسلىق باسقۇچلار

«تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق بۇ تەپسىرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچلۇق جاپالىق ئەمگەكنى باشتىن كەچۈردۈم:

بىرىنچى باسقۇچ: «التفسير الواضح» بىلەن «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» دىن ئىبارەت ئىككى تەپسىرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى تاللاپ ئالدىم.

ئىككىنچى باسقۇچ: يۇقىرىدا ئىسمىلىرى زىكىر قىلىنغان مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ تەپسىرلەردىكى جەۋھەرلەرنى سۈزۈپ چىقىپ تەپسىرىمنى بېيىتتىم.

ئۈچىنچى باسقۇچ: بۇ تەپسىرنى يۇقىرىقى تەپسىرلەرگە بىر-بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، مۇپەسسىرلەرنىڭ دەلىل جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك قاراشلىرىنى تاللاپ چىقتىم.

تۆتىنچى باسقۇچ: كۆپ مەنىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە ئىمكانقەدەر مەشھۇر مۇپەسسىرلەرنىڭ قاراشلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

## ◄ ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتىكى پرىنسىپىم

ھەربىر ئايەتنى تەرجىمە قىلىشتا، ئاندىن ئۇنىڭ تەپسىرىنى بايان قىلىشتا ئىنتايىن سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، يۇقىرىقى تەپسىرلەرگە بىر-بىرلەپ مۇراجىئەت قىلىپ چىقىپ، مۇپەسسىرلەرنىڭ قاراشلىرىدىن ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارالغانلىرىنى ۋە دەلىل جەھەتتىن ئەڭ قانائەتلىنەرلىك بولغانلىرىنى تاللاپ ئالدىم. كۆپ مەنىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ۋە تەپسىر قىلىشتا، بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرلا مەنىسىگە كۆپايە قىلماي، ئىمكانقەدەر ھەممە مەنىلەرنى بايان قىلىشقا تىرىشتىم، ئاخىردا بىر قانچە قاراشنىڭ ئارىسىدىن مۆتىۋەر مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارالغانلىرىنى كۈچلەندۈردۈم.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئەستايىدىللىق بىلەن باشتىن ئاخىر ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۇيغۇرچە، تۈركچە تەرجىمىلەرگە ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەپسىرلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن قايتا سېلىشتۇرۇپ چىقىپ ئاندىن بېكىتتىم.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرجىمىسى

تەرجىمە دېگەنلىك ھەرگىزمۇ نۇقۇل ھالدا بىر تىلدىكى سۆزلەرنى يەنە بىر تىلغا سۆزمۇ-سۆز يۆتكەپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەسلى تىلدىكى مەنىنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلدا ئەسلىسىگە ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي تەرجىمىدۇر. ساھابىلەردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋاننىڭ بېرىلگەنلىكى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلغانلىقىدىن ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ئۇنداق قىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ

مەنىسىنى تولۇق بىلگەنلىكى ۋە ئۇنى توغرا چۈشەندۈرگەنلىكىدىن ئىدى.

تەرجىمە ئىشىدا، تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئۆزى تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلدىكى مەنىنى تولۇق بىلىشى ۋە مەقسەتنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىشى شەرتتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ تەرجىمە ئەمەس، بەلكى تېكىستنى پەقەتلا سۆزمۇ-سۆز يۆتكەپ قويغانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى تىلدىكى مەنىنى تەرجىمە تىلىغا ئۆز ئەينى بويىچە، ھېچ بولمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئەينى بويىچە ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمانىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتىدۇر.

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ئىشى باشقا ھەرقانداق كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئىشىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغان تولىمۇ نازۇك ئىشتۇر. چۈنكى، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ نىمە دېگەنلىكىنى تولۇق بىلىش ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش تەرجىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسى ۋە ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسىدۇر. مەن بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ تولىمۇ ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا يولغا چىققان بولدۇم. «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ھاياتىمدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىچە تىرىشتىم.

## ◄ ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە پايدىلانغان مەنبەلەر

ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىدا ئىسمىلىرى بايان قىلىنغان تەپسىرلەردىن تولۇق پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئۆزبېكچە ۋە قازاقچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلاندىم. خۇسۇسەن ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ««قۇرئان كەرىم› ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» بىلەن تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان پروفېسسور ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالتە كىشىلىك كومىتېت تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى تەرىپىدىن «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى»دە باستۇرۇپ تارقىتىلغان تۈركچە تەرجىمە بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە تۈركچە تەرجىمىلەردىن پايدىلاندىم. ھەربىر ئايەتنىڭ تەرجىمىسىنى يۇقىرىقى مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە بىر-بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئاندىن مۇقىملاشتۇردۇم.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىدا مۇنداق ئىككى خىل يۈنىلىش مەۋجۇت ئىكەن: بىرى، تەرجىمىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى باشقا تىلدا ئىپادىلەش بولغانلىقتىن، ئايەتلەرنى مەنە جەھەتتىن تەرجىمە قىلىش يېتەرلىكتۇر، دېگەن يۈنىلىش، يەنە بىرى، ئايەتلەرنى مەنە جەھەتتىن تەرجىمە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دېگەن يۈنىلىش. بىز بۇ تەرجىمىدە ئىككىنچى يۈنىلىش بويىچە ماڭدۇق. چۈنكى، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. بۇ دېگەنلىك ئايەتلەرنى ئەرەب تىلىدىكى پاساھىتى ۋە بەدىئىيلىكى بويىچە ئۇيغۇرچىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِۦ﴾ دېگەن ئايەت تۈركىي تىللارغا:«ئاللاھ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى»، «ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىدىن پۈۋلىدى»، «ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى»، «ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆز ئىلكىدىكى روھنى كىرگۈزدى» ۋە «ئاللاھ ئۇنىڭغا (ئۆزى ياراتقان) روھتىن پۈۋلىدى» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل تەرجىمە قىلىنغان. بىز ئەڭ ئاخىرقىسىنى تاللىدۇق. يۇقىرىقى تەرجىمىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، چۈنكى ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىگە ئەڭ ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن.

## ◄ ساپ ئۇيغۇرچە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش

ئۆتمۈشلەردە ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن كۆپلىگەن دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ كىرىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلىمىزدا كۆپلىگەن دىنىي ئاتالغۇلار ئورۇن ئالغان. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، خۇسۇسەن، مەدرىسىلەردە بۇ دىنىي ئاتالغۇلار ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىپ كەلگەن. دىنىي ئەسەر يازغاندا ياكى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىي ئاتالغۇلارغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئەمما ھازىرقى زاماندا ئانا ۋەتەندە دىنىي ئوقۇشنىڭ يوقلۇقى، دىنىي

مەدرىسىلەرنىڭ تاقالغانلىقى، ئائىلىلەردىمۇ دىنىي سۆزلەر ۋە دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىلگىرىكى زامانلاردىكىدەك قوللىنىشىنىڭ كەملىكى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلاردىن باشقا ئاتالغۇلارنى ئاساسەن بىلمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر بىزنى كىتاب يازغاندا ياكى تەرجىمە قىلغاندا، مۇمكىنقەدەر ساپ ئۇيغۇر تىلىنى ۋە ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلايدۇ. چۈنكى، كىتابنى يېزىش ياكى تەرجىمە قىلىشتىكى مەقسەت ھەممە كىشىنىڭ ئاسانلا چۈشىنىشى ۋە تولۇق مەنپەئەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قالغانلىقتۇر.

## ◄ ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر

شەكسىزكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن بېرى، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىپ، چۈشەندۈرگەن ئۆلىمالىرىمىز ئاز بولمىدى. بۇ ئۆلىمالارنىڭ ھەربىرى بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتقان نۇرلۇق چىراقلاردۇر. خۇسۇسەن، مەرھۇم ئۇستازىمىز ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق دەۋر بۆلگۈچ بىر خىزمەتنى روياپقا چىقاردى، شۇنىڭدىن كېيىن، خەلقىمىز «ئاللاھ مۇنداق دېدى» دېيىشنى ئۆگەتتى. ئۇستازىمىزنىڭ بۇ مۇبارەك تەرجىمىسى تا قىيامەتكىچە «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن، ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك، ئۈلگە ۋە باشلامچىدۇر.

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، ئىنسانلار كامالەت ئىگىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئىلمىدە قانچىلىك توشقان بولۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى، كەمچىلىكلىرى بولىدۇ ۋە كېيىنكىلەر ئۇنى تولۇقلاپ ماڭىدۇ. بۇ ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى، بۇ بىر رېئاللىق. ئەگەر شۇنداق بولمايدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆلىماسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستۇر» دەپ سۈپەتلىشىگە سازاۋەر بولغان ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىدا «مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرىينىڭ تەپسىرىدىن كېيىن تەپسىر يېزىلمىسا بولاتتى. ئەمما كۆرۈۋاتىمىزكى، ئىسلام دۇنياسىدا مىڭلارچە تەپسىرلەر بارلىققا كەلدى، ھەتتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىبنى جەرىر تەبەرىي، ئىبنى كەسىر قاتارلىق

زاتلارنىڭ تەپسىرلىرىنى تولۇقلىغان تەپسىرلەرمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ تەپسىرلەر بىر-بىرىنى تولۇقلاپ كەلدى. بولۇپمۇ ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى ئايەتلەرنىڭ بۇرۇنقى مۇپەسسىرلەر بايقىيالمىغان مەنىلىرى كېيىنكى مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. مەسىلەن: «تەپسىرى رازىي»، «فى زىلالىل قۇرئان»، «تەپسىرى شەئراۋىي»، «تەپسىرى نابلۇسىي» قاتارلىق تەپسىرلەر بۇنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىر 20-ئەسىردە بارلىققا كەلدى. بۇ تەپسىر ھەققىدە «مۇشۇ تەپسىردىن كېيىن تەپسىر يېزىلىشقا ھاجەت قالمىغان بولسا كېرەك» دېگەنلەرمۇ بولغان. ئەمما مۇشۇ تەپسىردىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن مۇكەممەل تەپسىرلەر بارلىققا كەلدى. ئەگەر بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغانلىرى ھەممىدىن مۇكەممەل، باشقىسىغا ھاجەت يوق دېيىلسە، تەبەرىي، ئىبنى كەسىر قاتارلىق ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىرلەردىن كېيىن يېزىلغان «فى زىلالىل قۇرئان»، «تەفھىمۇل قۇرئان»، «تەپسىرى سەئدىي»، «تەپسىرى شەنقىيتىي» قاتارلىق تەپسىرلەر بۈگۈنكىدەك زور شۆھرەت قازانمىغان ۋە بۈگۈنكىدەك يۇقىرى باھاغا ئېرىشەلمىگەن بولار ئىدى.

### ◄ بۇ تەرجىمە توۋەندىكى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە:

1. ئەرەب تىلىدىكى ﴿رَبُّ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئىگە، پەرۋەردىگار، باشقۇرغۇچى، پەرۋىشچى، خوجايىن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿رَبُّ﴾ دېگەن سۆز يالغۇز ھالەتتە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنى ئىككىنچى بىر سۆز بىلەن بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: «رَبُّ ٱلۡأُسۡرَةِ» (ئۆي ئىگىسى) دېگەنگە ئوخشاش [1]. ئىسلام دىنىدا ﴿رَبُّ﴾ سۆزى ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغۇچى، يېگانە ئىلاھتۇر. [2] شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ﴿رَبُّ﴾ ياكى ﴿الرَّبُّ﴾ دېگەن سۆزنى «پەرۋەردىگار» دەپ ئالماي، ئەرەبچە تەلەپپۇزىغا ئاساسەن ئەينەن «رەب» دەپ ئېلىشنى لايىق كۆردۇق. مەسىلەن: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا

---

[1] «لسان العرب» قامۇسى 1- توم، 399-بەت.

[2] ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ «ئەيسەرۇتتەفاسىر» ناملىق تەپسىرى 1-توم، 12-بەت.

خاستۇر» [1] دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، «پەرۋەردىگار» ۋە «پەرۋىشكار» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھېچبىرى ﴿رَبُّ﴾ دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىكەن. گەرچە «پەرۋەردىگار» دېگەن سۆز بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى، خۇدا [2] دېگەن مەنىنى، «پەرۋىشكار» دېگەن سۆز «پەرۋىش قىلغۇچى، تەربىيەلىگۈچى» [3] دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئەرەب تىلىدىكى ﴿رَبُّ﴾ دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەشتىن خېلىلا يىراقتا ئىكەن.

2. ﴿ٱلرَّحْمَٰنُ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى [4] بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىمۇ كۆپرەك ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. بەزىدە ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسىدىمۇ كەلگەن. شۇڭا ﴿ٱلرَّحْمَٰنُ﴾ دېگەن بۇ سۆزنى ھەممىلا يەردە سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسىم مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. مەسىلەن: مەككە كاپىرلىرىنىڭ «سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان ھېچ نەرسە چۈشۈرگەن ئەمەس» [5] دېگەن سۆزىدىكى ﴿ٱلرَّحْمَٰنُ﴾ ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. چۈنكى ئەرەبلەر ﴿ٱلرَّحْمَٰنُ﴾نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ، ﴿ٱلرَّحْمَٰنُ﴾ دېگەن سۆز خۇددى ﴿ٱللَّهُ﴾ دېگەن سۆزگە ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسىملىرى قاتارىدا كەلگەن. بۇنى «قۇرئان كەرىم» قارار قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانى: «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇ»[6] دەپ ئوچۇق جاكارلىغان. شۇڭا بىز بۇ تەرجىمىدە ﴿ٱلرَّحْمَٰنُ﴾ دېگەن سۆزنى ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن ئورۇنلاردا، ئىسىم مەنىسىدە «رەھمان» ياكى «رەھمان ئاللاھ» دەپ ئىسىم مەنىسىدە تەرجىمە قىلىشنى، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن جايلاردا بولسا، «شەپقەتلىك ئاللاھ» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

3. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ۋە

---

[1] فاتىھە سۈرىسى: 2-ئايەت.

[2] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 203 -بەت.

[3] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[4] ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ «ئەيسەرۇتتەفاسىر» ناملىق تەپسىرى 1-توم، 11-بەت.

[5] ياسىن سۈرىسى: 15-ئايەت.

[6] ئىسرا سۈرىسى: 110- ئايەت.

تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان كىتاب بولۇپ، ئەقىلنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىنسان هاياتىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. «قۇرئان كەرىم» دە «العَقْلُ» يەنى «ئەقىل» دېگەن سۆز 49 قېتىم تەكرارلانغان بولسا، ﴿أَفَلَا تَعۡقِلُونَ﴾ يەنى«ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگەن سۆز 7 قېتىم تەكرارلانغان. بۇ ئايەت مەشھۇر تەپسىرلەردىمۇ «أفَلا تُعمِلُون عُقُولَكُمْ»[1] يەنى «ئەقلىڭلارنى ئىشقا سالمامسىلەر؟» دەپ تەپسىر قىلىنغان. ﴿أَفَلَا تَعۡقِلُونَ﴾ دېگەنگە ئوخشىغان كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىلەردە «چۈشەنمەمسىلەر؟» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنداق قىلغاندا، ئايەتتىن كۆزلەنگەن مەنە چىقمايدۇ. مەسىلەن: مۇلك سۈرىسىدىكى: ﴿وَقَالُواْ لَوۡ كُنَّا نَسۡمَعُ أَوۡ نَعۡقِلُ مَا كُنَّا فِيٓ أَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ﴾ دېگەن ئايەت ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە «ئۇلار ‹ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى) ئاڭلىغان بولساق ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاختىن بولماس ئىدۇق› دەيدۇ» [2] دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن «ئەگەر بىز پەيغەمبەرنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنگەن ياكى دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەگەشكەن بولاتتۇق، بۇگۈنكىدەك دوزاخ ئەھلى قاتارىدىنمۇ بولمايتتۇق. دېمەك، پەيغەمبەر بىزگە دىنىنى چۈشەندۈرەلمىگەن، بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىزگە يېتىپ كەلمىگەن، شۇڭا بىز ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىماي قالغان ئىكەنمىز» دېگەن مەنە چىقىپ قالىدۇ. بۇ ئۆز گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىش بولماي، ئۆزرە بايان قىلىش بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئايەتتىن مەقسەت قىلىنغىنى كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئېتىراپىنى بايان قىلىشتۇر. بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىكى ﴿فَٱعۡتَرَفُواْ بِذَنۢبِهِمۡ﴾ يەنى «ئۇلار گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى...» دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتنى «ئۇلار: ‹ئەگەر بىز (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالغان ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، دوزاخ ئەھلى قاتارىدىن بولماس ئىدۇق› دەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇق.

4. فەتھ سۈرىسىدىكى ﴿إِذۡ جَعَلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلۡحَمِيَّةَ﴾ دېگەن سۆزنى ئەرەب تىلىنىڭ مەشھۇر قامۇسى «المعجم الوسيط» دە «مۇتەئەسسىپلىك» دەپ شەرھلىگەن.

---

[1] «تفسير الشعراوي».

[2] مۇلك سۈرىسى: 10- ئايەت.

مەشھۇر تەپسىرلەردە بۇ سۆز «دىنىي مۇتەئەسسىپلىك» ۋە «ئەسەبىيلىك» دەپ تەپسىر قىلىنغان. ﴿ٱلْحَمِيَّةَ﴾ دېگەن سۆز هازىرقى جانلىق ئەرەب تىلىدا «قەبىلىۋازلىق»، «يۇرتۋازلىق»، «مىللەتچىلىك»، «مۇتە-ئەسسىپلىك» ۋە «ئەسەبىيلىك» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ھەتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۈركچە تەرجىمىلىرىدىمۇ ﴿ٱلْحَمِيَّةَ﴾ دېگەن سۆز «taassubu, cahiliye taassubu» يەنى (مۇتەئەسسىبلىكنى جاھىلىيەتنىڭ مۇتەئەسسىبلىكىنى) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھالبۇكى، بۇ سۆز ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە «قىزىققانلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى، ﴿ٱلْحَمِيَّةَ﴾ دېگەن سۆزنى «قىزىققانلىق» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، ئايەتتىن كۆزلەنگەن مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇز نۆۋىتىدە مەزكۇر ئايەتنى: «كاپىرلار مۇتەئەسسىپلىكنى-جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىنى-دىللىرىغا پۈككەن چاغدا...» دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

5. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «الصبر» (سەۋر) دېگەن سۆز چىدامچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تەقدىرگە رازى بولۇش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى، «چىدامچانلىق» مەنىسىدىكى سەۋر

«چىدامچانلىق» مەنىسىدىكى سەۋر- ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئىبادەتتە ۋە ھەق يولدىكى كۈرەشلەردە مەزمۇت قەدەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَٱصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُوا۟ ٱلْعَزْمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەردەك چىداملىق بولغىن»[1]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱصْبِرُوا۟ وَصَابِرُوا۟ وَرَابِطُوا۟ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلىرىڭلاردىن) بەكرەك چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

ئىككىنچىسى، «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش» مەنىسىدىكى سەۋر

«ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش» مەنىسىدىكى سەۋر- ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ ٱلشَّمْسِ

[1] ئەھقاف سۈرىسى: 35- ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 200- ئايەت.

﴿وَقَبۡلَ ٱلۡغُرُوبِ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن»[1]، ﴿وَإِنۡ عَاقَبۡتُمۡ فَعَاقِبُواْ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبۡتُم بِهِۦۖ وَلَئِن صَبَرۡتُمۡ لَهُوَ خَيۡرٞ لِّلصَّٰبِرِينَ﴾ يەنى «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى كەچۈرۈۋەتسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[2] دېگەن ئايەتلەردىكى «سەۋر» ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدە كەلگەن.

ئۈچىنچىسى، «تەقدىرگە رازى بولۇش» مەنىسىدىكى سەۋر

«تەقدىرگە رازى بولۇش» مەنىسىدىكى سەۋر ـ بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قولدىن چىقىپ كەتكەن، قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر ﴿وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٥٥ ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ﴾ يەنى «ئۆزلىرىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز› دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[3]، ﴿فَٱصۡبِرۡ صَبۡرٗا جَمِيلًا﴾ يەنى «چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن»[4]. بۇ ئايەتلەردىكى «سەۋر» بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدە كەلگەن. بىز بۇ تەرجىمىدە «الصبر» دېگەن سۆزگە ئۇنىڭ ئايەتلەردىكى ئورنىغا قاراپ مەنە ئېيتتۇق.

**6.** ئەرەب تىلىدىكى «إحسان» دېگەن سۆز «قېتىرقىنىش»، «ۋايىغا يەتكۈزۈش»، «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «إحسان» (ئېھسان) دېگەن سۆز ئومۇمەن «تائەت-ئىبادەتنى قېتىرقىنىپ قىلىش»، «ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش»، «ئىخلاس بىلەن قىلىش» ۋە «مۇكەممەل قىلىش» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. ﴿ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥۖ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان

[1] قاف سۈرىسى: 39- ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى: 126- ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى: 155- ئايەت.
[4] مەئارىج سۈرىسى: 5- ئايەت.

زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى. بۇ ئايەتتىكى «إحسان» يۇقىرىقى مەنىلەردە كەلگەن. چۈنكى دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئىھساندىن ئىبارەتتۇر. ﴿وَأَحۡسِن كَمَآ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَ﴾ يەنى «ئاللاھ ساڭا ئىنئام قىلغاندەك سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن»[2] دېگەن ئايەتتىكى «إحسان» «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

مۇپەسسىرلەرمۇ ئايەتلەردە كەلگەن «إحسان» دېگەن سۆزگە «بېرىلىپ قىلىش»، «قېتىرقىنىپ قىلىش» ۋە «ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش» دەپ مەنە بېرىپ، «محسنون» دېگەن سۆزلەرنى «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار»، «ئەمەل-ئىبادەتلەرنى بېرىلىپ قىلغۇچىلار» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەرجىمىلىرىدە «إحسان» دېگەن سۆزگە «ياخشىلىق قىلىش»، «محسنون» دېگەن سۆزگە «ياخشىلىق قىلغۇچىلار» دەپ مەنە بېرىلگەن. شۇڭا بىز مۇپەسسىرلەرنى ئۈلگە قىلىپ ئىش كۆردۇق. شۇڭا «محسنون» دېگەن سۆزنىڭ ئايەتلەردە كەلگەن ئورنىغا قاراپ مەنە بېرىتتۇق. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحۡسِنُونَ﴾ يەنى «شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[3]، ﴿وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ﴾ يەنى «ئاللاھ (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[4] دېگەنگە ئوخشاش.

7. ئەرەب تىلىدا «ف»نىڭ رولى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بەزىدە جۈملىلەرنى باغلىغۇچى رولىدا كەلسە، بەزىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ تەرتىپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، بەزىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بەزىدە شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ كەلسە، بەزىدە سەۋەبنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ، بەزىدە مۇستەقىل جۈملىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلسە، بەزىدە بايان سۈپىتىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئايەتلەردىكى جۈملىلەرنىڭ باشلىرىدا كەلگەن «ف» ھەرپىگە جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ، «شۇڭا»، «ئاندىن»، «ئۇنداقتا»، «شۇنىڭ بىلەن»، «شۇ ھامان» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەر ئېيتىلىدۇ.

---

[1] سەجدە سۈرىسى: 7- ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى: 77- ئايەت.
[3] نەھل سۈرىسى، 128- ئايەت.
[4] مائىدە سۈرىسى: 93- ئايەت.

بۇ تەرجىمىدە مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئايەتلەردە كەلگەن «ف»نىڭ مەنىسىنى ئىمكانقەدەر ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. مەسىلەن: ﴿فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ وَلَن تَفۡعَلُواْ فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى «ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار-ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر-ئۇنداقتا، كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش.

**8.** «قۇرئان كەرىم»دە ناھايىتى كۆپ زىكىر قىلىنغان ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ﴾ دېگەن ئايەت «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، گەرچە ئىمان ئېيتقانلىق مۇئمىن بولغانلىق ۋە ئىمان ئېيتقانلار «مۇئمىنلەر» قاتارىدىن بولسىمۇ، بۇ ئايەتنى«ئى مۇئمىنلەر!» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن چاقىرىقتىن كۆزلىگەن مەقسەت تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدىكەن. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىلگە ھەم ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئۇسلۇبلار بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدىغان يېگانە كىتابتۇر. شۇڭا بىز كۆپىنچە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا بىرەر ئىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ياكى بىرەر يامان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن خىتاب قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىماننىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاننى دەرھال قوبۇل قىلىپ ئورۇنداشنى، توسقاندىن دەرھال يېنىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش مەقسىتى بىلەن، ئۇلارغا: «ئى ئىمان ئېيتقانلارًا!» دەپ خىتاب قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوۡلٗا سَدِيدٗا﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار»[2]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُواْ ٱلرِّبَوٰٓاْ أَضۡعَٰفٗا مُّضَٰعَفَةٗۖ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار» [3]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار» [4] دېگەن ئايەتلەرگە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 24ـ ئايەت.
[2] ئەھزاب سۈرىسى: 70ـ ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 130ـ ئايەت.
[4] ئەھزاب سۈرىسى: 9ـ ئايەت.

ئوخشاش. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» دە «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن نىدا 89 ئورۇندا كەلگەن. يەنە «ئىمان ئېيتقانلار» دېگەن سۆز 254 قېتىم كەلگەن بولسا، ﴿ٱلۡمُؤۡمِنُونَ﴾ يەنى «مۇئمىنلەر» دېگەن سۆز 86 قېتىم كەلگەن.

﴿ٱلۡمُؤۡمِنُونَ﴾، ﴿ٱلۡمُؤۡمِنُونَ﴾ «مۇئمىنلەر» دېگەن سۆزلەر ئاساسەن مۇئمىنلەرنى سۈپەتلىگەن ياكى ئۇلارغا گۈزەل ۋەدىلەر قىلىنغان جايلاردا كەلگەن. مەسىلەن: ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ﴾ يەنى «ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر»[1]، ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةٗ فِي جَنَّٰتِ عَدۡنٖۚ وَرِضۡوَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِ أَكۡبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ﴾ يەنى «ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر، مانا بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»[2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش. ﴿أَيُّهَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ﴾ يەنى «ئى مۇئمىنلەر!» دېگەن خىتاب «قۇرئان كەرىم» دە بىرلا جايدا كەلگەن بولۇپ، نۇر سۈرىسىنىڭ 31- ئايىتىدە: ﴿وَتُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» دەپ كەلگەن.

شۇمۇ ئېنىقكى، «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا بىۋاستە خىتاب قىلغان بىرمۇ ئايەت يوق. پەقەت «كافىرۇن» سۈرىسىدىكى ﴿قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! » دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن كاپىرلارغا بىرلا ئورۇندا خىتاب قىلغان. شۇنىڭدەك، ئاخىرەتتە ئۇلارغا: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَعۡتَذِرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّمَا تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ﴾ يەنى « ئى كاپىرلار!

---

[1] ئەنفال سۈرىسى: 2- ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى: 72- ئايەت.

بۇگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر»[1] دەپ خىتاب قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دەپ نىدا قىلغاندەك، كاپىرلارغىمۇ «ئى كاپىرلار!» دەپ نىدا قىلمىغان؟ چۈنكى كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاسىتە نىدا قىلىشىغا سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئەمما ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ۋىجداننىڭ ئاۋازىنى ئىڭشاپ رەببىنى تونۇغان مۆئمىنلەرگە شۇنداق نىدا قىلغان.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن ئايەت ھەربىر مۇسۇلمان بەندىگە قارىتىلغان جانلىق خىتابتۇر. بۇ ئايەتنى ئوقۇغان پاكىز تىڭشىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىدا، ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدىغانلىقىدا، ئۇنىڭغا ئۇزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بىر بەندە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇڭا بىز بۇ تەرجىمىدە ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ﴾ دېگەن ئايەتنى ئومۇمەن «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

9. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرغان ئەمەس. ئۇنىڭغا ھەمىشە «يَٰٓأَيُّهَا النَّبِيُّ»، «يَٰٓأَيُّهَا الرُّسُلُ» يەنى «ئى پەيغەمبەر!» دەپ خىتاب قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇنى ھۆرمەتلەپ، پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل ئۇنۋانى بىلەن چاقىرىپ «ئى پەيغەمبەر!» دېگەن تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى «ئى مۇھەممەد!» دەيمىز؟ بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەككە كاپىرلىرىنىڭ چاقىرىشى ئەمەسمۇ؟! چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى كاپىرلار ئۇنى: «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىراتتى، مۆئمىنلەر بولسا «يارەسۇلۇللاھ!» دەپ چاقىراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ تەرجىمىدىكى شۇنداق ئورۇنلاردا، «سەئۇدى ئەرەبىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى» ۋە «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى» تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ، «پادىشاھ فەھد قۇرئان بېسىش ئاكادېمىيەسى»دە بېسىپ تارقىتىلغان «التفسير الميسر» (تەپسىرى مۇيەسسەر) دېگەن تەپسىرگە ئاساسلىنىپ: «ئى پەيغەمبەر!» دەپ ئېلىشنى لايىق كۆردۇق. مەزكۇر تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ تەپسىرنى نەشرگە تەييارلىغان مەخسۇس ھەيئەت ئىلگىرىكى تەپسىرلەردە كۆپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن «ئى مۇھەممەد!»

---

[1] تەھرىم سۈرىسى: 7- ئايەت.

دېگەن سۆزنى «ئى پەيغەمبەر!» دەپ ئۆزگەرتتى. پەقەت 11 ئورۇندىلا ئۆز پېتى قالدۇرۇلدى. بۇ مۇشۇ11 ئورۇندىكى خىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھېكايە قىلىنغان خىتابلار ئىكەنلىكى سەۋەبتىن بولدى»[1].

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ‹ئى مۇھەممەد!› دەپ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشىمىز توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىز بىلەن باغلاپ تۇرغان نەرسە ئۇنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىدۇر. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرىپ باققان ئەمەس، ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ‹ئى مۇھەممەد!› دەپ چاقىرمىغان، بەلكى ئۇنى﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ﴾[2] ۋە ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ﴾ [3] يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر!) دەپ چاقىرغان. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەرنى چاقىرغىنىغا ئوخشاش ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرمىغان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنى باشقا ئىنسانلارنى چاقىرغاندەك ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىمىز؟ شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ‹ئى پەيغەمبەر!› ۋە ‹ئى رەسۇلۇللاھ!› دەپ چاقىرىش ئۇنىڭغا تولىمۇ لايىقتۇر»[4].

**10.** ئەرەب تىلىدىكى «الْفَاسِقُ» دېگەن سۆز «چىقىش» مەنىسىدىكى «الفِسْقُ» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، قانداقلا بىر نەرسىدىن چىققانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا «الْفَاسِقُ» دېگەن سۆز «ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدىن چىققۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ [5]. مەسىلەن: كەھف سۈرىسىدىكى﴿وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ كَانَ مِنَ ٱلۡجِنِّ فَفَسَقَ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهِۦٓۗ﴾ يەنى«ئۆز ۋاقتىدا بىز

[1] «التفسير الميسر» (ئەتتەپسىرۇل مۇيەسسەر) 9- بەت.
[2] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.
[3] تەھرىم سۈرىسى: 1-ئايەت.
[4] «تفسير الشعراوي» 17- توم: 10344: بەت.
[5] «تەپسىرى قۇرتۇبى»1-توم 245-بەتتە، «تەپسىرى ئەل ئەلۇسىي» 1-توم 210-بەتتە، «تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە»1-توم 155-بەتتە «فسق» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىش، دەپ تەپسىر قىلىنغان.

پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ رەببىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى»[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. بۇ ئايەتتە «فَسَقَ» دېگەن سۆز «چىقتى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرىدە كەلگەن ﴿فاسقون﴾ دېگەن سۆز «ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەنلەر» ياكى «توغرا يولدىن چىققانلار» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئەمما «الْفَاسِقُونَ» دېگەن سۆزنى ھەممىلا جايدا «پاسىقلار» دەپ تەرجىمە قىلغاندا، بۇ سۆزدىن كۆزلەنگەن مەنە ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «پاسىق» دېگەن سۆز ئەسلى مەنىسىدە «بۇزۇق»، «چىرىگەن»، «سېسىغان»، «پاسكىنا» دېگەن مەنىلەرنى، كۆچمە مەنىسىدە «ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى، گۇناھكار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[2]. خەلق ئارىسىدا، پاكىزلىققا ئېتىبار بەرمەيدىغان ياكى گۇناھ-مەئسىيەتنى كۆپ قىلىدىغان ئادەم «پاسىق» دېيىلىدۇ. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» دىكى «الْفَاسِقُ» دېگەن سۆزنى ھەممىلا جايدا «پاسىق» دەپ تەرجىمە قىلماستىن، ئايەتتە كەلگەن ئورنىغا قاراپ كۆپرەك «ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى»، بەزى ئورۇنلاردا «دىنىدىن چىققۇچى» دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

11. «قۇرئان كەرىم» دىكى﴿بِٱلۡحَقِّ﴾ دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىپ كەلگەن سۆز بولۇپ، ئايەتلەردىكى ئورنىغا قاراپ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزى ئايەتلەردە «ھېكمەت بىلەن» دېگەن مەنىدە كەلسە، يەنە بەزى ئايەتلەردە «ھەقىقەت ئاساسىدا» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن: مۇپەسسىرلەر «دۇخان» سۈرىسىدىكى ﴿وَمَا خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا لَٰعِبِينَ ۝٣٨ مَا خَلَقۡنَٰهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەن ﴿بِٱلۡحَقِّ﴾ دېگەن سۆزگە «ھېكمەت بىلەن»، «مەقسەت بىلەن» دەپ مەنە بېرىپ، ئايەتكە «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكاردىن - بىكار ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق» دەپ مەنە بېرىدۇ. يەنى (بىكارغا ياراتمىدۇق، بەلكى ھېكمەت ۋە مەقسەت

[1] كەھف سۈرىسى، 50-ئايەت.
[2] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 189-بەت.

بىلەن يارانتۇق)». ئىسرا سۈرىسىدىكى ﴿وَبِالْحَقِّ أَنْزَلْنَاهُ وَبِالْحَقِّ نَزَلَ﴾[1] دېگەن ئايەتتە ﴿بِالْحَقِّ﴾ دېگەن سۆزگە «ھەقىقەت ئاساسىدا»، «ھەق بىلەن» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە «بىز قۇرئاننى ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى» دەپ مەنە ئېيتقان. بىز ئايەتلەرنىڭ سىياقىغا قاراپ بەزىدە «ھېكمەت بىلەن»، بەزىدە «ھەقىقەت ئاساسىدا» دەپ مەنە ئېيتتۇق.

12. «الإِسْرَاف» (ئىسراپ) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش[2] دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا: مەيلى پۇل-مالدا، مەيلى يېمەك-ئىچمەكتە، مەيلى كىيىنىشتە ياكى باشقا نەرسىدە بولسۇن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ﴿قُلْ يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ أَسْرَفُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُواْ مِن رَّحْمَةِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًاۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[3] دېگەن ئايەتتە «الإِسْرَاف» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن﴿أَسْرَفُواْ﴾ كەلىمىسى «گۇناھنى كۆپ قىلغان» دېگەن مەنىدە كەلگەن. ﴿إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ﴾ يەنى «سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر»[4] دېگەن ئايەتتە «الإِسْرَاف» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن «مُّسْرِفُونَ» كەلىمىسى «ھەددىدىن ئاشقۇچىلار» دېگەن مەنىدە كەلگەن. ﴿وَلَا تُطِيعُوٓاْ أَمْرَ الْمُسْرِفِينَ﴾ يەنى «ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار»[5] دېگەن ئايەتتە «الإِسْرَاف» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن ﴿الْمُسْرِفِينَ﴾ دېگەن سۆز«ھەددىدىن ئاشقۇچىلار» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 105 ـ ئايەت.
[2] «لسان العرب» 9ـ توم، 148ـ بەت.
[3] زۇمەر سۈرىسى: 53ـ ئايەت.
[4] ئەئراف سۈرىسى: 81 ـ ئايەت.
[5] شۇئەرا سۈرىسى: 151ـ ئايەت.

«الإِسْرَاف» (ئىسراپ) دېگەن سۆز ئەرەبلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار كۆپ سۆزلىگەن ئادەمگە «أَسرَفَ فى الكَلام» (جىق گەپ قىلدىڭ) دەيدۇ. ئەمما «ئىسراپ» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە: «ئورۇنسىز زايە قىلىش، بىھۇدە ياكى ئارتۇقچە سەرپ قىلىنغان چىقىم – خىراجەت»[1] دەپ شەرھلەنگەن. گەرچە «ئىسراپ» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىن كەلگەن بولسىمۇ، بىزدە ئەرەب تىلىدىكى مەنىلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان، پەقەت بۇزۇپ-چېچىش ۋە زايە قىلىۋېتىش دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا بىزدە ئىسراپ دېيىلگەن ھامان ئەقلىمىزگە بۇزۇپ چېچىش ۋە زايە قىلىۋېتىش كېلىدۇ، ئەمما قورساق تويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زورلاپ يېگەننى ھېچكىم ئىسراپ دېمەيدۇ، ھەتتا ئېشىپ قالغان تاماقنى «ئىسراپ بولمىسۇن! يېۋېتەيلى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئىسراپچىلىقتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە توقلۇق ئۈستىگە يېيىش ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «الإِسْرَاف» دېگەن سۆز بىز چۈشەنگەن ئىسراپ ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلىگەنلىكى سىرتىدا، ھەرقانداق نەرسىدە ياكى ئىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى ئىپادىلىگەندەك، توقلۇق ئۈستىگە يېيىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، قورساق تويغاندىن كېيىن، زورلاپ يېيىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتۇر. تەپسىرى ئىبنى كەسىردە مۇنداق كەلگەن: «ئەتائ خۇراسانىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ﴿وَكُلُواْ وَٱشْرَبُواْ وَلَا تُسْرِفُوٓاْ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُسْرِفِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى ‹يەڭلار، ئىچىڭلار، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ يېمەك-ئىچمەكتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ› دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُسْرِفِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى ‹شەكسىزكى، ئاللاھ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ› دەپ تەپسىر قىلغان»[2]. ھازىرقى زامان مۇپەسسىرلىرىمۇ ﴿وَكُلُواْ وَٱشْرَبُواْ وَلَا تُسْرِفُوٓاْ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُسْرِفِينَ﴾ دېگەن ئايەتكە «يەڭلار، ئىچىڭلار، يېيىش-ئىچىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ يېيىش-ئىچىشتە ۋە باشقا ئىشلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ»

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1276-بەت.
[2] «تفسير ابن كثير» 2- توم، 217- بەت.

دەپ مەنە ئېيتقان[1]. ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر سەئدىي مۇنداق دېگەن: «ئىسراپچىلىق يا نورمالدىكى مىقداردىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى يېيىشتە، ئىچىشتە ۋە كىيىنىشتە بۇزۇپ-چېچىش ۋەياكى ھالالدىن ھارامغا ئۆتۈپ كېتىش بىلەن بولىدۇ. ئىسراپچىلىقنىڭ ئەڭ يامىنى كۆپ يەپ تەن ساقلىقىقا زىيان يەتكۈزۈشتۇر»[2]. بىز بۇ تەرجىمىدە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە كەلگەن «الإِسْرَاف» دېگەن سۆزنى تىلىمىزدا ئومۇملاشقان ئاتالغۇ سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن «ئىسراپ» دەپ ئېلىشنى لايىق تاپتۇق. ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن بۇ سۆزنى يۇقىرىقى كەڭ مەنىسى بىلەن چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

13. «قۇرئان كەرىم» دىكى ﴿الكَافِرُ﴾ ، ﴿الكَافِرُونَ﴾، ﴿الكُفَّارُ﴾، ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُوا﴾ دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ئومۇمىي كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الكَافِرُونَ﴾ ۋە ﴿الْكُفَّارُ﴾ قاتارلىقلار ﴿الكَافِرُ﴾ دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى بىردۇر. ئەمما ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُوا﴾ دېگەن سۆز ئومۇمەن ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان ۋە ئىنكاردا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى «كاپىر» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى ﴿الكَافِرِ﴾ ، ﴿الكَافِرُونَ﴾، ﴿الْكُفَّارُ﴾ دېگەن سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُوا﴾ دېگەن سۆز ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسلىق مەقسەتنى ئىپادىلەشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «كاپىر» دېگەن سۆز مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆز بولۇپ، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمىغانلىق ياكى بىلمىگەنلىكتىن مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن، ھەق دىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئەرەبلەر ئالدىنقىسىنى «غەيرۇل مۇسلىمىين» يەنى (مۇسۇلمان ئەمەسلەر) دەيدۇ، كېيىنكىسىنى «كافىرون» يەنى (ئىنكار قىلغۇچىلار) دەيدۇ.

﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُوا﴾ دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم» دە نەچچە جايدا كەلگەن بولسا ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تىزىملاپ چىقىپ، مەشھۇر تەپسىرلەرنىڭ ھەربىر جايدىكى ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُوا﴾ دېگەن سۆزنى قانداق تەپسىر

---

[1] «التفسير الميسر»، 154- بەت / «المختصر في التفسير»، 154- بەت.

[2] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان»، 278- بەت.

قىلغانلىقىغا قاراپ، بۇ سۆزنىڭ ئايەتلەردە كەلگەن ئورنىغا قاراپ ھەر خىل شەكىلدە تەپسىر قىلىنغانلىقىنى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى بايقىدۇق. مەسىلەن: ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ دېگەن سۆزنى بىر ئورۇندا «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار» دېگەن بولسا، يەنە بىر ئورۇندا «كۇفرىنى داۋاملاشتۇرغانلار» دېگەن، يەنە باشقا ئورۇنلاردا «ئىنكار قىلغانلار»، «كاپىرلار»، «ئىنكاردا چىڭ تۇرۇۋالغانلار»، «ھەقىقەتكە تانغانلار» قاتارلىق مەنىلەردە تەپسىر قىلغان. شۇڭا بىز ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ دېگەن سۆزلەرنى بۇ سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ بەزى جايلاردا «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار»، بەزى جايلاردا «كاپىر بولغانلار»، بەزى جايلاردا «ئىنكار قىلغانلار» دەپ تەرجىمە قىلىشنى، ئەمما ﴿الكَافِرُ﴾ دېگەن لەۋزى بىلەن كەلگەنلىرىنى ئۆز ئەينىسى بويىچە «كاپىر» دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق. بۇ سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇۋېلىشنى خالىمىدۇق. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بولمىغان جاي، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشاش بولمىغان شارائىتلار ئىچىدە تەدرىجىي نازىل بولۇپ، تولۇق 23 يىلدا تاماملاندى. ھەممىگە مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ھاياتلىقنىڭ ئىچىگە شۇ ھاياتنى تېخىمۇ ياخشى ياشىنىش ئۈچۈن نازىل بولغان بىر ئىلاھىي كىتاب. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلىمۇ خۇددى ھاياتقا ئوخشاش جانلىقتۇر، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ خۇددى ھاياتقا ئوخشاش رەڭلىكتۇر.

14. ئەرەب تىلىدىكى ﴿الذى ، الذين ، التى ، اللآتى﴾ دېگەن سۇپەتداشلار بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «غان، قان، گەن، كەن» دېگەن قوشۇمچىلارنى بىلدۈرىدۇ. بىز بۇ تەرجىمىدە يۇقىرىقى سۇپەتداشلارنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق. مەسىلەن: ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ﴾ دېگەن ئايەتنى «قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر. شەكسىزكى، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دەپ تەرجىمە قىلغانىغا ئوخشاش.

15. «إنّ» كەلىمىسىنىڭ جۈملىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقى

ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدىن ئازراق خەۋىرى بار ھەرقانداق كىشىگە مەلۇملۇق. شۇڭا، ھازىرغىچە ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىدا «إنّ» كەلىمىسى «ھەقىقەتەن، شەكسىز، جەزمەن» دېگەندەك تەكىتلەش مەنىلىرىدە تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن. ئەرەب تىلىنىڭ تىلشۇناس ئالىملىرىدىن بىر قىسمى[1] «إنّ» كەلىمىسىدىن كېيىن كەلگەن بىر قىسىم جۈملىلەرگە «تعليليّة» يەنى (سەۋەبنى بايان قىلغان جۈملىلەر) دەپ ئىئراب بەرگەن. شۇڭا، بىز بۇ قېتىم «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئايەتلەرنىڭ بالاغەتلىك ئىپادىسىگە رىئايە قىلىش مەقسىتىدە «إنّ» كەلىمىسىگە باغلىنىپ كەلگەن جۈملىلەردە كەلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ بەزى جايلاردا «چۈنكى» دېگەن سۆزنى قوشتۇق. مەسىلەن: ﴿رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ﴾ يەنى «ئى رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەج ئىبادىتىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، تولىمۇ مېھرىبانسەن»[2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش.

**16.** ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋە مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتا سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بويىچە ئىش كۆردۇق. بۇنىڭدا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە ئەگەشتۇق. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق كەلگەن ﴿اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ﴾[3] دېگەن ئايەتنى «ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىدى» دەپ تەرجىمە قىلىشنى لايىق كۆردۇق. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى ﴿اسْتَوَى﴾ دېگەن سۆز «علا»، «ارتفع» يەنى «يۇكسەلدى، ئۆرلىدى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەڭ مەشھۇر قامۇس «لىسانۇل ئەرەب» تە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىمام ئەخپەش﴿اسْتَوَى﴾ دېگەن سۆزنى «علا» يەنى ‹ئۈستۈن

[1] «الجدول في إعراب القرآن الكريم» لمحمود بن عبد الرحيم صافي» 1-توم، 69-بەت، «تفسير حدائق الروح والريحان في روابي علوم القرآن» 1-توم، 209-بەت، «المطول شرح تلخيص المفتاح» للتفتازاني 150-بەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 128- ئايەت.

[3] ئەئراف سۈرىسى: 54 - ئايەت.

بولـدى› دەپ چۈشـەندۈرگەن. مەسـلەن: ‹اسـتويت فـوق الدابـة ، على ظهـر البيـت أي علوتـه› يەنـى (ئۇلاغنىـڭ ئۈسـتىگە چىقتىـم، ئۆينىـڭ ئۈسـتىگە ئۆرلـىدىـم، يەنـى ئۈسـتۈن بولـدۇم) دېگەنگـە ئوخشـاش. [1] تابىئىـن ئۆلىمالىرىـدىن مۇجاھىـد ئايەتتىكـى ﴿اسْتَوَى﴾ دېگـەن سـۆزگە «عـلا» يەنـى «ئۈسـتۈن بولـدى» دەپ مەنـە ئېيتقـان. كاتتـا مۇپەسسـىرلەردىن ئىبنـى جەرىـر تەبەرىـي ئـۆز تەپسـىرىدە ﴿الرَّحْمَـٰنُ عَلَى الْعَـرْشِ اسْـتَوَىٰ﴾ [2] دېگـەن ئايەتكـە «الرَّحْمَـٰنُ عَلَى الْعَـرْشِ ارتفـع وعـلا» يەنـى «رەھمـان ئاللاھ ئەرشـىنىڭ ئۈسـتىگە ئۆرلـىدى ۋە ئۈسـتۈن بولـدى» دەپ تەپسـىر قىلغـان. ھىجرىيـە ئىككىنچـى ئەسـىردە ئۆتكـەن مەشـھۇر تىلشـۇناس ئالىـم ئەبـۇل ئابباس سـەئلەبىي ﴿اسْـتَوَى﴾ دېگـەن سـۆزگە «عـلا» يەنـى «ئۈسـتۈن بولـدى» دەپ مەنـە ئېيتقان. ﴿اسْـتَوَى عَلَى الْعَرْشِ﴾ دېگـەن جۈملىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغان ئايەتلـەر «قۇرئان كەرىم»نىـڭ ئەئـراف، يۇنـۇس، رەئـد، تاھـا، فۇرقـان، سـەجدە ۋە ھەدىـد قاتارلىق يەتتە سۈرىسـىدە يەتتە قېتىم كەلگەن.

ئەھـۋال بۇنـداق ئىكـەن، ﴿اسْـتَوَى﴾ دېگـەن بـۇ سـۆزنى باشـقا مەنىلـەردە تەرجىمـە قىلغانـدىن ياكـى ئۇنـى ئەرەبچىسـى بويىچـە يېزىـپ قويغانـدىن كـۆرە، ئۆزىنىـڭ لۇغەتتىكـى مەنىسـىنى بولسـىمۇ تەرجىمـە قىلىـش ئـەۋزەل دەپ قارىدۇق.

﴿اسْـتَوَى﴾ دېگـەن سـۆز لۇغـەت مەنىسـى بويىچـە تەرجىمـە قىلىـپ قويۇلسـا، كىشـىلەر ئۇنىڭـدىن ئۆزىنىـڭ سەۋىيەسـى ۋە ئېتىقـادى بويىچـە چۈشـەنچىگە ئىگـە بولـىدۇ. ﴿الرَّحْمَـٰنُ عَلَى الْعَـرْشِ اسْـتَوَىٰ﴾ دېگـەن ئايەتنى«رەھمـان ئاللاھ ئەرشـىنىڭ ئۈسـتىگە (ئۆزىگـە لايىـق رەۋىشـتە) ئۆرلـىدى» دەپ تەرجىمـە قىلغاندا، ئايەتكـە ئـۆز ئەينـى بويىچـە، يەنـى سـەلەف سـالىھلارنىڭ ئەقىدىسـى بويىچـە مەنـە ئېيتىلغـان بولـىدۇ. چۈنكـى ئـۇلار «ئاللاھنىـڭ ئەرشـىنىڭ ئۈسـتىگە ئۆرلىگەنلىكـى راسـتتۇر، ئۇنىـڭ قانـداق ئۆرلىگەنلىكـى بىزگـە مەلـۇم ئەمـەس، بۇنىڭغـا ئىشـىنىش پەرزدۇر، ئاللاھ قانداق ئۆرلىگەن دەپ سوئال سوراش بىدئەتتۇر» [3] دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

17. ئەرەب تىلىدىكـى «تَـوَكُّل» دېگـەن سـۆز لۇغەتتـە «بىـراۋغا تايىنىـش» ۋە

[1] «لىسانۇل ئەرەب» 14-توم، 144-بەت.

[2] تاھا سۈرىسى: 5- ئايەت.

[3] ئىمام مالىكنىڭ سۆزى.

«بىرىگە يۆلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[1]. ئىسلام ئاتالغۇسىدا «تَوَكُّل» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ باغلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا تايىنىشنى، ئۆزىنى ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەۋەككۇل» دېگەن سۆز: «كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار، دەپ قىلىنغان ھەرىكەت» [2] دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۇل «نېمە بولسا بولار» دەپ تەۋەككۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە ئىشىنىپ، ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تايىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ كەلگەن ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. بۇ تەرجىمىدە «تَوَكُّل» دېگەن سۆزنى «تەۋەككۇل» دەپ ئالدۇق. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «التَوَكُّل عَلَى اللَّهِ» دېگەن ئايەتلەرنى «ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىغا چىن يۈرەكتىن ئىشىنىپ، يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش» دېگەن مەنىلىرى بويىچە چۈشىنىشىنى سورايمىز.

**18.** ئەرەب تىلىدىكى «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە [3]، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ئىبادەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىمدۇر[4]. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئىبادەتنى ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قارىتىپ قويغاندا، ئىبادەتنىڭ كۆزدە تۇتۇلغان مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن: ﴿اعْبُدُواْ رَبَّكُمْ﴾ يەنى «رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[5] دېگەن

[1] «لىسانۇل ئەرەب» 11-توم، 734- بەت.
[2] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 289-بەت.
[3] «لىسانۇل ئەرەب» 5-توم، 2776- بەت.
[4] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى 1-بەت.
[5] بەقەرە سۈرىسى: 23 - ئايەت.

ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچىلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلغۇچىلار، ھاياتىڭلارنى ئۇنىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ، ئىبادەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك مەنىسىدۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئىبادەتلەر ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مۇسۇلماننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق جىسمانىي ئىشلىرىنى، شۇنداقلا تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» [1]. دېمەك، «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭدۇر. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ئىبادەت» دېگەن سۆز ناماز، روزا، زاكات، ھەج-ئۆمرە، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق مۇئەييەن ئىبادەتلەرنىلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان. ھالبۇكى، ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىنى ۋە بارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئارىسىدا كەلگەن «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆزنى شۇ كەڭ مەنىسى بويىچە چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

19. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ ئايەتلىرىدە كەلگەن ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ﴾ ، ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾، ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەردە ئاللاھ «تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ»، «ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»، «ئاللاھ تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ مەنە ئېيتىلىدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى ﴿يُحِبُّ﴾ دېگەن سۆز «ياخشى كۆرىدۇ» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە بۇ سۆزنى «دوست تۇتىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش خاتا بولمىسىمۇ، «ياخشى كۆرۈش» بىلەن «دوست تۇتۇش» ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە پەرق بار. چۈنكى دوستلۇق مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بىراۋ ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلەن دوست بولۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا «بىراۋ پالانىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەنلىك ئۇنىڭ مەزكۇر پالانى بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ﴿اللَّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾

---

[1] دوكتور يۈسۈف قەرەداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.

يەنى «ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دوستىدۇر»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، يۇقىرىقى ئايەتلەرنى «تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ»، «ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»، «ئاللاھ تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»، دەپ تەرجىمە قىلىسىمۇ خاتا بولمايدۇ. ئەمما «ياخشى كۆرىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەۋزەلدۇر.

ئەمما ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْخَآئِنِينَ﴾ ، ﴿فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەرگە «ئاللاھ خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ»، «ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دوست تۇتۇش ئەمەس، بەلكى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە ياقتۇرمايدۇ. «دوست تۇتۇش» دېگەن «ياخشى كۆرۈش»تىن كېيىن كېلىدىغان باسقۇچتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ۋە خائىنلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ. مەسىلەن: بىراۋ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنى «دوستلاشتى» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئايەتلەرنى «ياخشى كۆرمەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

20. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم بِٱلۡغَيۡبِ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ كَبِيرٞ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم بِٱلۡغَيۡبِ﴾ دېگەن قىسمىغا «ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورقىدىغان كىشىلەر» دەپ مەنە ئېيتقان. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردە ئومۇمەن شۇنداق تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتكە «خىلۋەتتە ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەر» دەپ مەنە ئېيتقان. چۈنكى، ئىمان كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىشكە قويۇلغان ئىسىمدۇر. پۈتۈن مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان بىرمۇ مۇئمىن يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپ ئىشەنگەننى ئىمان دېيىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئاننىڭ بېشىدىلا مۇئمىنلەرنى ﴿يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ﴾ يەنى «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ» يەنى كۆرمىگەنگە ئىشىنىدۇ، دەپ ماختىغان. شۇڭا ئايەتتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالادىن بارلىق ھالەتلەردە قورقىدىغان، ھەتتا ئۆزى يالغۇز خىلۋەتتە بولغان چاغلاردىمۇ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ گۇناھ سادىر قىلمايدىغان كىشىلەر دېگەنلىكتۇر. بىز مۇشۇنداق ئايەتلەرنى بۇ مەنىدە تەرجىمە قىلدۇق.

21. ﴿اذۡكُرۡ﴾ دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «ئەسلىگىن»، «خاتىرىلىگىن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا: «ئېيتقىن»،

---

[1] بەرە سۈرىسى: 257ـ ئايەت.

«دېگەن»، «بايان قىلغىن»، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ﴿وَٱذْكُرْ فِى ٱلْكِتَٰبِ مَرْيَمَ﴾ «قۇرئاندىكى مەريەم قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن»[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردە ﴿اذْكُرْ﴾ دېگەن سۆز كۆپىنچە لۇغەت مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن: يۇسۇف سۈرىسىدە كەلگەن ﴿ٱذْكُرْنِى عِندَ رَبِّكَ﴾ دېگەن ئايەتكە «خوجايىنىڭنىڭ يېنىدا مېنى ئەسلەپ قويغىن» دەپ مەنە ئېيتىلغان. ھالبۇكى، ئايەتنىڭ مەنىسى: «خوجايىنىڭنىڭ يېنىدا مېنى تىلغا ئېلىپ قويغىن»، «ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ قويغىن» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر تۈرمىدىن تەلەپ قىلغىنى ئۆزىنى خوجايىنىنىڭ يېنىدا ئەسلەپ قويۇشى ئەمەس، بەلكى خوجايىنىغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ چۈشلەرگە توغرا تەبىر بېرەلەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشى ۋە ئۇنىڭ تۈرمىدىن بۇرۇنراق چىقىشىغا سەۋەب بولۇشىدۇر. چۈنكى، گەپ قىلماي كۆڭلىدە ئەسلىگەنلىكىنىڭ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قىلچە پايدىسى بولمايتتى. شۇڭا بىز بۇنداق ئايەتلەرگە «تىلغا ئالغىن»، «ئېيتقىن»، «دەپ بەرگىن» دېگەندەك مەنىلەرنى ئېيتىشنى لايىق كۆردۇق.

22. ئايەتلەرنىڭ كىملەر ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بىلمەستىن تەرجىمە قىلغاندا، مەقسەت قىلىنغان مەنە ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. مەسىلەن: بەقەرە سۈرىسىدىكى ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ سَوَآءٌ عَلَيْهِمْ ءَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ دېگەن ئايەتكە «سەن كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن ئۇلار ئۈچۈن بەربىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دەپ مەنە ئېيتقاندا، كاپىرلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكى چۈشىنىلىپ قالىدۇ. مەلۇمكى، ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كاپىرلار بارلىق كاپىرلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرىۋالغان ۋە ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرغان كاپىرلاردۇر. شۇڭا مەزكۇر ئايەتكە «كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلارنى[2] ئاگاھلاندۇرامسەن،

[1] مەريەم سۈرىسى: 16- ئايەت.

[2] «كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلار» دېگەن ئايەتتىن ئۆزگە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشقا بەل باغلىغان كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مۇشۇ ئايەت چۈشۈشتىن 12 يىل ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان كافىرۇن سۈرىسىدىكى ﴿وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ﴾ يەنى ﴿سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان

ئاگاھلاندۇرمامسەن ئۇلار ئۇچۇن بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دەپ مەنە ئېيتىش ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كېرەك. چۈنكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، كاپىرلانى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۇرسا، ئۇ زات كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرمىسا كىمنى ئاگاھلاندۇرىدۇ؟ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى بولمىسا ئۇلارنى نېمىشقا ئاگاھلاندۇرغان؟» دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ. مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ ئەبۇ جەھل قاتارلىق بەش نەپەر كاپىر ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەبۇ جەھل، ئەبۇ لەھەبكە ئوخشاش كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلار راستىتىنلا ئىمان ئېيتمىغان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتتە بېرىلگەن خەۋەر ئەمەلگە ئاشقان. ئەمما باشقا كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئاشۇنداق ئايەتلەردە كەلگەن ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ دېگەن سۆز ئومۇمەن كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار» دەپ مەنە ئېيتىشنى لايىق كۆردۇق.

23. «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن «الْحُوتُ» دېگەن سۆزنى كەلگەن يېرىدىكى مەزمۇنىغا قاراپ، ئاساسەن «كىت» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. چۈنكى، ﴿الْحُوتُ﴾ بىلەن «سمك» نىڭ پەرقى بار. چۈنكى، بېلىق ئەرەب تىلىدا «سمك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما كىت ﴿الْحُوتُ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ﴿فَالْتَقَمَهُ الْحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٌ﴾ دېگەن ئايەتكە «ئۇ ئۆزىگە مالامەت قىلىپ تۇرغان ھالەتتە، ئۇنى چوڭ بىر كىت يۇتۇۋەتتى»[1] دەپ مەنە ئېيتتۇق. نورمال بىر كىتنىڭ 150 توننا كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ 50 توننىسى گۆش، 50 توننىسى ماي، 50 توننىسى سۆڭەك ئىكەنلىكى ۋە كىتنىڭ ئاغزىدا چوڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرالايدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بەلكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى يۇتۇۋەتكەن كىت شۇنداق كىتلاردىن بولۇشى مۇمكىن.

24. بەزى ئايەتلەرنى لۇغەت مەنىسىگىلا ئاساسلىنىپ تەرجىمە

---

ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن كاپىرلارغا ئوخشاش كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا قارىتىلغان ئايەتتۇر. يەنە بىر مەسىلە، بۇ ئايەتتىكى ﴿بەرىبىر﴾ دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «بەرىبىر» ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى شۇ كاپىرلار ئۈچۈن «بەرىبىر» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى كىمنىڭ ئىمان ئېيتىدىغان ۋە كىمنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

[1] سافقات سۈرىسى: 141-ئايەت.

قىلغاندا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە جۇمۇئە سۈرىسىدىكى: ﴿رَبَّنَا وَٱبْعَثْ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ﴾ دېگەن ئايەت «ئاللاھ ئۇممىيلەرگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ. گەرچە ئىلگىرى ئۇلار روشەن ئازغۇنلۇقتا بولسىمۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى توغرا تەرجىمە قىلىنمىغان. چۈنكى بۇ جۈملىدىن «ئەسلىدە پەيغەمبەر ھىدايەت تاپقان ئادەملەرگە كېلەتتى، گەرچە ئۇلار روشەن ئازغۇنلۇقتا بولسىمۇ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىك كەلدى» دېگەندەك مەنە چىقىپ قالىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنداق ئەمەس. توغرىسى ئۇنىڭ ئەكسى بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ھىدايەت قىلىنمىغان ۋە ئازغۇنلۇقتا قالغان قەۋملەرگە كەلگەن. ياسىن سۈرىسىدىكى: ﴿تَنزِيلَ ٱلْعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ۝٥ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ أُنذِرَ ءَابَآؤُهُمْ فَهُمْ غَٰفِلُونَ﴾ يەنى «(بۇ قۇرئان) سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىقى ئايەتكە «ئاللاھ ساۋاتسىزلارغا (ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا (قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (بۇزۇق ئەقىدە ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن زاتتۇر. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى» دەپ مەنە ئېيتتۇق.

25. ئايەتلەرگە مەنە ئېيتىشتا ھەربىر ئايەتتىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىدا چوڭ ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەندە خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئىسرا سۈرىسىنىڭ ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ ٱلْكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾ يەنى «رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ

[1] ياسىن سۈرىسى: 5-6-ئايەتلەر.

يېنىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك كەيپىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن»[1] دېگەن ئايەتتىكى «عندك» دېگەن سۆزگە ئانا ۋەتەندە نەشر قىلىنغان تەرجىمىلەردە «قول ئاستىڭدا» دەپ مەنە ئېيتىلغان. بۇ يەردە لۇغەت ۋە لوگىكا جەھەتتە خاتالىق يۈز بەرگەن. چۈنكى «عندك» دېگەن سۆز لۇغەتتە «يېنىڭدا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، بىراۋنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلىرى، ئەھلى ئەۋلادى ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ، ئەمما ئاتا-ئانا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئەمەس، بەلكى يېنىدا، ھەتتا باش ئۈستىدە بولىدۇ.

26. ئايەتلەردىكى باغلىغۇچىلارنىڭ قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى بىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەسىلەن: «مِن» دېگەن ھەرپ كۆپ مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ 40-ئايىتىدىكى ﴿رَبِّ ٱجۡعَلۡنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ﴾ دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە، «ئى رەببىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچى قىلغىن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: ھەرقانداق ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ۋە ھەممىسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئەمما بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان بولۇشىنى تىلىمەي، بىر قىسمىنىڭلا نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان بولۇشىنى تىلىگەنمۇ؟ شۇڭا مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «مِن» دېگەن ھەرپىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئايەتتىكى «مِن»نىڭ مەنىسىنى «للتبعيض» يەنى (بەزىسى، بىر قىسمى) دېگەننى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن «نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنىڭ بىر قىسمىنى نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان قىلغىن» دەپ تىلىگەن بولىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «مِن»نىڭ مەنىسىنى «إبتدائية» يەنى (باشلىنىش، سۆز بېشى) مەنىسىدە كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئەللامە تاھىر ئىبنى ئاشۇر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى «مِن» بەزىسى ياكى بىر قىسمى دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ باشلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 23-24- ئايەتلەر.

تائالادىن ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىلا تىلەيتتى»[1]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «مِن»نى «للجنس» يەنى (تۈرنى بايان قىلىش) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغانلاردىن بولۇشىنى تىلىگەن، دەپ قارايدۇ[2]. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ توغرا تەرجىمىسى «ئى رەببىم! مېنى ۋە مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنى نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان قىلغىن» دېگەنلىك بولىدۇ. كۆپ سانلىق مۇپەسسىر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

27. سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى «بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى» دېگەن قىسمى «المختصر فى التفسير» ناملىق تەپسىردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

28. بىز مۇراجىئەت قىلغان تەپسىرلەردە ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىز بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاساسەن «سەھىھ» ھەدىسلەرنىلا ئېلىش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

29. دىنىي ئۆلىمالارنى ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان ئىلىم ساھەسىدىكى ئۇنۋانى بىلەن ئاتاشنى لايىق تاپتۇق. مەسىلەن: تەپسىر ئالىمىنى «مۇپەسسىر»، ھەدىس ئالىمىنى «مۇھەددىس» ۋە فىقھى ئالىمىنى «فەقىھ» دېگەنگە ئوخشاش. يەنە مۇپەسسىر ئالىمنىڭ ئىسمى شەرىپىنىڭ ئالدىغا «ئەللامە»، مۇھەددىس ۋە فەقىھ ئالىمنىڭ ئىسمى شەرىپىنىڭ ئالدىغا «ئىمام» دېگەن ھۆرمەت سۆزىنى قويۇشنى لايىق تاپتۇق.

30. پايدىلىنىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدىن «تيسير الكريم الرحمن فى تفسير كلام المنان»[3]، «أيسر التفاسير لكلام العلى الكبير»[4]، «التفسير الواضح»[5]، «التفسير الميسر»[6] قاتارلىقلارنىڭ مەنبەلىرىنى بېكىتىشتە

---

[1] «التحرير والتنوير» 7- توم، 445- بەت.

[2] «مغني اللبيب» 420-421- بەتلەر.

[3] «القدس للنشر والتوزيع» الطبعة الأولى، 1429هـ /2008 م، القاهرة.

[4] «مكتبة العلوم والحكم» الطبعة الأولى، 1416هـ /1995 م، المدينة المنورة.

[5] «دارالجيل» الطبعة العاشرة، 1413هـ /1993 م، بيروت.

[6] «مجمع الملك فهد لطباعة المصحف الشريف» الطبعة الرابعة، 1433هـ /2012 م، المدينة المنورة.

بۇ تەپسىرلەرنىڭ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسى، قالغانلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى بېكىتىشتە ئۇلارنىڭ «المكتبة الإسلامية ـ اسلام ويب»[1] تور بېكىتىدىكى نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. پايدىلىنىلغان بارلىق تەپسىرلەرنىڭ توم ۋە بەت نومۇرلىرى ئاشۇ نۇسخىلىرىغا ئاساسەن قويۇلدى. ھەدىسلەرنىڭ مەنبەلىرىنى بېكىتىشتە «المكتبة الشاملة»[2] دېگەن تور كىتابخانىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ھەدىس توپلاملىرىنىڭ ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى مەزكۇر كىتابخانىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن قويۇلدى.

## ◄ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم

مەن بۇ ئىشنى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىمگە پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» گە خىزمەت قىلىش مۇددىئاسى بىلەن باشلىدىم. شۇڭا مەن ئەجرىمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىنلا كۈتىمەن. مەن بۇ ئىشقا چىن يۈرىكىمدىن بېرىلىپ، قېتىرقىنىپ، بارچە ئەقلىي ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلىپ ئىشلىدىم. ئىشلەش جەريانىدا شۇنداق بىر ئىللىق لەھزىلىرىم بولدىكى، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان دەپ ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان جانابى ئاللاھ تائالانىڭ شانلىق كالامى «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتاتتىم. بۇ ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىدىغان شەرەپمىدى؟ ئاللاھ تائالانىڭ مۇرادىنى ئۆز خەلقىمگە چۈشەندۈرۈشتىنمۇ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىش بارمىدى ماڭا؟ ئۆمۈردە ۋە ۋاقىتتا ۋاپا يوق. چۈنكى، ئادەم قاچان ئۆلۈشىنى بىلمىگەندەك، مۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. مەلۇمكى، ئۆلۈم دېگەن ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ.

مەن بۇ ئىشنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئۆيدە، يەنە يېرىمىنى ئىش ئورنۇمدا داۋاملاشتۇردۇم. مېنىڭ كۈنلىرىم ئىش ئورنۇمدىمۇ ئەتىگەندىن باشلاپ ئىشتىن چۈشكىچە كومپيۇتېر ئالدىدا يېزىپ ئولتۇرۇش بىلەن، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە كومپيۇتېر ئالدىدا

[1] «المكتبة الإسلامية ـ اسلام ويب» ـ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسلام تور بېكىتى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان كاتتا ئۆلىمالارنىڭ ئىلمىي ھاسىلاتلىرى ئورۇن ئالغان، ئورنى قاتار دۆلىتىنىڭ دەۋھە شەھىرىدە.

[2] «المكتبة الشاملة» ـ مۇكەممەل تور كىتابخانىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، تەخمىنەن 14000 پارچىدىن كۆپرەك ئىسلامىي كىتاب قاچىلانغان.

يېزىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ئون نەچچە يىللىق ھاياتىم ئەنە شۇنداق ئۆتتى، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا كۆپ ئولتۇرغانلىقتىن كۆزۈمنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا خىزمەت قىلىش يولىدا قانچە كۆزۈم بولسىمۇ پىدا بولسۇن دېدىم ئىچىمدە. مۇشۇنداق شەرەپلىك، ئۇلۇغ خىزمەت ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن كۆزنى زادى نەگە ئىشلىتەتتىم؟

ھەر قېتىم خىزمەت ئۈستىلىمگە ئولتۇرغىنىمدا ئۆزۈمنى ئىبادەت ئۈستىدە، ئىبادەت بولغاندىمۇ، ئەڭ شەرەپلىك ۋە كاتتا ئىبادەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمەن دەپ ھېس قىلغانلىقتىن، روھىم ئۈستۈن، كۆڭلۈم خۇش، بىھۇدە سۆزلەردىن ۋە ئىشلاردىن يىراق بولغان ھالدا، ۋايىغا يەتكەن جىمجىتلىق ئىچىدە ئولتۇردۇم. ھەر قېتىم ئىشىمنى يىغقان ۋاقتىمدا، ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن ئاۋۋال خۇددى نامازدىن كېيىن دۇئا قىلغاندەك ئالدىرىماي دۇئا قىلىپ قوپۇشنى ئادەت قىلىۋالدىم.

ھەر دۇئايىمدا ۋە سەجدىلىرىمدە ئاللاھ تائالادىن «ئى ئاللاھ! مېنى تەپسىردە ئەڭ توغرىسىغا مۇۋەپپەق قىلغىن! بۇ تەپسىرنى مۇسۇلمان خەلقىمگە پايدىلىق قىلىپ بەرگىن» دەپ تىلەشنى ئۇنتۇمىدىم، ئاللاھ تائالانىڭ مېنى مۇشۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا چىن دىلىمدىن شۈكۈر قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتتىم.

ئادەتتە بىرەر كىتابىم نەشردىن چىققان كۈنى ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق لەھزىلەرنى ياشايمەن. خۇددى ئويلىمىغان يەردىن ئامەت كەلگەندىنمۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىمەن. چۈنكى، كىتابلىرىم مېنىڭ بايلىقىم، كىتابلىرىم ھاياتىمنىڭ سەمەرىسى، كىتابلىرىم مېنىڭ نەتىجەم، كىتابلىرىم مېنىڭ ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن يىغقانلىرىم، كىتابلىرىم مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە ۋە مىللىتىمگە مىراسىم، دېمەك، قولۇمدىن چىققان كىتابلىرىم مېنىڭ ھەر نەرسەمدۇر. شۇڭا بىر تەرەپتىن، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تېزرەك پۈتتۈرسەم ۋە بۇرۇنراق نەشر قىلىنىپ خەلقىمگە تارقالغانلىقىنى كۆرەلىسەم دەپ ئالدىرىسام، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ شەرەپلىك خىزمەت تۈگەپ قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەنىۋى ھاياتىم قانداق ئۆتەر؟ ھاياتىم يەنە مۇشۇنداق ھۇزۇرلۇق ۋە بەختلىك ئۆتەرمۇ ياكى باشقىچە بولارمۇ؟ دەپ ئەنسىرىدىم. ئەمما مەن بۇ خىزمەتنى مۇمكىنقەدەر ئەڭ مۇكەممەل ئورۇنداش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدىم.

تەپسىر ئۈچۈن ھەر قېتىم ئولتۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنى ئىبادەت ئۈستىدە

ھېس قىلغانلىقىمدىن تاھارەتسىز ئولتۇرماسلىقنى ۋە ھەر كۈنلۈك ئىشىمنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئىزھار قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشنى، شۇنداقلا ھەر كۈنى تەپسىر قىلغان ئايەتلەرنى شۇ كۈندىكى نامازلاردا ئوقۇش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى ئادەت قىلىۋالدىم. تەرجىمىگە ئىشلىيەلمىگەن كۈنلىرىم ئىنتايىن ئاز بولدى. ھەتتا يىللىق دەم ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چەتئەللەرگە ساياھەتكە چىققان ۋاقىتلىرىمدىمۇ كومپيۇتېرىم بىلەن بىر قانچە تەپسىر ماڭا ھەمراھ بولدى. تەپسىرگە ئىشلىيەلمىگەن كۈنلىرىم ئالدىنقى كۈنى تەپسىر قىلىپ بولغان ئايەتلەرنى نامازدا تەكرارلاپ ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۆزۈمنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەزىپەمنى ئادا قىلالمىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ تۇردۇم.

ئەگەر مەن ۋاقىتنى شۇنداق چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمىسەم، بۇ ئىشنى 30 يىلدىمۇ پۈتتۈرۈپ بولالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، بەزى كۈنلىرى بىر ئولتۇرۇشتا 10-20 ئايەتنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغان ۋاقىتلىرىممۇ بولغىنىدەك، بەزىدە بىرەر ئايەتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە 2-3 كۈن ئىزدەنگەن چاغلىرىممۇ بولدى. ئىش ئۈستىلىمگە تىزىپ قويغان ئون نەچچە تەپسىرنىڭ شۇ ئايەت ھەققىدىكى تەپسىرىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقىش بىلەنمۇ كۇپايىلەنمەي، تور دۇنياسىدىكى يۈزلەرچە تەپسىرلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقىشقا موھتاج بولۇپ قالدىم.

بۈنىڭدىن 22 يىل ئىلگىرى مەن سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە ئىشقا كىرگەن كۈنۈمدىن يەنى ھىجرىيە 1423- يىلى سەپەر ئايىنىڭ 4-كۈنى(مىلادىيە 2002 -يىلى 17- ئاپرېل) كۈنىدىن باشلاپلا بۇ شەرەپلىك تەپسىر خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدىم. رادىيونىڭ كۈنلۈك ئاڭلىتىشىنىڭ باشلىنىشىدا 15 مىنۇتلۇق تەپسىر پروگراممىسى بار ئىكەن. مەن بۇ پروگراممىنى تەييارلاپ ئاڭلىتىش ئىشىنى چوڭ خۇشاللىق ۋە زور ئىپتىخارلىق ئىچىدە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۈستۈمگە ئالدىم ۋە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تەپسىر پروگراممىسىنى فاتىھە سۈرىسىدىن باشلاپ ئاڭلىتىشقا باشلىدىم. بۇ پروگرامما ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ناس سۈرىسىنىڭ تۈگىگەندىن يېرىدىن باشقا قايتىپ فاتىھە سۈرىسىدىن داۋام قىلىدۇ.

ھىجرىيە 1435-يىلى 29-شەۋۋال (مىلادىيە 2014-يىلى 25-ئاۋغۇست) دۈشەنبە كۈنى ئوتتۇز پارىنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرى تۈگىدى. ئون ئىككى

يىللىق بۇ شەرەپلىك ئەمگەكنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تاماملانغان بۇ كۈندە، مەن ئۆزۈمنى چوڭ زەپەر قۇچقان كىشىدەك ھېس قىلىپ خۇشال بولۇپ كەتكەن ۋە ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلغان بولساممۇ، بۇنىڭ ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ كۆپ قول تۇتىدىغان باسقۇچلارغا يۆتكىلىش ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ئۇزاققا قالماي بىلدىم. چۈنكى، ئىشنىڭ ئەڭ قىيىن، ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ كۆپ قول تۇتىدىغان باسقۇچلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرى ئىكەن. ھەقىقەتەن تەرجىمە بىلەن تەپسىرنى يۇقىرىقى مۆتىۋەر تەپسىرلەرگە بىر- بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقىش، مەنىسىنى، ئىملاسىنى ۋە جۈملىلىرىنى باشتىن ئاخىر ئالدىرىماي تەكشۈرۈپ چىقىپ ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش ئېلىپ بېرىش، ئايەتلەردىن ئېلىنىدىغان ئەھكاملارنى ئىسلام مەنبەلىرىگە سېلىشتۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلار ئالدىنقىسىدىن كۆپ قىيىن ۋە تولىمۇ نازۇك ئىشلار ئىكەن.

ئوتتۇز يارىنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرى تۈگەپ يەنە تۆت يىل قاتتىق ئىشلەش جەريانىدا بۇ تەپسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسى قولۇمدىن چىقتى. مەن ئۆزۈم ئادەتتە ئالدىراقسان، تاقەتسىز بىر ئادەممەن. ئەمما ئۇلۇغ ئىگەم ئاللاھ تائالا ماڭا مۇشۇ تەپسىرنىڭ شاراپىتى ۋە بەرىكىتى بىلەن سەۋرچانلىقنى، تەمكىنلىكنى، ئالدىرىماي، قېتىرقىنىپ ئىش قىلىشنى ئۆگەتتى. چۈنكى، مەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ خىزمىتىدىن ئىبارەت ھاياتىمدىكى ئەڭ شەرەپلىك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋە مۇھىم بىر خىزمەتنى قىلىۋاتاتتىم. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان«قۇرئان كەرىم»گە خىزمەت قىلىش ئەڭ شەرەپلىك ئەمەل بولسا، بۇ خىزمەتنى توغرا ۋە مۇكەممەل قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بۇ ئىشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى ئىدى. شۇنداق چوڭقۇر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىشلەپ ئاخىر بۇ شەرەپلىك ئىشنى تاماملىدىم. بۇ جەرياندا مەن تەپسىر بىلەن ياشىدىم دېسەم مۇبالىغە بولماس بەلكىم. چۈنكى، ياتسام-قوپسام پىكىر-خىيالىم شۇ تەپسىردە بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تەپسىرنى بىر قىسىم ئۆلىمالىرىمىزغا ۋە ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى ساھاسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باشتىن ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ، پىكىر- تەكلىپ ۋە تۈزىتىشلىرىنى بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇلار تەپسىرنى كۆرۈپ چىقتى ۋە بەزى جايلارغا تۈزىتىشلەرنى بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇ تەپسىرگە ئۆز بېغىشلىمىسىنى يېزىپ ئەۋەتتى.

2018 ـ يىلى قازاقىستاندىكى قېرىنداشلارنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ تەپسىر «قازاقىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى» تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، جۇمھۇرىيەتلىك باش مۇپتى سېرىكباي ھاجى ئورازنىڭ بېغىشلىما يېزىپ بېرىشى ۋە ئۇيغۇرلاردىن چىققان ساخاۋەتچى دىلمۇرات قۇزىيېۋ ئاكىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن نەشر قىلىندى ۋە قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مەسجىدلىرىگە كەڭ تارقىتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ تەپسىر يەنە بىر قانچە قېتىملىق تەكشۈرۈلۈش ۋە تولۇقلىنىشلارنى باشتىن كەچۈردى، ئۆلىمالاردىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى بەرگەن بولدى.

2023ـ يىلى رامىزاندىن باشلاپ 2024ـ يىلى رامىزانغا بىر ئاي قالغان ۋاقىتقا قەدەر بۇ تەپسىرنى ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان ئالتە كىشىلىك گۇرۇپپا ھالىتىدە تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتۇق ۋە بەزى تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ باردۇق.

سەرمايەمنىڭ ئازلىقى، سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك بۇ ئەسەرنى بەزى خاتالىقلاردىن ۋە تۈرلۈك سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ۋە پىكىر-تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئەرزىمەس خىزمىتىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىنى، مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان مەرھۇم ئاتا-ئانامنىڭ ئەجرىنى زىيادە قىلىشىنى، ئۆزىنىڭ كەڭ رەھمىتىگە داخىل قىلىشىنى، مېنى، مەن ئۈچۈن قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىۋاتقان سۆيۈملۈك ھايات شېرىكىمنى ۋە ئەزىز پەرزەنتلىرىمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پۈتۈن غەملىرىدىن خالاس قىلىشىنى تىلەيمەن.

— مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن

ھىجرىيە 1445ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 27ـ كۈنى.
مىلادىيە 2024ـ يىلى 6 ـ ماي.
ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# تەپسىر كىتابلارنى ئوقۇشتا بىلىشىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار

قۇرئان: «الْقُرْآنُ» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى ﴿قَرَأَ﴾ (ئوقۇدى) دېگەن پېئىلدىن كېلىپ چىققان سۆز بولۇپ، لۇغەتتە: «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُۥ وَقُرْءَانَهُۥ ﴿١٧﴾ فَإِذَا قَرَأْنَـٰهُ فَٱتَّبِعْ قُرْءَانَهُۥ ﴿١٨﴾﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن﴾[1] دېگەن ئايەتلەردىكى «قُرْآنُ» (قۇرئان) دېگەن سۆزمۇ «ئوقۇش» ۋە «ئوقۇپ بېرىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما «قۇرئان»نىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە سۈپىتى بىلەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، لەۋزىنى ئوقۇش بىلەن ئىبادەت قىلغىلى، مەنىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ھىدايەت تاپقىلى ۋە ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان ساماۋى كىتاب دېگەنلىكتۇر.

تەپسىر: «التَفْسِيْرُ» لۇغەتتە: «شەرھلەش»، «بايان قىلىش» ۋە «ئوچۇقلاش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا: «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئوچۇقلاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇپەسسىر: «المُفَسِّرُ» «قۇرئان كەرىم»نى ياخشى چۈشىنىپ، ئايەتلىرىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن ۋە مەنىلىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەرگەن ئالىمنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] قىيامەت سۈرىسى: 16-18-ئايەت.

سۈرە: «سُورَةٌ» «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قانچە ئايەتتىن تەركىب تاپقان ۋە مەخسۇس ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان بۆلەكلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن: فاتىھە سۈرىسى، بەقەرە سۈرىسى دېگەنگە ئوخشاش. «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 114 سۈرە بار، ئەڭ ئۇزۇنى بەقەرە سۈرىسى بولۇپ، جەمئىي 286 ئايەت، ئەڭ قىسقىسى كەۋسەر سۈرىسى بولۇپ، جەمئىي ئۈچ ئايەتتۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قۇرئان كەرىمدە ئۈچ ئايەتلىك سۈرىدىن ئۈچى بار. ئۇلار «نەسر سۈرىسى»، «كەۋسەر سۈرىسى» ۋە «ئەسر سۈرىسى»دۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجىمى ھەممىدىن كىچىك بولغىنى «كەۋسەر سۈرىسى» بولغانلىقتىن، «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ قىسقا سۈرە «كەۋسەر سۈرىسى» دەپ بېكىتىلگەن.

### ◄ مەككە ۋە مەدىنە سۈرىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 622-يىلى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل قىلىنغان سۈرىلەر «مەككە سۈرىلىرى»، ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە نازىل قىلىنغان سۈرىلەر «مەدىنە سۈرىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەتتا مەدىنە سەپىرىدە، غازاتلاردا، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مەككىدە نازىل قىلىنغان سۈرىلەرمۇ «مەدىنە سۈرىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. «مەككە سۈرىلىرى»دە ئاساسەن ئەقىدە، ئەخلاق مەسىلىلىرى كۆپرەك بايان قىلىنغان بولسا، «مەدىنە سۈرىلىرى»دە شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئىبادەت مەسىلىلىرى كۆپرەك بايان قىلىنغان.

### ◄ مەككە ۋە مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى

مەككە سۈرىلىرى قىسقا ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام ئەخلاقى ئىخچام ۋە پاساھەت بىلەن بايان قىلىنغان سۈرىلەر بولۇپ، مەككىلىكلەرنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى سەۋىيەسى شۇنى تەقەززا قىلاتتى.

ئەمما مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى باشقىچىرەك بولغان. ئۇنىڭدا يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابقا قىلىنغان خىتاب، ئىبادەت مەسىلىلىرى، مۇسۇلمان بولغۇچىنىڭ قانۇنى مەجبۇرىيەتلىرى، ھالال-ھارام مەسىلىسى، مۇئامىلە پىرىنسىپلىرى،

ئۇرۇش تاكتىكىسى، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئايەت: «آيَةٌ» لۇغەتتە: «ئالامەت»، «مۆجىزە»، «ئىبرەت»، «دەلىل» قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا: «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ئىلاھىي كەلىمىلەرنىڭ بىر پارچىسى، سۈرىلەرنى تەشكىل قىلغان مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى دېگەن مەنىدە. «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەر رەت نومۇرى قويۇلغان ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان.

## ◄ ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ قىسقا ئايەتلەر

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئۇزۇن ئايەت بەقەرە سۈرىسىنىڭ 282-ئايىتى ۋە ئەڭ قىسقا ئايەت رەھمان سۈرىسىنىڭ 64-ئايىتىدۇر.

## ◄ ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەر

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىن مۇنۇ بەش ئايەت: ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ ۝١ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ ۝٢ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ ۝٣ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ ۝٤ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ۝٥﴾ يەنى ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن[1] ياراتتى. ئوقۇغىن! رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾. ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت بەقەرە سۈرىسىنىڭ 281-ئايىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللَّهِ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان، ئاندىن ھەركىم قىلغان ياخشى-يامان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى قىلچە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا تولۇق كۆرىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾.

## ◄ ئەسكەرتىش:

ئانا ۋەتىنىمىزدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم»دىن

[1] ئەلەقنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ تەپسىرىدىكى ھاشىيەدە بېرىلدى.

ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت مائىدە سۈرىسىنىڭ 3-ئايىتى بولغان:
﴿ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ﴾ دېگەن ئايەتتۇر، دەيدىغان قاراش ئومۇملاشقان. «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرەر سەھىھ ھەدىس[1] كەلمىگەنلىكتىن، ئۆلىمالار بىرقەدەر ئىشەنچلىك، دەپ قارالغان ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ، بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا بۇ ئايەتنى ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەتتۇر، دەيدىغانلارمۇ بار. ئەمما كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت بەقەرە سۈرىسىنىڭ ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٢٨١﴾ دېگەن ئايىتى، دەپ قارايدۇ.

### «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىن چۈشىنىلگەن مەنىلەر دېگەنلىك بولۇپ، تەرجىمە «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرى «قۇرئان» دېيىلمەيدۇ، بەلكى «‹قۇرئان كەرىم›نىڭ تەرجىمىسى» دېيىلىدۇ، چۈنكى، «قۇرئان» دېگەن سۆز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەرەبچە ئەسلى تېكىستقا قويۇلغان نام. شۇڭا نامازدا ئوقۇلىدىغان قىرائەتكە «‹قۇرئان كەرىم›نىڭ تەرجىمىسى»نى ئوقۇش بىلەن ناماز ئادا تاپمايدۇ.

---

[1] سەھىھ-لۇغەتتە: «ساغلام» دېگەن مەنىدە بولۇپ، سەھىھ ھەدىس-ئەڭ ئاۋۋال رىۋايەت قىلغان كىشىدىن ئەڭ ئاخىرقى كىشىگە قەدەر رىۋايەت زەنجىرى پۈتۈن شەرتلىرىگە توشقان ھالدا باغلىنىپ كەلگەنلىكى سىرتىدا، رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى تەقۋالىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتە ئالاھىدە تونۇلغان كىشىلەردىن بولغان ھەدىستۇر.

# كىرىش

أَعُوذُ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ

ئاللاھقا سىغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمگە: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ ٱلْقُرْءَانَ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٩٨﴾﴾ يەنى ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتان (نىڭ ئازدۇرۇشى)دىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾[1] دەپ تەلىم بەرگەن. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ھىدايەتنىڭ مەنبەسى، شەيتان بولسا يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان ئادەم ھەرقانداق ئوي-پىكىردىن يىراق تۇرۇپ، قەلبىنى ئاللاھ تائالاغىلا بېغىشلىشى لازىم. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ھەربىر قۇرئان ئوقۇغۇچىنى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن، ئازدۇرۇشىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالا بىزگە شەيتاندىن قوغدىنىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿وَقُل رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٩٧﴾﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[2].

ئاللاھ تائالا بىزگە يەنە مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ نَزْغٌ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ ۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٠٠﴾﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن شەيتاندىن بىرەر ۋەسۋەسىنى ھېس قىلساڭ، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

---

[1] نەھل سۈرىسى: 98-ئايەت.

[2] مۆئمىنۇن سۈرىسى: 98-ئايەت.

[3] ئەئراف سۈرىسى: 200-ئايەت.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ﴿أَعُوذُ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ﴾نىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى قاتارىدىن ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا ئۇ «قۇرئان كەرىم»گە كىرگۈزۈلمىگەن. ئۇنىڭ مەنىسى: ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمدا ماڭا زىيان يەتكۈزۈشىدىن، ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا قۇترىتىش ئارقىلىق مېنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا ﴿أَعُوذُ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ﴾ دېيىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار مۇستەھەب[1] دەپ قارايدۇ، ئاز ساندىكى ئۆلىمالار پەرز دەپ قارايدۇ. «سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا ئىشلىرى كومىتېتى» مۇستەھەب دەپ پەتىۋا بەرگەن[2].

## بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).**

بۇ ئىسمنى جىمى بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھىر-شەپقەتلىك، مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتتە كۆيۈمچان ئىگىمىز – ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراش ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ ئاتاش بىلەن باشلايمەن.

**ٱللَّهُ:** ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ھەممىنىڭ يارىتقۇچىسى بولغان يېگانە ئىلاھ – ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىم ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىشلىتىلىپ باقمىغان ۋە ئىشلىتىلمەيدۇ.

**ٱلرَّحۡمَٰنُ:** ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتى ئۈچۈن ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان، پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئىشلىتىلىدىغان خاس ئىسىمدۇر. ﴿الرحمن﴾ ئەسلىدە ﴿الرحمة﴾ دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ئىسىم بولۇپ، بەزىدە سۈپەت مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ.

---

[1] مۇستەھەب-پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان، قىلسا ساۋاب بولىدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر.

[2] «سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا ئىشلىرى كومىتېتى»نىڭ 74341- نومۇرلۇق پەتىۋاسى.

اَلرَّحِيْمُ: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇئمىنلەرگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتى رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى، بەكمۇ كۆيۈمچان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنى بۇ دۇنيادا ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى ئۇنىڭ ﴿اَلرَّحِيْمُ﴾ دېگەن سۈپىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ﴿اَلرَّحِيْم﴾ مۇ ﴿الرحمة﴾ دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، باشقىلارغا رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى دېگەن مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن باشقىلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ﴿الرحمة﴾ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى ۋە نېمەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: تەۋبە سۈرىسىنىڭ 128- ئايىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ مۇنداق كەلگەن: ﴿لَقَدْ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسانلار!) ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بولغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرگە (يەنى ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾.

### ◄ «بىسمىللاھ »دېيىشنىڭ ھۆكمى

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يېيىش-ئىچىش[1]، كىيىنىش، قاتناش قوراللىرىغا چىقىش، مەسجىدكە كىرىش ۋە چىقىش قاتارلىق ھەرقانداق بىر ئىشنى «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاش بىلەن باشلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىك بولۇپ، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرگەن كىشىلەر بىر سۈننەت ئەمەلنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىشنى «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ باشلاش سۈننەتتۇر[2]. ئەمما مال بوغۇزلىغاندا ﴿بِسْمِ

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىسى بىراقلا ئۈلىنىپ كېلىشتىن، ھەربىر بەتتە يېڭىلىنىشقا ئالماشتۇرلىدۇ.لام ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ئىسىملىك بالا ساھابىگە: «يَا غُلاَمُ ، سَمِّ اللَّهَ ، وَكُلْ بِيَمِينِكَ ، وَكُلْ مِمَّا يَلِيكَ» يەنى «ئەي ئوغلۇم! ئاۋۋال بىسمىللاھ دېگىن، ئاندىن ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن ئېلىپ يېگىن» دەپ ئۆگەتكەن. («صحيح البخاري» 7- توم، 68- بەت، 5376-ھەدىس).

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 12- بەت.

اللَّهِ وَاللَّهُ أَكْبَرْ﴾ «بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر» يەنى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر» دەپ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاش پەرزدۇر[1]. ئاللاھ تائالا ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾[2] دەپ بۇيرۇغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەنەفىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرى مال بوغۇزلىغاندا ياكى ئوۋ ئوۋلىغاندا «بىسمىللاھ» دېيىش پەرزدۇر، ئەگەر ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن «بىسمىللاھ» دېمىگەن بولسا، مال ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنتۇپ قېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ اللَّهَ قَدْ تَجَاوَزَ عَنْ أُمَّتِي الْخَطَأَ ، وَالنِّسْيَانَ ، وَمَا اسْتُكْرِهُوا عَلَيْهِ» يەنى «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئۈچ ئىشنى كەچۈرۈۋەتتى. ئۇلار: ئۇنتۇپ قالغانلىق، خاتالاشقانلىق ۋە مەجبۇرلانغانلىقتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «بىسمىللاھ» دېيىش سۈننەتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، «بىسمىللاھ» دېمەي بوغۇزلىسىمۇ مال ھارام بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىدا ھەممە مەزھەپ بىرلىككە كەلگەن.

---

[1] ئەنئام سۈرىسىنىڭ 118-ئايىتىدە: ﴿فَكُلُواْ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ إِن كُنتُم بِـَٔايَٰتِهِۦ مُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار﴾ دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە مەزكۇر سۈرىنىڭ121-ئايىتىدە: ﴿وَلَا تَأْكُلُواْ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾ دەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا أَنْهَرَ الدَّمَ وَذُكِرَ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ فَكُلْ» يەنى »قېنى ئېقىتىلغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلغان مالنىڭ گۆشىنى يېگىن» دەپ كۆرسەتكەن. («صحيح البخاري» 3-توم، 138-بەت، 2488-ھەدىس). بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلام ئۆلىمالىرى مال بوغۇزلىغاندا، «بىسمىللاھ» دېيىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 121- ئايەت.

[3] «سنن ابن ماجه» 1-توم، 659-بەت، 2043 -ھەدىس.

# فاتىھە سۈرىسى

فاتىھە سۈرىسى مۇددەسسىر سۈرىسىدىن كېيىن مەككىدە نازىل بولغان[1] يەتتە ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»گە ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى بويىچە بىرىنچى سۈرە بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئاچقۇچى»، «باشلىغۇچى»، «مۇقەددىمە» دېگەن مەنىدە «الفَاتِحَةـ ئەل فاتىھە» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىنى «فَاتِحَةُ الْكِتَابِ»[2] يەنى «قۇرئاننىڭ باشلانغۇچى» دەپ ئاتىغانلىقىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىسىملىرى بار بولۇپ، ئۇلار: قۇرئاننىڭ نېگىزى دېگەن مەنىدە «أُمُّ الْكِتَابِ ـ ئۇممۇل كىتاب»؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىنى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېتىبارى بىلەن «الأساس ـ ئەل ئاساس»؛ نامازلارنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە تەكرار ئوقۇلىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن تەكرارلانغۇچى يەتتە ئايەت مەنىسىدە «سَبْعُ الْمَثَانِي ـ سەبئۇل مەسانىي» ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەزىنە مەنىسىدە «الكَنْزُ ـ ئەل كەنز» قاتارلىقلاردۇر.

فاتىھە سۈرىسى مۇئمىنلەرنى ۋايىغا يەتكەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلەندۈرۈشنى غايە ۋە مەقسەت قىلغان.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «أَلاَ أُعَلِّمُكَ أَعْظَمَ سُورَةٍ فِى الْقُرْآنِ قَبْلَ أَنْ أَخْرُجَ مِنَ الْمَسْجِدِ» فَذَهَبَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِيَخْرُجَ مِنَ الْمَسْجِدِ فَذَكَّرْتُهُ ، فَقَالَ:

---

[1] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، قەتادە، ئەبۇ ئالىيە قاتارلىق مۇپەسسىرلەر فاتىھە سۈرىسىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن، ئەبۇ ھۇرەيرە، مۇجاھىد، ئەتائ ئىبنى يەسار قاتارلىقلار مەدىنىدە نازىل بولغان دېگەن. ئەللامە ئىبنى كەسىر ئالدىنقىلارنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرگەن. («تفسير ابن كثير» 1ـ توم، 101ـ بەت).

[2] «صحيح البخاري» 1ـتوم، 151ـبەت، 756ـھەدىس.

«الحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ العَالَمِينَ. هِيَ السَّبْعُ المَثَانِي ، وَالقُرْآنُ العَظِيمُ الَّذِي أُوتِيتُهُ» يەنى «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ساڭا مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟› دەپ قولۇمنى تۇتتى. بىز مەسجىدتىن چىقماقچى بولغىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭغا: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىز ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟› دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ دۇر، بۇ سۈرە تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن قۇرئاندۇر›[1] دېدى».

فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىدا تەكرارلىنىدۇ ۋە دۇئالاردا ئوقۇلىدۇ. مەنىسى ئېتىبارى بىلەن فاتىھە سۈرىسى ئەڭ مۇكەممەل دۇئا ۋە مۇناجاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا[2] ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: {قَالَ اللّٰهُ تَعَالَى: قَسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ. وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ: ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ قَالَ الله تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ قَالَ الله تَعَالَى: أَثْنَى عَلَيَّ عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ﴾ قَالَ: مَجَّدَنِي عَبْدِي فَإِذَا قَالَ: ﴿إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ﴾ قَالَ: هٰذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ: ﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧﴾ قَالَ: هٰذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ} يەنى «ئاللاھ ‹نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم. بەندەم ئۈچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن› دېدى. بەندە (فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلاپ) ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ ‹بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى› دەيدۇ. ئۇ ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾. يەنى ﴿ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ:‹بەندەم مېنى ماختىدى› دەيدۇ. ئۇ ﴿مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ﴾ يەنى ﴿ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى› دەيدۇ. ئۇ ﴿إِيَّاكَ

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 81-بەت، 4703-ھەدىس.

[2] ھەدىس قۇدسىي-لەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مەنىسى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ئېيتقان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

﴿نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ﴾ يەنى : ﴿(ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۈچۈن سورىغىنى بار› دەيدۇ. ئۇ ﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۝٧﴾ يەنى ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە ئۇچرىغان ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بەندەمنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلدىم. بەندەمگە تىلىگىنىنى بېرىمەن› دەيدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ھەدىس قۇدسىيدىكى «نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم» دېگەن سۆزىدە فاتىھە سۈرىسىنى «ناماز» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، فاتىھە سۈرىسى نامازنىڭ جېنىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ھىدايەت مەنبەسى بولسا، فاتىھە سۈرىسى ئۇنىڭ نېگىزىدۇر. شۇڭا ئۇ «قۇرئاننىڭ نېگىزى» دەپ ئاتالغان.

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ۝٥ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۝٧﴾

### تەرجىمىسى

1ـ ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

2ـ جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.

3ـ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

4ـ ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.

5ـ (ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز.

---

[1] «صحيح مسلم» 1ـ توم، 296ـ بەت، 395ـ ھەدىس.

6ـ بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

7ـ غەزىپىڭگە ئۇچرىغان ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلـ-غانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).

## ◄ تەپسىرى

فاتىھە سۈرىسى باشتىن ئاخىر ئىلاھىي تەلىمات ۋە كۆرسەتمە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» بىلەن باشلاش ئارقىلىق بىزگە دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش بىلەن باشلاشنىڭ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئالەملەرنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە رەببىي، بەندىلىرىگە چەكسىز مېھىر-شەپقەتلىك، خۇسۇسەن مۆئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىبان، قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بارچە ماختاش ۋە مەدھىيەلەرنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمدۇسانا ئېيتىش ئارقىلىق مەدھىيە ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇگەتكەن.

ئاندىن يۇقىرىقى كاتتا سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئۇلۇغ زات ئىبادەت قىلىنىشقا ۋە مەدەت تىلىنىشكە تامامەن ھەقلىق بولغان بىرلا ئىلاھ بولغانلىقتىن، بارچە ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، مەدەت ۋە ياردەمنى ئۇنىڭدىنلا تىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداقلا بىزنى ئۆزىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن خرىستىيانلارنىڭ قىڭغىر يولىغا ئەمەس، ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۇلۇغلىق بەندىلەرنىڭ ۋە شېھىتلەرنىڭ يولىغا باشلىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن تىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇگەتكەن.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم سەييىد قۇتۇب «في ظلال القران» (قۇرئان سايىسىدا) ناملىق تەپسىرىدە فاتىھە سۈرىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئادەم يەتتە ئايەتلىك بۇ لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول سۈرىنى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىدىلا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرار ئوقۇيدۇ، سۈننەتلىرى[1] بىلەن قوشقاندا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ

[1] بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى: بامداتنىڭ پەرزدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، پېشىن نامىزىنىڭ پەرزدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت، پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شام

ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك نەپلە نامازلىرىدا ۋە دۇئالىرىدىمۇ شۇنداق كۆپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹لاَ صَلاَةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْ بِفَاتِحَةِ الكِتَابِ› يەنى ‹فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ›[1] دېگەنلىكىگە ئاساسەن، نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزدۇر. بۇ سۈرە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ، ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ، ئىسلامىي ئاڭ ۋە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە تەكرارلىنىشىدا تاللانغانلىقىدا ۋە ئۇنىڭسىز ناماز ئادا تاپمايدىغانلىقىدا ئەلۋەتتە ھېكمەت بار»[2].

فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى ئادا تاپامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، فەقىھلەر (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى) ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپى بىلەن ئەللامە سەۋرىيىنىڭ قارىشىچە، نامازدا قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت ياكى ئۇزۇن ئايەتلەردىن بىر ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر، ئەمما فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش بولسا ۋاجىپتۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭمۇ نامىزى ئادا تاپىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلۡقُرۡآنِۚ﴾ يەنى ﴿قۇرئاندىن ئوڭاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار﴾[3] دەپ بۇيرۇغان. ئەمما يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ قارىشىچە، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ.

فاتىھە سۈرىسى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نېگىزىنى، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش پىرىنسىپىنى، شۇنداقلا دۇئانىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە بولۇپ، نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە بۇ سۈرىنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ مۇشۇ ھېكمەتكە ئاساسەن يولغا قويۇلغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ سۈرىنىڭ ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ

نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇش بولۇپ، جەمئىي 12 رەكئەت سۈننەتتۇر.

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 81-بەت، 4703-ھەدىس.

[2] «في ظلال القرآن» 1- توم، 20- بەت..

[3] مۇززەممىل سۈرىسى: 20-ئايەت.

﴿ٱلرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلانغانلىقى كۆپلىگەن ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى[1] قىلىشتىكى تولىمۇ گۈزەل ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر مەۋجۇداتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇلۇقىدىن ئىبارەت سۈپىتى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق باشلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدۇ، كائىناتتىكى ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. فەقىھلەرنىڭ كۆپ سانلىقى دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى بۇ ئىككى سۈپىتى پۈتكۈل شەپقەت ۋە رەھمەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈپەتلەردۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇختار شىنقىيتىي «أضواء البيان في إيضاح القرآن» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: « ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېگەن ئىككى سۈپەت ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدىن بولغىنىدەك، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئىككىسى «الرحمة» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىككىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى بەك رەھىم-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىنى ئىپادىلەشتە ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ﴾ دېگەن سۆز ﴿ٱلرَّحِيمِ﴾ دېگەن سۆزدىن كۈچلۈكتۇر ۋە ئومۇمىيدۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ﴾ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا بارلىق مەخلۇقاتقا، ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى، ﴿ٱلرَّحِيمِ﴾ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرگىلا رەھىم-شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەللامە ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزىدىنمۇ ئۆلىمالارنىڭ بۇنىڭدا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ»[2].

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن بۇ بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار،

---

[1] ۋەھيي – ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن كۆرسەتمىسى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىدۇر. دىنىنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سەھىھ ھەدىسمۇ ۋەھيىنىڭ بىر تۈرىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ لەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، مەنىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن.

[2] «أضواء البيان في إيضاح القرآن» 1- توم، 5- بەت.

جىمى شۈكۈر- تەشەككۈرلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ مۇكەممەل مەدھىيە بىلەن سەمىمىي شۈكۈرگە لايىق زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتتۇر.

﴿ٱلۡحَمۡدُ﴾ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسۇن ياكى شۈكۈر قىلمىسۇن، بارلىق مەدھىيە ۋە شۈكۈر-تەشەككۈرلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ يەنى ﴿بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن﴾ دېگەنگە ئوخشاش.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾دېگەن ئايەتكە «سەمىمىي شۈكۈر ئاللاھقا خاستۇر» دەپ مەنە ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: بارچە مەدھىيە ۋە سەمىمىي شۈكۈر پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرى، ئىنئاملىرى، ئىنسان ئورگانلىرىنى ئۇنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىغا يارامىلىق قىلىپ ياراتقانلىقى، ئىنسانغا رىزىق ئىشىكلىرىنى ئاچقانلىقى، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەرلەردىن رىزىق بېرىپ ئوزۇقلاندۇرغانلىقى، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك هاياتقا ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۇنىڭغا سانسىزلىغان شۈكۈرلەرنى ئېيتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ بارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن!

ھەكەم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن ۋاقتىڭدا، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان بولىسەن ۋە ئاللاھ ساڭا تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دېگەنلىك ‹ئاللاھقا شۈكۈر› دېگەنلىكتۇر، دېگەن. ئۆلىمالار ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «شكراً لله» (يەنى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىمەن) دېيىشمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ھەتتا بەزىدە ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆز «الشكر لله» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا، «الشكر لله» دېگەن سۆز ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسى بىر مەنىدە بولمىسا ئىدى،

ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئورنىدا كېلىشى توغرا بولمىغان بولاتتى»[1].

دېمەك، «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سورالغاندا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاللاھقا شۈكۈر» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قىسمەن ئورۇندايدۇ. ئەرەبلەر «كيف حالك؟» يەنى (ئەھۋالىڭىز قانداق؟) دەپ سورالغاندا ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ٱلۡحَمۡدُ﴾ بىلەن «الشكر» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دەپ قارايدۇ. چۈنكى، تەشەككۇر ۋە رەھمەت بىراۋنىڭ مەلۇم ياخشىلىقى بەدىلىگە ئېيتىلىدىغان ۋاپا بۇرچى بولسا، ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا ھەرزامان ۋە ھەر جايدا ئېيتىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىنساني ۋە ديني بۇرچتۇر. شۇڭا ھەمدۇسانا شۈكۈردىن چوڭدۇر. چۈنكى، شۈكۈر ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە مەلۇم بولغان نېمەتلىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان رەھمەت سۆزى بولسا، ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن جىمى نېمەتلىرى، ئىنئاملىرى ۋە ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆزدۇر.

﴿رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ، باشقۇرۇپ تۇرغۇچى رەببى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالەم-ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆز بولۇپ، ھەربىر مەۋجۇدات تۈرى بىر ئالەمدۇر. مەسىلەن: ئىنسانىيەت ئالەمى، پەرىشتىلەر ئالەمى، جىنلار ئالەمى، ھايۋاناتلار ئالەمى، ئۆسۈملۈكلەر ئالەمى، جانسىز مەۋجۇداتلار ئالەمى قاتارلىق بارلىق ئالەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالەم دېگەن سۆز كۆپلىگەن ئايەتلەردە مۇشۇ مەنىدە كەلگەن.

﴿المَالِكُ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە: ئىگە، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿مَٰلِكِ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يېگانە پادىشاھلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ يېگانە، تەڭداشسىز پادىشاھ بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە ﴿ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقى، ئادالىتى، ھېكمىتى تولۇق ۋە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى بىلەن پۇقرالىرى، كۈچلۈكلىرى بىلەن ئاجىزلىرى

[1] «تفسير الطبري» 1- توم، 135- بەت.

ئوخشاش مەرتىۋىدە بولۇپ قالىدىغان ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا پادىشاھ بولمايدىغان كۈندۇر.

﴿العبادة﴾ يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەتتە: بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[1]. ئىسلام ئاتالغۇسىدا، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر[2]. شۇڭا «ئىبادەت» دېگەن سۆز ئىسلامدا بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاندا، بۇ سۆزنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن: ﴿اعبدوا﴾ دېگەن سۆز «ئىبادەت قىلىڭلار، ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا توغرىلاپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى بويىچە ھايات كەچۈرۈڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىبادەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت ـ ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاتالغۇدۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج-ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلاپ تۇرۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملەرگە، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن دىلىدىن ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، بالا-قازالارغا سەۋر قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر»[3].

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەر (العبادات التعاملية)، يەنە بىرى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر (العبادات الشعائرية) دۇر.

[1] «لسان العرب» 5- توم، 2776-بەت.
[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «العبودية» ناملىق ئەسىرى 1- بەت.
[3] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ »العبودية» ناملىق ئەسىرى 2 - بەت.

مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەر-ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، توسقان ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە، گەپ-سۆزلەردە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. بۇ تۈردىكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ كېچە-كۈندۈزى، ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرى، شۇنداقلا ھاياتىنىڭ بارلىق دەقىقىلىرى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مۇشۇ ئىبادەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر-ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەر بولۇپ، بۇ ئىبادەتلەرنىڭ بەزىسى قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشقا ئوخشاش تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، بەزىسى نامازغا ئوخشاش بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان جىسمانىي ئىبادەتلەر، بەزىسى پۇل-مال سەرپ قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر، يەنە بەزىسى ھەجگە ئوخشاش ھەم بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ھەم ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

مۇئامىلىۋىي ئىبادەت جايىدا ئورۇندالمىسا، ناماز، زاكات، روزا قاتارلىق سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ مېۋىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ وَعَمِلَ بِمَا فِيهِ ، أُلْبِسَ وَالِدَاهُ تَاجًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ ، ضَوْءُهُ أَحْسَنُ مِنْ ضَوْءِ الشَّمْسِ فِي بُيُوتِ الدُّنْيَا لَوْ كَانَتْ فِيكُمْ ، فَمَا ظَنُّكُمْ بِالَّذِي عَمِلَ بِهَذَا؟» يەنى «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا دۇنيادىكى ئۆيلەرگە چۈشىدىغان قۇياش نۇرىدىنمۇ بەك نۇرلۇق تاجنى كىيگۈزىدۇ، ئەمدى ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قانداق كاتتا مۇكاپات بارلىقىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟»[1]. قۇرئان ئوقۇش سىمۋوللۇق ئىبادەت، قۇرئانغا ئەمەل قىلىش مۇئامىلىۋىي ئىبادەت بولۇپ، خۇددى قۇرئان ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا نەتىجە قازىنالمىغاندەك، مۇئامىلىۋىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى ئالغىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ

---

[1] «سنن أبي داود» 2-توم، 70-بەت، 1453-ھەدىس.

مۇنداق دېگەن: « الرَّجُلَ يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ يَمُدُّ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَآءِ : يَا رَبِّ ، يَا رَبِّ ، وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ ، وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ ، وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ ، وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ ، فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ؟» يەنى «بىراۋ ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەن بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۇستى بېشىنى توزان بېسىپ كەتكەن (ناھايىتى بىچارە) ھالدا، ئى رەببىم! ئى ئىگەم! دەپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگەنلىرى ھارامدىن، ئىچكەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[1]. دۇئا ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئادەم سەمۇوللۇق ئىبادەتنى قىلغان بولىدۇ، ئەمما بۇ سەمۇوللۇق ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، مۇئامىلىۋى ئىبادەتنىڭ ئورۇندالغان بولۇشى شەرتتۇر. ھارام يېيىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. شۇڭا، يېمەك-ئىچمىكى ھارامدىن بولغان ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان تۇرۇقلۇق گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن قول ئۈزمىگەن ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كَمْ مِنْ صَايِمٍ لَيْسَ لَهُ مِنْ صِيَامِهِ إِلَّا الْجُوعُ ، وَكَمْ مِنْ قَايِمٍ لَيْسَ لَهُ مِنْ قِيَامِهِ إِلَّا السَّهَرُ» يەنى «قانچىلىغان روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار تۇتقان روزىسىدىن ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قانچىلىغان كېچە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇچىلار باركى، ئۇلار ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[2] يەنى تۇتقان روزىسى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، روزا تۇتۇش سەمۇوللۇق ئىبادەت، گۇناھتىن ساقلىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر»[3]. سەمۇوللۇق ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، مۇئامىلىۋى ئىبادەتنىڭ جايىدا ئورۇندالغان بولۇشى شەرتتۇر.

﴿الاستعانة﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە: ياردەم تىلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا چىن دىلدىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش

---

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 703-بەت، 1015-ھەدىس.

[2] «مسند الإمام أحمد» 15-توم، 428-بەت، 9685-ھەدىس.

[3] ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسى ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىسلامىي كىتابلىرى ۋە ئىسلام دەۋىتى ساھەسىدىكى لېكسىيەلىرى بىلەن تونۇلغان، «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» ناملىق مەشھۇر تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى، 1939-يىلى سۈرىيەدە تۇغۇلغان.

دېگەنلىكتۇر.

﴿إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿إِيَّاكَ﴾ دېگەن سۆز خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ﴿نَعۡبُدُ﴾ بىلەن ﴿نَسۡتَعِينُ﴾نىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى بارلىق ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىمىز، ھەرقانداق ياردەم ۋە مەدەتنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا تىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تايىنىمىز، دېگەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ﴾ دېگەن ئايەت ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ كاتتا دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت بولۇپ، نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر. چۈنكى، توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنغان بولىدۇ.

شەكسىزكى، توغرا يول ئاللاھ تائالانىڭ يولى بولغان ئىسلام دىنى بولۇپ، ئۇ «سىراتۇل مۇستەقىم» دەپ ئاتىلىدۇ. «سىراتۇل مۇستەقىم» بىزنى بۇ دۇنيادا بەختلىك ھاياتقا، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ھىدايەت ئومۇم ۋە خاسلىق ئېتىبارى بىلەن «هداية دلالة وهداية معونة» (يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت ۋە ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ھىدايەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغىنىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى، ئۇلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولنى ئېنىق بايان قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ ھەق يولغا ئەگەشكەن بولسا، يەنە بەزىسى بۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى. ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر «مۇئمىنلەر» دەپ ئاتالدى، بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار «كاپىرلار» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇئمىن»، «كاپىر»دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَٰهُمْ فَٱسْتَحَبُّواْ ٱلْعَمَىٰ عَلَى ٱلْهُدَىٰ فَأَخَذَتْهُمْ صَٰعِقَةُ ٱلْعَذَابِ ٱلْهُونِ بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿١٧﴾﴾ يەنى ﴿سەمۇد (قەۋمى)گە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾[1].

يەردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: مۆئمىنلەرگىلا خاس بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەق دىننى قوبۇل قىلغان مۆئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، تەقۋادارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْاْ زَادَهُمْ هُدًى وَءَاتَىٰهُمْ تَقْوَىٰهُمْ﴾ يەنى ﴿ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەقۋالىقتا مۇۋەپپەق قىلىدۇ﴾[2]»[3].

ھىدايەت ماھىيەت جەھەتتىن يەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى «هداية توفيق» (توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت)، يەنە بىرى، «هداية إرشاد» (توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت)دۇر.

توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: يەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ ۚ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادەمگىنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[4].

ئەمما توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 17- ئايەت.
[2] مۇھەممەد سۈرىسى: 17- ئايەت.
[3] «تفسير شعراوي» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.
[4] قەسەس سۈرىسى: 56-ئايەت.

دېنغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ھىدايىتى بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۆردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾[1].

﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ھىدايەتتىن پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىگە ﴿اهْدِنَا﴾ دەپ دۇئا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ.

﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭ: ﴿وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَٰئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ ۚ وَحَسُنَ أُولَٰئِكَ رَفِيقًا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار[2]، شېھىتلەر ۋە سالىھلار[3] بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!﴾[4]. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلاردۇر.

﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «غەزىپىڭگە ئۇچرىغانلار» يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھەق دىننى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ۋە غەزىپىگە تېگىشلىك بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئازغانلار» خىرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن توغرا يولدىن ئادىشىپ، خاتا يولغا كىرىپ قالغان ۋە شۇ خاتا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 52-ئايەت.

[2] سىددىقلار-پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى تەستىقلىغان، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن كىشىلەر.

[3] سالىھلار-ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان، ئەمەللىرى تەلەپكە لايىق بولغان مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر.

[4] نىسا سۈرىسى: 69-ئايەت.

﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۞ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۞﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى: ئى رەببىمىز! سەن بىزنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، ئەگرىلىك بولمىغان، تۈپتۈز، داغدام يولغا-سېنىڭ ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان، سېنىڭ يولۇڭدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن، بىزنىڭ ئاشۇ داغدام يولدا ئىزچىل مېڭىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ياردەم قىلغىن، مەدەت بەرگىن، دېگەنلىكتۇر.

## ◄ بۇ ئايەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبى

ئۆلىمالار دەيدۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىنئام، رەھىم-شەپقەت ۋە نېمەت قاتارلىق ئىشلار ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ۋە ئازابى قاتارلىقلار ئاللاھ تائالاغا بىۋاستە مەنسۇپ قىلىنماستىن، مەجھۇل ھالەتتە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ‹قۇرئان كەرىم› ئايەتلىرىدىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، ئېھتىرامنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن: ﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۞ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۞﴾ دېگەن ئايەتتە ﴿أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ﴾ «سەن ئىنئام قىلغانلار» دېيىش ئارقىلىق ئىنئامنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغانغا، ﴿ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ﴾ «غەزىپىڭگە ئۇچرىغانلار» دېيىش ئارقىلىق گەرچە ئۇلارغا غەزەپ قىلغان زات ئاللاھ تائالا بولسىمۇ، غەزەپنى بىۋاستە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلماي، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلغانغا ئوخشاش.

بۇنىڭ ئوخشىشى ﴿ٱلَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهۡدِينِ ۞ وَٱلَّذِي هُوَ يُطۡعِمُنِي وَيَسۡقِينِ ۞ وَإِذَا مَرِضۡتُ فَهُوَ يَشۡفِينِ ۞﴾ يەنى ﴿ئۇ مېنى ياراتقان، ماڭا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان زاتتۇر. ماڭا تائام ۋە ئۇسسۇلۇق بېرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر. ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدىغان زاتمۇ شۇدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلەر بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەردە، يارىتىش، يول كۆرسىتىش، يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش ۋە كېسەلدىن ساقايتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغان، ئەمما كېسەللىكنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلماستىن، ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان. شۇڭا، «مېنى كېسەل قىلغان» دېمەستىن، «ئاغرىپ قالسام» دېگەن. ھالبۇكى كېسەلنى

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 78-80-ئايەتلەر.

سالغۇچىمۇ ئاللاھ تائالا، شىپالىق ئاتا قىلغۇچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

﴿نَعْبُدُ﴾ ، ﴿نَسْتَعِينُ﴾ ، ﴿ٱهْدِنَا﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى پېئىللەرنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن ئەمەس، كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەنلىكىنىڭ نۇرغۇن ھېكمەتلىرى بار. ئەمما بىز شۇنى دېيەلەيمىزكى، بۇ مۇسۇلمانلارغا شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىش، ھەممىگە ياخشىلىق تىلەش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن نۇرغۇنلىغان دۇئالارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نامىدىن كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەنلىكىدىمۇ مۇشۇ ھېكمەت كۆزدە تۇتۇلغان دېسەك خاتا بولماس. ﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى. ئۆزى يالغۇز دۇئا قىلغان ئادەممۇ كۆپلۈك شەكلىدە شۇنداق دۇئا قىلىدۇ.

شەكسىزكى، بۇ خىل ئۇسۇل مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىز يالغۇز ئەمەسلىكىنى، بارلىق ئىسلام ئەھلىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشتا ۋە ئۇنىڭدىن توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىشنى تىلەشتە بىر گەۋدىگە ئوخشاش بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىلا ئويلىماي، بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، ھەممە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق تىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

## ﴿ئامىن﴾ دېيىشنىڭ ھۆكمى

فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئېيتىلىدىغان ﴿آمِينْ﴾ (ئامىن) دېگەن سۆز فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەتمۇ ئەمەس، پەقەتلا دۇئادۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «ئى رەببىم! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن» دېگەنلىكتۇر. فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىن» دېيىش سۈننەتتۇر[2]. نامازدا ئىمام ۋە جامائەت ھەممىسىنىڭ «ئامىن»

[1] بەقەرە سۈرىسى: 201_ئايەت.

[2] ئەمەل_ئىبادەتلەردىكى سۈننەت_پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئەمەل_ئىبادەتلەر بولۇپ، سۈننەت

دېيىشى سۈننەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِذَا أَمَّنَ الإِمَامُ ، فَأَمِّنُوا ، فَإِنَّهُ مَنْ وَافَقَ تَأْمِينُهُ تَأْمِيْنَ المَلاَئِكَةِ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» يەنى «ئىمام ﴿ئامىن﴾ دېگەندە سىلەرمۇ ﴿ئامىن﴾ دەڭلار. بىراۋنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېگىنىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە ئىبنى باز [2] مۇنداق دېگەن: «مەيلى نامازدا بولسۇن، ياكى ناماز سىرتىدا بولسۇن، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېيىشى سۈننەتتۇر. ناۋادا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ ﴿ئامىن﴾ دېمىسە گۇناھ بولمايدۇ. ئىمام ياكى جامائەت نامازدا فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ﴿ئامىن﴾ دېمىسە، ئۇلارنىڭ نامىزىغا نۇقسان يەتمەيدۇ ۋە ئۇلارغا گۇناھمۇ بولمايدۇ»[3].

ئىسلام ئۆلىمالىرى ﴿ئامىن﴾ دېگەن سۆزنىڭ فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى قاتارىدىن ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم»گە كىرگۈزۈلمىگەن.

## ◄ ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش ئەۋزەلمۇ ياكى ئىچىدە دېيىشمۇ؟

ئەمدى ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش مەسىلىسىگە كەلسەك، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە ۋە مالىكىي مەزھىپىنىڭ بەزى ئۆلىمالىرى ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش سۈننەت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى «كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا قَرَأَ {وَلَا الضَّالِّينَ} ، قَالَ: «آمِيْنَ»، وَرَفَعَ بِهَا صَوْتَهُ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىھە

---

ئىككى تۈرلۈكتۇر. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە قىلغان ئەمەللەر تەكىتلىك سۈننەت، ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئالدىدا تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇشقا ئوخشىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە قىلىپ، بەزىدە قىلمىغان ئەمەللەر تەكىتسىز سۈننەت، دەپ ئاتىلىدۇ. سۈننەت دېيىلگەن ئەمەللەرنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 156-بەت، 780-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 306-بەت، 410-ھەدىس، «سنن أبي داود» 1- توم، 246-بەت، 936-ھەدىس، «سنن النسائي» 2-توم، 144-بەت، 928-ھەدىس.

[2] ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز (1910- 1999) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى.

[3] «مجموع فتاوى ومقالات الشيخ ابن باز».

سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دەيتتى»[1] دېگەن ھەدىستۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ، ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ.

ئەمما ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنىڭ بەزى ئۆلىمالىرى ﴿ئامىن﴾ نى مەخپىي دېيىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى دەلىلى شۇكى: ﴿ئامىن﴾ دېگەن سۆز دۇئادۇر. دۇئانى ئاشكارا قىلغاندىن مەخپىي قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ تَضَرُّعٗا وَخُفۡيَةًۚ﴾ يەنى ﴿رەببىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار﴾[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن[3] نامازدا ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېيىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېيىش سۈننەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿ئامىن﴾نى ئۈنلۈك دېگەنلىكى، جامائەتنىڭمۇ ئۈنلۈك دېگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. ئەمما بۇ مەسىلە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىراغا ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىككە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مۇنداق دۈشمەنلىك قىلىش سەلەف سالىھ (بۇرۇنقى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار)نىڭ يولىغا توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشاتتى، ئەمما قارشى تەرەپنى ئازغۇنلۇققا چىقىرىۋەتمەيتتى، كۆزقاراشتا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى ئەيىبلىمەيتتى»[4].

ئەللامە ئىبنى باز «نامازدا ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېمىسىمۇ ۋە نامازنى باشلىغاندا ئېيتىلىدىغان تەكبىردىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى قولنى كۆتۈرمىسىمۇ بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەلۋەتتە بولىدۇ، خۇسۇسەن، ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېمەيدىغان ۋە نامازنى باشلىغاندا ئېيتىلىدىغان تەكبىردىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى قولنى كۆتۈرمەيدىغان كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، ئۇلارغا مۇۋاپىقلىشىپ ﴿ئامىن﴾ نى ئىچىدە دېيىش ۋە مەزكۇر تەكبىرلەردە قولنى كۆتۈرمەسلىك

---

[1] «سنن أبي داود» 1-توم، 246-بەت، 932-ھەدىس.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 55- ئايەت.

[3] ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن (1929- 2001م) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرىدۇر.

[4] «مجموع فتاوى الشيخ ابن عثيمين» 13- توم، 140- بەت.

لازىم. چۈنكى، ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزىدە ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېگەنلىكى، بەزىدە ئاۋازىنى كۆتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. بىز ﴿ئامىن﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش كېرەك دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پەقەتلا بىر مۇستەھەب ئەمەلدۇر. مۇستەھەب ئەمەل مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈشكە، جېدەل-ماجىراغا ۋە پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇنداق مۇستەھەب ئەمەلنى قىلماسلىق لازىم. مۇستەھەب ئەمەلنى تەرك ئېتىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە تەرك ئېتىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى يىقىپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى ئەسلى ھالىتى بويىچە بىنا قىلىپ چىقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەسىرى ياخشى بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ بۇ پىكرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى»[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1.ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلىغانلىقى بەندىلىرىگە دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش بىلەن باشلاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

2. فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىدۇر. بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالاغا قانداق ھەمدۇسانا ئېيتىش، قانداق ئېتىقاد قىلىش ۋە قانداق مۇناجات قىلىش ھەققىدە تەلىم بېرىلگەن.

3. فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارغا دۇئانىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، دۇئا قىلماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

[1] «مجموع فتاوى ومقالات الشيخ ابن باز» 29 - توم، 278 -بەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بەش يىل ئىلگىرى مەككىنى سەل بېسىپ كەئبىنىڭ بىر بۆلۈكى يىقىلىپ كەتكەندە، ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنى قايتا رېمونت قىلىپ چىققان. ھالالدىن تاپقان مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇلار كەئبىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى پاكار تام بىلەن كەئبە ئارىلىقىدىكى «ھۆجرى ئىسمائىل» دەپ ئاتىلىدىغان بوش جاينى كەئبىدىن چىقىرىۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ بوش جاينىمۇ كەئبىگە كىرگۈزۈپ قايتا رېمونت قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن.

4. بۇ سۈرە ئىماننىڭ تاكامۇللىشىشى ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

5. ياخشىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئازغۇنلارنىڭ يولىدىن يىراق تۇرۇش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەخلاقىدۇر.

# بەقەرە سۈرىسى

بۇ سۈرىنىڭ 281-ئايىتى «ھەججەتۇل ۋەدا»[1] كۈنىدە مىنادا[2]، قالغان ئايەتلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، جەمئىي286 ئايەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بەرپا قىلىش ۋە ئىنسانلارنى يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈشكە تەييارلاش، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىش، ئىماننىڭ ئاساسلىرىنى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

«بۇ سۈرە ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، سۈرىنىڭ بېشىدىن 142-ئايەتكىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان خىتاب بولۇپ، ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»، ئۇنىڭ دىللارغا بولغان تەسىرى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان مەۋقەسى، «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنگۈچىلەر، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە تىلىنىڭ ئۇچىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلارنىڭ بايانىدىن سۆز باشلىغان. ئاندىن خىتابنى ئومۇمغا قارىتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش قىسسىسىنى ۋە شەيتاننىڭ ئىنسانلارغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىنى بايان قىلىشقا ئۆتكەن.

ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتاب قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان سانسىز ئىنئاملىرىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەكلىكى، ھەمىشە ئەھدىلىرىنى بۇزۇپ كەلگەن ئازغۇن ئەجدادلىرىغا ئەگىشىپ ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىقىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەقلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ

---

[1] ھەججەتۇل ۋەدا-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەجنى كۆرسىتىدۇ.

[2] مىنا - مەككىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، مەسجىدى ھەرەمدىن تەخمىنەن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ۋادىنىڭ نامى.

ئۇ زاتنىڭ دىنىغا ئەگەشمەي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋالغانلىقىدەك يالغانچىلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋەقەلىكلەرنى پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن بىلگەنلىكى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، 143-ئايەتتىن سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەنى 286-ئايەتكىچە مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان خىتاب بولۇپ، قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە يۆتكەلگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھلى كىتاب بىردەك كۆڭۈل بۆلىدىغان تۇنجى دىنىي ۋەقەلىك بايان قىلىنغان، ئاندىن بىر قىسىم ئىسلام قانۇنلىرى ۋە ئۇلۇغلۇق ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللار بايان قىلىنغان.

سۈرىنىڭ باشتىن ئاخىرىغىچە بولغان ئاساسلىق مەزمۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى بايان قىلىش بولۇپ، قىساس، ۋەسىيەت، جىھاد، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش، روزا، ھەج قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ئەھكاملىرى، ھاراق ئىچىشنىڭ ۋە كاپىر ئاياللارغا ئۆيلىنىشنىڭ ھاراملىقى، ئىددەت، تالاق، بالا ئېمىتىش مەسىلىسى، جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقى، قەرز بېرىش ۋە گۆرۈ قويۇش پرىنسىپى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ سۈرە ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئۇلۇغلۇق ئىسلامىي دۇئالار بىلەن ئاخىرلاشقان»[1].

## ◄ بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَا تَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ مَقَابِرَ، إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْفِرُ مِنَ الْبَيْتِ الَّذِي تُقْرَأُ فِيهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ» يەنى «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانغا ئوخشاش قىلىۋالماڭلار(يەنى قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇڭلار). شەيتان ھەقىقەتەن بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيدىن قاچىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «يُؤْتَى بِالْقُرْآنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَأَهْلِهِ الَّذِينَ كَانُوا يَعْمَلُونَ بِهِ تَقْدُمُهُ سُورَةُ الْبَقَرَةِ، وَآلُ عِمْرَانَ»

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 12- بەت.

[2] «صحيح مسلم»1- توم، 539-بەت، 780- ھەدىس.

يەنى «قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەر كەلتۈرۈلىدۇ. بەقەرە سۈرىسى بىلەن ئال ئىمران سۈرىسى باشتا كېلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «الآيَتَانِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ البَقَرَةِ، مَنْ قَرَأَهُمَا فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ» يەنى «(ئاخشىمى ياتىدىغان ۋاقىتتا) بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ شۇ كېچىدە (يامانلىقلار ۋە خېيىم خەتەرلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن) بۇ ئىككى ئايەت كۇپايىدۇر»[2].

### ◄ بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى

1. «قۇرئان كەرىم»دە ﴿كُتِبَ﴾ يەنى (بەلگىلەندى)، (پەرز قىلىندى) دېگەن مەزمۇندىكى ھۆكۈم ئايەتلىرى 20 دىن كۆپرەك يەردە كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭ يەتتىسى بۇ سۈرىدە كەلگەن.

2. ﴿يَسْـَٔلُونَكَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەندىن سورايدۇ﴾ دېگەن مەزمۇندىكى ئەھكام ئايەتلىرىدىنمۇ 15 يەردە بار بولۇپ، بۇنىڭ يەتتىسى بەقەرە سۈرىسىدە كەلگەن.

3. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم»دە 89 يەردە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن 11 ئايەت بەقەرە سۈرىسىدە كەلگەن.

دېمەك، بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەھكاملارنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ كۆپرەكى توپلانغان سۈرىدۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿الٓمٓ ۝١ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ۝٢﴾

---

[1] «صحيح مسلم» 1ـ توم، 554ـ بەت، 805ـ ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 5ـ توم، 84ـ بەت، 4008ـ ھەدىس، «صحيح مسلم» 1ـ توم، 554ـ بەت، 807ـ ھەدىس.

1ـ ئەلىف، لام، مىيم.

2ـ بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا[1] يېتەكچىدۇر.

## تەپسىرى

بۇ سۈرىنىڭ ﴿أ – ئەلىف﴾، ﴿ل – لام﴾ ۋە ﴿م – مىيم﴾ قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن باشلانغانلىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىرلىرىدىن بولۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسى ياكى تەپسىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە كەلمىگەن. ھەقىقەتەن بۇ سۈرىنىڭ ﴿الٓمٓ﴾دىن ئىبارەت ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر بىلەن باشلانغانلىقى ئەقىللەرنى لال قىلغان، ئۆز ۋاقتىدا شېئىر ۋە ئەدەبىياتتا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئەرەب ئەدىبلىرىنى ۋە شائىرلىرىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئىدى.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇشۇنداق ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ سانى 29 بولۇپ، ئاۋۋالقىسى بەقەرە سۈرىسى، ئاخىرقىسى قەلەم سۈرىسىدۇر. بۇ سۈرىلەردىن بەزىسى «ص»، «ق»، «ن» قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر ھەرپ بىلەن، بەزىسى «طه»، «يس»، «حم» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىككى ھەرپ بىلەن، بەزىسى «طسم»، «المرا»، «المص»، «كهيعص» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۈچ، تۆت ۋە بەش ھەرپ بىلەن باشلانغان.

«كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇنداق ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرىلەر ھەققىدە ئۆزئارا مۇددەتلىك تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشتىن كېيىن شۇنداق قانائەتكە كەلگەنكى، بۇ ھەرپلەر بىز ئۈچۈن مەنىسى ئېنىق بولمىغان ۋە بىزنىڭ «ھەممىسى ئاللاھتىندۇر» دەپ ئىمان كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر بولغان ئايەتلەر قاتارىدىندۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن ئېنىق ئىدى. چۈنكى، بۇ ھەرپلەر بىلەن خىتاب قىلىنغان زات ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇڭا بۇ ھەرپلەر ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىفىرنىڭ ئورنىدىدۇر. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

[1] تەقۋادار ياكى تەقۋا ـ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچى، ئاللاھتىن قورققۇچى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈپ، دۇنيا ئاخىرەتتە ئۆزىگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغۇچى دېگەنلىكتۇر.

يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈرىلەرنى مۇشۇنداق ھەرپلەر بىلەن باشلىغانلىقى ئەرەبلەرگە دۈئىل ئېلان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا خۇددى ئۇلارغا «ئى ئەرەبلەر! سىلەر ئۆزۈڭلار ئىشلىتىۋاتقان ئېلىپبە ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇشۇ قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىشتىن ئاجىز كەلدىڭلار. ھالبۇكى، ئوقۇغان - ئوقۇمىغان كىشىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەرپلەر بىلەن سۆزلەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى كەلتۈرەلمىدىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرگىز كەلتۈرەلمەيسىلەر، چۈنكى، ئۇ ئىنسان سۆزى ئەمەس» دېمەكتە [1].

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «بەزى سۈرىلەرنىڭ ھەرپلەر بىلەن باشلانغانلىقى قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى جاكارلاش، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئەرەبلەر ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغانلىقى قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. شۇڭا، ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇرئاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ۝١﴾، ﴿الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ۝١﴾ ، ﴿حمٓ ۝١ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ۝٢﴾، ﴿صٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ذِي ٱلذِّكۡرِ ۝١﴾ قاتارلىق سۈرىلەرگە ئوخشاش»[2].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەرنى، ساۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئالىي مەقسەتلەرنى غايە قىلغان ئەڭ مۇكەممەل بىر كىتاب ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر!

ئەقلى بار ئادەم مۇنداق مۇكەممەل كىتابنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە ھەرگىز شەك قىلمايدۇ. ﴿وَإِن كُنتُمۡ فِي رَيۡبٖ مِّمَّا نَزَّلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا فَأۡتُواْ بِسُورَةٖ مِّن مِّثۡلِهِۦ وَٱدۡعُواْ شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 13- بەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 27- بەت.

صَـٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا۟ وَلَن تَفْعَلُوا۟ فَٱتَّقُوا۟ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَـٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز (مۇھەممەد)گە نازىل قىلغان قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە (قۇرئان ئىنسان سۆزىدۇر دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ ئۇنداقتا، كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴾[1]. ئاللاھ تائالا مانا مۇشۇنداق كەسكىن ئايەتلەر بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىيات ۋە پاساھەت ساھەسىدە ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ئەرەبلەرگە خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ داڭلىق ئەدىپلىرى ۋە تالانتلىق شائىرلىرىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ ھېچنەرسە دېيەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئەقلى بار ھەرقانداق بىر ئىنساننى «قۇرئان كەرىم» چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەن دېگەن قانائەتكە كەلتۈرمەي قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى يەنە «ھىدايەت مەنبەسى» دەپ سۈپەتلىگەن. چۈنكى، ئۇ كىتاب ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداپ، توسقان ئىشلارنى تاشلاپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئالماقچى بولغان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسىدۇر. بۇ يەردە ھىدايەتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشتىكى سەۋەب شۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىگە ئەقلىنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا ئەگەشكەن، ماددىنىڭ توساقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ غەيبلەرگە ئىشەنگەن، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرلا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ دەستۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى دۇنيالىق مۇرادىغا يېتىدىغان كىشىلەردۇر.

2. تەقۋادارلىق ئەڭ ئېسىل ئۇنۋان بولۇپ، مۇئمىنلىكنىڭ يۇقىرى

[1] بەقەرە سۈرىسى: 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

پەللىسىدۇر. «قۇرئان كەرىم» تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ يېتەكچىسىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ يولىدا ماڭغا ئادەم ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ.

### ◄ تەقۋادارلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرى

﴿ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱلْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ
يُنفِقُونَ ۝٣ وَٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ
وَبِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ۝٤ أُو۟لَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ۝٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

3ـ ئۇلار غەيبكە[1] ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىغا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

4ـ ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىشىنىدىغان ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

5ـ ئەنە شۇلار رەببىدىن كەلگەن ھىدايەت ئۈستىدىدۇر، ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە تەقۋادار مۆئمىنلەرنى بەش سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ، ئاندىن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا، بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاشۇلار ئىكەنلىكىنى جاكارلاش بىلەن بۇ باياننى ئاخىرلاشتۇرغان. مەزكۇر بەش سۈپەت تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى سۈپەت: غەيبكە ئىشىنىش. تەقۋادار مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە تىرىلىش، ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەن غەيبلەرگە قىلچە شەك قىلماي ئىشىنىدۇ. كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل ۋە قول قاتارلىق سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى

[1] غەيب – سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان ئالەم دېمەكتۇر. (صفوة التفاسير: 1- توم، 31- بەت). ئۇ «مېتافىزىكا ئالەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى غەيب دەپ ئاتىلىدۇ. تەقۋادار مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرگەن غەيبلەرگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ماددىي دۇنيادىكى چەكلىك نەرسىلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالمىغان، قەلب كۆزلىرى ئوچۇق كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار ئىمانىنىڭ نۇرى بىلەن غەيب ئالەمگىمۇ خۇددى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىشىنىدۇ.

ئىككىنچى سۈپەت: نامازنى مۆكەممەل ئادا قىلىش. نامازنى مۆكەممەل ئادا قىلىش دېگەنلىك نامازنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ، پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، ئۇنى ۋاقتىدا يەتكەن خۇشۇ[1] بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ‹نامازنى مۆكەممەل ئوقۇش دېگەنلىك رۇكۇ، سەجدە، قىرائەت، خۇشۇ قاتارلىقلارنى تولۇق ئورۇنداش دېگەنلىكتۇر› دېگەن. ﴿وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ﴾ دېگەن ئايەت قۇرئاننىڭ سىرلىرىدىن بولغان ئەڭ ئىنچىكە بىر سىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، گەرچە «صلوا الصلاة» دېگەن سۆز «ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى نامازغا بۇيرۇغان ئايەتلەردە «صلوا الصلاة» دېمەستىن، ﴿وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ﴾ يەنى «نامازنى مۆكەممەل ئادا قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ بولسا ناماز ئوقۇشتىن مەقسەت ھەرگىزمۇ زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئادەتلىنىپ قالغاندەك نامازنىڭ سىرتقى ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنداپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ناماز ۋايىغا يەتكەن ئىتائەتچانلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا پۈتۈنلەي يۈزلىنىش بىلەن ئادا قىلىنغان ۋە ئادا قىلغۇچىسىنى گۇناھ، يامان ئىشلاردىن توسالايدىغان نامازدۇر. گۇناھ ـ «قۇرئان كەرىم» ئايىتى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق پەرز قىلىنغان ئەمەلنى تەرك ئېتىش ياكى ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان ئىشلارنى ياكى سۆزلەرنى قىلىش دېگەنلىكتۇر[2]. گۇناھلار كىچىك گۇناھلار ۋە چوڭ گۇناھلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى ئۇلارنى مۇنداق تەرىپلىگەن: «كىچىك گۇناھلار ـ سادىر قىلغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بىرەر جازا بەلگىلەنمىگەن

[1] خۇشۇ ـ نامازدا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھ تائالاغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

[2] «مجموعة رسائل التوجيهات الإسلامية للفرد والمجتمع» 2 ـ توم، 263 ـ بەت.

گۇناھلاردۇر. چوڭ گۇناھلار ـ سادىر قىلغۇچىسى دوزاختا كىرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان ياكى لەنەت قىلىنغان ۋەياكى غەزەپ قىلىنغان گۇناھكارلاردۇر. شۇنىڭدەك، ماۋۇ گۇناھنى قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ ياكى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ ۋەياكى ماۋۇ گۇناھنى قىلغان ئادەم بىزدىن ئەمەس، ئۇنى قىلغۇچى گۇناھكاردۇر، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان گۇناھلارمۇ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ»[1].

ھەقىقىي ناماز ﴿وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَۖ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ﴾ يەنى ﴿نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن. شەكسىزكى، (مۇكەممەل ئوقۇلغان) ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان نامازدۇر. نامازغا بۇيرۇلغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ﴿وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ﴾، ﴿وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ﴾ دېگەن شەكىلدە كەلگەنلىكىنىڭ سىرى مانا بۇ يەردە»[3].

ئەجدادلىرىمىز ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بېكىتكەن. مەسىلەن: تىلىمىزدىكى «ناماز ئۆتىمەك» دېگەن سۆز ئىسلامدا بەلگىلەنگەن بەش ۋاخ نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە، پەرز، ۋاجىپلىرىغا، ۋاقىتلىرىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە مۇكەممەل ئادا قىلىش دېگەننى ئىپادىلەيدىغان ئىخچام ئاتالغۇدۇر. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىمۇ، «ئۆتىمەك» دېگەن سۆز: ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق، بىجىرمەك، مەجبۇرىيەت ئۆتىمەك دەپ ئىزاھلانغان[4]. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ناماز ئۆتىمەك» دېگەن سۆز «ناماز ئوقۇماق» دېگەن سۆزدىن كۈچلۈك ۋە كۆزلەنگەن مەنىنى تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاتالغۇدۇر. چۈنكى، «ناماز ئوقۇماق» دېگەن سۆز «ئۆتىمەك» دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. «ناماز ئۆتىمەك» ياكى «نامازنى ئادا قىلماق» دېگەنلىك ئۈستىمىزدىكى پەرزنى تولۇق ئادا قىلماق، ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت قەرزىمىزنى ئۆتىمەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئەرەب تىلىدىكى «أقيموا» دېگەن سۆز «مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] «مجموع الفتاوى» 11ـ توم، 650ـ 652ـ بەتلەر.

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 45ـ ئايەت.

[3] «قبس من نور القرآن» 1ـ توم، 20ـ بەت.

[4] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1177ـ بەت.

ئۈچىنچى سۈپەت: زاكات بېرىش. زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان يوقسۇللارغا زاكاتنى تولۇق بېرىش ۋە خالىسانە سەدىقە، خەير- ئېھسان قاتارلىق ياردەملەرنى قىلىش تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ناماز بىلەن زاكات كۆپىنچە جايلاردا بىرگە بايان قىلىنغان. چۈنكى، ناماز ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، زاكات بەندىلەرنىڭ ھەققىدۇر. ئىنساننىڭ ئىمانى مۇشۇ ئىككى ھەقنى ئادا قىلغاندىلا مۇكەممەل تولۇقلانغان بولىدۇ.

تۆتىنچى سۈپەت: ساماۋى كىتابلارغا ئىشىنىش. بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن كىتابلار ئىكەنلىكىگە، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلارنىڭمۇ ئەسلىدە ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچى سۈپەت: ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش. بۇ قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن يۈرەكتىن جەزم قىلىپ، شەكسىز ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى ئىماننىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى، دىنىنىڭ ئاساسى مۇشۇ ئىككى ئىمانغا مەركەزلىشىدۇ.

دېمەك، ھەقىقىي تەقۋادار مۆئمىنلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى بىلگەن ۋە مەنىسىنى چۈشەنگەن، ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئادا قىلىدىغان ۋە پۇل-مېلىغا كەلگەن زاكاتنى تېگىشلىك بولغان يوقسۇل كىشىلەرگە تولۇق بېرىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ ئىككى پەرزنى ئادا قىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، زاكات ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنىڭ ئاساسىدۇر.

ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ كۆپ جايلىرىدا نامازنى زاكات بىلەن بىرگە يانداشتۇرۇپ كەلتۈرگەن. چۈنكى، ناماز ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، زاكات بەندىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەندىنىڭ بەخت-سائادىتى ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئىنسانلارغا نەپ يەتكۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن

بولغاندەك، بەندىنىڭ بەختسىزلىكى بۇ ئىككى ئەمەلنى تەرك ئېتىشتىن كېلىدۇ»[1].

يۇقىرىقى ئېسىل سۈپەتلەرگە ئېرىشكەن مۆئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدا، جەننەتلەردىكى ئالىي مەرتىۋىلەرگە نائىل بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق، ئەلۋەتتە.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. غەيبكە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى، ئىمان كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىشكە قويۇلغان ئىسىمدۇر. مۆئمىن ئادەم ئاخىرەت ئالەمى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېساب بېرىش، پۇلسىراتتىن ئۆتۈش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، خۇددى كۆرگەندەك ئىشىنىدۇ.

2. ناماز بىلەن زاكات ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر.

3. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئىمان بىلەن بولىدۇ. تەقۋادار مۆئمىنلەر ھەقىقىي مەنىدىكى سائادەتمەن كىشىلەردۇر.

## ◄ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٦ خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَعَلَىٰ سَمۡعِهِمۡۖ وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

6ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئىنىقكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى[2] ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

7ـ ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (شۇڭا ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

---

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 28ـبەت.

[2] ئايەتتىن ئۆزگىچە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشقا بەل باغلىغان كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

زەھھاك[1] بۇ ئايەتلەرنىڭ ئەبۇ جەھل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن بەش كىشى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. كەلبىي[2] يەھۇدىيلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[3]. بۇ ئايەتلەر ئۆزىدىن 12 يىل ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان «كافىرۇن» سۈرىسىدىكى ﴿وَلَآ أَنْتُمْ عَبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ﴾ يەنى ﴿سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن كاپىرلارغا ئوخشاش كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا قارىتىلغان. يەنە بىر مەسىلە، ئايەتتىكى ﴿سَوَآءٌ﴾ يەنى ﴿بەرىبىر﴾ دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «بەرىبىر» ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى شۇ كاپىرلار ئۈچۈن «بەرىبىر» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، كىمنىڭ ئىمان ئېيتىدىغان ۋە كىمنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى دىنىنى ھەممىگە يەتكۈزۈشتۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە سۆز ئېچىش بىلەن باشلىغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»گە قارىتا تۇتقان مەۋقەسىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ:

بىرىنچىسى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان بەختلىك كىشىلەردۇر.

ئىككىنچىسى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى

---

[1] زەھھاك-تولۇق ئىسمى زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم (ۋاپاتى102ھ) قەدىمقى خۇراساندا تۇغۇلغان، تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى سانىلىدۇ، تەپسىر ئىلمىدە تونۇلغان ئالىمدۇر.

[2] كەلبى – تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى سائىب ئىبنى ھارىس ئەل كەلبى (60-679ھ) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە تۇغۇلغان، تەپسىر ئالىمى، ئەرەبلەرنىڭ نەسەبى، تارىخى ۋە ۋەقەلىكلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان.

[3] «تفسير الطبري» 1- توم، 84- بەت.

ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇ دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە بولسا دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىدۇر.

ئۈچىنچىسى، «قۇرئان كەرىم»گە كۆڭلىدە ئىشەنمىسىمۇ ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقانلار قاتارىدىن كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولغان مۇناپىقلاردۇر.

ئالدىنقى ئايەتلەردە مۆئمىنلەرنىڭ مەۋقەسى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ، مۇناپىقلارنىڭ بايانى بولسا كېيىنكى ئايەتلەردە كېلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ مەنىدە خىتاب قىلىدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلغان، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قوبۇل قىلمىغان، كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نى يالغانغا چىقارماقچى بولغان بۇ كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىنىڭنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن ياكى ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىردۇر. چۈنكى، ئۇلار ھىدايەت تېپىشنى خالىمايدۇ ۋە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يوللىرىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قىلىنغان دەۋەتنىڭ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ تەسىرى ياكى پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك پېچەتلەنگەن، كۆزلىرى ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن كور، قۇلاقلىرى ھەقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن پاك بولغانلىقتىن، ئازغۇنلۇق ئۇلار ئۈچۈن ھىدايەتتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار توغرا يولغا ئەگەشمەيدۇ. مۇنداقلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ بۇ كاپىرلىقى ئۇلارغا دىنىي دەۋەتنىڭ تولۇق يەتكۈزۈلمىگەنلىكى ياكى تولۇق چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكى ۋەياكى ھىدايەت يولىنىڭ ئۇلارغا ئېنىق بولمىغانلىقى سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھىدايەتنى خالىمىغانلىقى ۋە قوبۇل قىلمىغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ئۆزلىرى مەسئۇلدۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ، كۆزلىرىنىڭ پېچەتلەنگەنلىكى ۋە

قۇلاقلىرىنىڭ گاسلىقىمۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى خالىمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ﴿بَلۡ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيۡهَا بِكُفۡرِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ١٥٥﴾ يەنى ﴿ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ئاز ئىمان ئېيتىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمايدىغان، ئۇنى تونۇمىغان، ھەتتا ھەقىقەتنى تونۇغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكتىن، ياكى ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلاردەك ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقانلىقتىن، ياكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن، ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئادەم بالىسىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى خالىمىغانلىقتىن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلار ئۇچۇن مۆجىزىلەر ۋە دىنني ۋەز-نەسىھەتلەر پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار بەربىر ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق ئېتىقادى ۋە خاتا چۈشەنچىلىرى تۈپەيلىدىن ئازغۇنلۇق يولىدا تۇرۇۋېرىشنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ، تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ فَصَدَّهُمۡ عَنِ ٱلسَّبِيلِ فَهُمۡ لَا يَهۡتَدُونَ ٢٤﴾ يەنى ﴿شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسۇپتۇ، شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپالمايۋېتىپتۇ﴾[2].

ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان مەنىۋى كورلار ھەر زامان ۋە ھەر جايدا مەۋجۇت. بۇنداقلارنىڭ بولۇشى ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھىدايەت ئىپىشنى خالىمايدىغان، ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان مۇتەكەببىرلەر ھىدايەتتىن ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرى ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن پېچەتلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇلار ھەق بىلەن باتىل (ساختىلىق)نى ۋە توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيالمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە مۇسۇلمانلارنى

[1] نىسا سۈرىسى: 155-ئايەت.

[2] نەمل سۈرىسى: 24-ئايەت.

مەسخىرە قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

## ◄ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَمَا هُم
بِمُؤۡمِنِينَ ٨ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَمَا يَخۡدَعُونَ إِلَّآ
أَنفُسَهُمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ٩ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ مَرَضٗاۖ
وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ ١٠ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ
فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ١١ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ
وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ ١٢ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ
قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَٰكِن
لَّا يَعۡلَمُونَ ١٣ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ إِلَىٰ
شَيَٰطِينِهِمۡ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمۡ إِنَّمَا نَحۡنُ مُسۡتَهۡزِءُونَ ١٤ ٱللَّهُ
يَسۡتَهۡزِئُ بِهِمۡ وَيَمُدُّهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ١٥ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ
مُهۡتَدِينَ ١٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

8ـ بەزىبىر ئادەملەر باركى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىشەنمىسىمۇ، «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق» دەپ قويۇشىدۇ.

9ـ ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇيماستىن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.

10ـ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى؛ ئېيتىۋاتقان يالغانلىرى سەۋەبلىك ئۇلارغا دەردلىك ئازاب بار.

11ـ ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز پەقەتلا ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ.

12ـبىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، لېكىن (بۇنى) ئۆزلىرى تۇيمايدۇ.

13ـئۇلارغا: «سىلەرمۇ كىشىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئەخمەقلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەخمەقلەردۇر، لېكىن ئۇلار (بۇنى) بىلمەيدۇ.

14ـئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقاندا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، (ئۆزلىرىنى ئازدۇرغان ئادىمىي) شەيتانلىرى بىلەن يالغۇز قالغاندا بولسا: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە، بىز پەقەت (ئىمان ئېيتقانلارنى) مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ.

15ـئاللاھ ئۇلارغا (مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ) جازاسىنى بېرىدۇ ۋە ئۆز-لىرىنىڭ ئازغۇنلۇق (پاتقاقلىرى)دا تاشلاپ قويىدۇ، ئۇلار بولسا تېڭىرقىغان هالدا يۈرۈشىدۇ.

16ـئەنە شۇلار هىدايەتكە ئازغۇنلۇقنى سېتىۋالغانلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار هىدايەت تاپقۇچى بولمىدى.

### ◄ تەپسىرى

كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى تۈردىكىلىرى مۇناپىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولىدىغان خەتىرى كاپىرلارنىڭ خەتىرىدىن يامانىدۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئون ئۈچ ئايەتتە مۇناپىقلار توغرۇلۇق تەپسىلىي خەۋەر بەرگەن. يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى مۇناپىقلاردىن كۆزدە تۇتۇلغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلارلا ئەمەس، بەلكى هەرقانداق جاي ۋە هەرقانداق ۋاقىتلاردىكى يۇقىرىقى ئالامەتلەر تېپىلغان مۇناپىقلارنىڭ هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى ئېغىزىدا سۆزلەپ قويۇپ كىشىلەرنى بۇ نەرسىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ. دىللىرى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇققا تولغان بۇ مۇناپىقلار شۇنداق ئىككى يۈزلىمچىلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق يالغان بىلجىرلاشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلار قانچىلىك ئىمان دەۋاسى قىلغان بىلەنمۇ، هەرگىز مۇئمىنلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، مۇ-سۇلمانلىقنى كۆرسىتىشلىرى ئاللاھ تائالانى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى

بولغان نەيرەڭۋازلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلار ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە كۆرسەتكەنلىكتىن كىشىلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنداشلىرى قاتارىدىن ساناپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ، نەتىجىدە بۇ مۇناپىقلار تۇيدۇرماستىن مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىكى قۇرۇق ئىمان دەۋاسىغا ئىشەنمەسلىكنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە مۇناپىقلارنىڭ ئالدامچىلىقى پەقەت ئۆزلىرىنى ئالداشتىن باشقىسىغا يارىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئالداۋاتىمىز، دەپ قىلغان بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالاكەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئاخىرى ئۆزلىرىنى بەربات قىلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

مەلۇمكى، مۇناپىقلار قايسى زاماندا ۋە قايسى جايدا بولسۇن، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان، ئۆز ۋەتىنىنىڭ زىيىنىغا ئىشلەيدىغان زەھەرلىك مەخلۇقلاردۇر. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇناپىقلارنىڭ زىيانلىرىغا كۆپ ئۇچرىغان. مۇناپىقلىق بىلەن يەھۇدىيلىق بىر-بىرىگە تولىمۇ يېقىندۇر. چۈنكى، قورقۇنچاقلىق ۋە نامەردلىك يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بولغىنىدەك، مۇناپىقلارنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە نامەردلىكىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيان-زەخمەتلىرى ھەقىقەتەن چوڭ ۋە خەتەرلىكتۇر.

ئەگەر ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى شۇ بويىچە دادىل، ئاشكارا قىلىدىغان ۋە ئۆز بۇرچىنى ئالدامچىلىق قىلماي سەممىيلىك بىلەن ئورۇندايدىغان بولسا، بۈگۈنكى ئىنسانلار جەمئىيىتى بەختكە ئېرىشكەن ۋە ھەممە مىللەت ئۆزىنىڭ خوجايىنلىقىنى مۇستەھكەم تىكلىيەلىگەن بولاتتى.

مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرى شۇنداقكى، ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشىڭلار، كاپىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشىڭلار ۋە دۈشمەنلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتىشىڭلار چوڭ بۇزغۇنچىلىقتۇر. شۇڭا سىلەر بۇنداق قىلىشتىن يېنىڭلار» دېيىلسە،

ئۇلار: «ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، بىز ئەمەلىيەتتە ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بۇزغۇنچىلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ ياكى ھېس قىلسىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىقنىڭ پەقەت مۇناپىقلاردىن كېلىدىغانلىقىنى ئەڭ ئوبرازلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ: ﴿بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، لېكىن (بۇنى) ئۆزلىرى تۇيمايدۇ﴾ دەيدۇ. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەھۋالىنى ۋە كېيىنكى ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بۇنداق مۇناپىقلاردىن خالىي بولالمىدى. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار ئۇلارنى تۇرلۇك يوللار بىلەن ئىمانغا دەۋەت قىلىپ كەلدى.

مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇلارغا: «سىلەرمۇ مۇسۇلمانلار ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە چېكىدىن ئاشقان تەكەببۇرلۇقى بىلەن: «بىز ئاشۇ قۇللار، ئەقىلسىزلار، ئاجىز-ئورۇق ۋە پېقىرلار ئىمان ئېيتقاندەك، ئىمان ئېيتىپ مۇھەممەدكە ۋە قۇرئانغا ئىشىنەمدۇق؟» دەيدۇ. ئۇلار شۇنى ئۇنتۇغانكى، ئەقىلسىز دېگەن – توغرا يولنى تاپقان ۋە ئالدىدا نۇرنى كۆرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئەخمەقلەردۇر. توغرا يولغا ئەگىشىپ، ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئەقلىنى ئىشلەتكەن، ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان كىشىلەردۇر. شۇڭا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەقىلسىزلار مۇناپىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر!

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولغان مۇناپىقلار توپىغا قاراپ كېلىۋاتقاندا، ئۇبەي ئۆزىنىڭ يېنىدىكىلىرىگە خىتاب قىلىپ: «قاراڭلار! ئاۋۇ ئەقىلسىزلار بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى چىرايلىق نەيرەڭلىرىم بىلەن قانداق قايىل قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈڭلار» دەيدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنى خۇددى ئۇلارنىڭ سېپىدىكى مۇئمىن كىشىدەك كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ماختاشقا باشلايدۇ. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىچە ماختىنىپ: «كۆردۈڭلارمۇ، ئۇ ئەخمەقلەرنى قانداق قايتۇرۇۋەتتىم؟» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 18- بەت.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرى بولغان مۇناپىقلارنىڭ ۋە ھەر زاماندا، ھەر ماكاندا دىگۇدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان. مۇناپىقلار تولىمۇ ئۇستا نەيرەڭۋازلار بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنى ئالداش ۋە ياخشىلارنىڭ سىپىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلارغا زىيان سېلىش بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ رەزىل ئىللەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى بايان قىلىدۇكى، بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق-ئاشكارا دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرگەن ۋە ھەممىنى تولۇق بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ھەقىقەتكە دۈشمەن بولغانلىقى پەقەت ئۇلاردىكى ھەسەتخورلۇق، كۆڭلى-كۆكسىنىڭ تارلىقى ۋە تەبىئىتىدە يەرلەشكەن رەزىللىكتىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە ئازغۇنلۇقنى، بەخت-سائادەتكە بەختسىزلىكنى سېتىۋالغانلىقىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تىجارىتى – ھىدايەتنىڭ بەدىلىگە ئازغۇنلۇقنى سېتىپ ئالغانلىق تىجارىتى – پايدا بەرمىدى ۋە ھەرگىز پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى. شەكسىزكى، ئۇلار ھەقىقەتەن چوڭ زىيان تارتتى. چۈنكى، ئۇلار ھىدايەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىك ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئازغۇنلۇققا تېگىشتى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇناپىقلار، ئالدامچىلار ۋە يالغانچىلار ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىدىن باشقىسىنى ئالدىيالمايدۇ.

2. مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىنمۇ يامان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۇچرايدىغان جازاسىمۇ كاپىرلارنىڭكىدىن ئېغىر ۋە قاتتىقتۇر.

3. يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش توغرا قانۇنىيەتكە

ئەمەل قىلىش ۋە توغرا يوسۇندا ئىشلەش بىلەن بولىدۇ.

4. بۇزغۇنچىلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

5. مۇناپىقلار ئەڭ رەزىل مەخلۇقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ شَرَّ النَّاسِ ذُو الوَجْهَيْنِ ، الَّذِي يَأْتِي هَؤُلاَءِ بِوَجْهٍ ، وَهَؤُلاَءِ بِوَجْهٍ» يەنى «كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمىچى بولۇپ، ئۇ ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كۆرۈنىدۇ» [1].

6. مۇناپىقلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋابالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشتا ھوشيارلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

### ◄ مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىنى پاش قىلىدىغان مىساللار

﴿مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى ٱسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّآ أَضَآءَتْ مَا حَوْلَهُۥ ذَهَبَ
ٱللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِى ظُلُمَٰتٍ لَّا يُبْصِرُونَ ﴿١٧﴾ صُمٌّۢ بُكْمٌ عُمْىٌ
فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ ﴿١٨﴾ أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَٰتٌ وَرَعْدٌ
وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمْ فِىٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ ۚ
وَٱللَّهُ مُحِيطٌۢ بِٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾ يَكَادُ ٱلْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَٰرَهُمْ ۖ كُلَّمَآ
أَضَآءَ لَهُم مَّشَوْا۟ فِيهِ وَإِذَآ أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا۟ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَذَهَبَ
بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَٰرِهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17ـ ئۇلار گوياكى (قاراڭغۇ كېچىدە) مەشئەل[2] ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، مەشئەل ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يو-رۇقلۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالدۇردى، ئۇلار (ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» 9ـ توم، 71ـ بەت، 7179ـ ھەدىس.

[2] بۇ ئورۇندىكى «نَار» يەنى «ئوت» دېگەن سۆزدىن مەشئەل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى ئوت ئىسسىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يورۇقلۇق ھاسىل قىلىپ يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن يېقىلغان ئوتتۇر.

**18ـ ئۇلار گاستۇر(ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر(ھەق سۆزنى قىلمايدۇ)، كوردۇر (توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار(ئازغۇنلۇقىدىن) قايتمايدۇ.**

**19ـ ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.**

**20ـ چاقماق ئۇلارنى كۆز نۇرىدىن ئايرىپ قويغىلى تاس قالىدۇ، چاقماق ئۇلارغا ھەرقاچان يورۇق چۈشۈرگەندە، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. (چاقماق ئۆچۈپ) قاراڭغۇلۇق باسقاندا بولسا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، مۇناپىقلار ئۈچۈن ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

بىرىنچى مىسال: مۇناپىقلار ئازراق ۋاقىت ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ۋە بالىچاقىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ۋاقىتلىق كاپالەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ھەرگىزمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە پۇرسەت تاپسىلا ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ۋاقىتلىق ئالدىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانى قەتئىي ئالدىيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغان زامانلاردا، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق نەيرەڭلىرى ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۇلار چوقۇم خارلىققا دۇچار بولىدۇ. بۇ خۇددى كېچىدە يورۇقلۇق ھاسىل قىلىپ يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن مەشئەل ياققان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەشئەل ئۆچۈپ قېلىپ قاراڭغۇلۇقتا گاڭگىراپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ.

شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن، ئۇنى كۆرۈشتىن ۋە ئۇنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم قالغان مەخلۇقلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن ۋە ئۇلارنىڭ زىيان-زەخمەتلىرىدىن ساقلانسۇن دەپ، مۇناپىقلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىل ئىللەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئىككىنچى مىسال: ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان«قۇرئان كەرىم»گە مۇناپىقلار شەك كەلتۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن خۇش بېشارەتنىڭ، ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئازابنىڭ خەۋىرى بار. ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار بار. ئۇنىڭدا يەنە مۇناپىقلارنى پاش قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەيتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئايەتلەر بار. «قۇرئان كەرىم»دە غەنىيمەت ۋە باشقا مەنپەئەتلەر توغرۇلۇق ئايەت نازىل بولغان ھامان مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇلاردىن ھېچ ئايرىلمايدۇ. ئەمما جىھاد توغرۇلۇق ئايەت چۈشسە، مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە بارلىق رەزىللىكلىرىنى ئوچۇقلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى يوشۇرالمايدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ بۇنداق خاراكتېرى خۇددى قاتتىق يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى گۈلدۈرمامىنىڭ قاتتىق ئاۋازى بىلەن قۇلاقلىرى گاس بولۇپ قالغان ۋە قورقۇنچتىن قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋالغان، چاقماقنىڭ يورۇقىدا ئازراق ماڭالىغاندىن كېيىن، چاقماقنىڭ نۇرى ئۆچۈشى بىلەن قاراڭغۇدا قېلىپ، ھەيرانلىق ھەم ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىدىغان ئايەتلەر نازىل بولغان ۋاقىتتا قورقۇپ كېتىپ قۇلاقلىرىنى ھەم ئېتىۋالىدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى ۋە ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكىدىن پايدىلىنىپ بىرئاز ئارام تاپقان بولۇپ، جىھاد ئايەتلىرى نازىل بولغان ھامان يەنە غەمگە چۆكىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خۇددى چاقماق سوققاندەك بىراقلا يوق قىلىۋېتىشكىمۇ قادىردۇر. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى مۇناپىقلارغا مۆھلەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار قىلىشتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن مىساللار ۋە ئوخشىتىشلار بايان قىلماقچى بولغان مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان بەدىئىي ئۇسلۇبتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى يورۇتىدىغان مەشئەلدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

4. كاپىرلارنىڭ ئەڭ يامىنى مۇناپىقلاردۇر.

5. ئايەتتە «قۇرئان كەرىم» يامغۇرغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى، خۇددى يامغۇر قۇرغاق زېمىننى ياشارتىپ تىرىلدۈرگەندەك، «قۇرئان كەرىم» مەنىۋى ئۇزۇقتا تەشنا دىللارنى تىرىلدۈرىدۇ.

6. «قۇرئان كەرىم»دىكى ۋەدىلەر، ئاگاھلاندۇرۇشلار كەسكىنلىكتە ۋە قاتتىقلىقتا چاقماق بىلەن گۈلدۈرمامىغا ئوخشىتىلغان.

## ◄ ئاللاھنىڭ بىرلىكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فِرَٰشٗا
وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَخۡرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ
رِزۡقٗا لَّكُمۡۖ فَلَا تَجۡعَلُواْ لِلَّهِ أَندَادٗا وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٢﴾ وَإِن كُنتُمۡ
فِي رَيۡبٖ مِّمَّا نَزَّلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا فَأۡتُواْ بِسُورَةٖ مِّن مِّثۡلِهِۦ وَٱدۡعُواْ
شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ
وَلَن تَفۡعَلُواْ فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ
لِلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

21-ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار[1]

[1] كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ﴾ دېگەن ئايەتكە «ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دەپ مەنە بېرىپ، «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىسىلەر» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ۋە ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەت يەنە «ئەگەر

ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار[1].

22ـ ئۇ سىلەرگە زېمىننى سېلىنچا ۋە ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇ ئارقىلىق سىلەرگە تۈرلۈك مېۋىلەردىن رىزىق چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. شۇڭا، سىلەر بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

23ـ ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز (مۇھەممەد)كە نازىل قىلغان قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە (قۇرئان ئىنسان سۆزىدۇر دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.

24ـ ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار ــ ھەرگىزغۇ قىلالمايسىلەر ــ ئۇنداقتا، كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

## ◄ تەپسىرى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دەپ باشلانغان ئايەتلەر مەككىلىكلەرگە قارىتىلغان، ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دەپ باشلانغان ئايەتلەر مەدىنىلىكلەرگە قارىتىلغان. ئەمما بۇ يەردىكى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دېگەن خىتاب بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان ئومۇمىي خىتاب بولۇپ بالاغەتكە يەتمىگەن باللار بىلەن ئەقىل- ھوشى جايىدا بولمىغانلاردىن باشقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[2].

---

سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلساڭلار، تەقۋادار كىشىلەردىن بولىسىلەر» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مۇپەسسىرلەر ھەر ئىككى مەنىنى توغرا دەپ قارايدۇ. ﴿تَتَّقُونَ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە: «ساقلىنىش»، «قوغدىنىش» ۋە «قورقۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بۇ سۆز «تەقۋالىق» دېگەننىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بىز ئۇنى بۇ ئورۇندا «ساقلىنىش» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

[1] بۇ يەردىكى ئىبادەت-ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

[2] «تفسير البغوي» 1ـ توم، 71ـ بەت.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، ﴿ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ﴾ دېگەن ئايەتنى «يېگانە رەببىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئەمەل- ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالاتتى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مەككىلىكلەرگە ۋە جىمى ئىنسانىيەتكە چاقىرىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى جاكارلىغان ۋە ئۇلارنى بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ ئىقرار قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

ئەللامە قۇرتۇبىي ﴿ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ يەردىكى ئىبادەت-ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبادەتنىڭ ئەسلى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر»[2].

ئەللامە ئەبۇلھەسەن ۋاھىدى[3] ﴿ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ﴾ دېگەن ئايەتنى «رەببىڭلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئەمرىگە بويسۇنۇڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى ھەم پەرۋىش قىلغۇچى رەببى ئىكەنلىكىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ يەككە-يېگانە ياراتقۇچىسىدۇر ۋە يېگانە ئىلاھتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن،

---

[1] «تفسير الطبري» 1- توم، 364- بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 1- توم، 216- بەت.

[3] ئەبۇلھەسەن مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلۋاھىدى-تەپسىر، ھەدىس، ئەرەب تىلى، ئەرەب ئەدەبىياتى، تارىخ قاتارلىق ئىلىملەردە ئالاھىدە تونۇلغان ئالىم، «أسباب النزول» يەنى (ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ۋە «البسيط»، «الوسيط»، «الوجيز» ناملىق تەپسىرلەرنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ، ئىراننىڭ شەرق شىمالىدىكى خۇراسان رايونىنىڭ پايتەختى نىشاپور شەھرىدە تۇغۇلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 468-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشى، ئۇلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلىشى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ يولى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق دەستۇرى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق قىلغان ئادەم ھەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ، ھەم تەقۋادار كىشىلەردىن بولالايدۇ.

مەلۇمكى، مۆئمىن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياقىدىغان سۈپىتى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا تايىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زېمىننى ئىنسانلارنىڭ يەرلىشىپ، خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن خۇددى سېلىنچىغا ئوخشاش قىلىپ بەرگەن، ياخشىلىق ۋە بەرىكەتنىڭ مەنبەسى قىلىنغان ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ياراتقان، بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق زېمىندىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، دانلارنى ۋە مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىپ، بارچە مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى تەمىن ئەتكەن زاتتۇر. شۇڭا، يارىتىش، پەرۋىش قىلىش، رىزىق بېرىش قاتارلىق ئىلاھىي سۈپەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى بۇ ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن شۇنداق سۈپەتلىگەن يەردە، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشى، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىشى، توسقانلىرىدىن يېنىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ئايەتتىن كېيىن، ئۇلارغا خىتاب قىلىپ شۇنى بايان قىلىدۇكى، ئى ئىنسانلار ئەگەر سىلەر بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»گە شەك كەلتۈرسەڭلار، بارچە ئىمكانىيەتلىرىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق ياردەمچىڭلارنى ۋە ئاتالمىش مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىپ، مۇشۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! چۈنكى،«قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ سىلەر ئادەتتە قوللىنىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋە سىلەرنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلىڭلاردا نازىل بولغان بىر كىتابتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تالانتلىق شائىرلار ۋە

ئەدەبىياتتا يېڭىلمەيدىغان ئاتاقلىق ئەدىبلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەگەر سىلەر «قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزىدۇر» دېگەن گېپىڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار بارلىق ياردەمچىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ مۇنازىرىسىگە جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار قېنى!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق كاپىرلارغا شۇنداق دوئېل ئېلان قىلىدۇكى، سىلەر ھەر قانچە قىلىپمۇ قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيسىلەر، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلغان بولساڭلار ھەقىقەتكە قايتىڭلار ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلغاندىلا سىلەر ئۆزۈڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدىغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قالغان بولىسىلەر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنى «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش بىرەر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ دوئېل ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇسلۇبتا، بەدىئىيلىكتە ۋە پاساھەتتە «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە ئەمەس، بەلكى بىرەر ئايەتنىمۇ مەيدانغا چىقىرىشتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي تەرەپلىرى ئىنساننىڭ تەپەككۇر سەۋىيەسىدىن يۇقىرى، ئاللاھدىن ئىلاھىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن دۇنياغا مىسلىسىز مۆجىزە ئىكەنلىكىنى زاماننىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم-پەن ئىسپاتلىماقتا.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

2. ئىنسانىيەتنىڭ تا ھازىرغىچە «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى ۋە مۆجىزىسىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

3. دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اتَّقُواْ النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ

ثَمَرَةٍ» يەنى «بىر خورمىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش بەندىلەرنىڭ ئۈستىگە قەرز ھەم پەرزدۇر. چۈنكى، ئىبادەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

5. ئاللاھ تائالانى بارچە گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش پەرزدۇر.

6. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك مۇكاپاتلار

﴿وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّٰتٖ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُۖ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٖ رِّزْقٗا قَالُواْ هَٰذَا ٱلَّذِي رُزِقْنَا مِن قَبْلُۖ وَأُتُواْ بِهِۦ مُتَشَٰبِهٗاۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞۖ وَهُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25-(ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ھەر قېتىم جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا (كۆرۈنۈشتە دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە) ئوخشايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك ھۆرلەر بار، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى: ئى پەيغەمبەر! «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 109-بەت، 1417-ھەدىس.

سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە سىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپىگە لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن، دەل-دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ئاشۇ ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدۇ ۋە ئاشۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇ جەننەتلەردە ئۇلار ھېچ كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان ۋە خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، كۆڭۈللىرىگە ياقىدىغان، لەززەتلىك نازۇ-نېمەتلەر بار. ئۇلار جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن ھەر قېتىم نېمەتلەنگەن ۋاقتىدا: «بىز بۇ مېۋىلەرنىڭ ئوخشىشىنى دۇنيادا كۆرگەن ۋە يېگەن ئىدۇق، ئەمما تەمى، لەززىتى بىز دۇنيادا كۆرگەن ۋە يېگەن مېۋىلەرگە ئوخشىمايدىكەن، بۇنداق لەززەتلىك مېۋىلەرنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ۋە تېتىپ باقمىغان» دېيىشىدۇ. جەننەتتە مۆئمىنلەرگە ھەرخىل مېۋىلەر ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئىشتىھاسىغا قاراپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، كۆڭۈللەر كۆنگەن نەرسىسىگە مايىل بولىدۇ. جەننەتتە يەنە ئۇلار ئۈچۈن ئىنسان ياكى جىن يېقىنلىشىپ باقمىغان، خۇددى گۆھەر ساقلانغاندەك نەچچە قات پەردىلەر ئىچىدە ئاۋايلاپ ساقلانغان ھۆر قىزلار بار. بۇ ھۆر قىزلار ھەرقانداق پاسكىنىلىق ۋە كەمچىلىكلەردىن ۋە ئاياللارغا خاس ئايلىق ئادەتلەردىن ھەمىشە پاك تۇرىدۇ (يەنى جەننەتتىكى ئاياللار ھەيز كۆرمەيدۇ).

جەننەتكە لايىق بولغان مۆئمىنلەر جەننەتلەردە مەڭگۈ شۇنداق نازۇ-نېمەتلەر ئىچىدە تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار جەننەتتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، باشقىسىنىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ، ئۇ جەننەتلەردىن چىقىرىلمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان مۇكاپاتىدۇر.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، جەننەتنىڭ نازۇ-نېمەتلىرى سان-ساناقسىز ۋە ھەر تۈرلۈك بولۇپ، ئىنسان ئەقلى ئۇنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتتە ۋە باشقا ئايەتلەردە جەننەتتىكى مېۋىلەرنى، تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەرنى ئىسمىلىرى بىلەن بايان قىلىشى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ۋە بارچە نېمەتلىرى لەززەت ۋە ھالاۋەت جەھەتتە بۇ دۇنيانىڭكىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرىدۇر. جەننەتلەردە كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ باشقا بىر ئايەتتە: ﴿وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ ٱلْأَنفُسُ وَتَلَذُّ

﴿ٱلۡأَعۡيُنُۖ وَأَنتُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٧١﴾ يەنى ﴿جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىسىلەر﴾[1] دېگەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. جەننەتكە كىرگەنلەر ئۇ جايدا مەڭگۈ تۇرىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار ۋە كىشىلەرنىڭ مەۋقەسى

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسۡتَحۡيِۦٓ أَن يَضۡرِبَ مَثَلٗا مَّا بَعُوضَةٗ فَمَا فَوۡقَهَاۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلٗاۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرٗا وَيَهۡدِي بِهِۦ كَثِيرٗاۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقِينَ ٢٦ ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ٢٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

26ـ شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ؛ بۇ مىسال بىلەن پەقەت پاسىقلارنى ئازدۇرىدۇ.

27ـ (ئۇ) پاسىقلار ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 71ـ ئايەت.

بۇزىدىغان، ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَٱسْتَمِعُوا۟ لَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَن يَخْلُقُوا۟ ذُبَابًا وَلَوِ ٱجْتَمَعُوا۟ لَهُۥ ۖ وَإِن يَسْلُبْهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيْـًٔا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلْمَطْلُوبُ﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ، ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىۋالالمايدۇ. (دېمەك) تەلەپ قىلغۇچىمۇ، تەلەپ قىلىنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار «ئاللاھ بۇنداق نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىغاندۇ؟» دېگەنگە ئوخشىغان بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشقان. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسْتَحْىِۦٓ أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا ۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[2].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دېمەكچى بولغانلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەقسەت قىلىنغان مەنىگە تۇرلۇك مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، مىسال كەلتۈرۈش مەنىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنى تېخىمۇ روشەن ئوچۇقلاشتا پايدىلىق ئۇسۇلدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پاشا ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنىمۇ مىسال قىلىپ كەلتۈرسە كەلتۈرۈۋېرىدۇ، بۇنىڭدىن ھېچ تارتىنىپ قالمايدۇ.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 73- ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 1- توم، 231- بەت.

ناۋادا، مىسال كەلتۈرۈلمەكچى بولغان نەرسە ئىسلام دىنى ۋە پەيغەمبەر- نىڭ راستلىقىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئىشلار بولسا كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ نۇر ۋە قۇياشقا ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلەر بولىدۇ؛ مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسە بۆت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەر بولسا كەلتۈرۈلگەن مىساللارمۇ پاشا، چىۋىنغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەردىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە پاشا بىلەن تۆگە يارىتىلىش جەھەتتە ئوخشاشتۇر، چۈنكى، ئىككىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر.

مۇئمىنلەر قەلبلىرىدىكى ھىدايەت نۇرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدۇ، ئەمما كاپىرلار بولسا، ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزى «ئاللاھ پاشىغا ئوخشاش بۇنداق ئاددىي نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلغاندۇ؟» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە كەلتۈرگەن مىساللار بىلەن كۆپ كىشىلەر ئازغۇنلۇقتا قالغان بولسا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ھىدايەت تاپتى ۋە توغرا يولدا يۈرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. زادى ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلاردىن باشقىسى ئازغۇنلۇقتا قالمايدۇ. خۇسۇسەن يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا نامى ۋە سۈپەتلىرى تولۇق يېزىلغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتقان ۋە ئۆز كىتابلىرىنىمۇ ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان ئازغۇنلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بەزىسىگە ئىشەنمەيدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلسا، خرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ قولىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەقلىقىغا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلار بار تۇرۇپ، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە كاپىرلىقى ئۆزلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا خەلقلەرگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر ئىلگىرى ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىپ باقمىغان خەلق بولغانلىقتىن، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن بىلىملىك دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى توغرۇلۇق شەكلىنىپ قالغانلىقتىن، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلاردىن: «مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەقمۇ ياكى بىزنىڭمۇ؟»

دەپ سورىغان. ئەمما يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇشرىكلارغا: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن ياخشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. شەكسىزكى، كاپىرلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

﴿عَهۡدَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ھەر خىل باياناتلاردا بولغان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر ﴿عَهۡدَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بۇيرۇغان ئەمر-پەرمانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزغانلىقىدۇر، دېگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالا روھىي ئالەمدە ئىنسانلاردىن ئالغان ۋەدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن ۋە مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان: ﴿وَإِذۡ أَخَذَ رَبُّكَ مِنۢ بَنِيٓ ءَادَمَ مِن ظُهُورِهِمۡ ذُرِّيَّتَهُمۡ وَأَشۡهَدَهُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَلَسۡتُ بِرَبِّكُمۡۖ قَالُواْ بَلَىٰ شَهِدۡنَآۚ أَن تَقُولُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ إِنَّا كُنَّا عَنۡ هَٰذَا غَٰفِلِينَ ١٧٢ أَوۡ تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أَشۡرَكَ ءَابَآؤُنَا مِن قَبۡلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةٗ مِّنۢ بَعۡدِهِمۡۖ أَفَتُهۡلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ: «ھەئە، ئەلۋەتتە (سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشىمىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى ياكى «ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلىقىمىز بار، ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر﴾[1]. بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم روھىي ئالەمدە ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

يەنە بەى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ بارلىق كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى

[1] ئەئراف سۈرىسى: 172-173- ئايەتلەر.

ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە مۇشۇنداق ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ روشەن دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنى قوبۇل قىلمىغانلار ئاللاھ تائالاغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىدۇ»[1].

تەپسىرى سەئدىي ۋە تەپسىرى جەزائىرىي قاتارلىق تەپسىرلەرگە ئاساسلانغاندا، ﴿عَهۡدَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن سۆز ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئىتائەت قىلىش، تۇغقانچىلىق ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىگە ئەمەل قىلغانلىق سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋەياكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، شۇنداقلا دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىنى بۇزغانلىق ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىق سانىلىدۇ.

ئەللامە شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان چېغىدا ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ۋەدىلەر مۇشۇ ۋەدىگە ئەگىشىدۇ، يەنى ئىنسان مەيلى بىرەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بەرگەن بولسۇن ياكى ئىنسانلارغا ۋەدە بەرگەن بولسۇن، بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. چۈنكى، سەن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئىكەنسەن، ئۇنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنلىرىغىمۇ ئىمان ئېيتىشىڭ ۋە ئەمەل قىلىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلساڭ، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغان بولىسەن»[2]. چۈنكى، ئىمان مەسئۇلىيەتتۇر. يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئادەم ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرۈشكە قەسەمياد قىلغان ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتا تارتىنىشقا بولمايدۇ.

---

[1] «تفسير الطبري» 1- توم، 411- ئايەت.

[2] «تفسير الشعراوي» 12- توم، 7275- بەت.

2. «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار ۋە ئوخشىتىشلار بايان قىلىنماقچى بولغان مەسىلىنى تېخىمۇ روشەن چۈشەندۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ھەقىقەتلەر بىلەن مۆئمىنلەر ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ، كاپىرلار بولسا ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ پاتىدۇ.

4. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، سۆزىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

## ◄ ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى

﴿كَيۡفَ تَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمۡ أَمۡوَٰتٗا فَأَحۡيَٰكُمۡۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يُحۡيِيكُمۡ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٢٨ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ٢٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

28ـ(ئى كاپىرلار!) ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ جانسىز ئىدىڭلار، ئۇ سىلەرگە ھايات بەخش ئەتتى، كېيىن جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

29ـئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتقان، ئاندىن ئاسمانغا يۈزلىنىپ، ئۇنى نۇقسانسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىغان زاتتۇر. ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كايىپ شۇنى بايان قىلىدۇكى، سىلەر قايسى دەلىل ۋە قايسى ئىلىمڭلارغا ئاساسلىنىپ يېگانە رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر يارىتىلىشتىكى پاك ھالىتىڭلارغا قارايدىغان بولساڭلار، مەۋجۇتلۇق-قۇۋۋەتلىرىڭلار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇنىڭ دىنىنى ئېتىراپ قىلىش ئېھتى

بىلەن يارىتىلـ-ـغانلىقىڭلارنى بىلەتتىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقى سىرتىدا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلدى ۋە سىلەرنىڭ قەدرىڭلارنى كۆتۈرۈپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى. ئاندىن سىلەرنىڭ بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە يۆتكىلىدىغان ۋاقتىڭلارنى بەلگىلىدى. سىلەر ئاخىر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا سىلەر بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق ھېساب بېرىسىلەر، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن سىلەر يوق ئىدىڭلار، شۇڭا تىلغىمۇ ئېلىنمايتتىڭلار. مانا بۇ سىلەرنىڭ جانسىزلىق ھالىتىڭلار. ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەرنى ياراتتى، چىرايلىق سۈرەتتىكى راۋۇرۇس ئىنسان قىلدى. ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقاندا سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىش ئارقىلىق سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ يارىتىلىشتىن بۇرۇنقى جانسىز ھالىتىڭلارغا قايتۇرىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ»[1]. «قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ﴿قَالُواْ رَبَّنَآ أَمَتَّنَا ٱثۡنَتَيۡنِ وَأَحۡيَيۡتَنَا ٱثۡنَتَيۡنِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ﴾[2] دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سىلەر ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىنغا قاراڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى ۋە سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇردى. سىلەر بۇ زېمىننىڭ سىرىنى ۋە نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشۇڭلار ئۈچۈن بۇ يېتەرلىك ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ يەتتە ئاسماننى ھېچبىر ئەيىب-نۇقسانسىز قىلىپ ئۈستۈڭلاردا ياراتقانلىقىدۇر. ھەرقانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك، كائىناتنى ئۈرنەكسىز ياراتقان يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنىڭ سىرلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى

---

[1] «تفسير الطبري» 1- توم، 425- بەت.

[2] غافىر سۈرىسى: 11-ئايەت.

ئوبدان بىلىدۇ.

ئەڭ توغرىسى، بىز ئاسماننىڭ قانداق يۈكسەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز لازىم.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى ئەسلى ھالىتىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بوۋاق ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر بولغان ھالەتتە تۇغۇلىدۇ.

2. كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

3. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

## ◄ ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەنلىكى

﴿وَإِذۡ قَالَ رَبُّكَ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ خَلِيفَةٗۖ قَالُوٓاْ
أَتَجۡعَلُ فِيهَا مَن يُفۡسِدُ فِيهَا وَيَسۡفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحۡنُ نُسَبِّحُ بِحَمۡدِكَ
وَنُقَدِّسُ لَكَۖ قَالَ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٣٠ وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلۡأَسۡمَآءَ
كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمۡ عَلَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِي بِأَسۡمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ
إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٣١ قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ لَا عِلۡمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمۡتَنَآۖ
إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ٣٢ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ أَنۢبِئۡهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡۖ فَلَمَّآ
أَنۢبَأَهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡ قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِ وَأَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا كُنتُمۡ تَكۡتُمُونَ ٣٣ وَإِذۡ قُلۡنَا
لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ وَٱسۡتَكۡبَرَ وَكَانَ
مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٣٤﴾

## تەرجىمىسى

30ـ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (ئىنسان)نى ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇلۇغلايمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.

31ـ ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى (ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى) ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «(ئورۇنباسارلىققا ئادەمدىن بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى.

32ـ پەرىشتىلەر: «(ئى رەببىمىز!) بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.

33ـ ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى شەكسىز بىلىپ تۇرىمەن، سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنىمىدىم؟» دېدى.

34ـ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلغىلى) ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

## تەپسىرى

تەسىرلىك قىسسىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەش «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. قىسسىلەر كىشىلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى، ئۆتمۈشلەردىكى ئىشلاردىن ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن

باشلاپ، كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئورۇن ئالغان. ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿لَقَدۡ كَانَ فِي قَصَصِهِمۡ عِبۡرَةٞ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋات قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەر يۈزىدە بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئىنسان يارىتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەر بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى سوراش تەرىقىسىدە ئاللاھ تائالاغا دەيدۇكى: «ئى رەببىمىز! ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئىش قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانلىقتىن، خاتالىقلارنى ۋە يەر يۈزىدە قان تۆكۈشتەك جىنايەتلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدىغان، بىلىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلمەيدىغان شۇ ئىنساننى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىزدە گۇناھ ۋە ئاسىيلىقلارنى سادىر قىلىش خاھىشى بولمىغانلىقتىن، بىز ساڭا ھېچقانداق ئاسىيلىق قىلمايمىز، ھەمىشە سېنى بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ئادەمگە قارىغاندا بىز بەكرەك ھەقلىق ئەمەسمۇ؟» ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ شۇ مەنىدە دېگەنكى، مەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن – يەر يۈزىنى قانداق يول بىلەن ئاۋات قىلىش ۋە بۇ ۋەزىپىگە كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. مەن يارىتماقچى بولغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنداق بىر ئىنسانلاركى، ئۇلاردا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئامىللىرى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىلەن يەر يۈزى تەرەققىي قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشىمنىڭ ھېكمىتىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئاندىن بۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىققا ‹بىز ئادەمدىن ھەقلىق› دېگەن

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 111-ئايەت.

دەۋايىڭلار راست بولىدىغان بولسا، قېنى بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلار؟» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالا قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا: ﴿(ئى رەببىمىز!) بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾ دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆگىتىلگەن شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئادەم ئۇلارنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئورۇنباسار بولالمايدىغانلىقىنى تولۇق بىلىپ يېتىدۇ.

﴿خَلِيفَةً﴾ يەنى ئورۇنباسار-ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى باسقۇچى دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى قىسسە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى نەقەدەر ھۆرمەتلىك قىلغانلىقى، ھەتتا پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: «ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى بىلدۈرگىنكى، رەببىڭ پەرىشتىلەرگە ‹ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار› دېگەن ھامان، بارلىق پەرىشتىلەر بۇ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلدى، پەقەتلا ئىبلىس ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئادەمگە بۇ ھۆرمەت سەجدىسىنى قىلغىلى ئۇنىمىدى، رەببىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى، ئىبلىس شۇنىڭ بىلەن كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى ۋە تا قىيامەتكىچە رەببىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولدى» دەيدۇ.

ئىبلىسنى ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقۇزغان نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن تەكەببۇرلۇق ۋە ئاسىيلىق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئىماننىڭ ئاساسلىق تەلپى ئەمەل بولۇپ، ئىماننىڭ ئىپادىسى ئەمەل ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئىماننىڭ راستلىقى ئەمەل بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئەمەل ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن پەرزلەرنى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئورۇندىماي، ئۆزىنى مۇئمىن، مۇسۇلمان

دەپ يۇرگۇچىلەر قاتتىق ئىھتىيات قىلىشى كېرەككى، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ كاپىرلاردىن بولۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن-ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە ئىبلىس ﴿رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ٣٦﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! مېنى (مەخلۇقات) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر ھايات قالدۇرغىن﴾ [1] دېگەن تەلپىدە ئاللاھ تائالانى «رەببىم» دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاپىر ئىدى، چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى.

ئېتىقادنىڭ تەلپى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە، كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ۋە بۇلاردىن باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش بولسا، ئەمەلنىڭ تەلپى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى جان-دىل بىلەن ئورۇنداشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئىماننىڭ مېۋىسىنى كۆرگىلى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ ئۆگىنىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

2. ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر.

3. پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلدۈرگەن ھېكمەتلەرنى بىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگىدۇر.

### ◄ ئىنسان تەبىئىتى ۋە شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرلىرى

﴿وَقُلۡنَا يَٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ وَكُلَا مِنۡهَا رَغَدًا حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٣٥﴾

---

[1] ھىجر سۈرىسى: 36-ئايەت.

فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ عَنۡهَا فَأَخۡرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِۖ وَقُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ
بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ
حِينٖ ٣٦ فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٖ فَتَابَ عَلَيۡهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ
ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ٣٧ قُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ مِنۡهَا جَمِيعٗاۖ فَإِمَّا يَأۡتِيَنَّكُم
مِّنِّي هُدٗى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ
٣٨ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ٣٩

## تەرجىمىسى

35-بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرغىن! سىلەر جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق.

36-شەيتان ئۇ ئىككىسىنى (مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ) خاتالاشتۇردى، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقارغۇزۇۋەتتى. بىز (ئادەم، ھەۋۋا ۋە ئىبلىسقا): «بىر-بىرىڭلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە سىلەرگە ۋاقىتلىق يەرلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش بار» دېدۇق.

37-ئادەم رەببىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (ۋە تەۋبە قىلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

38-بىز (ئۇلارغا) «ھەممىڭلار جەننەتتىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن ھىدايەت كەلگەن چاغدا، مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشكەنلەرگە ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق.

39-كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار-ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

## تەپسىرى

بۇ ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قىسسىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئايالى ھەۋۋا بىلەن بىرلىكتە جەننەتتە تۇرۇش ۋە جەننەتتە مېۋىسىنى يېيىش چەكلەنگەن مەلۇم بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا، بارلىق مېۋىلەردىن ۋە تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەردىن كەڭتاشا يەپ، بەھرىمەن بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ لەنەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىتىش ئارقىلىق ئادەمدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى تۈرلۈك نەيرەڭلىرى بىلەن ئالداشقا كىرىشىدۇ ۋە ئاخىر ئۇلارغا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈشتە غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئادەم بىلەن ھەۋۋا چەكلەنگەن مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەۋبىنى قانداق قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشنى ئىلھام قىلىدۇ: ﴿رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَـٰسِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾[1]. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا بۇ دۇئانى ئوقۇپ سەمىمىي تەۋبە قىلىدۇ.

تەۋبە- گۇناھقا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا قايتىش دېگەنلىك بولۇپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ تُوبُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار﴾[2] دەپ بۇيرۇغان. گۇناھ سادىر قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ دەرھال تەۋبە قىلىشى زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. ﴿وَإِنِّي

[1] ئەئراف سۈرىسى: 23-ئايەت.
[2] تەھرىم سۈرىسى: 8- ئايەت.

﴿لَغَفَّارٌ لِّمَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا ثُمَّ ٱهْتَدَىٰ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمگە ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىمەن﴾[1]. ئەمما تەۋبە تىل بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ شەرتلىرى بار. تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تەۋبىنىڭ شەرتلىرى:

1. گۇناھتىن قول ئۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش. گۇناھتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ، «تەۋبە قىلدىم» دېگەننىڭ پايدىسى يوق.

2. قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاش. گەرچە تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە گۇناھ قىلىش نىيىتى بولسا، ئۇنىڭ قىلغان تەۋبىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

3. سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش. قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇش تەۋبىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىستىغفار ــ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿أَسْتَغْفِرُاللهَ وَأَتُوبُ اِلَيْهِ﴾ (ئەستەغفىرۇللاھە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھ) يەنى «گۇناھلىرىمغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىنى ئىنسانلار بىلەن ئاۋات قىلىش، گۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياراتقانلىقى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ئۆزىدىن ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان بىر مەسىلە بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى مەۋجۇداتلارنىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلاشنى تەقەززا قىلغانلىقتىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانىڭ جەننەتتە ئۆتكۈزۈپ قويغان بۇ خاتالىقى ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە ۋە يەر يۈزىگە چۈشۈپ ماكانلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، ھەزرىتى ئادەم، ئايالى ھەۋۋا ۋە ئىبلىس ئۈچى يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلار بىلەن ئىبلىسنىڭ

[1] تاھا سۈرىسى: 82- ئايەت.

تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار تا قىيامەتكىچە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشقان ھالدا يەر يۈزىدە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدىغانلىقى، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەم-قايغۇ چەكمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ بولىدىغانلىقىدىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿قُلْنَا ٱهْبِطُواْ مِنْهَا جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَاىَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى﴿هُدًى﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەغەۋىي ۋە قۇرتۇبىي قاتارلىق تەپسىرلەردە «پەيغەمبەرلەر ۋە ساماۋى كىتابلار» دەپ مەنە بېرىلگەن[1]. تەپسىرى تەبەرىيدە «دىن ۋە دىنىنىڭ بايانى»[2] دەپ مەنە بېرىلگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ توغرا يولنىڭ يېتەكچىلىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارنىڭ ھىدايەتنىڭ بايانى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ئەسلى ساماۋى كىتابلارغا ئەگەشكەنلەر قەتئىي ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى ئارقىلىق ھىدايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئىككىسىگە مەركەزلەشكەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىتائەتسىزلىك ۋە گۇناھ-مەئسىيەت بارچە بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش بەخت-سائادەتنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك ئامانلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

3. شەيتانلارنىڭ كاتتىبېشى ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنى قانداق

---

[1] «تفسيرالبغوي» 5- توم، 301- بەت.

[2] «تفسيرطبري» 18- توم، 389- بەت.

ئازدۇرغان بولسا، شەيتانلارمۇ ئىنسانلارنى شۇنداق ئازدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھاياتلىقتىكى بۇ بىر ئۆمۈرلۈك كۆرەشتە، ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلغان، نەپسىنى پاكلىغان، روھىنى يۈكسەلدۈرگەنلەر ئۇتۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسىدۇر.

4. كاپىرلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

### ◄ ئىسرائىل ئەۋلادى ۋە ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلار

﴿يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَوۡفُواْ
بِعَهۡدِيٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ وَإِيَّٰيَ فَٱرۡهَبُونِ ﴿٤٠﴾ وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ
مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦۖ وَلَا تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي
ثَمَنٗا قَلِيلٗا وَإِيَّٰيَ فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾ وَلَا تَلۡبِسُواْ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُواْ
ٱلۡحَقَّ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٤٢﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ
مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

40-ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار.

41-مەن قولۇڭلاردىكى (تەۋرات)نى تەستىقلىغۇچى قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى (بۇرمىلاپ) ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.

42-ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار.

43-نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، (ئاللاھقا) رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادى بولغان يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ۋە ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا نۇرغۇنلىغان ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان، ئۇلارنى بارلىق مىللەتلەردىن ئەزىز ھەم ھۆرمەتلىك قىلغان، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلدۇرغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇلاردىن ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، ئۇنىڭ كىتابى بولغان «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆزگەرتمەسلىك، بۇرمىلىماسلىق ۋە ئالماشتۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە ۋەدە ئالغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇلارغا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان. لېكىن يەھۇدىيلار ھەر زامان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرغان، «تەۋرات»تىكى ھەقىقەتلەرنى، خۇسۇسەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەرنىڭ كۆپلىرىنى بۇرمىلىغان، بەزىسىنى كىتابلىرىدىن چىقىرىۋەتكەن.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغىچىلىك مەۋجۇت بولغان «تەۋرات»تا بەزى ھەقىقەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغاندەك، قەستەن ئۆزگەرتىش سەۋەبلىك «تەۋرات»تىن بولمىغان بەزى سۆزلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئورۇن ئالغان. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئەزەلدىن ئازغىنە دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى سېتىۋېتىشتىن ئىككىلىنىپ قالمىغان مىللەتتۇر.

ئاخىردا ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ بۇرمىلىماسلىققا، يوشۇرماسلىققا، ئۆزگەرتىۋەتمەسلىككە، ھەممە پەيغەمبەر بۇيرۇپ كەلگەن ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشىغان پەرزلەرنى تولۇق ئورۇنداشقا بۇيرۇغان.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1.ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھەربىر بەندە ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**3. ھەقىقەتنى دادىل سۆزلەش پەزىلەت، ئۇنى يوشۇرۇش ئېغىر گۇناھتۇر.**

**4. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەردىن يوشۇرغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تېگىشلىك بولغۇچىلاردۇر.**

## ◄ يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى

﴿أَتَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبِرِّ وَتَنسَوۡنَ أَنفُسَكُمۡ وَأَنتُمۡ تَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۚ
أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٤٤﴾ وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا
عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ ﴿٤٥﴾ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ
رَٰجِعُونَ ﴿٤٦﴾ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ
وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن
نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ
يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**44-كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟**

**45-سەۋر[1] ۋە ناماز بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. شەكسىزكى، ناماز ئاللاھقا قەلبىدىن باغلانغان كىشىلەردىن باشقىسىغا ئېغىر كېلىدۇ[2].**

**46-(ئاللاھقا قەلبىدىن باغلانغانلار) رەببى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.**

---

[1] بۇ ئايەتتىكى سەۋر ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى سەۋر تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەۋر ئىسلام ئاتالغۇسىدا: ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولۇش، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ئىشلارغا رازى بولۇش دېگەنلىكتۇر.

[2] ئايەتتە كەلگەن «خاشىئىن» دېگەن سۆز «خشوع» نىڭ پائىل شەكلى بولۇپ، قەلبى ئاللاھ تائالاغا مەھكەم باغلانغان ۋە كۆڭلى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇرغاننى ئىپادىلەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تۇرغۇچى دەپ تەپسىر قىلغان.

47ـئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە (بىر زامانلاردا) سىلەرنى پۈتكۈل جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار.

48ـكىشى كىشىگە قىلچە ئەسقاتمايدىغان، (ئاللاھ ئىجازەت بەرمىگۈچە) ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، كاپىرلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە ياخشى-ياماننى بىلىدىغان يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا كايىپ دېدۈكى، ئى يەھۇدىي ئۆلىمالىرى! سىلەرنىڭ ھالىڭلار نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق، نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك ھە! سىلەر كىشىلەرنى «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايسىلەر، بارچە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭلار باشلامچى بولۇپ قىلىسىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسلىكنىڭ ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. ئۇنداق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. ئەگەر سىلەر توغرىسىنى قىلماقچى بولساڭلار، سىلەرنى يامان ئىشلارغا چاقىرىدىغان شەيتىنىڭلارنى ۋە يامان نەپسىڭلارنى يېڭىش ئۈچۈن سەۋر بىلەن ناماز ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، سەۋر بىلەن ناماز روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان، نەپسنى پاكلايدىغان ۋە كۆڭۈلنى شاد قىلىدىغان ئەمەللەردۇر.

﴿الصبر﴾ (سەۋر) دېگەن سۆز لۇغەتتە: ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش[1] دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا چىدام، ساقلىنىش، تەقدىرگە رازى بولۇش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كېلىدۇ. سەۋر «قۇرئان كەرىم»دىمۇ مۇشۇ ئۈچ مەنىدە كەلگەن.

## ◄ «چىدامچانلىق» مەنىسىدىكى سەۋر

«چىدامچانلىق» مەنىسىدىكى سەۋر ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئەمەل-ئىبادەتتە ۋە ھەقىقەت يولىدىكى بارلىق كۈرەشلەردە مۇستەھكەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر.

[1] «لسان العرب لابن منظور» 4ـ توم، 437ـ بەت، «الصحاح للجوهري» 706ـ بەت.

﴿رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا فَٱعۡبُدۡهُ وَٱصۡطَبِرۡ لِعِبَٰدَتِهِۦۚ﴾ يەنى ﴿ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن﴾[1]، ﴿وَأۡمُرۡ أَهۡلَكَ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصۡطَبِرۡ عَلَيۡهَاۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشتا) چىداملىق بولغىن﴾[2]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱصۡبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ۝٢٠٠﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[3] دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن ﴿الصبر﴾ «چىدامچانلىق» مەنىسىدە كەلگەن.

### ◄ «ساقلىنىش» مەنىسىدىكى سەۋر

«ساقلىنىش» مەنىسىدىكى سەۋر- ئاچچىقنى ۋە غەزىپىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ قَبۡلَ طُلُوعِ ٱلشَّمۡسِ وَقَبۡلَ ٱلۡغُرُوبِ ۝٣٩﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن﴾[4]، ﴿وَإِنۡ عَاقَبۡتُمۡ فَعَاقِبُواْ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبۡتُم بِهِۦۖ وَلَئِن صَبَرۡتُمۡ لَهُوَ خَيۡرٞ لِّلصَّٰبِرِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر﴾[5] دېگەن ئايەتلەردىكى سەۋر گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش مەنىسىدە كەلگەن.

---

[1] مەريەم سۈرىسى: 65- ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى: 132- ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 200- ئايەت.
[4] قاف سۈرىسى: 39- ئايەت.
[5] نەھل سۈرىسى: 126- ئايەت.

### «تەقدىرگە رازى بولۇش» مەنىسىدىكى سەۋر

«تەقدىرگە رازى بولۇش» مەنىسىدىكى سەۋر- ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ئىشلارغا رازى بولۇپ، بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٥٥ ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَٰجِعُونَ ١٥٦﴾ يەنى ﴿ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[1]، ﴿فَٱصْبِرْ صَبْرًا جَمِيلًا﴾ يەنى ﴿چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن﴾[2]. بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك ئۆزىنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىك ۋە تەقدىرگە رازى بولۇش مەنىسىدە كەلگەن.

﴿وَلَنَجْزِيَنَّ ٱلَّذِينَ صَبَرُوٓاْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ٩٦﴾ يەنى ﴿(ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتا) چىداملىق بولغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن بېرىمىز﴾[3] دېگەن ئايەت يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك سەۋرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئايەتتىكى مۇكاپات ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي مۇكاپاتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى سەۋر بىلەن نامازغا بۇيرۇغانلىقىنىڭ سىرى شۇكى، سەۋر يۇقىرىقى مەنىلىرى بىلەن دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، بۇ يولدىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرىشتە، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشتا ئەڭ ياخشى مەدەتكار بولغىنىدەك، ناماز ئەڭ كۈچلۈك روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. ناماز بەزى كىشىلەر ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلىدۇ. ئەمما بۇ ناماز دىلى ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن بېزەلگەن، چىن يۈرىكىدىن ئاللاھ تائالاغا باغلانغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھالاۋەت ۋە راھەتتۇر. چىن قەلبىدىن ئاللاھ تائالاغا باغلانغان بۇ كىشىلەر ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ناماز، زاكات قاتارلىق پەرزلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندايدۇ ھەم كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن خۇشال قىلالايدۇ. شەكسىزكى، ناماز مۇئمىن ئادەم

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 155ـ156ـ ئايەتلەر.

[2] مەئارىج سۈرىسى: 5ـ ئايەت.

[3] نەھل سۈرىسى: 96ـئايەت.

ئۇچۇن خۇشاللىق ۋە ھالاۋەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جُعِلَتْ قُرَّةُ عَيْنِي فِي الصَّلَاةِ» يەنى «مېنىڭ خۇشاللىقىم نامازدا قىلىندى»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا بۇيرۇغان ناماز ئىسلام دىنىدىكى نامازمىدى ياكى يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئىتىدىكى مەخسۇس نامازمىدى؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇ ناماز ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئىدى، ئەمما شەكلى باشقىچە ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب ئىسلام دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇلارغا ۋە ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسلەشكە دەۋەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاستە ياكى بەدەل ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! سىلەر ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن دىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئاخىرەتلىكىڭلارنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر؟ سىلەرنىڭ دىنىي دەستۇرۇڭلار بولغان «تەۋرات» سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغانلارنىڭ قىلغان تەربىيەسى ئۈنۈملۈك بولمايدۇ.

2. قىيىنچىلىقلارغا چىدامچانلىق بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

3. ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر.

4. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

[1] «سنن أبي داود» 7- توم، 61-بەت، 3940- ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان، «المعجم الصغير للطبراني» 2- توم، 39-بەت، 741-ھەدىس.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى

﴿وَإِذْ نَجَّيْنَٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ
يُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ ۚ وَفِى ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن
رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٤٩﴾ وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ ٱلْبَحْرَ فَأَنجَيْنَٰكُمْ وَأَغْرَقْنَآ
ءَالَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٠﴾ وَإِذْ وَٰعَدْنَا مُوسَىٰٓ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ
ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾ ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُم
مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ
وَٱلْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿٥٣﴾ وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ إِنَّكُمْ
ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلْعِجْلَ فَتُوبُوٓا۟ إِلَىٰ بَارِئِكُمْ فَٱقْتُلُوٓا۟
أَنفُسَكُمْ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ ۚ إِنَّهُۥ
هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٤﴾ وَإِذْ قُلْتُمْ يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى
ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾ ثُمَّ بَعَثْنَٰكُم
مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٦﴾ وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْغَمَامَ
وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ۖ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ ۚ
وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٥٧﴾ وَإِذْ قُلْنَا ٱدْخُلُوا۟
هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةَ فَكُلُوا۟ مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا وَٱدْخُلُوا۟ ٱلْبَابَ سُجَّدًا
وَقُولُوا۟ حِطَّةٌ نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَٰيَٰكُمْ ۚ وَسَنَزِيدُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٨﴾
فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِى قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى ٱلَّذِينَ
ظَلَمُوا۟ رِجْزًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿٥٩﴾ ۞ وَإِذِ ٱسْتَسْقَىٰ
مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ فَقُلْنَا ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْحَجَرَ ۖ فَٱنفَجَرَتْ مِنْهُ ٱثْنَتَا
عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ
ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٦٠﴾

## تەرجىمىسى

49ـئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى پىرئەۋن گۇرۇھىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق. ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) ھايات قالدۇراتتى. (بېشىڭلارغا كەلگەن) ئاشۇ ئىشتا رەببىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى بار ئىدى.

50ـئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنى سىلەر ئۈچۈن يېرىپ (يول ئېچىپ) سىلەرنى قۇتقۇزغان ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلغان ئىدۇق.

51ـئۆز ۋاقتىدا بىز مۇساغا قىرىق كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى بېرىشنى) ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالغان ئىدىڭلار.

52ـشۇنىڭدىن كېيىن، (ئەقىل تېپىپ) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئەپۇ قىلغان ئىدۇق.

53ـئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتاب (تەۋرات)نى بەرگەن ئىدۇق.

54ـئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى (يەنى موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى) ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئىدى. (سىلەر بۇنى ئورۇندىدىڭلار) شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

55ـئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار-دە، قاراپ تۇرغان چېغىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى.

56ـئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈردۇق.

57ـبىز سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنە چۈشۈرۈپ بېرىپ: «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەڭلار» (دېدۇق). ئەمما ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىپ) بىزگە ئەمەس، بەلكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلدى.

58ـئۆز ۋاقتىدا (ئەجدادلىرىڭلارغا): «بۇ شەھەرگە (بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (ھۆرمەت بىلدۈرۈپ) ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار، ‹(ئى رەببىمىز!) بىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار)، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (ئىشنى) مۇكەممەل[1] قىلغۇچىلارغا (مۇكاپاتىنى) ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدۇق.

59ـ(ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق.

60ـئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى)، تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر ئايماق ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق).

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە بۇ نېمەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ نېمەتلەر ئون چوڭ نېمەتتۇر.

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندash بولغان يەھۇدىيلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ياد ئېتىشكە چاقىرىدۇ ۋە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

1. ئى يەھۇدىيلار گۇرۇھى! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنى زالىم پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزدى. ئۆز ۋاقتىدا پىرئەۋن چۈشىدە، قۇددۇس شەھىرىدىن بىر ئوت چىقىپ مىسىرنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىچە قورقۇپ كېتىپ بارلىق چۈش تەبىرچىلىرىنى

[1] ئايەتتىكى ﴿الْمُحْسِنِينَ﴾ دېگەن سۆز ﴿الْإِحْسَانِ﴾ (ئېھسان) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئېھسان-ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەل قىلىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن قالسا ئەڭ مۇھىم مەرتىۋىسىدۇر.

ھۇزۇرىغا چاقىرتىدۇ ۋە كۆرگەن چۈشى ھەققىدە ئۇلاردىن تەبىر سورايدۇ. تەبىرچىلەر ئۇنىڭغا، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدىغانلىقى، بۇ ئوغۇلنىڭ ئۇنىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پىرئەۋن گۇرۇھى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى پىرئەۋن زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ، مىسىردىن سالامەت چىقىپ كېتىشىڭلارغا دېڭىزدىن يول ئېچىپ بېرىدۇ.

2. شۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئەجدادلىرىڭلارنى قوغلاپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېڭىز، كەينىدە زالىم قوشۇن، ئەجدادلىرىڭلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئامالسىز قالغاندا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى كېلىپ، ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن دېڭىز يېرىلىپ ئوتتۇرىسىدىن بىر قۇرۇقلۇق يول ئېچىلغاندىن كېيىن، ئەجدادلىرىڭلار قىرغاققا سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ كۆزى ئالدىدا سۇغا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

3. ئى يەھۇدىيلار! ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ئۇنى مىسىرنىڭ تۇر تېغىغا بېرىپ قىرىق كۈن ئېتىكاپ قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا، ئۇ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئەجدادلىرىڭلارغا مەسئۇل قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام «تەۋرات»نى ئېلىپ قايتىپ كەلگىچە ئەجدادلىرىڭلار بىر موزاينى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنىدۇ، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە كىرمەيدۇ. بۇ ئىش ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كەڭ پەزل-مەرھەمىتى بىلەن ئەجدادلىرىڭلارنىڭ بۇ ئېغىر جىنايىتىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

4. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدا يۇرۇشۇڭلار، ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئېتىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى «تەۋرات»نى دىنىي دەستۇر قىلىپ بەرگەنلىك نېمىتىنى ئۇنتۇماڭلار.

ئايەتتىكى «فۇرقان» دېگەن سۆز «ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تەۋرات»نىڭ سۈپىتى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۆجىزىلەرنى، دىنىي ئەھكاملارنى ۋە توغرا ئىلىملەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى بەربات قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىپ بەرگەن.

5. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادىڭلار موزايىنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنغاندا، پەيغەمبىرىڭلار مۇسا سىلەرگە ﴿فَٱقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ﴾ يەنى ﴿ئۆزۈڭلارنى (يەنى موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى) ئۆلتۈرۈڭلار﴾ دېگەندە، سىلەر ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈردۈڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ئۇنتۇماڭلار.

6. ئى يەھۇدىيلار! سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ﴿لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً﴾ يەنى ﴿بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾ دېگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسلەڭلار.

7. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مىسىر بىلەن شام ئوتتۇرىسىدىكى كەنئان چۆلىدە يولدىن ئېزىپ چۆلدە سەرسانلىقتا قىرىق يىل تۇرۇپ قالغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش، ئاسماندىن بۆدۈنە بىلەن تەرەنجىۋىل چۈشۈرۈپ بېرىش ۋە نازۇ-نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن ھايات قالدۇرغانلىقىنى ئەسلەڭلار.

8. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام زالىم قەۋمگە قارشى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلغان چاغدا، ئەجدادىڭلار ئۇنىڭغا: ﴿فَٱذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ﴿٢٤﴾﴾ يەنى ﴿سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾[1] دېگەن ئەدەپسىز سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنى قاتتىق رەنجىتكەندىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

9. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىگە كىرىشتە، ئىشىكنى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن ئېگىشقا بۇيرۇلغىنىدا، ئۇلار بۇ ئەمرگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا غادىيىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

10. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار چۆلدە سۇسىزلىقتىن زارلانغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرۇشقا ئەمر قىلغانلىقى ۋە تاشتىن سۇ چىقىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 24-ئايەت.

### ئەسكەرتىش

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلغان. ھالبۇكى، يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەر ئۇلار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، يەھۇدىيلار ئەزەلدىن توغرا-خاتانى ئايرىماستىنلا ئەجدادلىرىنىڭ تەرىپىنى تۇتىدىغان، ئۇلارنىڭ تارىختىكى جىنايەتلىرى ۋە تۈرلۈك رەزىللىكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئەجدادلىرىنىڭ مەككار-لىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە قىلىۋالغان بىر مىللەتتۇر. بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر مىسالى، قەدىمكى يەھۇدىيلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن گۇناھسىز، پاك پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ كەلگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارمۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم سۈيىقەست پىلانلىغان. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ تَفۡعَلۡ فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)نى يەتكۈزگىن، ئەگەر (بۇنى) قىلمىساڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەش-لىكىدىن ساقلايدۇ﴾[1] دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغان.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئەقىللىي ئىنسانلىق بۇرچىدۇر. نېمەتلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسەت كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشتۇر.

2. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەرخىل قىيىن سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ.

3. ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە كىتابلارنىڭ نازىل قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈندۇر.

5. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش ئوپئوچۇق كۇفرىلىقتۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.

چۈنكى، ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ.

**6.** دىندىن يېنىۋېلىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىش شۇ دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

**7.** ھالال يېيىشمۇ ئىبادەتتۇر. ھالال-ھارام ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بەلگىلەنگەندۇر.

**8.** ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ياماندۇر.

**9.** «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈرۈش ئېغىر گۇناھتۇر.

**10.** سۆز ۋە ئەمەلدە راستچىل بولۇش مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ تۈزكورلۇقى ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى سەرسان ھاتايى

﴿وَإِذۡ قُلۡتُمۡ يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصۡبِرَ عَلَىٰ طَعَامٖ وَٰحِدٖ فَٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ
يُخۡرِجۡ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۢ بَقۡلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا
وَبَصَلِهَاۖ قَالَ أَتَسۡتَبۡدِلُونَ ٱلَّذِي هُوَ أَدۡنَىٰ بِٱلَّذِي هُوَ خَيۡرٌۚ ٱهۡبِطُواْ
مِصۡرٗا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلۡتُمۡۗ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ
وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ٦١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**61**-ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (شۇنچە ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلىنىپ تۇرۇپ): «ئى مۇسا! بىز بىر خىللا يېمەكلىك بىلەن ھەرگىز تۇرالمايمىز، سەن بىز ئۈچۈن رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن (بولۇپمۇ) تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېگەن ئىدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (ئۇنداقتا) سىلەر شەھەرگە كىرىڭلار، تىلىگىنىڭلار (شۇ يەردە) بار» دېدى. ئۇلار خارلىققا، موھتاجلىققا مەھكۇم قىلىندى. ئاللاھ تەرەپتىن غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈر-

گەنلىكى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى.

### ◄ تەپسىرى

بۇ يەھۇدىيلارنىڭ تۇزكورلۇقىنى بايان قىلغان يەنە بىر قىسسە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئاسىيلىقى ۋە سالغان جاپالىرىنى بايان قىلغان. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ تۇزكورلۇق ۋە ئاسىيلىق ئادىتى بويىچە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۆزلىرىگە سۇسىز قاقاس چۆلدە يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە ئاسماندىن ھەرخىل نازۇ-نېمەتلەرنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆلۈم ھالاكىتىدىن ساقلاپ قالغانلىقى قاتارلىق چوڭ ئىنئاملىرىغا قانائەت قىلمىغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ۝٦٠﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار﴾[1] دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن ئېسىل رىزىقلىرىغا شۈكۈر قىلماستىن، باشقىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ، ئاچكۆزلۈك قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرى جاپالىق ئىشلەپ يېيىشكە مەجبۇر بولىدىغان بىر شەھەرگە ھەيدىلىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار مۇساپىرچىلىق، سەرسانلىق، ۋەتەنسىزلىك قاتارلىق خار-زەبۇنلۇقلارغا دۇچار بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەۋەتكەن گۇناھسىز، پاك پەيغەمبەرلەردىن زەكەرىييا، يەھيا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىنىڭ جازاسى ئىدى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئىمان ئېيتماسلىق ۋە پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەنلىك مەقسىدە بولۇش ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش توغرىسىدا تەسەللى بېرىش بىلەن بىرگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارنى ئەجدادلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن خارلىق، سەرسانلىق ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلىنىشتىن ئىبارەت ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئەسلىتىپ ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن قەلبلىرى تاشتەك

[1] بەقەرە سۈرىسى: 60- ئايەت.

بولۇپ كەتكەن بۇ گۇناھكار يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىبرەت ئالمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بويىچە ئىش كۆرگەن. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ خۇددى ئەجدادلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش خارلىق ۋە سەرسانلىق بىلەن نەتىجىلەنگەن.

ئەسىرلەردىن بېرى خارلىق ۋە سەرسانلىقتا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىن زېمىنىدا زوراۋانلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەزىزلىكىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ۋە ئەنسىزلىكىنى ئاشۇرماقتا.

ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ھازىر كۈچسىز ۋە ئاجىز بىر ھايات كەچۈ-رۈۋاتىمىز. دىنىمىزنىڭ ئەسلىگە قايتىپ، بۇ دىنني پۈتۈن ھايات ساھەلىرىمىزدە خۇددى ئەسرى سائادەتتىكى(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى) مۇسۇلمانلاردەك تەتبىقلاپ ياشىمىغۇچە بىزگە نىجاتلىق يوقتۇر. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡۗ﴾ يەنى ﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت بىزنى ئاگاھلاندۇرماقتا.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

2. ھەقىقىي شۈكۈر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

3. ئەخلاقنىڭ ناچارلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسى دوزاختۇر.

### ◄ مەڭگۈلۈك نىجاتلىق ھەقىقىي ئىماندىدۇر

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ مَنۡ ءَامَنَ

[1] رەئد سۈرىسى: 11-ئايەت.

بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٢﴾

## تەرجىمىسى

62ـشەكسىزكى، (بۇ ئۈممەت ئىچىدىكى) مۆئمىنلەرگە ۋە يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار، سابىئىيلەر[1] ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ۋە ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاماندىشلىرى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولغان ئومۇمىي قانۇننى مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەيلى يەھۇدىيلاردىن بولسۇن، ياكى خرىستىـ-يانلاردىن ۋەياكى يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن بولسۇن، مەيلى قايسى ئۇرۇقتىن ۋە قايسى مىللەتتىن بولسۇن، بۇرۇن قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا نازىل بولغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنى ئىپادىلىگەن ھالدا دىندا بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ قاتارلىق ئەمەللەرنى ئادا قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ، بەلكى بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا، جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. ﴿قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِن يَنتَهُوا۟ يُغْفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كاپىرلىقتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ﴾[2] بۇ ئايەت ئىسلام دىنىدىكى

[1] سابىئىيلەر-پەرىشتىلەر بىلەن يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئەنفال سۈرىسى: 38-ئايەت.

باراۋەرلىككە ئەڭ ئېسىل مىسالدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نەسەبنىڭ ياكى مىللەتنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر، ھەقىقىي قىممەت ئىماندىدۇر. قايسى مىللەتتىن، قانداق نەسەبتىن بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

2. بىراۋنىڭ ئاغزاكى ئىمان ئېيتىپ قويۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ساناپ يۈرۈشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولسىمۇ، ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ئىمان چىن يۈرەكتىن ئىشىنىپ ئېيتقاد قىلىشتۇر. شۇڭا مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارچە مۇئامىلىگە ئېرىشكەن بىلەن، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدۇر.

3. چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئەمەللىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قورقۇنچتىن ۋە غەم-قايغۇدىن يۇتۇنلەي يىراق بولغان بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشى ۋە لەنەتكە ئۇچرىشى

﴿وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ
ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱذۡكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ٦٣ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُم
مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۖ فَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَكُنتُم مِّنَ
ٱلۡخَٰسِرِينَ ٦٤ وَلَقَدۡ عَلِمۡتُمُ ٱلَّذِينَ ٱعۡتَدَوۡاْ مِنكُمۡ فِي ٱلسَّبۡتِ
فَقُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ٦٥ فَجَعَلۡنَٰهَا نَكَٰلٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهَا
وَمَا خَلۡفَهَا وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ٦٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**63**-ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويۇپ، سىلەرگە: «(ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا

ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق).

64ـ شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ۋەدەڭلاردىن يېنىۋالدىڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار.

65ـ ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى چەكلىمىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى) سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېگەن ئىدۇق.

66ـ بىز بۇ جازانى ئۇلارنىڭ زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت قىلدۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا خەۋەر بېرىدۇكى، ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆز ۋاقتىدا ئەجدادلىرىڭلارنى «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىشقا ئەمر قىلغان بولساقمۇ، ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، بىز ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇپ تۇرۇپ، «ئەگەر ۋەدە بەرمىسەڭلار بۇ تاغنى ئۈستۈڭلارغا تاشلايمىز» دەپ، ئۇلاردىن «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىش توغرۇلۇق ۋەدە ئالغان ئىدۇق.

«تەۋرات» شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئۇلار ئۈچۈن بىردىنبىر ھىدايەت كىتابى ئىدى، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ۋەز-نەسىھەتلەر بار ئىدى. ئۇلار «تەۋرات»قا ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە چىن ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالدى، بۇرۇن بەرگەن ۋەدىسىگە بولسا خىلاپلىق قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى ئۇلارنى قوغداپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا بولغان بولاتتى.

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە ئېنىقكى، شەنبە كۈنى سىلەرنىڭ مەخسۇس ئىبادەت قىلىدىغان كۈنۈڭلار بولغانلىقتىن، بۇ كۈندە بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىڭلاردىن بەزىلىرى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلدى. ئاللاھ تائالا ئەجدادلىرىڭلارنى سىناش يۈزىسىدىن چوڭ بېلىقلارنى دەريا قىرغاقلىرىغا كۆرۈنۈپ كېلىشكە بۇيرۇغاندا، ئۇلار قىرغاقتىكى چوڭ

بىلىقلارنى كۆرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلىنغان ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغان، ھەتتا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا غەزەپلەنگەنلىكتىن، ئۇلارغا ﴿كُونُوا۟ قِرَدَةً خَـٰسِـِٔينَ﴾ يەنى ﴿خارلانغان ھالدا مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار﴾[1] دېيىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى ۋە خارلىقنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زاماندىشلىرىغا ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلغان ئىدى.

ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بۇ قىسسىلەردىن ئەڭ ئاۋۋال سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار زۆرۈردۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنىڭ قىلمىشلىرىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر.
2. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنغا تولۇق ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.
3. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداپ، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئىتائەتچانلىقنىڭ ۋە ھەقىقىي تەقۋادارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.
4. ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللىنىش ئېغىر گۇناھتۇر.

### ◄ كالا بوغۇزلاش قىسسىسى

﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا۟ بَقَرَةًۭ ۖ قَالُوٓا۟
أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًۭا ۖ قَالَ أَعُوذُ بِٱللَّهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْجَـٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾ قَالُوا۟
ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِىَ ۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌۭ لَّا فَارِضٌۭ
وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌۢ بَيْنَ ذَٰلِكَ ۖ فَٱفْعَلُوا۟ مَا تُؤْمَرُونَ ﴿٦٨﴾ قَالُوا۟ ٱدْعُ لَنَا
رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوْنُهَا ۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌۭ صَفْرَآءُ فَاقِعٌۭ
لَّوْنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّـٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾ قَالُوا۟ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِىَ إِنَّ
ٱلْبَقَرَ تَشَـٰبَهَ عَلَيْنَا وَإِنَّآ إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهْتَدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ
إِنَّهَا بَقَرَةٌۭ لَّا ذَلُولٌۭ تُثِيرُ ٱلْأَرْضَ وَلَا تَسْقِى ٱلْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌۭ لَّا شِيَةَ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 65- ئايەت.

فِيهَاۚ قَالُواْ ٱلْـَٰٔنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُواْ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾ وَإِذْ
قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَٱدَّٰرَٰٔتُمْ فِيهَاۖ وَٱللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٧٢﴾
فَقُلْنَا ٱضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَاۚ كَذَٰلِكَ يُحْيِ ٱللَّهُ ٱلْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ
لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٧٣﴾

### تەرجىمىسى

67ـ(قاتىلى نامەلۇم بىر جىنايەت سادىر بولغان) بىر ۋاقىتتا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «سەن بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «(مەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ) نادانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

68ـئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىن، رەببىڭ بىزگە ئۇنىڭ قانداق (كالا) ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بەرسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى چوقۇم قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن، دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى.

69ـئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ئۇ كالىنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى».

70ـئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ قانداق كالا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلسۇن، بىز قانداق كالا بوغۇزلايدىغانلىقىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. (ئېنىق بولغاندىن كېيىن) ئاللاھ خالىسا، بىز ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولىنى چوقۇم تاپىمىز» دېيىشتى.

71ـمۇسا: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەشكە، زىرائەت سۇغىرىشقا كۆندۈرۈلمىگەن، بىجىرىم، رەڭگىدە ئالىسى يوق كالا بولسۇن دەيدۇ» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، ئۇلار بۇنى ئورۇندىيالمىغىلى تاس قالغان ئىدى.

72ـئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، بۇنى بىر ـ بىرىڭلارغا دۆڭگەشكەن ئىدىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر يوشۇرغاننى ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر.

73ـ(سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە (مۇشۇنداق) كۆرسىتىدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە ياشىنىپ قالغان بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا بالىسى بولغانىكەن. بالىنىڭ تاغىسىنىڭ بالىلىرى بۇ باينىڭ مىراسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بالىنى ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلغان بولۇۋېلىپ جېدەل چىقىرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىر كالا بوغۇزلاشقا، ئاندىن كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار كالىنى بوغۇزلاپ ئۇنىڭ گۆشى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۆلۈك تىرىلىپ ئۆزىنىڭ قاتىللىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتىللار ئاشكارىلىنىدۇ[1]. بۇ ھەقتە كەلگەن باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى بۇ مەزمۇننى چۆرىدەيدۇ. مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قاتىللىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرى بولغان يەھۇدىيلار جامائەسىگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى، سىلەر ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا دېگەنلىرىنى ئەسكە ئېلىڭلار، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تَذۡبَحُواْ بَقَرَةٗۖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ﴾ دېگەندە، ئۇلار دەرھال بۇ ئەمرنى بەجا كەلتۈرمەستىن، كالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، رەڭگىنى ۋە سۈپەتلىرىنى سوراش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا تەلەپنى قاتتىق قويىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۇلارغا بوغۇزلىماقچى بولغان كالىنىڭ قانداق كالا ئىكەنلىكى روشەن بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كالىنى بوغۇزلاشقا بەل باغلاپ، ئۇنى ئىزدىدى.

[1] «تفسير الطبري» 2ـتوم، 184ـبەت، «التفسير الواضح» 1ـ توم، 46ـبەت.

كالىنى ئانىسىغا ۋاپادار بىر يېتىم بالىنىڭ يېنىدىن تاپتى، كالىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سودىلاشتى. ئاخىر كالىنى ئۇنىڭ تېرىسى توشقۇچىلىك ئالتۇنغا سېتىۋالدى[1]. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىر كالىنى بوغۇزلىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى ئورۇندىيالمىغىلى تاس قالغان ئىدى. چۈنكى، يېتىم بالا كالىنى سېتىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇلار بۇ ئەمرنى ئورۇندىيالمايتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندىاش بولغان يەھۇدىيلارغا يەنە شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى، سىلەر ئەجدادلىرىڭلارنىڭ بىگۇناھ بالىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن جىنايەتنى باشقىلارغا ئارتىش ئۈچۈن جېدەل چىقارغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قاتىللىق جىنايىتىنى خۇددى سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرىنى يوشۇرغاندەك يوشۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنى ئەلۋەتتە ئاشكارا قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارغا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ۋە كېيىنكىلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈشىنىڭ شۇنچىلىك ئاسان ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتىكى ھېساب، جەننەت، دوزاخ ۋە باشقا ھەقىقەتلەر توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ۋە ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرغان.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى قىسسە ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى چوڭ جىنايىتىنى پاش قىلغان: ئۇلارنىڭ بىرى، يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كالا بوغۇزلاش مەسىلىسىدە مەسخىرە قىلغانلىقى، يەنە بىرى، بىگۇناھ بالىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۆز قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئىدى. ئاۋۋالقىسى ئۇلارنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە قىلىپ كەلگەن ناچار مۇئامىلىسى ۋە رەزىل تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى بولسا، ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ تا ھازىرغىچە قىلىپ كەلگەن قاتىللىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

بۇ قىسسىدە، يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ بەزى رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ مىساللىرى قەيت قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر

[1] «تفسير البغوي» 1ـ توم، 108ـ بەت

ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان قوپال مۇئامىلىسى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئەخلاقسىز مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2. مۇسۇلمان ئادەمدىن قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن «ئاللاھ خالىسا» دېيىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. گۇناھلا بولمىسا، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئاسان ۋە يېنىك بولغىنىنى قىلىش ياخشىدۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

5. يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى ئەزەلدىن سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن تولغان قارا تارىختۇر.

6. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن ئەڭ تاش يۈرەك ئىنسانلاردۇر.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى ۋە ئىمانسىزلىقى

﴿ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِىَ كَٱلْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً
وَإِنَّ مِنَ ٱلْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ ٱلْأَنْهَٰرُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ
فَيَخْرُجُ مِنْهُ ٱلْمَآءُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٧٤﴾ ۞ أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُوا۟ لَكُمْ وَقَدْ كَانَ
فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ
وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا لَقُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَا
بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوٓا۟ أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمْ
لِيُحَآجُّوكُم بِهِۦ عِندَ رَبِّكُمْ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَا يَعْلَمُونَ أَنَّ
ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٧﴾ وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ

ٱلْكِتَٰبَ إِلَّآ أَمَانِيَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٧٨﴾

## تەرجىمىسى

74ـشۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، ئۇ تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتتى. ھالبۇكى، تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ، (يۇقىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.

75ـ(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن تۇرسا، يەنە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟

76ـئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. بىر-بىرى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا بولسا: «ئىمان ئېيتقانلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىزگە قارشى پاكىت قىلىپ كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە (تەۋراتتا) بىلدۈرگەنلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتامسىلەر؟ (بۇنىڭغا) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دەيدۇ.

77ـيەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟

78ـئۇلارنىڭ ئىچىدە كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بىلمەيدىغان، پەقەت ئۇيدۇرمىلارغىلا قۇلاق سالىدىغان، خىيالغىلا تايىنىدىغان ساۋاتسىزلىرىمۇ بار.

## تەپسىرى

ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! سىلەر تاشتەك قاتتىق دىللارنىمۇ يۇمشىتىۋېتىدىغان، ئىنتايىن تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلىغان ۋە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار ھېچ يۇمشىمىدى، بەلكى تېخىمۇ بەك قېتىپ، ھەتتا تاشتەك ۋە تاشتىنمۇ قاتتىق بولۇپ كەتتى. ئادەتتە تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئىچىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئېرىق ۋە دەريالار ھاسىل بولىدىغانلىرى ۋە يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار. ئەمما سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا نە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، نە ئۇنىڭ مۆجىزىسى تەسىر قىلمىدى. گويا سىلەرنىڭ دىلىڭلار

تاشتەك قاتتىق بولۇپ قالغان، ھەتتا قاتتىقلىقتا تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتكەن. بۇ سەۋەبتىن سىلەر ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايسىلەر، قولۇڭلاردىن كېلىدىغانلىكى يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشتىن ھېچ ئىككىلەنمەيسىلەر. ئەمما ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەستۇر، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى ئەلۋەتتە بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا كايىغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى، «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇلاردىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى كۈتىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشىنىپ بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئۆزگەرتىۋەتتى ئەمەسمۇ؟ تەبىئىتىدە مۇشۇنداق ئاسىيلىق ۋە ئازغۇنلۇق بار بىر قەۋمنى قانداقمۇ ئىمان ئېيتىدۇ ۋە سېپىمىزگە قوشۇلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىسىلەر؟!».

يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە نامەردلىكىدىن ئىچكى دۇنياسىنى ۋە ئەقىدىسىنى مۇسۇلمانلاردىن يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا، ئۇلارغا: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ‹تەۋرات›تا بېشارەت بېرىلگەن پەيغەمبىرىمىزدۇر» دەيتتى. ئەمما ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن يالغۇز تېپىشقان چاغلىرىدا بولسا بىر-بىرىگە كايىپ: «سىلەر مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىگە ئۇنىڭ ‹تەۋرات›تىكى سۈپەتلىرىنى نېمىشقا دەپ بېرىسىلەر؟ ئۇلار سىلەرنىڭ بۇ ئېتىراپىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا سىلەرگە قارشى پاكىت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىمىدىڭلارمۇ؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارغا زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشنى بىلمەمسىلەر؟» دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شۇنداق رەددىيە بېرىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى، بىر-بىرىگە كايىشقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنى ئالداپ ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن كۆرسىتىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە «تەۋرات»نىڭ بېشارەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئاللاھ تائالا بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىشامدۇ؟ ئىش ھەرگىزمۇ ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلگەننىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە

يوشۇرغانلىرىنى ۋە ناھايىتى مەخپىي پىچىرلاشقانلىرىنىمۇ تولۇق بىلىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

يەقىرىقىلار ھەقىقەتنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرغان ۋە بىلىپ تۇرۇپ بۇرمىلىغان يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ ئەھۋالىدۇر. مەلۇمكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك ۋە كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئۇلارنىڭ سېپىگە كىرگۈزۈۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر. بۇنداق مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قېتىدا ئىكەنلىكىنى «قۇرئان كەرىم» بايان قىلماقتا.

ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوقۇمىغان، بىلمەيدىغان، ساۋاتسىز ئاۋاملار ئۆزلىرىنىڭ موللىلىرىنىڭ يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ: «بىز ئاللاھنىڭ ئەركە بەندىلىرىمىز، پەيغەمبەرلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ. بىز دوزاخقا كىرمەيمىز، كىرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ جايدا ئۇزۇن ۋاقىت قالمايمىز» دېيىشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خام-خىيالىدۇر، خالاس.

ئاللاھ تائالا بۇ قىسسە ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ شۇنداق دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن بۇنداقلارنى ئىمانغا كەلتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولما، ئۇلارنى ئىمانغا كەلمىدى دەپ بىئارام بولما! بۇنداق ئىنسانلاردا ياخشىلىق يوق، رەببىڭ ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشنى خالىغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھىدايەتنى ئىزدىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلغان بولاتتى. لېكىن ھىدايەت بىر ئۇلۇغ نېمەت بولغانلىقتىن، ئۇ سورالماستىن بېرىلمىگەندەك، ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇلغان دىنىنى ھەقىقەت دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە توغرىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئىرىشىپمۇ باقمىغان، ھەتتا ھەقىقەتنى تونۇپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلمىغان بۇنداق ھاكاۋۇر ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قەستەن ئىنكار قىلىش ئەڭ قاتتىق ئازغۇنلۇق ۋە رەزىللىكتۇر.

2. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىسىنى ئوبدان بىلگۈ-

چىدۇر.

3. دۇنيادا ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىغان ۋە دىنىي تەلىماتلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلار ئاساسەن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ نەپسى خاھىشىنىڭ ئارقىسىغا كىرگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئاۋام خەلقنىڭ ھەقىقەتتىن ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

4. بۇرۇنقى يەھۇدىيلار «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان ئازغۇن پىرقىلەر ۋە ھاكىمىيەتكە غالچىلىق قىلىدىغان جاناباقار موللىلار گەرچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى كىشىلەرگە ئۆزگەرتىپ خاتا چۈشەندۈرمەكتە. بۇمۇ ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

5. ئىككى يۈزلىمچىلىك مۇناپىقلارنىڭ ئاساسلىق قورالى بولۇپ، مۇنداقلار ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى تېزلا ئالداپ كېتىدۇ.

6. ئىنساننىڭ دىلى قارىيىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئىمانىمۇ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا قىلمىشلىرىنى ۋە كۆڭلىگە كەچۈرگەنلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىمانىمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ.

7. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق رەزىللىكتۇر.

8. ھەقىقىي ئۆلىمالار خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزلاردۇر. ئەمما ئۆلىمالىق تونىغا كىرىۋېلىپ دىننى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئاچكۆز، جاناباقار موللىلار بۇزغۇنچىلاردۇر.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ يالغانچىلىقى ۋە ئاللاھقا تۆھمەت قىلىشى

﴿فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ ٱلْكِتَـٰبَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَـٰذَا مِنْ
عِندِ ٱللَّهِ لِيَشْتَرُوا۟ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ
وَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا يَكْسِبُونَ ﴿٧٩﴾ وَقَالُوا۟ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا
مَّعْدُودَةً ۚ قُلْ أَتَّخَذْتُمْ عِندَ ٱللَّهِ عَهْدًا فَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ عَهْدَهُۥٓ ۖ أَمْ
تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٨٠﴾ بَلَىٰ ۚ مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَـٰطَتْ
بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٨١﴾

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨٢﴾

## تەرجىمىسى

79ـ كىتابنى ئۆز قولى بىلەن (ئۆزگەرتىپ) يېزىپ، ئاندىن ئۇنى ئازغىنە مەنپەئەت بەدىلىگە سېتىۋېتىش ئۈچۈن «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغاندۇر» دېگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! قولى بىلەن يېزىۋالغان نەرسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! (بۇ ئارقىلىق) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

80ـ ئۇلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەردىلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) دېگىنكى، «سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ؟ (ئەگەر ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟».

81ـ ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك ئەمەس. كىمكى گۇناھ قىلىدىكەن ۋە گۇناھقا پېتىپ كېتىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

82ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئەنە شۇ كىشىلەر جەننەت ئەھلىدۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇچىلاردۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، «تەۋرات»نى ئۆزىنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ، ئۆز خاھىشىغا كۆرە ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مەلۇمكى، بۇرۇنقى زامانلاردا مەتبەئە بولمىغانلىقتىن كىشىلەر كىتابلارنى نۇسخىلاپ كۆپەيتىشتە قولى بىلەن يېزىپ چىقىشقا مەجبۇر ئىدى. ئاۋام خەلقنىڭ ئارىسىدا كىتاب ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، يەھۇدىي ئۆلىمالىرى «تەۋرات»نى نۇسخىلاپ كۆپەيتىش جەريانىدا، ئۇنى شۇ ۋاقىتلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ خاھىشىغا ياكى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بەزى جايلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ يازاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەۋرات»تىكى

سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئاۋاملىرى ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق سورىسا، ئۇلار ئۆز قولىدىكى ساختا «تەۋرات» نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلارنى قايىل قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋام خەلق بىلمەستىن، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنەتتى ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلاتتى.

يەھۇدىي ئۆلىمالىرى بۇ قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئىككى چوڭ كەچۈ-رۈلمەس جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن بولدى. ئۇنىڭ بىرى، ھەقىقەتنى بۇرمىلاش، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا ئېيتمىغان سۆزلەرنى ئۇنىڭ نامىدىن توقۇپ چىقىش ئىدى. شۇڭا بۇنداقلارنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن بەلگىلىمىسىدۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر چوڭ گۇناھى بولسا، ئۇلارنىڭ خۇددى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغاندەك، «بىز دوزاخقا كىرمەيمىز، كىرگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت بىر قانچە كۈنلا تۇرىمىز» دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىچە كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇرۇق ئارزۇسىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش گۇناھقا پاتقانلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ ئىكەنلىكىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى، ئەمما ئىمان ئېيتىپ شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار قايسى مىللەتتىن ۋە قانداق ئىرقتىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ۋە جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىدىغان ۋە ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىدىغان ئازغۇنلارغا ئەگىشىش ئازغۇنلۇقتۇر. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا بەزى ئەھلى ئىلىملەر ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈمىنى ياقلاپ پەتىۋا بېرىش يولىنى تاللىۋالغان.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. ئېسىل نەسەبلىك كىشى بولۇش ياكى تەقۋادار، ھاجى-ھەرەم كىشىنىڭ ئەۋلادى بولۇش قىيامەتتە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆز ئەمەلىلا پايدا بېرىدۇ.

3. ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، بارلىق خاتالىقلىرىغا ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئادەم پۇشايماندىن

خالىي بولىدۇ ۋە قەلبى قارىيىپ كېتىش ھالاكىتىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

4. كىچىك گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق چوڭىيىدۇ ۋە ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا گۇناھلارنى كىچىك ساناشقا بولمايدۇ.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى

﴿وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ لَا تَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ
إِحۡسَانٗا وَذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسۡنٗا
وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنكُمۡ وَأَنتُم
مُّعۡرِضُونَ ٨٣ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ لَا تَسۡفِكُونَ دِمَآءَكُمۡ وَلَا
تُخۡرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ ثُمَّ أَقۡرَرۡتُمۡ وَأَنتُمۡ تَشۡهَدُونَ ٨٤ ثُمَّ
أَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ تَقۡتُلُونَ أَنفُسَكُمۡ وَتُخۡرِجُونَ فَرِيقٗا مِّنكُم مِّن
دِيَٰرِهِمۡ تَظَٰهَرُونَ عَلَيۡهِم بِٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ وَإِن يَأۡتُوكُمۡ أُسَٰرَىٰ
تُفَٰدُوهُمۡ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيۡكُمۡ إِخۡرَاجُهُمۡۚ أَفَتُؤۡمِنُونَ بِبَعۡضِ ٱلۡكِتَٰبِ
وَتَكۡفُرُونَ بِبَعۡضٖۚ فَمَا جَزَآءُ مَن يَفۡعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمۡ إِلَّا خِزۡيٞ فِي
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلۡعَذَابِۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ٨٥ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا
بِٱلۡأٓخِرَةِۖ فَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ٨٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

83-ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا-ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (شۇنداق يېنىۋالىسىلەر.

**84-ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن بىر-بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر-بىرىڭلارنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلغان ئىدىڭلار، (بۇنىڭغا) ئۆزۈڭلارمۇ گۇۋاھ.**

**85 -كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئاراڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ كەلگەندە بولسا، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى. سىلەر كىتابنىڭ (تەۋراتنىڭ) بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ (شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى) سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا بولۇش، قىيامەت كۈنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.**

**86-ئەنە شۇلار ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا (ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن) ياردەممۇ قىلىنمايدۇ.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشتەك رەزىل قىلمىشىنى پاش قىلغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلاردىن «تەۋرات»نىڭ تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق، ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، خۇسۇسەن، يېقىن تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىش، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئىنسانلارغا ھەر ئىشتا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ياخشى سۆز قىلىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قوزغاپ قان تۆكۈشمەسلىك، بىر-بىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىق ھەققىدە چىن ئەھدە ئالغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئەھدىنى بۇزىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىلىرىدىن پۈتۈنلەي يېنىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىچە ئىش كۆرىدۇ، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەننىڭ سىرتىدا، ئۆزلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن كەلگەن گۇناھسىز، پاك پەيغەمبەرلەرنىمۇ ناھەق ئۆلتۈرىدۇ ۋە يەر يۈزىدە بارچە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. يەھۇدىيلار يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق قىلماسلىق توغرۇلۇق ئاللاھ تائالاغا

ئەھدە بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتىكى: ﴿تَقۡتُلُونَ أَنفُسَكُمۡ﴾ يەنى ﴿بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار﴾ دېگەن جۈملە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەنلىك خۇددى ئۆزىنىڭ قېنىنى تۆككەنگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋە مەيلى قانداق مىللەتتىن ۋە قايسى دىندا بولسۇن، بىراۋنى ناھەق ئۆلتۈرۈشنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ﴿مِنۡ أَجۡلِ ذَٰلِكَ كَتَبۡنَا عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ أَنَّهُۥ مَن قَتَلَ نَفۡسَۢا بِغَيۡرِ نَفۡسٍ أَوۡ فَسَادٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ ٱلنَّاسَ جَمِيعٗا وَمَنۡ أَحۡيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحۡيَا ٱلنَّاسَ جَمِيعٗا﴾ يەنى ﴿مۇشۇ (قاتىللىق جىنايىتى) سەۋەبلىك ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇنداق بەلگىلىدۇق: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ﴾[1].

ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز مىللىتى، ئۆز دىنداشلىرى ۋە ئۆز يۇقرالىرى بولغان يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش، بىگۇناھ كىشىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، باشقا مىللەتتىن بولغان ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆز قەۋمىگە دۈشمەنلىك قىلىش قاتارلىق بىر قاتار رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «تەۋرات»نىڭ تەلىماتلىرىغا خىلاپلىق قىلغان ھالدا يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى، «تەۋرات»نىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى يامانلىقلاردىن، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن، جازانىخورلۇقتىن، ھارام يېيىشتىن مەنئى قىلىدىغان قىسمىنى ئىنكار قىلىشتەك ئېغىر رەزىللىكىنى پاش قىلىدۇ.

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئەۋس[2] قەبىلىسى بىلەن، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. بۇ ئىككى يەھۇدىي گۇرۇھى ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي دىنداشلىرىغا قارشى ئۇرۇشلارنى قىلاتتى. بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. ئەگەر ئۆزىنىڭ

[1] مائىدە سۈرىسى: 32-ئايەت.

[2] ئەۋس ۋە خەزرەج-ئۆز ۋاقتىدىكى مەدىنىدىكى مەشھۇر قەبىلىلەر ئىدى.

ئادەملىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، فىدىيە بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالاتتى. ئۇلارغا سىلەرنىڭ كىتابىڭلار «تەۋرات»تا بۇنداق قىلىش ھارام ئەمەسمىدى؟ دېيىلسە، ئۇلار: بىز «تەۋرات»تا فىدىيە تۆلەشكە بۇيرۇلغان، دەيتتى. ئاندىن ئۇلارغا: «تەۋرات»تا دىنداشلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قان تۆكۈڭلار، دەپ بارمۇ؟ ئەگەر بولسا قېنى كۆرسەتمەمسىلەر؟ دېيىلگەن ھامان ئۇزلىرىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، بىز پەقەت ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپلا ئۆز دىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قويىمىز، دەيتتى.

## ◀ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَوَاللَّهِ لَأَنْ يَهْدِيَ اللَّهُ بِكَ رَجُلًا وَاحِدًا ، خَيْرٌ لَكَ مِنْ أَنْ يَكُونَ لَكَ حُمْرُ النَّعَمِ» يەنى «سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئاللاھ بىر كىشىنى ھىدايەت قىلسا، بۇ سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. مەلۇمكى، قىزىل تۆگە ئەرەبلەردە ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىناتتى.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلغان ھالدا، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خالىس قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

3. ئاتا-ئانىغا سەممىيلىك بىلەن قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم بۇرچىدۇر.

4. كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش مۇسۇلمانلارغا خاس ئېسىل ئىسلامىي ئەخلاقتۇر. ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

5. مۇسۇلمانلارنىڭ خار-زەبۇنلۇققا يۈزلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلاشقانلىق ياكى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئەمەل قىلىپ، يەنە بىر قىسمىنى تاشلاپ قويغانلىق سەۋەبىدىندۇر.

---

[1] «صحيح البخاري» 5-توم، 18-بەت، 3701-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 1872-بەت، 2406-ھەدىس.

6. ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى هازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ، دېيىش ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەھكاملىرىنى مەسخىرە قىلىش ئوپئوچۇق كاپىرلىقتۇر.

## ◄ يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇقەددەس كىتابلارغا قارىتا مەۋقەسى

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَقَفَّيْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ بِٱلرُّسُلِ ۖ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمْ رَسُولٌۢ بِمَا لَا تَهْوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ ٱسْتَكْبَرْتُمْ فَفَرِيقًا كَذَّبْتُمْ وَفَرِيقًا تَقْتُلُونَ ﴿٨٧﴾ وَقَالُوا۟ قُلُوبُنَا غُلْفٌۢ ۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَقَلِيلًا مَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٨٨﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمْ كِتَٰبٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُوا۟ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُوا۟ كَفَرُوا۟ بِهِۦ ۚ فَلَعْنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾ بِئْسَمَا ٱشْتَرَوْا۟ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُوا۟ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغْيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٍ ۚ وَلِلْكَٰفِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٩٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ ءَامِنُوا۟ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُوا۟ نُؤْمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَيَكْفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَهُمْ ۗ قُلْ فَلِمَ تَقْتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبْلُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٩١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

87ـ شەك-شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىيساغا مۆجىزىلەرنى بەردۇق ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىل) بىلەن قۇۋۋەتلىدۇق. ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ (پەيغەمبەرلەردىن بىر قىسمىنى يالغانغا چىقاردىڭلار، يەنە بىر قىسمىنى ئۆلتۈردۈڭلار.

88ـ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار): «بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلىنىپ قالغان» دېدى. ئەكسىچە، ئۇلار (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىدى، شۇڭا ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىمان ئېيتىدۇ (يەنى تولۇق ئىمان ئېيتمايدۇ).

89ـ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا قولىدىكى (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) كەلگەن چاغدا (ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)، ئىلگىرى ئۇلار (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان بۇ پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھنىڭ لەنىتى (مۇشۇنداق) كاپىرلارغا بولىدۇ.

90ـ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان بىرىگە پەيغەمبەر- لىك ئاتا قىلغانلىقىغا ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئاللاھ نازىل قىلغان(قۇرئان) نى ئىنكار قىلىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىشى ئەجەب يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى-ئۈستىگە غەزەپكە ئۇچرىدى. بۇ كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار.

91ـ ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئانغا) غا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (تەۋرات)قا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن (قۇرئان)نى ئىنكار قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (قۇرئان) ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى ھەق كىتابتۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىسرائىل ئەۋلادىغا يۇشە، داۋۇد، سۇلەيمان، ئۇزەير، ئىلياس، ئىليەسەئ، يۇنۇس، زەكەرىييا، يەھيا ۋە ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقى مۆجىزىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۈچلەندۈرۈپ قوللىغانلىقىنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا يەنە «ئىنجىل»نى ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ھىدايەت دەستۇرى قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا قىلىنغان ئىنئاملارنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى

ئىنكار قىلىشتەك رەزىللىكنى ئەيىبلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ لەنەتكە ئورتاقتۇر. چۈنكى، ئۇلار رەزىللىكتە ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋمدۇر. يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتسا، ئۇلار پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىپ، ﴿بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلىنىپ قالغان﴾، شۇڭا، سەن بىزگە ۋەز-نەسىھەت قىلساڭمۇ دىلىمىزغا كىرمەيدۇ، كىرگەن تەقدىردىمۇ، دىلىمىز ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ، دەيتتى. يەنە ئۇلار: ﴿وَقَالُواْ قُلُوبُنَا فِيٓ أَكِنَّةٍ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ وَفِيٓ ءَاذَانِنَا وَقۡرٞ وَمِنۢ بَيۡنِنَا وَبَيۡنِكَ حِجَابٞ فَٱعۡمَلۡ إِنَّنَا عَٰمِلُونَ ۝٥﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر پەردە بار. شۇڭا سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى﴾[1] دەيتتى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىنتايىن نومۇسسىزلىقىنى ۋە ئۇچىغا چىققان ھاكاۋۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ﴾ دېگەن ئايەتتىكى﴿غُلۡفُ﴾ دېگەن سۆزگە «تولۇپ كەتكەن، قاپلانغان» دەپ مەنە ئېيتقان. زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنى «بىزنىڭ دىللىرىمىز ئىلىم بىلەن تولۇپ كەتكەن. شۇڭا مۇھەممەدكە ياكى باشقىسىغا ھاجىتىمىز يوق» دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان[2]. بۇ تەپسىرگە ئاساسلانغاندا، يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلىشتا، «بىزنىڭ دىلىمىز ئىلىم-مەرىپەت بىلەن تولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن قاپلانغان. ئى مۇھەممەد! شۇڭا بىزنىڭ سېنىڭ دەۋىتىڭگە ۋە تەلىم بېرىشىڭگە ئېھتىياجىمىز يوق» دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز يەھۇدىيلارنىڭ ئىنتايىن ھاكاۋۇر قەۋم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەسىرلەردىن بېرى ئىسرائىل ئەۋلادىدا بولۇپ كەلگەن پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ۋە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققانلىقىنى قوبۇل قىلالمىغان ئىدى.

يەھۇدىي ئۆلىمالىرى «تەۋرات»تىكى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 5- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 2- توم، 328- بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى، كېلىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلەتتى ۋە ئۆزلىرى كۈتۈۋاتقان بۇ پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى بەكمۇ ئارمان قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ھەمىشە: «ئى ئاللاھ بىزگە ‹تەۋرات›تا سۈپەتلەنگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بىلەن ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «تەۋرات»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغۇچى كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىقىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ بۇ قېتىم ئۇلارغا ئەمەس، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ تۆۋەن سانالغان ئەرەب مىللىتىگە كەلگەنلىكىگە ھەسەت قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىدى ۋە ئۇلارغا لەنەت قىلدى. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تولۇق ئىمان ئېيتمايدۇ، پەقەت ئازغىنە ئىمان ئېيتىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى ئۆزلىرىنى توغرا يولغا سېلىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇشقا يەتمەيدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿فَقَلِيلًا مَّا يُؤْمِنُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتە ‹ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتىدىغانلار بەكمۇ ئاز› دەپ مەنە ئېيتقان. ئۇلار قەتادەنىڭ ‹شەكسىزكى، مۇشرىكلاردىن ئىمان ئېيتقانلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلار ئىنتايىن ئاز كىشىدۇر› دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتە ‹ئۇلار ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئاز قىسمىغىلا ئىمان ئېيتىدۇ› دەپ مەنە ئېيتقان. بۇ ئايەتتە ئېيتىلغان ئەڭ توغرا مەنە ‹ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىمان ئېيتىدۇ› دېيىشتۇر. مۇشۇنداق مەنە ئېيتىشنىڭ ئەڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئالامەتلىرى بايان قىلىنغانلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەقىقەتلەرگە ئاز ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى، يەنى ھەممىگە تولۇق ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان»[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا: ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتىڭلار

[1] «تفسير الطبري» 2ـ توم، 330ـ بەت.

دېيىلگەندە، ئۇلار، بىز ئۆزىمىزگە نازىل بولغان «تەۋرات»قا ئىمان ئېيتساق يېتەرلىكتۇر، دەپ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، «قۇرئان كەرىم» بولسا «تەۋرات»نى ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغۇچى ئىلاھىي كىتاب بولغانلىقتىن، «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش «تەۋرات»قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە «تەۋرات»قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئاخىردا، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ بىزلەر «تەۋرات»قا ئىمان كەلتۈرگەنلەرمىز، دەيدىغان قۇرۇق دەۋاسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ «تەۋرات»نىڭ تەلىماتلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە بىگۇناھ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈشى قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نېمەت ئۈچۈن شۈكۈر لازىم بولغاندەك، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۈچۈن تەۋبە لازىمدۇر.

2. ئەقلىنى ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا قۇل قىلىۋالغانلار ئۆز ھەۋىسىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ھەقىقەتلەرنى دەرھال رەت قىلىدۇ.

3. ئازراق بىلىمىگە كۆرەڭلەپ كېتىدىغانلار ئالدانغان ھاماقەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەتىرى ياماندۇر.

4. ھەسەتخورلۇق ئاسىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئىككىسى بەختسىزلىك ۋە ناشۈكۈرلۈككە سەۋەب بولىدۇ.

5. ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ تۈگەنچىسىنىڭ ياخشى بولغىنىدۇر.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»نى ئىنكار قىلىشى

﴿وَلَقَدْ جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ
وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾ وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ ٱلطُّورَ
خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱسْمَعُوا۟ۖ قَالُوا۟ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَأُشْرِبُوا۟

فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡعِجۡلَ بِكُفۡرِهِمۡۚ قُلۡ بِئۡسَمَا يَأۡمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَٰنُكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

92ـمۇسا سىلەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى. مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىن سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار.

93ـئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا) چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. (بۇ ئەھدىنى بۇزغانلىقىڭلار ئۈچۈن) تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلاردا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، «بىز ئاتا قىلغان (تەۋرات)نى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە (ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتكە) قۇلاق سېلىڭلار (بولمىسا ئۈستۈڭلارغا تاغنى تاشلايمىز)» دېدۇق. ئۇلار: «قۇلاق سالدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن، دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن ئىدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنە؟» دېگىن.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ «بىزنىڭ تەۋراتقا ئىمانىمىز بار» دېگەن يالغان سۆزىگە شۇنداق رەددىيە بېرىدۇكى، ئى يەھۇدىيلار! سىلەرنىڭ «تەۋراتقا ئىمانىمىز بار» دېگەن سۆزۈڭلار پەقەتلا قۇرۇق گەپتۇر، ئەگەر سىلەر ۋە ئەجدادىڭلار «تەۋرات»قا راستتىنلا ئىشەنگەن ۋە ئەمەل قىلغان بولساڭلار، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرمىگەن بولاتتىڭلار ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىغا ۋاقىتلىق كەتكەنلىكىنى پۇرسەت بىلىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالمىغان بولاتتىڭلار.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق تەسەللى بېرىدۇكى، بىز يەھۇدىيلاردىن ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە «تەۋرات»قا ئىزچىل ئەمەل قىلىش ھەققىدە ئەھدە ئالماقچى بولغان ۋاقتىمىزدا، تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇپ، ئەھدىنى كۈچكە ئىگە قىلغان ئىدۇق. ئۇلارغا سىلەرگە بۇيرۇلغانلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىڭلار، سىلەرگە بېرىلگەن «تەۋرات»نى مەھكەم تۇتۇڭلار دېيىلگەندە، ئۇلار: «ئى رەببىمىز! ئەمر ـ پەرمانلىرىڭنى ۋە نەسىھەتلىرىڭنى

ئاتىلىدۇق، ئەمما بىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالمايمىز، شۇڭا ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشكەن ئىدى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇندى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا دېگىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ «تەۋرات»قا بولغان ئىمانىڭلار سىلەرنى شۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟ سىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇماي، يامان ئىشقا بۇيرۇيدىغان بۇ قانداق ئىمان؟! ئەگەر سىلەر راستتىنلا «تەۋرات»قا ئىشەنگۈچىلەر بولساڭلار ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنمىغان بولاتتىڭلار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئىسلاھاتچىلارنى ئەڭ كۆپ ئۆلتۈرگەن قەۋم يەھۇدىيلاردۇر.

2. دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتا ئىرادىلىك بولۇش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشتا ئاكتىپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ھەقىقىي ئىمان ئۆز ئىگىسىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئىمانى ئاجىز كىشىلەرلا گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ھەزەر ئەيلىمەيدۇ.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتقا بولغان ھېرسلىقى

﴿قُلۡ إِن كَانَتۡ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةٗ مِّن دُونِ ٱلنَّاسِ
فَتَمَنَّوُاْ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٩٤ وَلَن يَتَمَنَّوۡهُ أَبَدَۢا بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡۚ
وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ٩٥ وَلَتَجِدَنَّهُمۡ أَحۡرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٖ وَمِنَ
ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمۡ لَوۡ يُعَمَّرُ أَلۡفَ سَنَةٖ وَمَا هُوَ بِمُزَحۡزِحِهِۦ مِنَ
ٱلۡعَذَابِ أَن يُعَمَّرَۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ٩٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

94-ئۇلارغا دېگىنكى: «ئەگەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاخىرەت يۇرتى باشقىلارغا ئەمەس، سىلەرگىلا خاس بولسا ۋە (شۇ گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!».

**95-ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ (بۇنداق) زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.**

**96-شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.**

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان مەغرۇرلۇق بىلەن «جەننەت بىزنىڭدۇر، ئۇنىڭغا بىزدىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ» دېگەن يالغان سۆزلىرىگە مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: «ئەگەر ‹سىلەر جەننەت بىزنىڭدۇر، ئۇنىڭغا بىزدىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ› دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، جەننەت دېگەننى ھەركىم ئارزۇ قىلىدۇ ۋە بۇرۇنراق ئۇنىڭغا كىرىشنى ئارمان قىلىدۇ. ئۇنداقتا، سىلەر ئۆلۈمنى تەلەپ قىلىپ بېقىڭلارچۇ، قېنى! چۈنكى، جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بولغان ئادەم بۇ دۇنيادىن تېزرەك كېتىپ ئۇ جايغا بېرىشنى ئارمان قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!».

لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلغان ۋەھشىي جىنايەتلىرىڭلار، رەزىل قىلمىشلىرىڭلار ۋە كۇفرىلىقىڭلار سەۋەبلىك، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭلارغا ئۆزۈڭلارمۇ ئىشەنچ قىلالمايسىلەر، شۇڭا سىلەر ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشنى ۋە قولۇڭلاردىن كەلسە ئاخىرەتكە بارماسلىقنى ئارزۇ قىلىسىلەر. شۇ سەۋەبتىن سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت مۇنازىرىگە چۈشەلمىدىڭلار ۋە دەۋاتقان سۆزۈڭلارنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىڭلار. چۈنكى، سىلەر دۇنيا ھاياتىغا ھېرىسمەنلىكتە ئاللاھ تائالاغا ئەسلا ئىمانى بولمىغان بۇتپەرەس قەۋملەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئادەملەرسىلەر.

يۇقىرىقى ئايەتلەر، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ھەر زامان دۇنيالىق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ «جەننەتكە بىزدىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ» دەيدىغان خام خىيالىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەننەت ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىمانى بار، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلغان، ئىنسانلارغا يامانلىق قىلمىغان كىشىلەرنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

2. گۇناھكارلار قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى جازانى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ.

3. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىدىغانلىقىدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ھېس قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

### يەھۇدىيلارنىڭ پەرىشتىلەرگە قارىتا مەۋقەسى ۋە پەيغەمبىرىمىزنى ئىنكار قىلىشى

﴿قُلۡ مَن كَانَ عَدُوّٗا لِّجِبۡرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلۡبِكَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِ
مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَهُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٩٧﴾ مَن كَانَ
عَدُوّٗا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبۡرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَدُوّٞ
لِّلۡكَٰفِرِينَ ﴿٩٨﴾﴾

### تەرجىمىسى

97-ئېيتقىنكى، «كىمكى جىبرىلغا دۈشمەن بولىدىكەن (ئۇ ئاللاھقا دۈشمەن بولغان بولىدۇ)، ھەقىقەتەن جىبرىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى، ھىدايەت يېتەكچىسى ۋە مۇئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە چۈشۈردى.

98-كىمكى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، جىبرىلغا، مىكائىلغا دۈشمەن بولىدىكەن، ئاللاھمۇ (ئۇنداق) كاپىرلارنى چوقۇم دۈشمەن تۇتىدۇ».

### نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئەبۇلھەسەن ۋاھىدى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، يەھۇدىي ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سۈرىيا بىر

كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇلاردىن بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى كىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار: «ئۇنداقتا، جىبرىل بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر، ئەگەر ۋەھيىنى ئۇنىڭدىن باشقىسى ئېلىپ كەلگەن بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ساڭا ئىمان ئېيتقان بولاتتۇق. بىراق جىبرىل بىزگە ئۆچمەنلىك قىلىدى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز سانىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلىكنى ئاللاھ ئەزەلدىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلىپ كەلگەن تۇرسا، ئۇ بۇ قېتىم بىزگە كېلىدىغان پەيغەمبەرلىكنى ساڭا ئېلىپ بەردى. بۇ سەۋەبتىن جىبرىل جازاغا لايىق بولغان بىر خىيانەتچىدۇر» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا نازىل بولغان[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە دۈشمەن بولغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولغان بولىدۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھسىز، پاك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ئېيتىش بىلەنلا بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا خىيانەت قىلىشى ياكى ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇنداماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلارغا تىل تەگكۈزگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»نىڭ ئەسلىسىنى تەستىقلىغۇچى «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە جىبرىلدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇلارغا دۈشمەن بولغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

تەسبىھ-ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق كەمچىلىكتىن ۋە نۇقساندىن پاك ئىكەنلىكىگە دىل بىلەن ئېتىقاد قىلىپ، تىل بىلەن سۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، «سُبْحَانَ اللّٰهِ» (سۇبھانەللاھ) يەنى «ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىمەن» دېيىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«تەسبىھ «السَّبْح» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ،

[1] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 18-بەت، «التفسير الواضح» 1- توم، 59-بەت.

«البُعد» (يىراق) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىش دېگەنلىك ئاللاھ تائالادا نۇقسان بار دەپ ئويلاپ قېلىشتىن ياكى ئۇنىڭغا يامانلىقنى مەنسۇپ قىلىشتىن ۋەياكى كاپىرلار، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغان ھەرقانداق ئەيىب۔نۇقسانىدىن دىلنى ۋە پىكىرنى يىراق تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. ﴿مَا ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُۥ مِنۡ إِلَـٰهٍۚ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَـٰهِۭ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٍۚ سُبۡحَـٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن ھېچبىرىنى) بالا قىلىۋالمىدى، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر ئىلاھمۇ بولمىدى. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەربىر ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۆزى ياراتقاننى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن كېلەتتى (كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلاتتى). ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر﴾[1]، ﴿وَجَعَلُواْ بَيۡنَهُۥ وَبَيۡنَ ٱلۡجِنَّةِ نَسَبًاۚ وَلَقَدۡ عَلِمَتِ ٱلۡجِنَّةُ إِنَّهُمۡ لَمُحۡضَرُونَ ١٥٨ سُبۡحَـٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ١٥٩﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەسەب ئويدۇردى. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئازابقا) ھازىر قىلىنىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بۇ مەنىدە كەلگەن»[3].

ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە دۈشمەن بولغانلارنى ئاللاھ تائالامۇ ئەلۋەتتە دۈشمەن تۇتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىگە، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن جىبرىل ۋە مىكائىل قاتارلىق پەرىشتىلەرگە دۈشمەن بولغان ئادەمنى چوقۇم جازالايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارنى ئىنكار قىلىش كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت يېتەكچىسى ۋە مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر

---

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 91۔ ئايەت.

[2] ساففات سۈرىسى: 158۔ 159۔ ئايەتلەر.

[3] ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىدنىڭ «إسلام سؤال وجواب» ناملىق تور بېكىتى، 104047۔نومۇرلۇق سوئال.

بەرگۈچى ئۇلۇغ كىتابتۇر.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسىم جىنايەتلىرى

﴿وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۖ وَمَا يَكۡفُرُ بِهَآ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقُونَ
٩٩ أَوَكُلَّمَا عَٰهَدُواْ عَهۡدٗا نَّبَذَهُۥ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا
يُؤۡمِنُونَ ١٠٠ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ
نَبَذَ فَرِيقٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ
كَأَنَّهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ١٠١ وَٱتَّبَعُواْ مَا تَتۡلُواْ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلۡكِ
سُلَيۡمَٰنَۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيۡمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ
ٱلنَّاسَ ٱلسِّحۡرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلۡمَلَكَيۡنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَۚ وَمَا
يُعَلِّمَانِ مِنۡ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحۡنُ فِتۡنَةٞ فَلَا تَكۡفُرۡۖ فَيَتَعَلَّمُونَ
مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَزَوۡجِهِۦۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ
مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡۚ وَلَقَدۡ
عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ
بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ١٠٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

99ـ شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ.

100ـ (يەھۇدىيلار) ھەر قاچان بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا) ئىشەنمەيدۇ.

101ـ ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قولىدىكى كىتابنى تەستىقلىغۇچى بىر پەيغەمبەر كەلگەندە، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى (خۇددى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابى (بولغان تەۋرات)نى ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ.

**102ـ ئۇلار سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلەيمان كاپىر بولمىدى (يەنى سېھىرگەرلىك قىلمىدى)، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىرنى، شۇنداقلا بابىل (شەھىرى) دىكى ھارۇت، مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە چۈشۈرۈلگەن سېھىرنى ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) «بىز (نىڭ ئەۋەتىلىشىمىز) پەقەتلا بىر سىناق، ھەرگىز كاپىر بولۇپ كەتمىگىن» دېمەي تۇرۇپ، ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) بۇ ئىككىسىدىن ئەر-ئايالنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە تېگىشكەن سېھىر نېمىدېگەن يامان! ئەگەر ئۇلار (ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) بىلسە ئىدى (سېھىر ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلمىغان بولاتتى).**

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتلارنى ۋە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. بۇنداق كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلارنى ۋە بۇ ئايەتلەرنى پەقەت توغرا يولدىن ئاداشقان، ئەقىل ۋە مەنتىقنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ئازغان ئەقىلسىزلارلا ئىنكار قىلىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار ھەمىشە شۇنداق ئەھدىنى بۇزىدۇ، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان «تەۋرات»قا ئىشەنمەيدۇ. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەسلىدىكى «تەۋرات»نى تەستىقلىغۇچى ئاخىرقى ساماۋى كىتاب-«قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ كەلگەندە، يەھۇدىيلارنىڭ موللىلىرى قوللىرىدىكى«تەۋرات»نى ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ-دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرىنى ۋە بېشارەتلىرىنى بىلمىگەنگە سالىدۇ ۋە ئۇلارنى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ.

يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەق كىتاب «تەۋرات»نى قويۇپ،

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى شەيتانلارنىڭ سېھىرگەرلىك ۋە رەمچىلىكتىن ئىبارەت يالغان سۆزلىرىگە ۋە رەزىل قىلىقلىرىغا ئەگەشتى. سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا شەيتانلار ۋە جىنلار پەرىشتىلەرنىڭ بىر قىسىم خەۋەرلىرىنى ئوغرىلاپ، كۆپلىگەن يالغان سۆزلەرنى توقۇش بىلەن كىشىلەرنى ئالدايتتى، ئۇ شەيتانلار كىشىلەرگە «بۇلار سۈلەيماننىڭ ئىلىملىرىدۇر، سۈلەيمان پەقەت مۇشۇ ئىلىملەرنىڭ پايدىسى بىلەن پادىشاھ بولغان» دەيتتى.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق يالغان سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ، سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىرگەرلىك قىلمىغانلىقىنى، بەلكى شەيتانلارنىڭ كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىش بىلەن كاپىر بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلار كىشىلەرنى ئازدۇرۇش، ئەر-خوتۇنلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن سېھىرنى قوللىناتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھارۇت ۋە مارۇت ئىسىملىك ئىككى پەرىشتىنى بابىل شەھرىگە سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقىنى كىشىلەرگە ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئۇ ئىككى پەرىشتە سېھىرگەر ئەمەس ۋە كىشىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەمىشە كىشىلەرگە ﴿بىز(نىڭ ئەۋەتىلىشىمىز) پەقەتلا بىر سىناق، ھەرگىز كاپىر بولۇپ كەتمىگىن﴾ دەپ جاكارلايتتى.

يەھۇدىيلار شەيتانلاردىن سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ، كىشىلەرنى قەستلەپ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە ئەر-خوتۇنلارنى بىر-بىرىگە ئۆچ قىلىپ ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش قاتارلىق رەزىل قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ دىني دەستۇرى بولغان«تەۋرات»نى بولسا ئارقىسىغا چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايتتى. ئەمەلىيەتتە، يەھۇدىيلارنىڭ موللىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ يولى بولغان سېھىر بىلەن جان باقاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە تېگىشەتتى.

يەھۇدىيلار سېھىرگەرلىك قىلىپ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلمىغۇچە ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. چۈنكى، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدا ئەمەس، بەلكى زىيان كەلتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى، ئۇلار سېھرىگەرلىك قىلىپ ئاخىرەتلىكىنى ئاز-تولا دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن سېتىۋەتكەنلەرگە ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋە يوقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ يامان قىلىقنى قىلاتتى.

ئەگەر ئۇلاردا ئاتالغانلىرىغا ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىلىم بولسا ئىدى، ئۇلار بۇنداق يامان قىلمىشنى قىلمىغان بولاتتى.

ئەگەر يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا مۇكاپاتنىڭ بۇ دۇنيادا سېھىرگەرلىك قىلىپ تاپقان ھارام مال-دۇنيادىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولاتتى. ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشتىن ھاسىل بولىدىغان كاتتا مۇكاپات ۋە ئەجىر-ساۋابنىڭ قەدىر- قىممىتىنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ تائالادىن قورققان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرەتتە، بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەلدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئەجىر ۋە مۇكاپاتقا ئىگە بولىدىغانلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ثَلَاثَةٌ لَهُمْ أَجْرَانِ: رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الكِتَابِ، آمَنَ بِنَبِيِّهِ وَآمَنَ بِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَالعَبْدُ المَمْلُوكُ إِذَا أَدَّى حَقَّ اللَّهِ وَحَقَّ مَوَالِيهِ، وَرَجُلٌ كَانَتْ عِنْدَهُ أَمَةٌ فَأَدَّبَهَا فَأَحْسَنَ تَأْدِيبَهَا، وَعَلَّمَهَا فَأَحْسَنَ تَعْلِيمَهَا، ثُمَّ أَعْتَقَهَا فَتَزَوَّجَهَا فَلَهُ أَجْرَانِ» يەنى «ئۈچ خىل ئادەمگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئەھلى كىتابتىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم، يەنە بىرى، بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇل بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ئادەم، ئۈچىنچىسى، ئىلكىدە چۆرىسى بولۇپ ئۇنى ياخشى تەربىيەلىگەن، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەتكەن، ئاندىن ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋېتىپ نىكاھىغا ئالغان ئادەم»[1]. كاشكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسىنى بىلگەن بولسا ئىدى.

### ◄ مۇلاھىزە

سېھىر-كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى بوياپدىغان ۋە بولمىغان ئىشلارنى بولغاندەك خىيال قىلدۇرىدىغان ئىشتۇر.

سېھىر-ئۆزى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان ئىشتۇر.

[1] «صحيح البخاري» 1- توم، 31-بەت، 97-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1- توم، 134-بەت، 154- ھەدىس.

سىھىر-تىلسىمغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلەلمەيدىغان ئۇسۇلدۇر. سېھىرگەرلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىرلاردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار ھەر زامان ۋەسۋەسىگە خىلاپلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھوشيار بولۇشى ۋە ئۇلارغا ئالدانماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. «تەۋرات» ئەسلى نۇسخىسى ئېتىبارى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان ئىلاھىي كىتابتۇر.

3. ھەقىقەتنى ئوبدان بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە بىلمەسلىككە سېلىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر.

4. «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتىن[1] يۈز ئۆرۈش جىمى بەختسىزلىكلەرگە ۋە ئازغۇنلۇقلارغا سەۋەب بولىدۇ.

5. سېھىر قىلغۇچىلار ۋە ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەر كاپىرلاردۇر.

6. ياخشىلىق-يامانلىق، پايدا-زىيان ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھتۇر.

### ◄ ئەخلاق ۋە كۆرسەتمىلەر

﴿وَلَوْ أَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟ لَمَثُوبَةٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ خَيْرٌ ۖ لَّوْ كَانُوا۟
يَعْلَمُونَ ﴿١٠٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَقُولُوا۟ رَٰعِنَا وَقُولُوا۟ ٱنظُرْنَا
وَٱسْمَعُوا۟ ۗ وَلِلْكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٠٤﴾ مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَلَا ٱلْمُشْرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْكُم مِّنْ خَيْرٍ

---

[1] سۈننەت-پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش-پائالىيەتلىرى، ئەمەل-ئىبادەتلىرى ۋە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېگەنلىكتۇر. ھەدىس-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار سۈننەت بىلەن ھەدىسنى بىر مەنىدە دەپ قارايدۇ. سۈننەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشىدۇر. سۈننەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، سۈننەت (ياكى ھەدىس) لەۋزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مەنىسى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر. سۈننەتنىڭ ئىسلام فىقھىدىكى مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلغان ۋە بىزنىمۇ قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشىغان ئەمەللەر.

مِّن رَّبِّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٠٥﴾

### تەرجىمىسى

103ـ ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھتىن قورققان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات (سېھىرگەرلىكتىن تاپقان مال ـ دۇنيادىن ئەلۋەتتە ياخشى (بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن) بولاتتى. ئۇلار (ئىماندىن ۋە ئاللاھتىن قورقۇشتىن كېلىدىغان مۇكاپاتنىڭ قىممىتىنى) بىلسە ئىدى (ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى).

104ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (پەيغەمبەرگە) «رائىنا»[1] دەپ خىتاب قىلماي، «ئۇنزۇرنا» دەپ خىتاب قىلىڭلار، (ئۇنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار! كاپىرلارغا دەردلىك ئازاب بار.

105ـ ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ رەھمىتىنى خالىغان بەندىسىگە خاس قىلىدۇ. ئاللاھ بۈيۈك پەزل ئىگىسىدۇر.

### تەپسىرى

مۇسۇلمانلار ئادەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئېلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا: «رائىنا ـ بىزگە قاراپ قويامسىلەر» دەپ خىتاب قىلاتتى. بۇ سۆز يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بولغان ئىبرانىي تىلىدا «بىزنىڭ پەس كىشىمىز» دېگەندەك ھاقارەت ۋە تىللاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلەش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بۇ سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىكى سەلبىي مەنىسىدە دائىم دېگۈدەك ئىشلىتەتتى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ سۆزنى قوللىنىشىنى مەنئى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلىدىكى يەنە شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان: «ئۇنزۇرنا ـ بىزگە قاراپ قويامسىلەر» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ،

[1] رائىنا ـ يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بولغان ئىبرانى تىلىدا ھاقارەت مەنىسىنى، ئەرەب تىلىدا بولسا «بىزگە قاراپ قويساڭكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەرگە مۇنداق ئىككى مەنىلىك سۆزنى ئىشلەتمەي، ئەرەبچىدە «بىزگە قاراپ قويساڭكەن» دېگەن بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇنزۇرنا» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنغان.

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار، «قۇرئان كەرىم»نى قوبۇل قىلىش نىيىتى بىلەن ئاڭلاڭلار. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ، مەيلى يەھۇدىيلارنىڭ كاپىرلىرى بولسۇن، مەيلى ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ كېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن ئاللاھ ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات بولغانلىقتىن، پەيغەمبەرلىكنى ۋە ھەرقانداق پەزىل-مەرھەمەتنى ئۆزى تاللىغان بەندىسىگە ۋە ئۆزى ئىختىيار قىلغان مىللەتكە ئاتا قىلىدۇ، كاپىرلار ئۇنىڭغا ھەرگىز توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، مۇسۇلمانلارغا كامالىي ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن سۆز قىلىش، ئۇنى ئېسىل ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چاقىرىش، ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزىدىغان سۆز-كەلىمىلەرنى قوللانماسلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرگە ئازار بېرىش ئاللاھ تائالاغا ئازار بەرگەنگە ئوخشاش چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، پەيغەمبەرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى سۆيۈش ئاللاھ تائالانى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە سۆيگەنلىكتۇر.

كېيىنكى ئايەتتە، مەيلى ئەھلى كىتابتىن بولسۇن ياكى ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن بولسۇن، ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا بىرەر ياخشىلىق كېلىشىنى خالىمايدىغانلىقى، شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋېلىشىنىڭ ئاقىۋىتى نادامەت بىلەن خۇلاسىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش تەرىزىدە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر.

2. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى تەلەپلىرىدىن

بىرىدۇر.

3. كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا ئەزەلدىن دۈشمەن بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بىرەر ياخشىلىق كېلىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

## ◄ ھۆكۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەر

﴿مَا نَنسَخْ مِنْ ءَايَةٍ أَوْ نُنسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِّنْهَآ أَوْ مِثْلِهَآ ۗ أَلَمْ
تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾
أَمْ تُرِيدُونَ أَن تَسْـَٔلُوا۟ رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبْلُ ۗ وَمَن
يَتَبَدَّلِ ٱلْكُفْرَ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

106ـ بىز قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ياخشىراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. سەن ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

107ـ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ياكى مەدەتكار يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

108ـ ياكى ئىلگىرى (يەھۇدىيلار) مۇساغا تەلەپ قويغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلارغا تەلەپ قويماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشىدىكەن، ئۇ راستىنلا توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇشرىكلار: «مۇھەممەد ساھابىلىرىنى بۈگۈن بىر ئىشقا بۇيرۇسا، ئەتىسى ئۇنىڭدىن مەنئىي قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ قۇرئان مۇھەممەد ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان سۆزلەردۇر. شۇڭا ئۇ بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ﴿مَا نَنسَخْ مِنْ ءَايَةٍ أَوْ نُنسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِّنْهَآ أَوْ

﴿مِثۡلِهَآۗ ...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، «قۇرئان كەرىم»دە ئىلگىرى نازىل قىلغان بەزى ئايەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولۇپ، ئايەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بەزىدە ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن، بەزىدە تىلاۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن، يەنە بەزىدە ھۆكمىنى ۋە تىلاۋىتىنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بولغان. ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئايەت «ناسىخ»، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەت «مەنسۇخ» دەپ ئاتالغان.

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى شارائىت ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز-ئازدىن نازىل بولۇپ، تولۇق 23 يىلدا تاماملانغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى شۇنى تەقەززا قىلغان ئىدى. بۇرۇنقى ھۆكۈمنى كېيىنكى ھۆكۈم ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، مەلۇم ھۆكۈم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان مۇددەتكىچە داۋاملاشقان. قاچانكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۇنىڭ باشقىسىنى تەقەززا قىلغىنىدا، ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى نازىل قىلغان.

ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشى شارائىتلارنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ، گاھ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ھۆكۈم بەلگىلەش بىلەن، گاھ ئورنىغا ھۆكۈم بەلگىلىمەسلىك بىلەن، گاھ تىلاۋىتىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بولغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، جىھاد مەيدانىدا دۈشمەننىڭ 200 ئادىمىگە قارشى 100 مۇسۇلمان ئەسكىرىنىڭ تاقابىل تۇرۇشىنىڭ پەرزلىكىنى بەلگىلىگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نازىل قىلغان، دۈشمەننىڭ 200 ئادىمىگە قارشى مۇسۇلمانلاردىن 20 ئادەمنىڭ بەرداشلىق بېرىشىنىڭ پەرزلىكىنى بەلگىلىگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا ئوخشاش[2] مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىيىن

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 37-بەت.

[2] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەنفال سۈرىسىدە ﴿ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ﴾

كېلىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىگەن ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭدىن يېنىكرەك مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغىنىغا ياكى قىبلىنى مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە يۆتكىگەنگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوڭايلىق ياكى قىيىنلىقتا پەرقى بولمىغان ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتنى نازىل قىلىپ بۇرۇنقىسىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنىغا، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن پېقىرلارغا ئازراق سەدىقە بېرىشىنى ئاندىن پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشىدىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يولغا قويۇلغان ئادەتنى بەلگىلىگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئورنىغا باشقا مەجبۇرىيەتلەرنى بۇيرۇغان بىرەر ئايەت نازىل قىلماستىن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر زامان مۇناسىپ كۆرۈلمىگەن دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان.

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، ئاز-ئازدىن نازىل بولغان بولۇپ، ئايەتلەردىن ئېلىنىدىغان ھۆكۈملەر، مەسىلىلەر ۋە ساۋاتلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەرت-شارائىتىغا ئۇيغۇن بولۇش دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. قانداقلا بىر مەسىلىنى بايان قىلىپ نازىل بولغان ئايەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاخىرغىچە مەنپەئەتلىك بولسا، ئۇ مەڭگۈگە شۇنداق قالىدۇ.

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، بەزى ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەينى چاغدا كېيىنكى ئىشلارنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ھەربىر مەسىلىنى شارائىتلارغا قاراپ تەدرىجىي ھەل قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ھاراق ئىچىشنى ھارام قىلىشتا تۆت باسقۇچلۇق ئۇسۇلنى قوللانغان – بىرىنچى باسقۇچتا

---

دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى، ئۇلار ئۈچۈن يىگىرمە مۇسۇلماننىڭ ئىككى يۈز كاپىرنى، مىڭ مۇسۇلماننىڭ ئىككى مىڭ كاپىرنى يوقىتىش ھەقىقەتەن قىيىن تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمدى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتتى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈز كىشىنى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن (ئۇلاردىن) ئىككى مىڭ كىشىنى يېڭەلەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى». («تفسير الطبري» 14- توم، 53- بەت).

هاراقنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولسا؛ ئىككىنچى باسقۇچتا نامازنى مەست هالەتتە ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا هاراقتا يىقىن كەلمەسلىك هەققىدە تەۋسىيەلەر بايان قىلىنغان؛ تۆتىنچى باسقۇچتا بولسا هاراقنىڭ قەتئىي هارامىلقى جاكارلانغان.

بۇ ئېيتقانلىرىمىز كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىدۇر. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم»دە «نەسخ» يەنى (ئايەتلەرنىڭ هۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش) يوق، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆلىمالار باشقىلار «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان» دېگەن ئايەتلەرنى تەۋىل قىلىدۇ ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنىڭ هەربىرى ئۆزىگە خاس مەنە ئىپادىلەيدۇ، بىرى يەنە بىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر! ئىلگىرى يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيهىسسالامغا تەلەپ قويغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبە-رىڭلارغا تەلەپ قويماقچىمۇ؟ ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار ئۆز پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيهىسسالامدىن رەببىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولدى. يەنى چاقماق چېقىپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغان ئىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرگەن ئىدى. شۇنى ئۇنتۇماڭلار، كىمكى «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ باشقىسىنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ راستىنلا توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

### ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»دە ئىلگىرى نازىل قىلىنغان بەزى ئايەتلەرنىڭ هۆكمى كېيىنكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ هېكمىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

2. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ۋە شارائىتلىرىغا ماس كېلىدىغان هۆكۈملەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق بۇرۇنقى شۇ ماۋزۇلاردىكى كونا هۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز شەپقىتى ۋە مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رازى بولۇپ، ئۇلارنى مەمنۇنلۇق

بىلەن قوبۇل قىلىش مۇئمىنلەر ئۈچۈن پەرزدۇر.

**4.** دىن توغرۇلۇق بىھۇدە سوئاللارنى سوراشنىڭ پايدىسى يوق، بۇرۇنقى ئۇممەتلەرنىڭ ھالاك بولغانلىقىمۇ، ئۇلارنىڭ دىنىي مەسىلىلەردە روشەن بايانلارغا كۇپايە قىلماي كۆپ سوئال سوراپ دىنىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئەمەل قىلالمىغانلىقىدىن ئىدى.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى مەۋقەسى

﴿وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعْدِ إِيمَٰنِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَٱعْفُوا۟ وَٱصْفَحُوا۟ حَتَّىٰ يَأْتِىَ ٱللَّهُ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٠٩﴾ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ۚ وَمَا تُقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**109**ـ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئىچ-ئىچىدىن ھەسەت قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ (ئۇلار ھەققىدىكى) پەرمانى كەلگەنگە قەدەر، سىلەر يەنىلا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

**110**ـ نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم تاپىسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل ئەخلاقى ۋە ھەسەتخورلۇق ئادىتى تۈپەيلىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەر خىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلاشتىن تاشقىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۇفرىغا قايتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ

ئارزۇسى پەقەت مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ياخشىلىقلارغا ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن تەرەپلىرىگە كۆز قىزارتقانلىقىدىن ئىدى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا ۋاقىتلىق سەۋر قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالا ئۆزى رۇخسەت بەرمىگۈچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ. كېيىنكى ئايەتتە بولسا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدا بۇيرۇلغان ناماز، زاكات ۋە باشقا پەرزلەرنى تولۇق، مۇكەممەل ئورۇنداشتا چىداملىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئىبادەتلەرنىڭ مۇكاپاتىغا تولۇق ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ئەزەلدىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا بېرىلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ توساتتىن ئەرەب قەۋمىدىن چىققان بىر كىشىگە بېرىلگەنلىكىگە ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلمىغان.

2. مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا شارائىتى تولۇق يېتىپ بولالمىغان ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىدە، يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرىگە سەۋر قىلىپ، كېلەچەكتىكى غەلىبە ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن تەييارلىق كۆرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئىسلام پەرزلىرىنى تولۇق ئورۇنداش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى كۈچلىرىنى ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى.

3. دۈشمەنگە قارشى كۈچلىنىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا تايىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئاخىرەت ھەققىدىكى مەۋقەسى

﴿وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ
أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١١١﴾ بَلَىٰۚ مَنۡ أَسۡلَمَ

وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُۥٓ أَجْرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ
وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١١٢﴾ وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ لَيْسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَىْءٍ
وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيْسَتِ ٱلْيَهُودُ عَلَىٰ شَىْءٍ وَهُمْ يَتْلُونَ ٱلْكِتَٰبَ ۗ
كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ مِثْلَ قَوْلِهِمْ ۚ فَٱللَّهُ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ
ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿١١٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

111ـ يەھۇدىيلار: «يەھۇدىي بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى؛ خىرىستىيانلارمۇ «خىرىستىيان بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» دېگىن.

112ـ ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. كىمكى (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. مۇنداق كىشىلەرگە قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ.

113ـ يەھۇدىيلار: «خىرىستىيانلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى. خىرىستىيانلار-مۇ: «يەھۇدىيلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، خىرىستىيانلار ئىنجىلنى) ئوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. (ۋەھيى ھەققىدە بىر نەرسە) بىلمەيدىغانلارمۇ[1] بىر-بىرى ھەققىدە ئۇلار دېگەندەك (بىزدىن باشقىلار توغرا دىندا ئەمەس) دېدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

تەپسىرى بەغەۋىيدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن نەجراندىن كەلگەن خىرىستىيانلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىلىك يەھۇدىيلار بىلەن مۇنازىرە ئۈستىدە ئىدى. يەھۇدىيلار نەجران خىرىستىيانلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ

[1] ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇتتۇرىسىدىكى قەدىمىي دىنىي ئاداۋەت قايتىدىن باش كۆتۈردۇ ۋە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى گۇرۇھ ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ: يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان مەغرۇرلۇقى بىلەن خرىستىيانلارغا قارشى ھالدا، «يەھۇدىي بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەيدۇ. خرىستىيانلارمۇ يەھۇدىيلارغا رەددىيە ئاساسىدا، «خرىستىيان بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەيدۇ ۋە ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى توغرا دىندا ئەمەس دەيدۇ[1]. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسسىز دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆز دەۋاسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

نەتىجىدە، بۇلار يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مۇنازىرىسىگە جاۋاب بېرىشەلمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى كاپىر دېگەنلىكىگە قارىتا رەددىيە بېرىپ، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى پىرقىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىلاھىي كىتابنى ئوقۇپ، ھەقىقەتنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقان بۇ ئىككى پىرقە كىشىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا نامايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىغا ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولاتتى. ئەمەلىيەت ھەرگىزمۇ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار دەۋا قىلغاندەك ئەمەس، ھەقىقەت شۇكى، كىمكى تائەت-ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى مۇكەممەل ئورۇندىغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا يۈزلەندىكەن، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاپشۇرىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە ھېچبىر قورقۇنچ بولمايدۇ، ئۇلار دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرى ئۈچۈنمۇ قىلچە قايغۇرمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات كاتتىدۇر.

[1] «أسباب النزول للواحدي» 137- بەت.

ئىلاھىي كىتابلارنى بىلىدىغان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار بىر-بىرىنى كاپىر دېيىشكەن بولسا، ھېچبىر كىتاب بىرىلمىگەن، ۋەھىي ھەققىدە ۋە ئىلاھىي كىتابلار ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ شۇنداق دېگەن، يەنى ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى توغرا يولدا ئەمەس دېگەن.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە، ئۇلار ئىختىلاپلاشقان نەرسە توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا يالغانچىلىقنىڭ جازاسىنى ئەلۋەتتە تېتىتىدۇ. شۇ ئېنىقكى، جەننەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان مۆئمىنلەرگە خاستۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەننەت دېگەن قۇرۇق ئارزۇ قىلىش بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان كەلتۈرۈپ، شۇ ئىماننىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلغان ۋە ھاياتىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ كۇفرىلىقى ئەڭ چوڭ كۇفرىلىقتۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان جازاسىمۇ قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان مەخلۇقلاردۇر.

3. نىجاتلىق يولى پەقەت ھەقىقىي ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىگە مەركەزلىشىدۇ.

### ◄ كىشىلەرنى مەسجىدلەردىن توسۇش ئۇنى ۋەيران قىلىشنىڭ گۇناھى

﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذْكَرَ فِيهَا ٱسْمُهُۥ
وَسَعَىٰ فِى خَرَابِهَآ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ مَا كَانَ لَهُمْ أَن يَدْخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَ ۚ
لَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا خِزْىٌ وَلَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١١٤﴾ وَلِلَّهِ
ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ ۚ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا۟ فَثَمَّ وَجْهُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ
عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

114ـئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشىنى توسقان ۋە ئۇ مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئەنە شۇلار مەسجىدلەرگە پەقەت (ئاللاھتىن) قورققان ھالدىلا كىرىشى كېرەك. ئۇلارغا دۇنيادا رەسۋالىق، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

115ـكۈنچىقىشمۇ، كۈنپېتىشمۇ ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلار ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسىدۇر). شەكسىزكى، ئاللاھ (مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، «بيوت الله» يەنى (ئاللاھنىڭ ئۆيلىرى) دەپ ئاتىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى، ئىبادەت قىلىدىغان ۋە دىنىي تەلىم ئالىدىغان جايى بولغان شۇ مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىش ياكى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشتىن توسۇش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. چۈنكى، مەسجىدلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىدىغان مەخسۇس ئىبادەتگاھلار بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايلاردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىنى ۋەيران قىلىش ياكى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشتىن توسۇشنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە شۇنى بايان قىلىدۇكى، مەسجىدلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالادىن قورققان ۋە ئەيمەنگەن ھالدا كىرىش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئورۇنلار ئاللاھ تائالاغا ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان جايلاردۇر.

ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار ئادەم مەسجىدلەرگە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان ۋە ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئەيمىنىپ تۇرۇپ كىرىدۇ. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىگە قەدەم بېسىش ھەققى يوق. ئۇلار كىرگەندىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ئاللاھ تائالادىن قورققان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىبىرىنى سۇندۇرغان ھالدا كىرىشى لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىگە دۈشمەنلىك مەقسىدە بولغانلار بۇ دۇنيادا خارلىق ۋە زەبۇنلۇققا مەھكۇمدۇر، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس دىنىدىن يىراقلىشىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنىڭ بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، يەنە بەزىسىنى تاشلاپ قويۇش بىلەن دىنغا خىيانەت قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالغان ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئاخىرەتلىك ئىشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋاقىتلاردا، كاپىرلارنىڭ قەلبىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ئەيمىنىش كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى ھۆرمەتلەش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئىلگىرى ئەھلى سەلىب ئارمىيەسىنىڭ مەسجىدى ئەقسانى خاراب قىلغانلىقى، ھازىر يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا ئاياق باسقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

كېيىنكى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئەيىبلىگەن يەھۇدىيلارغا رەددىيە بېرىدۇ، شۇنداقلا مەغرىبتىن مەشرىققىچە پۈتۈن يەر-زېمىن ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، قايسىبىر جايدا تۇرۇپ، قايسى تەرەپكە يۈزلىنىپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلسا، ئۇ ئاللاھ تائالا ئىختىيار قىلىپ بەرگەن قىبلە ئىكەنلىكىنى ۋە قىبلىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھېكمەتلىك ئىشىنى ئەيىبلەشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىگە قارشى دۈشمەنلىك قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىنى كاپىرلارنىڭ ئاياق بېسىشىدىن ساقلاش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. مۇسۇلمان ئەمەسلەر مەسجىدلەرگە كىرمەكچى بولسا، چوقۇم مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىرىشى لازىم.

3. نامازدا قىبلىگە قاراش مۇتلەق شەرتتۇر، پەقەت چۆللەردە بولۇپ قېلىپ، قىبلىنى تېپىش ئۇچۇن كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىغان شارائىتتا، قىبلە بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان قايسىبىر تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش دۇرۇستۇر. شۇنىڭدەك، قاتناش قوراللىرى ئۈستىدە يول يۈرگەن بولۇپ، قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندىمۇ قاتناشنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ناماز ئوقۇش دۇرۇستۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ يوشۇرۇن ئەمەسلىكى ئېنىق ھەقىقەتتۇر.

### ◄ ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلارنىڭ تۆھمەتلىرى

﴿وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗاۗ سُبۡحَٰنَهُۥۖ بَل لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ
كُلّٞ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ١١٦ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمۡرٗا فَإِنَّمَا
يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ١١٧ وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ لَوۡلَا يُكَلِّمُنَا
ٱللَّهُ أَوۡ تَأۡتِينَآ ءَايَةٞۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِم مِّثۡلَ قَوۡلِهِمۡۘ
تَشَٰبَهَتۡ قُلُوبُهُمۡۗ قَدۡ بَيَّنَّا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ١١٨﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

116ـ ئۇلار(يەنى يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېدى. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ (بۇ تۆھمەتتىن) پاكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر.

117ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتتۇر. ئۇ بىرەر ئىشنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ بولىدۇ.

118ـ بىلمەيدىغانلار (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى): «ئاللاھ نېمىشقا بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ياكى بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن بىز ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

#### ◄ تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەرمۇ ئالدىنقى ئايەتلەرگە ئوخشاش كاپىرلارنىڭ ھەرخىل تۆھمەتلىرىگە ۋە خۇراپىي ئەقىدىلىرىگە رەددىيە بەرگەن ھالدا نازىل بولغان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىك ئەرەبلەردىن بولغان كاپىرلارنىڭ «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدىغان خۇراپاتلىرىغا رەددىيە بەرگەن. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى

ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلسا، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، مۇشرىك ئەرەبلەر بولسا پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ئويدۇرمىسىغا رەددىيە بېرىشتە تۆۋەندىكى ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرگەن:

1. ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق كائىنات، جىمى مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى، مەخلۇقاتى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىلار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسىنى ئاللاھ تائالانىڭ بالا قىلىۋېلىشى ئەقلىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر ئىشتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر شەيئىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقتىدا، «بول!» دېگەن ئەمرى بىلەنلا ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ بالىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ چەكسىز قۇدرەت ۋە مىسلىسىز ئىلىم-ھېكمەت ئىگىسى بولغان يېگانە ئىلاھ بولۇپ، ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، نادانلىقىنىڭ ئۇستىگە، ئەقىلسىزلىقتا چېكىگە يەتكەن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ: «ئاللاھ بىز بىلەن سۆزلەشسە ئىدى» دەيدىغان ئەخمىقانە سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن ۋە بۇرۇنقى زامانلاردا پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلغانلىقى ۋە بۇلار بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ دىللىرىنىڭ قارىلىقتا ۋە قاتتىقلىقتا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىش ۋە ئۇنى كۆرۈش بۇ دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئەخمىقانە تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىلمىگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا لايىق كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

2. ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىكنى خالىمايدىغانلارنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر جايدا دەيدىغان سۆزى ئوخشاشتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن پەقەت ئەقلى ساغلام بولغان كىشىلەرلا مەنپەئەت ئالىدۇ.

4. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىگە ھىدايەتنى نېسىپ قىلىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەرنى ئەھلى كىتابقا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

﴿إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗاۖ وَلَا تُسۡـَٔلُ عَنۡ أَصۡحَٰبِ
ٱلۡجَحِيمِ ١١٩ وَلَن تَرۡضَىٰ عَنكَ ٱلۡيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ
مِلَّتَهُمۡۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ ٱلۡهُدَىٰۗ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَ
ٱلَّذِي جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ١٢٠
ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَتۡلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡمِنُونَ
بِهِۦۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ١٢١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

119-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. دوزاخقا كىرىدىغانلارغا سەن جاۋابكار ئەمەسسەن.

120-(ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە، ئۇلار سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «پەقەت ئاللاھنىڭ يولىلا توغرا يولدۇر». ساڭا (قۇرئاندىن ئىبارەت) ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، سېنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ.

121-بىز كىتاب بەرگەنلەر (ئىچىدىن بەزى مۇئمىنلەر) كىتابنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىمكى ئۇنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىرىنچى ئايەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

تەسەللى بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ بېرىشكە مەجبۇر ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا كىشىلەرگە ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزۈش، بارلىق ھەقىقەتلەرنى كىشىلەرگە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىپ، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىش، كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دىنلىرىغا ئەگەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دىنغا خاتىمە بېرىشتەك يامان نىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئۇلارغا قانچىلىك ياخشى ۋە ئۇلگىلىك مۇئامىلىدە بولسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭدىن رازى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ باتىل دىنلىرىغا ئەگەشكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاخىردا، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش نىيىتىدە، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ماسلىشىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى چۈشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى كىتابنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن تامامەن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئىچىدىن ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى تەلەپكە لايىق، توغرا رەۋىشتە ئوقۇيدىغان، ھەقىقەتكە ئەگىشىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ﴾ دېگەن ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بايان قىلغان. تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى قۇرتۇبىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق تەپسىر قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى «بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئاتا قىلغانلار ئۇنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمما تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى بەغەۋىي قاتارلىق تەپسىرلەردە ئايەتنىڭ ئالدىنقى مەنىسى كۆچلەندۈرۈلگەن. تەپسىرى تەبەرىيدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتلەر يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار توغرۇلۇق توختالغان بولۇپ، بۇ ئايەتنىڭ سىياقى ئۇنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى كۆچلەندۈرىدۇ. مەزكۇر ئايەتنى بۇنداق تەپسىر قىلغاندا، ئۇلارغا بېرىلگەن كىتاب ‹تەۋرات› بولىدۇ».

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىدىن يېنىپ كاپىر بولمىغۇچە، ئۇلار يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنى ھەرگىز رازى قىلالمايدۇ. چۈنكى، كاپىرلارنىڭ ئورتاق نىشانى مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ۋەزىيەت ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

2. ئىسلام دىنىدىن باشقا توغرا دىن يوق. بۇ ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئەقەللىي ساۋاتتۇر.

3. كاپىرلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇلارنى كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ياردىمىدىن ۋە نۇسرىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

4. توغرا يول تېپىشنىڭ يولى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ◄ ئاللاھنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان خىتابى

﴿يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ
عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٢٢﴾ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا
يُقۡبَلُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

122ـ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە (بىر زامانلاردا) سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار.

123ـ سىلەر ھېچكىم ھېچكىمگە قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچكىمدىن فىدىيە (قۇتۇلۇش بەدىلى) قوبۇل قىلىنمايدىغان، شاپائەت پايدا بەرمەيدىغان ۋە كاپىرلارغا ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق خىتابى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاخىرقى بۇ خىتاب بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىر زامانلاردا پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارغا سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى ئەسلەپ، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا ۋە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. كېيىنكى ئايەتتە بولسا، ھەق دىنغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن بىراۋنىڭ شاپائىتى بىلەن، ياكى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەش بىلەن ۋەياكى بىرەر ۋاستە بىلەن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ساماۋىي دىننىڭ ئەسلىسى بولغان ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە شۇ ئىمانغا لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. نېمەتنى ئەسلەش نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2. ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن دوزاخ ئازابىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە، بۇ دۇنيادا ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن باشقا ھېچ نەرسە پايدا بەرمەيدۇ.

4. قىيامەت كۈنىدە، كاپىرلارنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق مەددەتكار ياكى شاپائەتچى بولمايدۇ.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھنىڭ بەيتى (مەسجىدى ھەرەم)

﴿وَإِذِ ٱبْتَلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَٰتٍ فَأَتَمَّهُنَّ ۖ قَالَ إِنِّى جَاعِلُكَ
لِلنَّاسِ إِمَامًا ۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۖ قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٢٤﴾
وَإِذْ جَعَلْنَا ٱلْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْنًا وَٱتَّخِذُوا۟ مِن مَّقَامِ إِبْرَٰهِـۧمَ
مُصَلًّى ۖ وَعَهِدْنَآ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ
وَٱلْعَٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

124-ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى رەببى بىر قانچە پەرمان بىلەن سىنىغان، ئىبراھىممۇ ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئىدى. ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم ئىنسانلارغا پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ ئەۋلادىم ئىچىدىنمۇ (پېشۋالارنى چىقارساڭ)» دېدى. ئاللاھ: «(سېنىڭ نەسلىڭدىن بولسىمۇ، يامان ئىش قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار مېنىڭ بۇ ۋەدەمگە ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.

125-ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۇچۇن جەم بولىدىغان ئورۇن ۋە ئامان جاي قىلىپ بەرگەن ۋە (ئۇلارغا) ماقامى ئىبراھىمنى[1] ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىڭلار، دېگەن ئىدۇق. ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: «مېنىڭ ئۆيۈم (كەئبە)نى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۇچۇن پاك تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇدۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ھەقىقىي ھىدايەت يولى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى، يەھۇدىيلارنىڭ، خرىستىيانلارنىڭ ۋە مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ توغرا يول دېگەنلىرى ئويئوچۇق ئازغۇنلۇق يوللىرى ئىكەنلىكىنى كەسكىن جاكارلىغان. ئاللاھ تائالا يەنە بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] ماقامى ئىبراھىم-ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغاندا ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان تاشنىڭ ئورنىدۇر. (تەپسىرى جەلالەين).

ھەق دىننى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولىدىكى مېھنەت-جاپالىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە سىناق تەرىقىسىدە بېرىلگەن ئەمر-پەرمانلارنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەنلىكى ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىنسانلار ئۇچۇن دىندا پېشۋا ئاتالغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت يولىدا يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن ئىبارەت دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئازارلىرى ۋە زۇلۇم-ستەملىرىنى كۆپ تارتقان بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىنىڭ، ھەتتا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئازارلىرىغا ۋە جاپالىرىغا كۆپ ئۇچرىغانىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى: ئازغۇن كۈچلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ توغرا مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش، كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئۆز يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ سىناق تەرىقىسىدىكى ئەمرىگە بىنائەن ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاشقا ھازىر بولۇش، كەئبىنى بىنا قىلىش، ئۇنى تاۋاپ قىلىش، ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ئومۇمىي بەدەن تازىلىقى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئىشلار «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇلغان ئەمر-پەرمانلارمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇنىڭدا، يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ پىرقىنىڭ «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا» دېگەن يالغان سۆزلىرىگە ئەجەللىك رەددىيە بېرىلگەن. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن قۇرۇق دەۋالار ئىدى. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى بالىسى يوقتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلغان ۋە شۇ ئېتىقادنى تارقاتقان بولسا، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ؛ خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ؛ ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسا، پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى، دەيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئادالەتنى سۆيىدىغان بىر زات بولسا، ئۇلار ھەققانىيلىقتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ھەقىقەت دۈشمەنلىرىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋەھيىگە ئەگەشكەن بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ۋە خۇراپاتلىرىغا ئەگىشىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىندا كىشىلەرگە

پېشۋا بولغان بولسا، ئۇلار ئۆز دىنلىرىنى بۇرمىلاش ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتا باشقىلارغا باشلامچىلاردۇر. بۇلار قانداقمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ بولالىسۇن؟!

يۇقىرىقى ئايەتتە يەنە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىن دىندا پېشۋالارنى چىقىرىشنى تىلىگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كاپىر بولغانلارنىڭ بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادالەتلىك كىشىلەرنىڭلا ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىندا پېشۋالىق پەقەت ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە ھەق دىننى دەۋەت قىلىش يولىدا سەۋرچانلىق كۆرسىتىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئالىي مەرتىۋىدۇر.

2. ياخشىلارغا ۋارىس بولۇش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3 دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئەمەلىي رەۋىشتە، تولۇق ئورۇندىغان ئادەملا كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشقا لايىقتۇر.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجْعَلْ هَٰذَا بَلَدًا ءَامِنًا وَٱرْزُقْ أَهْلَهُۥ مِنَ
ٱلثَّمَرَٰتِ مَنْ ءَامَنَ مِنْهُم بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۖ قَالَ وَمَن كَفَرَ
فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلًا ثُمَّ أَضْطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٢٦﴾ وَإِذْ
يَرْفَعُ إِبْرَٰهِـۧمُ ٱلْقَوَاعِدَ مِنَ ٱلْبَيْتِ وَإِسْمَٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾ رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً
مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ
﴿١٢٨﴾ رَبَّنَا وَٱبْعَثْ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ
ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾﴾

## تەرجىمىسى

126ـ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! بۇ شەھەر (مەككە) نى تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېگەن ئىدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (بۇ مېۋىلەردىن) ئازغىنە مۇددەت بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخ ئازابىغا مەجبۇرلايمەن» دېدى. (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان بارار جاي-ھە!

127ـ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى سېلىۋېتىپ: «ئى رەببىمىز! (بۇ ئەمەلىمىزنى) بىزدىن قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (بەندىلىرىڭنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن.

128ـ ئى رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەج ئىبادىتىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.

129ـ ئى رەببىمىز! بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن سېنىڭ ئايەتلىرىڭنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن. چۈنكى، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىرىنچى ئايەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە پېشۋاسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئۆزلىرى، ئائىلە ئەزالىرى ۋە مال-مۈلۈكى ئۈچۈن ئامانلىق شەھىرى قىلىپ بېرىشىنى ۋە مەككە ئەھلىگە تۈرلۈك مېۋىلەردىن رىزىق ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان ۋە كاپىرلارنىمۇ دۇنيادا بۇ مېۋىلەردىن مەھرۇم قىلماي بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن چوقۇم مەھرۇم قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دوزاخ ئوتىغا كىرىشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ

ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن پەقەت ئىمان ئېيتقانلارنىلا رىزىقلاندۇرۇشىنى تىلىگەندە، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىمۇ بۇ دۇنيادا رىزىقتىن مەھرۇم قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

كېيىنكى ئايەتلەردە بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چوڭقۇر ئىخلاسى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى يۇقىرى ئورنى، تائەت-ئىبادەتلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەئبىنى بىنا قىلغانلىقى ۋە ئىككىسىنىڭ كەمتەرلىك بىلەن دۇئا قىلىپ، ئۆزلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئىتائەتمەنلەردىن قىلىشىنى، ئەۋلادلىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى كىشىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى توغرا دىنغا باشلايدىغان پەيغەمبەرلەرنى چىقىرىپ بېرىشىنى تىلىگەنلىكى، ئاخىردا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى، جۈملىدىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىقارغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدۇ.

2. دۇئادا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلىش دىنىمىزدا بۇيرۇلغان پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر.

3. مەسجىد بىنا قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى ناھايىتى چوڭدۇر.

4. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن قەلبنى بېزەش، ئىلىم-ھېكمەت بىلەن ئەقلىنى بېيىتىش ۋە ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن ئەخلاقىنى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە قارشى چىققۇ-چىلار

﴿وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَقَدِ
ٱصۡطَفَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ١٣٠ إِذۡ قَالَ

لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾ وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ
بَنِيهِ وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا
وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٣٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

130-ئۆزىنى ئۆزى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ.

131-ئۆز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا: «سەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىن» دېگەندە، ئۇ: «ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ئىتائەت قىلدىم» دېگەن ئىدى.

132-ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىن (ئىسلام) نى تاللىدى، شۇڭا سىلەر مۇسۇلمان بولماي ئۆلۈپ كەتمەڭلار» دېدى.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىندا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسىدا سادىق ئىكەنلىكىنى ۋە پۈتۈن ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر دىنىدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ خاتالىقىنى، پەقەت ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى بىلمەيدىغان ئەخمەقلەردىن باشقا، ئەقىل ئىگىسى بولغان ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدىن قەتئىي يۈز ئۆرۈ-مەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە پېشۋاسى بولۇشقا، ئاخىرەتتە بولسا، ئۈلگىلىك بەندىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشقا تاللىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە بايان قىلىنغان ئىرادىلىك بەش چوڭ پەيغەمبەرنىڭ بىرى[1]، توغرا دىننىڭ پېشۋاسى ۋە

[1] «قۇرئان كەرىم»دە ئىرادىلىك (يەنى ئۇلۇل ئەزم) دەپ ئاتالغان بەش چوڭ پەيغەمبەر: نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلاردۇر.

ھۆرمەتتە جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇ «خەلىلۇللاھ» (ئاللاھنىڭ دوستى) دېگەن ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە بولغان، سەۋرچانلىقتا ۋە دىنغا بولغان ئىخلاسمەنلىكتە كامالغا يەتكەن زاتتۇر. شۇڭا، ھەممە ئۆزىنى ئۇنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى بىلەن شەرەپلىنىشنى ئارمان قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار، ھەتتا ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ قارايدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ؟ تەبىئىيكى، ياق. ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان ئەقىدىلىرى، ئىمانسىزلىقى ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتىن ئىبارەت كۇفرىلىقى ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەمەس، بەلكى شەيتانغا ئەگەشكەن مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك دىنىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنى كامالغا يەتكۈزگەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە تا قىيامەتكىچە ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق يولىدا ماڭغان مۇسۇلمانلارنىڭلا ئۆزلىرىنى «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان توغرا دىن-ئىسلام دىنىدا» دېيىش ھەققى بار.

كېيىنكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشتا سىنىغانلىقى، ئۇنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىقى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مەھكەم تۇرۇشنى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە بۇ دىنغا چىڭ ئېسىلىپ، ھاياتىنى مۇسۇلمانلىق ھالىتى بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىماننىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرىدىغان جاي ئاخىرەتتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم بۇ دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان بىردىنبىر ساماۋىي دىن بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كامالغا يەتكەن. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرىنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا، بۇ دىندىن يۈز ئۆرۈش چوڭ خاتالىقتۇر. ئەقلى بار ئادەم ھەقىقەتنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى بىلمەسلىك ئەخمەقلەرنىڭ ئىشىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق يولى بولغان دىن-ئىسلام دىنىدۇر.

3. ئائىلە ئەزالىرىغا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشى ئىشلار ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىش پەزىلەتلىك ئىشتۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

4. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋېلىشى يالغانچىلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ۋە خۇراپاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

5. ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشلىرىدىن سورىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىدىن جاۋابكار ئەمەس.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيتى

﴿أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ حَضَرَ يَعۡقُوبَ ٱلۡمَوۡتُ إِذۡ قَالَ لِبَنِيهِ مَا
تَعۡبُدُونَ مِنۢ بَعۡدِيۖ قَالُواْ نَعۡبُدُ إِلَٰهَكَ وَإِلَٰهَ ءَابَآئِكَ إِبۡرَٰهِـۧمَ
وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗا وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ١٣٣ تِلۡكَ أُمَّةٞ
قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا
كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٣٤ وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰ تَهۡتَدُواْۗ قُلۡ بَلۡ
مِلَّةَ إِبۡرَٰهِـۧمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٣٥ قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ
وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ
وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِيَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمۡ
لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ١٣٦ فَإِنۡ ءَامَنُواْ
بِمِثۡلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهۡتَدَواْۖ وَّإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا هُمۡ فِي شِقَاقٖۖ

فَسَيَكۡفِيكَهُمُ ٱللَّهُۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿١٣٧﴾

## تەرجىمىسى

133-(ئى يەھۇدىيلار!) يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بار-مىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭ — ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى.

134-ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئۇممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر.

135-يەھۇدىيلار: «يەھۇدىي بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دېدى؛ خرىستىيانلارمۇ: «خرىستىيان بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) سەن: «ياق! بىز تويتوغرا يولدا بولغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن.

136-(ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا) ئېيتىڭلاركى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋرات)قا، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىل)غا، پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن (ۋەھيىلەر)گە ئىمان ئېيتتۇق، (بىز ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».

137-ئەگەر ئەھلى كىتاب سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، ئەلۋەتتە، (سىلەرگە) قارشى مەيداندا تۇرغان بولىدۇ، (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قارشى) ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ «بىز پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىمىز، بىز دوزاخقا

كىرمەيمىز. كىرگەن تەقدىرىمىزدىمۇ ئۇ جايدا كۆپ مۇددەت تۇرمايمىز» دەيدىغان قۇرۇق ئارزۇسىغا رەددىيە بېرىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پايدىسى ۋە ساۋابى پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن بۇرۇنقىلار قىلغان ئەمەللەرنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

يەھۇدىيلار كىشىلەرگە: «يەھۇدىي بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دېسە؛ خىرىستىيانلارمۇ ئۇلارغا «خىرىستىيان بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دەيتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇ كاپىرلارغا مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: «ياق، بىز ھەرگىز سىلەر دېگەندەك قىلمايمىز. بەلكى، بىز تۈپتۈز توغرا يولدا بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. سىلەر ئەگەر ئاللاھنىڭ توغرا دىنىنى ئىزدىمەكچى بولساڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىڭلار. ئىبراھىم ئەلەيھىسسا-لامنىڭ دىنى سىلەرگە يېتىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇنىڭدا بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىش يوقتۇر. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۇزەيرنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېمەيتتى، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانى بالىسى بولۇشتىن ۋە ھەرقانداق بىر شېرىكى بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈن دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بىز مۇسۇلمانلارمۇ خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېتىقاد قىلغاندەك ئاللاھ تائالانى بالىسى ياكى بىرەر شېرىكى بولۇشتىن ئۈستۈن ۋە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز. ئەمەلىيەتتە، قايسىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنمىز؟ سىلەرمۇ ياكى بىزمۇ؟»

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ توغرا ئەقىدىسىنى دادىل ئېلان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ھەقىقەتلەرنى، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دىنىدا بۇيرۇلغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتابلارغا بىردەك ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر پەيغەمبەرنىمۇ ئايرىپ قويماي، ھەممىسىگە

ئوخشاشلا ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلاشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ئىمان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ۋە نازىل قىلغان ئىلاھىي كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش بىلەنلا تاكامۇللاشقان بولىدۇ. شۇڭا ھەممىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بىرەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس، ئۇ كاپىرلاردىن سانىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئەنە شۇنداق كاپىرلاردۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئىمانى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بۇزمىلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كەتكەن.

ئاخىرقى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئەگەر يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، يەنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىماستىن، ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا تامامەن ئۇيغۇن بولغان ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرسە، ئۇلار ئەلۋەتتە، توغرا يولغا ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتسا، بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇلار يەنىلا سىلەر بىلەن دۈشمەنلىك ئىچىدە بولغان بولىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن يوللۇڭلار تامامەن ئايرىلغان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، سىلەر ئىشىنىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ۋە بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىدىن قوغداشقا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىدۇ.

يەھۇدىيلار يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتىشنى خالىمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مەدىنىدىن پالانغانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھىدايەت پەقەت ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ، سائادەت يولى پەقەت ئىسلام دىنىدىدۇر.

2. پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام

بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغاندەك، خىرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان. ئەمما مۇسۇلمانلار پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە بىردەك ئىمان كەلتۈرگەنلىكتىن، ئۇلار ئىمان دەۋاسىدا راستچىللاردۇر.

3. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار بىلەن ھەمىشە بىللىدۇر. ئاخىرقى غەلىبە مۇسۇلمانلارغا ئائىتتۇر.

## ◄ ئەھلى كىتابقا مۇنازىرە

﴿صِبْغَةَ ٱللَّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبْغَةً ۖ وَنَحْنُ لَهُۥ عَٰبِدُونَ ﴿١٣٨﴾
قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِى ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ وَلَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ
أَعْمَٰلُكُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُخْلِصُونَ ﴿١٣٩﴾ أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَٰهِۦمَ وَإِسْمَٰعِيلَ
وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطَ كَانُوا۟ هُودًا أَوْ نَصَٰرَىٰ ۗ قُلْ ءَأَنتُمْ
أَعْلَمُ أَمِ ٱللَّهُ ۗ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٠﴾ تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ ۖ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم
مَّا كَسَبْتُمْ ۖ وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٤١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

138ـئاللاھ بەرگەن رەڭگە (دىنغا) كىرىڭلار، ئاللاھتىنمۇ گۈزەل رەڭ بېرىدىغان كىم بار؟ «بىز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز» (دەڭلار).

139ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق بىز بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ بىزنىڭمۇ رەببىمىز، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا ئىخلاس (بىلەن تائەت ـ ئىبادەت) قىلغۇچىلارمىز؛

140ـياكى سىلەر ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر يەھۇدىي ئىدى ياكى خىرىستىيان ئىدى دەمسىلەر؟» ئېيتقىنكى، «(بۇنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھمۇ؟ قولىدىكى

ئاللاھتىن (كەلگەن) بىر گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەس».

141ـ ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر.

### ◄ تەپسىرى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «خرىستىيانلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنى يەتتىنچى كۈنى ‹مەئمۇدى› دەپ ئاتىلىدىغان سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق بىلەن بويايدۇ، بۇنداق قىلىشنى خرىستىيانلىق بىلەن بويىغانلىق، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ بوۋاقنى ‹ئەمدى بۇ رەسمىي خرىستىيان بولدى› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ﴿صِبْغَةَ ٱللَّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُۥ عَـٰبِدُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[1]. بوۋاقنى مۇنداق بوياش خرىستىيانلارنىڭ ئېتىقادىدا ئۇنى تازىلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ ۋە خەتنىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا خرىستىيانلار ئوغۇل باللارنى خەتنە قىلمايدۇ. ئايەتتە، خرىستىيانلارنىڭ بۇ ئادىتىگە رەددىيە بېرىلگەن ھالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق بىر بوياققا موھتاج ئەمەسلىكى ۋە ئىماندىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەبىئىي بوياق ئۇلارغا يېتەرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿صِبْغَةَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئاللاھ بەرگەن رەڭ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بوياقتىن ئىمان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئىمان ئىنساننى كۇفرىنىڭ كىرلىرىدىن تازىلايدۇ. دېمەك، مۇسۇلمان بولۇش باشقا بىر بوياق بىلەن بويۇنۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىي ھالىتىگە ۋە ساپلىقىغا قايتىشتۇر. چۈنكى، ھەربىر ئىنسان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر بولغان ھالىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مَا مِنْ مَوْلُودٍ إِلَّا يُولَدُ عَلَى الفِطْرَةِ ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ ، أَوْ يُمَجِّسَانِهِ» يەنى «ھەرقانداق بوۋاق ئىسلامغا تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىۋېتىدۇ ياكى خرىستىيان قىلىۋېتىدۇ ياكى ئاتەشپەرەس

[1] «أسباب النزول للواحدي» 23ـ بەت.

قىلىۋېتىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿صِبۡغَةَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن سۆزگە «ئاللاھنىڭ دىنى» دەپ مەنە ئېيتقان. شۇڭا بىزمۇ ﴿صِبۡغَةَ ٱللَّهِ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبۡغَةٗۖ وَنَحۡنُ لَهُۥ عَٰبِدُونَ۝١٣٨﴾ دېگەن ئايەتكە ﴿ئاللاھ بەرگەن رەڭگە (دىنغا) كىرىڭلار، ئاللاھتىنمۇ گۈزەل رەڭ بېرىدىغان كىم بار؟ «بىز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز» (دەڭلار)﴾ دەپ مەنە ئېيتتۇق.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىنى دادىل ئېلان قىلىڭلار ۋە ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولغان ئىسلام دىنى ئەڭ ياخشى دىندۇر، بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ھىدايىتى ۋە ئىنئاملىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان ھالدا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ باتىل دىنىڭلارنى توغرا دېگەن مۇددىئايىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنى توغرىسىدا بىز بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا بىزنىڭمۇ رەببىمىز، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، يەنى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ رەببى ۋە ئىگىسىدۇر. سىلەر بىلەن بىز ئاللاھ تائالاغا بەندىلىكتە ئوخشاشمىز، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، بىزنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمىزمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. بىز قىلغان پۈتۈن ئەمەللىرىمىزدە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنىلا ئىزدەيمىز، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرىمىز، بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمىز، جەننەت، مەيلى قانداق مىللەتتىن بولسۇن ياكى قانداق قەبىلىدىن بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ دىنىدا مەھكەم تۇرغان ۋە ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ بارىدىغان جايىدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. سىلەردەك، بىزدىن باشقىسى جەننەتكە كىرمەيدۇ دېمەيمىز. سىلەر قايسى دەلىل-ئىسپاتىڭلارغا تايىنىپ، «جەننەت بىزنىڭدۇر، ئۇنىڭغا بىزدىن باشقىلار كىرمەيدۇ» دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇزۇق ئېتىقادىڭلار ۋە ھەقىقەتكە قارشى قىلمىشلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئويئوچۇق يالغانچى ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

[1] «صحيح البخاري» 2- توم، 94- بەت، 1358- ھەدىس، «صحيح مسلم» 4- توم، 2047- بەت، 2658- ھەدىس.

ئى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار جامائەسى! سىلەر قانداقمۇ ئۆزۈڭلارنى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئۇلگىلىك ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىسىلەر؟ ئۇلار ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەردۇر. ئەمما سىلەر بولساڭلار خرىستىيانلىرىڭلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان، يەھۇدىيلىرىڭلار ئۆزەيرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان تۇرساڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلارنى قانداقمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىغا ئوخشىتىسىلەر؟

قولىدا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق گۇۋاھلىق تۇرسىمۇ، ئۇنى كىشىلەردىن يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. بۇ گۇۋاھلىق بولسا، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسلىدىن كەلگەن مۇئمىنلەرنىڭ يەھۇدىي ياكى خرىستىيان ئەمەس ئىكەنلىكى، بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىنىدا ئىكەنلىكىدۇر. ئى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار جامائەسى! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەرگىزمۇ غاپىل ئەمەس. قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى بۇ قىلمىشلار ئۈچۈن چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىدۇ ۋە تېگىشلىك جازايىڭلارنى بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمەلى بىلەن ئۆزلىرىنى خۇش قىلىپ پەخىرلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارغا ئەگەشمەيدىغان ھاكاۋۇرلارغا رەددىيە بېرىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن، سىلەرنىڭمۇ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن نېسىۋە ئالالمايسىلەر، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر، دەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھىدايەت پەقەت ئىسلام دىنىغا ئەگىشىش بىلەن، سائادەت ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش بىلەن، كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن باغلىنىش بىلەن بولىدۇ.

2. يېڭىدىن ئىمان ئېيتقان ئادەم غۇسلى قىلىپ پاكلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا يەتتە كۈنلۈك بولغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇش،

ئەقىقىسىنى[1] قىلىش، بېشىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغان سۈننەت ئەمەللىرىدۇر. بۇ خرىستىيانلارنىڭ بوۋاقلىرىنى يەتتە كۈنلۈك بولغاندا مەخسۇس سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلىغىنىدىن ئەۋزەلدۇر.

3. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىق بارلىق پەيغەمبەر-لەرنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيهىسسالامنى ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر بولغان بولسا، خرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر بولۇپ كەتتى. ئەمما مۇسۇلمانلار بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.

4. ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ. ھېچكىم باشقا بىرسىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇل ئەمەس ۋە ھېچكىم باشقا بىرسىنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.

5. «يەھۇدىي» ۋە «خرىستىيان» دېگەن ئاتالغۇلار ئىنسانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان. ساماۋىي دىن ئەزەلدىن بىرلا دىن بولۇپ، نامى «ئىسلام» يەنى (بويسۇنۇش) ئىدى، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار «مۇسۇلمانلار» يەنى (ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دەپ ئاتىلاتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ دىنىنى تەرىپلەپ: ﴿مَا كَانَ إِبْرَٰهِيمُ يَهُودِيًّا وَلَا نَصْرَانِيًّا وَلَٰكِن كَانَ حَنِيفًا مُّسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٦٧﴾﴾ يەنى ﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، خرىستىيانمۇ ئەمەس، لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾[2] دېگەن.

6. ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر.

7. ئەجدادلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەسەبى ياكى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ماختىنىشنىڭ پايدىسى يوقتۇر.

---

[1] ئەقىقە-ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مال بوغۇزلاش ئارقىلىق قان ئېقىتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەرزەنت ئاتا قىلغانلىق نېمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بولمىغان كىشىلەر ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىسا بولىدۇ. قىلالمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 67-ئايەت.

## ◄ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى

﴿سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ ٱلَّتِي كَانُواْ
عَلَيْهَاۚ قُل لِّلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُۚ يَهْدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ
مُّسْتَقِيمٖ ١٤٢ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَٰكُمْ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى
ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدٗاۗ وَمَا جَعَلْنَا ٱلْقِبْلَةَ ٱلَّتِي
كُنتَ عَلَيْهَآ إِلَّا لِنَعْلَمَ مَن يَتَّبِعُ ٱلرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَىٰ عَقِبَيْهِۚ
وَإِن كَانَتْ لَكَبِيرَةً إِلَّا عَلَى ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِيعَ
إِيمَٰنَكُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ ١٤٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

142ـ بەزى ئەخمەق كىشىلەر«ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر بىلەن مۆئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس)دىن نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «كۈنچىقىش-مۇ، كۈنپېتىش-مۇ ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ».

143ـ شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەر-نىڭ كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ۋە بۇ پەيغەمبەرنىڭمۇ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان تەرەپ (بەيتۇلمۇقەددەس)نى (دەسلەپتە) قىبلە قىلغانلىقىمىز (ئاندىن سېنى ئۇنىڭدىن بۇرۇۋېتىپ كەئبىگە يۈزلىنىشكە بۇيرۇغانلىقىمىز) پەقەت پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى (دىندىن) يېنىۋال-غانلاردىن ئايرىشىمىز ئۈچۈندۇر. (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

### ◄ تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقىتىدا كەئبىگە قاراپ ناماز

ئوقۇيتتى. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن كۆپ مەمنۇن بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون نەچچە ئاي پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالادىن قىبلىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەئبىگە ئۆزگەرتىپ بېرىشىنى تىلەيتتى ۋە پات-پات ئاسمانغا قاراپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە ۋەھيى كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىگە قاراپ ئوقۇغان تۇنجى نامازنىڭ پېشىن نامىزى ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان، ئەمما مەشھۇر رىۋايەت ئۇنىڭ ئەسىر نامىزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ناماز ئوقۇغان مەسجىد بەنى سەلەمە مەسجىدى بولۇپ، ئۇرنى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەسجىد «مەسجىدى قىبلەتەين» يەنى (ئىككى قىبلىلىق مەسجىد) دەپ ئاتالغان.

ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋەقە تۈپەيلىدىن، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمانىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى، كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىمانى تاۋلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە بەزى ئەخمەقلەر-نىڭ بۇ ئىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ ھەرخىل سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلگەنلىكتىن، قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيران قالماسلىقى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىغا سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن، قىبلىنى ئۆزگەرتىش ئەمرىنى ئېلان قىلىشتىن ئاۋۋال مەشرىقتىن مەغرىبكىچە پۈتۈن يەر يۈزى ئاللاھ تائالانىڭ ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا بىزگە قىبلە مەسىلىسىدە قايسى تەرەپنى تاللاپ بەرسە، شۇ تەرەپكە يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىدۇ، ئاندىن قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئەمرىنى جاكارلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلاردىن بولغان بەزى ئەخمەق كىشىلەرنىڭ «مۇھەممەد بىلەن ساھابىلىرىنى

[1] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 460- بەت.

يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن نېمە بۇرۇۋەتكەندۇ؟» دەپ ھەيرانلىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئىشتىن بىئارام بولىدىغانلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تەنە قىلىش يولىدا بۇ ۋەقەلىكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پۇرسەت بىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا سۆز-چۆچەكلەرنى ۋە پىتنە-پاساتلارنى تارقىتىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى ۋە مۇناپىقلارنىڭ كۇفرى بىلەن ئىمان ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىككىلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلگەنلىكتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى: ئى پەيغەمبەر! مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ، شۇنداقلا ھەممە تەرەپلەر ئاللاھ تائالانىڭدۇر. قىبلىنى بەلگىلەش ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ سىلەرگە ئۆزى خالىغان تەرەپنى ئىختىيار قىلىدۇ. ﴿لَّيۡسَ ٱلۡبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ قِبَلَ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلۡكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُوفُونَ بِعَهۡدِهِمۡ إِذَا عَٰهَدُواْۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِي ٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلۡبَأۡسِۗ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ نازىل قىلغان) كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، پۇل-مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە جىھادقا بەرداشلىق بېرىش (قاتارلىقلار) ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مۆئمىنلەرنى راستتىنلا دىندا توغرا يولغا ھىدايەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنى ئاۋۋال بەيتۇلمۇقەددەسكە، ئاندىن كەئبىگە يۈزلىنىشكە ئەمر قىلدى ۋە ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى دەرھال ئورۇندىدى. مۆئمىنلەر بىلىدۇكى، ياخشىلىق ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشتىدۇر.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى! بىز سىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاندەك، سىلەرنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان ۋە بىپەرۋالىقمۇ قىلمايدىغان، بەلكى ئوتتۇراھاللىقنى

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 177-ئايەت.

ئاساس قىلىپ ئادالەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئۆلگىلىك ئۈممەت قىلدۇق. ئىسلام ئۈممىتى ئومۇمىي ئەقىدىلىرىدە ماددا بىلەن روھنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان، شەخسلەر ۋە كوللېكتىپقا مۇئامىلە قىلىشتا ئوتتۇراھاللىقنى تۇتقا قىلىدىغان ئىسىل ئۈممەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ئۈممەتنى: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1] دەپ ماختىغان.

ئايەتتىكى﴿وَسَطًا﴾ دېگەن سۆز ئادالەتنى، ياخشىلىقنى ۋە ئەۋزەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز بولۇپ، تەلەپ قىلىنغان ئىشتا بىر نەرسىنى زىيادە قىلىۋېتىش «إفراط» يەنى (ئاشۇرۇۋېتىش دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما تەلەپنى لايىقىدا ئورۇندىماسلىق، كەم قىلىپ قويۇش«تفريط» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى توغرا ئەمەس. شۇڭا بارچە ياخشىلىق بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىش كۆرۈشتىدۇر[2].

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئەرەب تىلىدىكى «وسط» دېگەن سۆز ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ سەرخىلى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز سىلەرنى ئەڭ تاللانغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىش ۋە قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ باشقا ئۈممەتلەرگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىگە يۈزلەندۈردۇق ۋە ئۇنى سىلەرنىڭ قىبلەڭلار قىلىپ تاللىدۇق، چۈنكى، ھەممە سىلەرنىڭ ئەۋزەللىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ»[3].

ئەللامە سەييىد قۇتۇب مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئۈممىتى دىنىي چۈشەنچىسىدە ۋە ئېتىقادىدا روھ بىلەن ماددىنىڭ، رېئاللىق بىلەن غايىۋىلىكنىڭ، شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ، دىنىنىڭ كەڭچىلىكىدىن پايدىلىنىش بىلەن ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان ھالدا ئىش كۆرىدىغان ئۆلگىلىك ۋە ئادالەتلىك ئۈممەتتۇر»[4].

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 110-ئايەت.

[2] «تفسير المنار» 2 - توم، 4 - بەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 453- بەت.

[4] «في ظلال القران» 1- توم، 131- بەت.

ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ﴿وَسَطًا﴾ دېگەن سۆزنى كاتتا بىر ھېكمەت يۈزىسىدىن ئىشلەتكەن بولۇپ، «وسط» دېگەن ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ باشقا ئۇممەتلەرگە قىيامەت كۈنىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ «وسط» يەنى (ئوتتۇرىدا) ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى، گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىدىغان مەسىلىنى ئېنىق بىلىشى لازىم. گۇۋاھچى ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆزىنى ۋە دەلىللىرىنى ئاڭلىيالايدۇ. ئەگەر ئۇ دەۋانىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇۋالسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىيالماي قالىدۇ»[1].

قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارغا ھەق دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىنى ۋە توختىماستىن ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن دۇنيادا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنى گۇۋاھلىققا چاقىرىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە (يەنى بارلىق ئىنسانىيەتكە) ھەق دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَجِيءُ نُوحٌ وَأُمَّتُهُ ، فَيَقُولُ اللَّهُ تَعَالَى ، هَلْ بَلَّغْتَ؟ فَيَقُولُ نَعَمْ أَىْ رَبِّ ، فَيَقُولُ لِأُمَّتِهِ: هَلْ بَلَّغَكُمْ؟ فَيَقُولُونَ لاَ مَا جَاءَنَا مِنْ نَبِيٍّ ، فَيَقُولُ لِنُوحٍ: مَنْ يَشْهَدُ لَكَ؟ فَيَقُولُ: مُحَمَّدٌ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأُمَّتُهُ ، فَنَشْهَدُ أَنَّهُ قَدْ بَلَّغَ ، وَهُوَ قَوْلُهُ جَلَّ ذِكْرُهُ: وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ» يەنى «ئاللاھ قىيامەت كۈنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن ‹سەن ئۇممىتىڭگە دىنىنى يەتكۈزگەنمۇ؟› دەپ سورايدۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ‹ئى رەببىم! مەن ئۇلارغا دىنىنى ئەلۋەتتە يەتكۈزگەن ئىدىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىدىن سورايدۇ، ئۇلار ‹بىزگە ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس› دەپ ئىنكار قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن ‹ساڭا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟› دەپ سورايدۇ، نۇھ

---

[1] «تفسير المنار» 2-توم 4- بەت.

ئەلەيھىسسالام ‹مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى ماڭا گۇۋاھتۇر› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗا﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇدۇر»[1].

﴿وَمَا جَعَلۡنَا ٱلۡقِبۡلَةَ ٱلَّتِي كُنتَ عَلَيۡهَآ إِلَّا لِنَعۡلَمَ مَن يَتَّبِعُ ٱلرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِۚ﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلەڭ بەيتۇلمۇقەددەسنى كەئبىگە ئۆزگەرتكەنلىكىمىز قىبلە مەسىلىسىدە ساڭا ئەگىشىدىغانلارنى ۋە مۇرتەد بولۇپ كېتىدىغانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئىشلارنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇنلا بىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىلگىنىگە ئاساسلىنىپ ھېچكىمگە ساۋاب ياكى گۇناھ يازمايدۇ. چۈنكى، ئىش-ھەرىكەت تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى. ساۋاب ۋە گۇناھ ئىش-ھەرىكەت سادىر بولغاندىن كېيىن يېزىلىدۇ. شۇڭا بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿لِنَعۡلَمَ﴾ دېگەن سۆزگە «ئايرىش» دەپ مەنە ئېيتقان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز قىبلىنى بەيتۇلمۇددەستىن كەئبىگە پەقەت پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلار بىلەن مۇرتەد بولۇپ كېتىدىغانلارنى ئايرىش ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈنلا ئۆزگەرتتۇق. دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، قىبلە ئۆزگەرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر «مۇھەممەد ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا قايتىپ كەتتى» دەپ، يەھۇدىي دىنىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىك مەسىلىسى كىشىلەر ئۈچۈن چوڭ سىناق ۋە زور بىر ئىمتىھان ئورنىدا بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىلەر ھىدايەت تاپىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچىيىدۇ. ھىدايەتتىن نېسىۋىسى بولمىغانلار بۇ ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلغانلىقتىن، بۇ ئىشنى ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئازغۇنلاردىن بولىدۇ. بۇ مەسىلە باشقىلار ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلسىمۇ، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھەرگىز ئېغىر تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىككىلەنمەستىن ئورۇندايدىغان كىشىلەردۇر.

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 134-بەت، 3339-ھەدىس.

﴿فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَزَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ١٢٤ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَتْهُمْ رِجْسًا إِلَىٰ رِجْسِهِمْ وَمَاتُواْ وَهُمْ كَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلدى؟» دەيدىغانلار بار، مۆئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (بۇ سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارغا كېلىدىغان بولساق، (بۇ سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىغا كۇفرىلىق قوشتى، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[1].

قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان نامازلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوراشقان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا كەئبىگە يۈزلىنىشكە باشلىغاندا، بەزى كىشىلەر: ‹يارەسۇلۇللاھ! بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟› دەپ سوراشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَٰنَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ١٤٣﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[2]. تەپسىرى تەبەرىيدە، ئايەتتىكى ﴿إِيمَٰنَكُمْ﴾ دېگەن سۆز «صلاتكم» يەنى (نامىزىڭلارنى) دەپ تەپسىر قىلىنغان[3].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىلگىرىكى ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا يېڭى ھۆكۈملەرنىڭ بەلگىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاۋۋالقىسى «مەنسۇخ - ئەمەلدىن قالغۇچى»، كېيىنكىسى «ناسىخ - ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ھەممە ئەمر-پەرمانلارنى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماستىن قوبۇل قىلىشى ۋە مۇكەممەل

[1] تەۋبە سۈرىسى: 124-125-ئايەتلەر.
[2] «سنن الترمذي» 5- توم، 208-بەت، 2964- ھەدىس.
[3] «تفسير الطبري» 1- توم، 453- بەت.

ئورۇندىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ھەر زامان ۋە ھەممە جايدا كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان پىتنە-پاساتچىلار باردۇر. كاپىرلارنىڭ ئورتاق غەرىزى ئىسلام دىنىدىن بىرەر نۇقسان تېپىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇشتۇر.

4. ئىسلام ئۈممىتى ھەر ئىشتا ئادالەتنى ۋە ئوتتۇراھاللىقنى ئۆلچەم قىلىدىغان، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى بىپەرۋالىق قىلىشتىن يىراق تۇرىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك ئۈممەتتۇر.

5. قىبلىنى تاپالمىغاندا، ئۆز ئىجتىھادى (يەنى تىرىشچانلىقى) بىلەن ئىزدىنىپ، ئاندىن ئۆزى «قىبلە» دەپ قانائەت قىلغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش جائىزدۇر.

## ◄ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

﴿قَدْ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَىٰهَاۚ
فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ
وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۥۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ
مِن رَّبِّهِمْۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٤٤﴾ وَلَئِنْ أَتَيْتَ ٱلَّذِينَ
أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ بِكُلِّ ءَايَةٍ مَّا تَبِعُواْ قِبْلَتَكَۚ وَمَآ أَنتَ بِتَابِعٍ
قِبْلَتَهُمْۚ وَمَا بَعْضُهُم بِتَابِعٍ قِبْلَةَ بَعْضٍۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعْتَ أَهْوَآءَهُم
مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ إِنَّكَ إِذًا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٥﴾ ٱلَّذِينَ
ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمْۖ وَإِنَّ فَرِيقًا
مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿١٤٦﴾ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا
تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿١٤٧﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**144**-(ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنىڭ (كەئبىنىڭ قىبلە بولۇشىنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا ئەمدى بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى

مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قاراتقىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قارىتىڭلار. شەكسىزكى، (ئىلگىرى ئۆزلىرىگە) كىتاب بېرىلگەنلەر قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەستۇر.

145-(ئى پەيغەمبەر!) كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە ئەگەشمەيدۇ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيسەن؛ ئۇلارمۇ ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدۇ. ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ خاھىشىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم (ئۆزىڭگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

146-بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.

147-بۇ ھەقىقەت رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەندۇر. سەن ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندىن تۇنجى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەسىلە قىبلە مەسىلىسىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، مەدىنە ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانلىقىنى يەھۇدىيلار تەشكىل قىلاتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى، يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئون ئالتە ئاي بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان كەئبىنى بەك ياخشى كۆرەتتى ۋە پات-پات ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا : ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنىڭ (كەئبىنىڭ قىبلە بولۇشىنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا ئەمدى بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[1].

---

[1] «تفسير ابن كثير» 2- توم، 158- بەت.

### تەپسىرى

كەئبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يۈزلەنگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان جاي بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىنىڭ كەئبە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنىڭ قىبلە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق سانالمايتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساپ قەلبى بىلەن چىن ئىمانى ئۇنى ئۆزى ياخشىلىق دەپ ئويلىغان، ئۇنى قىلسا ئاللاھ رازى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەرقانداق بىر ئىشقا ئۈندەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنى: ﴿فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَىٰهَا ۚ﴾ يەنى ﴿مانا ئەمدى بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز﴾ دېگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ياخشىلىقنىلا خالايتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىكىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا قىلغان ۋەدىسىنى كەئبىگە يۈز-لىنىشكە بۇيرۇغان ئەمرى بىلەن بىرگە كەلتۈرگەنلىكى كەئبىنىڭ قىبلىگە ئۆزگەرتىلىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلاھىي ھېكمەت تەقەززا قىلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن، يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسى بولغان بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ماسلىشىپ كۆردى. لېكىن ئۇلار ھەقىقەتنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرى كۈتۈۋاتقان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشتى، ھەتتا: «مۇھەممەد بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈردى. چۈنكى، ئۇ بىزگە ئەگىشىدۇ» دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى قىبلىنى كەئبىگە ئۆزگەرتىشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، كەئبە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشىۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى ئىدى. قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلىشىدە ئەرەبلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بار ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، كەئبىنى ئۇلۇغلايتتى ۋە كەئبىگە بېرىپ ئىبادەت قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا شۇنىڭ بىلەن قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ۋەھيى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈردى، ھەمدە ئۇنىڭ ۋە

پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشىنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن بارچە دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا ۋە قىبلىسىگە ئەگەشمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىمۇ بىر-بىرىنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدىغانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ خاھىشلىرىغا بويسۇنۇشىنىڭ قاتتىق ئاسىيلىق سانىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە يەنە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار توغرىسىدىكى باياننى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇشرىك ئەرەبلەرگە ئوخشاش ھەقىقەتنى تونۇماسلىقتىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش ئۈچۈن ئىنكار قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»دىكى سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەمىشە ھەقىقەتنى ئاۋام خەلقتىن يوشۇرىدىغانلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قىبلىنى كەئبىگە ئۆزگەرتكەنلىكتىن ئىبارەت ھېكمەتلىك ئىشىغا شەك كەلتۈرمەسلىكى، يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرىغا ۋە ھەرخىل قۇتراتقۇلۇقلىرىغا ئالدانماسلىقى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامازدا كەئبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش پەرزدۇر. كەئبىنىڭ يېقىنىدىكىلەر كەئبىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ، يىراقتىكىلەر كەئبە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ھەر قاچان ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە ئەگىشىشى قەتئىي توغرا ئەمەس.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى.

### قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

﴿وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا ۖ فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ ۚ أَيْنَ مَا تَكُونُوا
يَأْتِ بِكُمُ اللَّهُ جَمِيعًا ۚ إِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٤٨﴾ وَمِنْ حَيْثُ
خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ ۖ وَإِنَّهُ لَلْحَقُّ مِن
رَّبِّكَ ۗ وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٩﴾ وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ
وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ ۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ
شَطْرَهُ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا
مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي وَلِأُتِمَّ نِعْمَتِي عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ
تَهْتَدُونَ ﴿١٥٠﴾ كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولًا مِّنكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ
آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا
لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ ﴿١٥١﴾ فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُوا لِي وَلَا
تَكْفُرُونِ ﴿١٥٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

148-ھەربىر ئۈممەتنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار. شۇڭا سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس-بەستە قىلىڭلار. قەيەردە بولۇڭلار، (ئاخىر) ئاللاھ ھەممىڭلارنى (ھېساب مەيدانىغا) يىغىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

149-قەيەردىن يولغا چىقساڭ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن؛ بۇ راستتىنلا رەببىڭدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەس.

150-(ئى پەيغەمبەر!) قەيەردىن يولغا چىقساڭ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئىنسانلارغا سىلەرگە قارشى دەلىل- ئىسپات بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سىلەرمۇ قەيەردە بولۇڭلار،

(نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى) دەلىل قىلىۋالىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن قورقماي، مەندىن قورقۇڭلار. (مېنىڭ قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇغانلىقىم) سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر.

151ـ شۇنىڭدەك (يەنى كەئبىنى قىبلە قىلىپ، نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئاراڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى پاك قىلىدىغان، سىلەرگە قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگىنىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.

152ـ مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، تۇزكورلۇق قىلماڭلار.

## ◄ تەپسىرى

ھەرقانداق بىر دىننىڭ يۈزلىنىدىغان مەخسۇس تەرىپى ياكى ئۆزىگە خاس قىبلىسى بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرى ئىبادەت ۋە دۇئالاردا شۇ مەخسۇس تەرەپكە ياكى شۇ قىبلىسىگە يۈزلىنىدۇ. مەيلى قىبلە قايسى تەرەپتە بولسا بولسۇن، مۇھىم بولغىنى دىيانەت ئەھلىنىڭ ئىخلاسى ۋە سادىقلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا قايسى تەرەپكە يۈزلىنىشنى بۇيرۇسا، شۇ تەرەپكە يۈزلىنىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەممە جاي ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە پادىشاھىدۇر. ئىنسانلار نەدە بولسا بولسۇن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى چوقۇم مەھشەرگاھقا (ھېساب مەيدانىغا) توپلايدۇ ۋە ئۇلاردىن بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىلگەن ۋە ئۇلار بۇ ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

ئەمما قىبلە دىننىڭ ئاساسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چۈنكى، دىننىڭ ئاساسى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، ياخشىلىق-يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر،

ئاندىن دىنىمىزدا بۇيرۇلغان پەرزلەردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قىبلە مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش قىلىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇھىم بولغىنى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىشقا ئالدىراشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەردە ھەربىر ئۈممەتنىڭ ۋە ھەربىر دىنىنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى بەسلىشىپ قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، مۇھىم بولغىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. ئاخىرەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇدۇر.

قىبلىنىڭ پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەستىن مەككىدىكى كەئبىگە ئۆزگەرگەنلىكى مەلۇم بىر مەزگىلگە خاس قىلىنمىغانلىقىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى بىلەن ئىشقا ئاشقانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇئمىنلەرنى نامازلىرىدا يۈزىنى كەئبە تەرەپكە قىلىشقا ئۈچ قېتىم قايتىلاپ بۇيرۇغان. ئاۋۋالقى بۇيرۇقتا ئەھلى كىتابنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن بولسا، ئىككىنچى بۇيرۇقتا بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ئۈچىنچى بۇيرۇقتا بولسا، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى بايان قىلىنغان. بۇ ھېكمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى ھېكمەت: ئاللاھ تائالانىڭ ﴿لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلارغا سىلەرگە قارشى دەلىل-ئىسپات بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن﴾ دېگەن سۆزى شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋراتنىڭ بېشارىتى ئارقىلىق ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ قىبلىسى مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم يەنى كەئبە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەمىشە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ: «ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزغا ئەگەشمەيدۇ، ئەمما قىبلىمىزگە ئەگىشىۋاتىدۇ» دەيتتى. ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ناماز ۋە دۇئالىرىدا مەككىدىكى كەئبىگە يۈزلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى شۈبھىسى چوڭ ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر تەرەپتىن ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككىلىنىپ قالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنكارىدىن

شەكىللەندى. قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەرگەنلىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىسلام دىنىغا تەنە قىلىش يولىنى تاقىغانلىق بولاتتى. چۈنكى، ئەھلى كىتاب شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزغا ئەگەشمەيدۇ، ئەمما قىبلىمىزگە ئەگىشىۋاتىدۇ» دېيەلمەيتتى. ئەرەب مۇشرىكلىرى «مۇھەممەد راستتىنلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئۇ نېمىشقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان كەئبىگە يۈزلەنمەيدۇ؟» دەپ ئەيىبلىيەلمەيتتى.

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن قىبلىنى كەئبىگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ توغرىدا سۆز-چۆچەك تارقىتىشىغا خاتىمە بەردى. شۇڭا كەئبىنىڭ قىبلىگە ئۆزگەرتىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىش ھېكمەتلىك ئىش دەپ سۈپەتلەندى. دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە-پاسات تېرىش ئۈچۈن پاكىت كەلتۈرۈش يولى تاقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن قورقۇشقا ئورۇن قالمىغان بولدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى كاپىرلاردىن ئەمەس، پەقەت ئۆزىدىنلا قورقۇشقا بۇيرۇغان.

ئىككىنچى ھېكمەت: ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىك مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى تولۇقلاپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى كامالىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە راستتىنلا بۇ چوڭ نېمەت ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەردىن چىققتى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» مۇ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىندى. لېكىن ئۇ يالغۇز ئەرەبلەرنىڭلا پەيغەمبىرى ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنى مەككىگە دەسلەپ يېيىلغان ۋاقىتلاردا ﴿وَأَنذِرۡ عَشِيرَتَكَ ٱلۡأَقۡرَبِينَ ﴿٢١٤﴾﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[1] دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى، ئاندىن ئۆز قەۋمىنى ئەڭ ئاۋۋال ئىسلامغا كىرگۈزۈش، ئاندىن شۇلارنىڭ ھىممەتلىرى ئارقىلىق بۇ دىنىنى يەر يۈزىگە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئىرادىسى بىلەن ھەمىشە ئۆز قەۋمىنىڭ ھىدايىتىنى تىلەيتتى. قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرگەنلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇلىرى گۈل ئاچىدىغان، كۆزلىگەنلىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى. چۈنكى،

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 214-ئايەت.

ئەرەب مۇشرىكلىرى ئەزەلدىن كەئبىنى ئۇلۇغلايتتى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلاتتى.

ئۈچىنچى ھېكمەت: مۇئمىنلەرنىڭ ھەق دىندا مۇستەھكەم بولۇپ توغرا يولنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىن يەنە بىرىنى ﴿وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر﴾ دەپ بايان قىلغان.

ئاخىرقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئۇنتۇماسلىققا ۋە شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇنى كۆپ ياد ئېتىشكە چاقىرغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامازدا قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىش نامازنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بىرىدۇر.

2. ھەقىقەتنى نامايان قىلىشتا كىشىلەرنىڭ دەلىلسىز سۆز-چۆچەكلىرىدىن قورقماسلىق، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش، ئىنسانلاردىن ئەمەس، ئاللاھ تائالادىنلا قورقۇش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋاپادارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانى ھەمىشە ياد ئېتىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئاغزاكى زىكرلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## ◄ سەۋر قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱلصَّبْرِ وَٱلصَّلَوٰةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
مَعَ ٱلصَّـٰبِرِينَ ﴿١٥٣﴾ وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَن يُقْتَلُ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمْوَٰتٌۢ ۚ
بَلْ أَحْيَآءٌ وَلَـٰكِن لَّا تَشْعُرُونَ ﴿١٥٤﴾ وَلَنَبْلُوَنَّكُم بِشَىْءٍ مِّنَ
ٱلْخَوْفِ وَٱلْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِ ۗ وَبَشِّرِ

ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٥٥﴾ ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ
رَٰجِعُونَ ﴿١٥٦﴾ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ صَلَوَٰتٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَرَحۡمَةٞۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡمُهۡتَدُونَ ﴿١٥٧﴾

### تەرجىمىسى

153ـئى ئىمان ئېيتقانلار! سەۋر ۋە ناماز بىلەن ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

154ـئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار، ئەكسىچە، ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر (بۇنى) سەزمەيسىلەر.

155ـ156ـ ھەقىقەتەن بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز ئاچارچىلىق بىلەن ۋە پۇل ـ ماللىرىڭلاردىن، جانلىرىڭلاردىن، مەھسۇلاتلىرىڭلاردىن كېمەيتىش بىلەن چوقۇم سىنايمىز. ئۇزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن.

157ـئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش يولىدا بېشىغا كېلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەت، ئەزىيەت ۋە دۈشمەنلىك قاتارلىق خاپىلىقلارنى ئالدىن بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى چىدامچانلىققا، سەۋرچانلىققا ۋە ناماز بىلەن تەربىيەلىنىشكە چاقىرىدۇ. چۈنكى، چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق كىشىگە ياخشى نەتىجىلەرنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان بىر چارە بولسا، ناماز كىشىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىبادەتتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان كىشى ناماز ئارقىلىق ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بەش قېتىم ئاللاھ تائالا بىلەن مەنىۋى ئۇچرىشىشتا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ، ئۆزىنى چىداملىق قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا

ئۆزىنىڭ تائەت-ئىبادەتتە چىداملىق بولغۇچىلار ۋە بېشىغا كەلگەن بارچە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلغان. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى چىداملىق بولغۇچىلارغا ۋە سەۋر قىلغۇچىلارغا خاستۇر. ناماز ئىرادىنى تاۋلايدىغان، ئادەمنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسىدىغان ئىبادەت بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئۇ غەم-قايغۇلارنى يېڭىشنىڭ بىر چارىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئىشتا قايغۇرسا ياكى بىرەر مۇشكۇلات يۈز بەرسە، دەرھال ناماز ئوقۇيتتى. ھەتتا ئۇ: «وَجُعِلَتْ قُرَّةُ عَيْنِي فِي الصَّلَاةِ» يەنى «مېنىڭ خۇشاللىقىم نامازدا قىلىندى»[1] دېگەن. سەۋر بابىدىمۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۈمىدىنى يوقاتمايدىغان، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە، بالا-قازاغا سەۋر قىلىدىغان، ئىشلارنى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقى ۋە شانلىق ھاياتى بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە تولۇق رازىمەنلىكى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ: «إِنَّ العَيْنَ تَدْمَعُ ، وَالقَلْبَ يَحْزَنُ ، وَلاَ نَقُولُ إِلَّا مَا يَرْضَى رَبُّنَا ، وَإِنَّا بِفِرَاقِكَ يَا إِبْرَاهِيمُ لَمَحْزُونُونَ» يەنى «كۆزلەر ياش ئاققۇزماقتا، يۈرەكلەر ئېزىلمەكتە، لېكىن بىز رەببىمىز رازى بولىدىغان سۆزنىلا قىلىمىز. ئى ئىبراھىم! سەندىن ئايرىلغىنىمىز ئۈچۈن بىز بەكمۇ قايغۇردۇق»[2] دېگەن. مانا بۇ سەۋرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بولغان رازىمەنلىكنىڭ ئۈلگىسىدۇر. مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ مۇسىبەتلەرگە قارىتا تۇتىدىغان مەۋقەسىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا، كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولغانلار گەرچە بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھاياتتۇر. ئۇلار باشقا ئۆلۈكلەرگە ئوخشاشلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆلۈك ئەمەستۇر. قىيامەت كۈنى بارلىق ئۆلۈكلەر ياتقان يېرىدىن تىرىلىپ قوپسا، شېھىتلەر نېمەتلىنىۋاتقان جايىدىن تۇرىدۇ. شېھىتلەر ھەر زامان

[1] «سنن النسائي» 7-توم، 61-بەت، 3940-ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 83-بەت، 1303-ھەدىس، «شعب الإيمان» 12-توم، 429-بەت، 9683-ھەدىس.

ھاياتتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ بەرزەختىكى[1] ھاياتىنى ئىنسانلار ھېس قىلالمايدۇ. شېھىتلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە قېنى ئېقىپ تۇرغان ۋە خۇش پۇراق پۇرىغان ھالدا قوپىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر بار. شۇڭا شېھىتلەر يۇيۇلماستىن قان كىيىملىرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىدۇ. «ئۇھۇد غازىتى»دا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغانلىغا يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، مەدىنىدىكى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەش جەريانىدا ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خۇددى ھايات كىشىلەردەكلا ياتقانلىقى ۋە ھېچ بۇزۇلمىغانلىقى ھەققىدىكى نەقىللەر، ھەتتا زامانىمىزدا ئافغانىستان، چېچەنىستان، پەلەستىن قاتارلىق جايلاردا شېھىت بولغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچ ئۆزگەرمىگەنلىكى، تىرناقلىرى بىلەن ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ۋە قانلىرىنىڭ ھازىر ئاققان قاندەك يالتىراپ تۇرغانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغان ئىشەنچلىك خەۋەرلىرىمىزمۇ شېھىتلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۆلۈكلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك، بالا-قازا، غەم-قايغۇ ۋە زىيان-زەخمەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن كەلگەن بىر تۇرلۇك سىناقتۇر. سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن بۇ سىناقلار ئارقىسىدا ئەلۋەتتە چوڭ مۇكاپاتلار ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەر بار. ئاللاھ تائالا بۇ سىناقلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ، ئۇلارنى چىدامچان ۋە پىداكار قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار باشلىرىغا كەلگەن ھەرقانداق بالا-قازا ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، بەلكى ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ١٥٦﴾ يەنى ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز﴾ دەيدىغان ۋە بۇ جاپالارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا چوقۇم كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ خاتىرجەم ياشايدىغان تاكامۇللۇققا يېتىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئىماندا ۋە ئىماني تەربىيەدە شۇنداق كامالىغا يەتكەن چېغىدا، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ، ھەمدە ھىدايەتنى تولۇقى بىلەن تاپقانلاردىن بولىدۇ.

---

[1] بەرزەخ-بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالەم بولۇپ، ئۆلگەنلەر تا قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر شۇ بەرزەخ ئالەمدە بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش ۋە نامازنى مۆكەممەل ئادا قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ مۇشكۇلاتلىرىغا تاقابىل تۇرۇش توغرا يولدىكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ خىسلىتىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا شېھىتلەرنىڭ دەرىجىسى باشقا ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭكىدىن ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۆلۈك سانالمايدۇ.

3. مۇسۇلمان كىشى ھەرتۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

4. مۇسىبەتتە ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا تەسەللى بېرىشنىڭ پەزىلىتى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ تُصِيبُهُ مُصِيبَةٌ، فَيَقُولُ مَا أَمَرَهُ اللهُ: ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ﴾، اللهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي، وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا، إِلَّا أَخْلَفَ اللهُ لَهُ خَيْرًا مِنْهَا» يەنى «قانداقلا بىر مۇسۇلمان كىشى مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا: ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدار-چىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز﴾، ئى رەببىم! بۇ مۇسىبىتىم ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگەيسەن، بۇنىڭ ئورنىغا ماڭا ئەڭ ياخشىسىنى بەرگىن، دەپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىگەنلىرىنى چوقۇم بېرىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلۡمَرۡوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِۖ فَمَنۡ حَجَّ ٱلۡبَيۡتَ أَوِ ٱعۡتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَاۚ وَمَن تَطَوَّعَ خَيۡرٗا فَإِنَّ ٱللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ ١٥٨ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلۡهُدَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا بَيَّنَّٰهُ لِلنَّاسِ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أُوْلَٰٓئِكَ يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلۡعَنُهُمُ

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 631-بەت، 918- ھەدىس، «مسند الإمام أحمد» 26- توم، 262-بەت، 16344- ھەدىس.

ٱللَّٰعِنُونَ ﴿١٥٩﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَبَيَّنُواْ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَتُوبُ
عَلَيۡهِمۡ وَأَنَا ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ
كُفَّارٌ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةُ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١٦١﴾
خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿١٦٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

158-شەكسىزكى، سافا بىلەن مەرۋە[1] ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالا-مەتلىرىدىندۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە (ئۇنىڭ) مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

159-بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىل ۋە ھىدايەت يولىنى كىتابتا ئىنسانلارغا ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بەرگىنىمىزدىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ ۋە لەنەت قىلغۇچىلارمۇ لەنەت قىلىدۇ.

160-پەقەت تەۋبە قىلغان، (بۇزغانلىرىنى) تۈزەتكەن ۋە (يوشۇرغانلىرىنى) ئاشكارا بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەن ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىمەن، ناھايىتى مېھرىبانمەن.

161-شەكسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرغان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر- ئەنە شۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىكتۇر.

162-ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرىسىدا يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىك

[1] سافا- كەئبىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى بىر تاغنىڭ نامى، مەرۋە- كەئبىنىڭ شىمال تەرىپىدە سافاغا قاراپ تۇرغان تاغنىڭ نامى.

ئەرەبلەر تارقاتقان پىتنە-ئىغۋالارغا، كاپىرلارغا قارشى سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش بىلەن كۈچلىنىش كېرەكلىكى، ۋاقتى كەلسە جىهاد قىلىش، جىهادتا شېهىت بولغانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىرى ۋە قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا توختالغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي ئاسىم ئىبنى سۇلەيماندىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: بەزى كىشىلەر سافا بىلەن مەرۋە توغرۇلۇق سورىشىپ، «بىز سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە ئائىت ئىشلار دەپ بىلەتتۇق. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا مەزكۇر ئىككى ئورۇندا «ئەساف» ۋە «نائىلە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۇت بار ئىدى، كىشىلەر بۇ ئىككى بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى ۋە ئۇلارغا يۈزلىرىنى سۈرتەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بىز بۇ ئىشلارنى تەرك ئەتتۇق» دېيىشكەندە، ئاللاھ تائالا ﴿شەكسىزكى، سافا بىلەن مەرۋە ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن[1].

## تەپسىرى

﴿إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿شَعَآئِرِ﴾ دېگەن سۆز «شعيرة» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، لۇغەتتە: ئالامەت، ئېلان قىلىش، بىلدۈرۈش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئاللاھ تائالا ئىبادەت ئۈچۈن قويغان ئالامەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئەرەپاتتا تۇرۇش، قۇربانلىق قىلىش، سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامىتى، يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ

[1] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 341- بەت.

ئالامەتتۇر.

ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشى گۇناھ ئەمەس، بەلكى ساۋابلىق ئىشتۇر. چۈنكى، ۋەزىيەت بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، مەككە ئازاد بولغان كۈنىلا كەئبىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق بۇتلار چېقىپ تاشلانغان، بۇرۇنقى مۇشرىكلار بۇ ئورۇنلاردىكى مەزكۇر ئىككى بۇت يۈزىسىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئايلانغان بولسا، مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى ئورۇننى ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىگەن دىنىي ئالامەتلەردىن بىر ئالامەت دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا سەئيى قىلىدۇ. ئاللاھ يولىدا بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغان كىشىگە قىلغان ئىختىيارىي ياخشى ئەمەلى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىدىغان زاتتۇر.

كېيىنكى ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم» يەھۇدىيلار توغرۇلۇق قايتا توختىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان دىنىي ھۆكۈملەرنى كىشىلەردىن يوشۇرىدىغانلارنىڭ جازاسى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدىغان ۋە بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ مۇشرىكلىككە خاتىمە بېرىدىغان بىر ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى قولىدىكى «تەۋرات»تىن ئۆگىنىپ ھەمىشە دېگۈدەك سۆزلەيتتى، ھەتتا بۇ پەيغەمبەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى، ئۇلار ئەرەبلەرگە مۇشۇ سۆزى بىلەن تەھدىت سالاتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىلگىرى سۆز-لىگەنلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى. ئۇلار بۇرۇن ئۆزلىرى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى توغرۇلۇق ھەدەپ سۆزلەپ كەلگەن بېشارەتلىرىنى ئەمدىلىكتە يوشۇرغان ۋە كۆپلىرىنى يوققا چىقارغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار «تەۋرات»نىڭ مەزكۇر بېشارەتلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇردى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىمى مۇئمىنلەرنىڭ لەنىتى تېگىشلىك بولدى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقەتپەرۋەرلەرگە ۋە قىلمىشلىرىغا

تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى كەڭدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرىنى يۇقىرى قىلىدۇ. ئەمما كۇفرىلىقنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار ۋە ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىغانلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئازابى دەھشەتلىك بولىدۇ. ئازاب ئۇلاردىن يەڭگىللىتىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى بىلەن ئۆلگەن ئىكەن، ئۇلارغا ھەرگىز كەچۈرۈم يوقتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. گەرچە بۇ توغرىدىكى ئايەت يەھۇدىيلار ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ھەقىقەتنى، ياكى پايدىلىق ئىلىمنى ۋەياكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان ھەرقانداق ئادەم بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ.

2. ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكى، ياكى يولسىزلىقى سەۋەبتىن ئىشنى بۇز-غانلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇز-غانلىرىنى ئۆزلىرى تۈزىشى شەرتتۇر.

3. كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

4. كاپىرلارغا ۋە زالىملارغا لەنەت ئېيتىش جائىزدۇر.

5. سافا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىسىنى سەئيى قىلىش ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئىكەنلىكىگە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئەمما سافا بىلەن مەرۋىنى سەئيى قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق فەقىھلەر ئىختىلاپلاشقان: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «رەسۇلۇللاھ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ئۇنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ»[1] دېگەن رىۋايىتىگە ئاساسلىنىپ، سەئيى قىلىشنى ۋاجىب دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، سەئيىنى تەرك قىلغان كىشى بىر قوي قان قىلىپ مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىش ئارقىلىق ھەجدىكى نۇقسانىنى تولۇقلىيالايدۇ. ئىمام ئەھمەد، ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «إِنَّ اللهَ كَتَبَ عَلَيْكُمُ السَّعْيَ فَاسْعَوْا» يەنى «ئاللاھ

---

[1] «صحيح البخاري» 1643ـ ھەدىس.

سىلەرگە سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى پەرز قىلدى، سەئيى قىلىڭلار»[1] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن پەرزدۇر[2].

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە شېرىكى يوقلۇقى

﴿وَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ ١٦٣ إِنَّ فِي خَلۡقِ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱلۡفُلۡكِ ٱلَّتِي تَجۡرِي فِي
ٱلۡبَحۡرِ بِمَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن مَّآءٖ فَأَحۡيَا
بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٖ وَتَصۡرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ
وَٱلسَّحَابِ ٱلۡمُسَخَّرِ بَيۡنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ
١٦٤ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادٗا يُحِبُّونَهُمۡ كَحُبِّ
ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَشَدُّ حُبّٗا لِّلَّهِۗ وَلَوۡ يَرَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِذۡ يَرَوۡنَ
ٱلۡعَذَابَ أَنَّ ٱلۡقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعٗا وَأَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعَذَابِ ١٦٥ إِذۡ تَبَرَّأَ
ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ وَتَقَطَّعَتۡ بِهِمُ
ٱلۡأَسۡبَابُ ١٦٦ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ لَوۡ أَنَّ لَنَا كَرَّةٗ فَنَتَبَرَّأَ مِنۡهُمۡ كَمَا
تَبَرَّءُواْ مِنَّاۗ كَذَٰلِكَ يُرِيهِمُ ٱللَّهُ أَعۡمَٰلَهُمۡ حَسَرَٰتٍ عَلَيۡهِمۡۖ وَمَا هُم
بِخَٰرِجِينَ مِنَ ٱلنَّارِ ١٦٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

163-سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يېگانە ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

164-شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، قاقاس زېمىننى جانلاندۇرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلاردا،

[1] «مسند الإمام أحمد» 45- توم، 455-بەت، 27463- ھەدىس.
[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 136- بەت.

شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.

165-بەزى ئىنسانلار ئاللاھتىن باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ، شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. ھالبۇكى، ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا (بىلگەنگە ئوخشاش) پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى (بۇ دۇنيادا) بىلسە ئىدى (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولاتتى).

166-ئاشۇ ۋاقىتتا (دوزاخنىڭ يولىغا باشلىغان) باشلامچىلار ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن يىراقلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلىدۇ.

167-ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە دۇنياغا قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇلار بىزنى تاشلاپ كەتكەندەك، بىزمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كېتەتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ ھەسرەت-نادامەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقالمايدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئەھلى كىتابنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتەك رەزىللىكىنى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ كۇفرىلىقىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارغا قىيامەت كۈندە بولىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇق ئىللەتلىرىگە ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ئەزەلدىنلا بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىلىرى يوقتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشقا لايىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ، ھېچقانداق مەبۇد يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى، يامغۇرنى ياغدۇرغۇچى،

قاقاس زېمىننى يامغۇر بىلەن جانلاندۇرۇپ كۆكەرتكۈچى، شاماللارنىڭ يۆنىلىشلىرىنى ئۆزى خالىغان بويىچە ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى، ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە جىمى مەخلۇقاتقا رىزىق بەرگۈچى يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە، سۈپەتلىرىدە تەڭداشسىز، يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. يۇقىرىقىلار ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلگەنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بېرىدىغان دەلىللەردۇر.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۆز قولى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلارغا خۇددى مۇئمىنلەر ئاللاھقا ئىخلاس قىلغاندەك ئىخلاس قىلىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئازابنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك سۆيىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلىقى، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئاندىن كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ھالىنى، ئۇلارنىڭ ئازابنى كۆرگەندە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بىلگەنلىكىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى، ئازغۇن يولباشچىلارغا ئەگىشىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئەگەشكۈچىلەر يولباشچىلىرىنىڭ ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇمكىن بولسا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ بېرىپ، يولباشچىلىرى مۇشۇنداق ئېھتىياجلىق كۈندە ئۇلارنى يالغۇز تەرك ئېتىپ تاشلاپ كەتكەندەك، ئۇلارنىمۇ تاشلاپ كېتىپ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغۇسى كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ پۇشايمانلىرى بۇ كۈندە پايدىسىزدۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈلۈك مەھكۇم بولۇپ، دوزاختىن قەتئىي چىقالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان-ئېتىقاد، ئەمەل-ئىبادەت، سۆيگۈ-مۇھەببەت قاتارلىقلار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، بۇ ئەمەللەرنى ئاللاھ

تائالانىڭ ئۆزىگە خالىس قىلمىغۇچە قوبۇل بولمايدۇ.

2. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەردىن پەقەت ئەقلىنى ئىشلەتكەنلەرلا پايدىلىنالايدۇ.

4. ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەننى سۆيۈش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

5. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى ئاللاھ تائالانى سۆيگەندەك سۆيۈش شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك ئىشتۇر، شۇڭا بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. قىيامەت كۈنىدە بارلىق ئازغۇن يولباشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن يىراقلىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

### ◄ ھەل قىلغۇچ چارە

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِى ٱلْأَرْضِ حَلَـٰلًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُواْ
خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿١٦٨﴾ إِنَّمَا يَأْمُرُكُم
بِٱلسُّوٓءِ وَٱلْفَحْشَآءِ وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿١٦٩﴾ وَإِذَا
قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَآ أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۗ
أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٧٠﴾ وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى يَنْعِقُ بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَآءً وَنِدَآءً ۚ صُمٌّۢ
بُكْمٌ عُمْىٌ فَهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٧١﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن
طَيِّبَـٰتِ مَا رَزَقْنَـٰكُمْ وَٱشْكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١٧٢﴾
إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحْمَ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيْرِ
ٱللَّهِ ۖ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ
رَّحِيمٌ ﴿١٧٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

168ـئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

169ـشەيتان سىلەرنى پەقەت يامانلىققا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ نامىدىن ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ.

170ـھەر قاچان ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىرىغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار «ياق، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان نەرسىگە ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، (يەنە شۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟).

171ـكاپىرلار (ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى) خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە ئاۋازنىلا ئاڭلايدىغان ھايۋانلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. (چۈنكى ئۇ كاپىرلار) گاستۇر، گاچىدۇر ۋە كوردۇر. شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدۇ.

172ـئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار.

173ـئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، توڭگۇز گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى ھارام قىلدى. كىمكى (بۇ نەرسىلەردىن) ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا) يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، شېرىك بىلەن گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇلارنى قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھالال-ھارامنى بايان قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز رەھمىتى ۋە كەڭ پەزل-مەرھەمىتى

بىلەن پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ئاللاھ تائالا هالال قىلىپ بەرگەن، پاكلىقىدا شەك-شۈبھە بولمىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ھەققى ئارىلىشىپ قالمىغان نەرسىلەردىن يەڭلار، ئىچىڭلار. دىن نامىدىن كېلىدىغان ۋە سىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئالىدىغان مال-دۇنيادىن ۋاز كېچىڭلار. چۈنكى، ئۇنداق مال-دۇنيا هارام ۋە نىجىستۇر، ئۇنى يېيىش هالال ئەمەستۇر.

بۇنىڭدا، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىي ماقامدىكى ئادەملىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەنسەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، دىن نامىدىن كىشىلەردىن پۇل-مال يىغىپ يەيدىغانلىقىغا، پۇل-مالدىن ۋە ۋاقتلىق دىنىي مەنسەپتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقىغا ۋە ئىسلام دىنىغا ئەگەشمىگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. شۇنىڭدەك، ھەق دىنغا ئەگىشىپ توغرا يول تېپىش بىلەن شەيتانغا ئەگىشىپ ئازغۇنلۇقتا پېتىشنىڭ يېمەك-ئىچمەككە بولىدىغان تەسىرى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا يېيىشكە رۇخسەت قىلغان هالال نەرسىلەرنى يېيىش ياخشى ئەمەل بولغاندەك، ئاللاھ تائالا هارام قىلغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر ھەم تەن ساقلىققا زىيانلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ زىيانلىق نەرسىلەرنى يەپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىنى ياقتۇرمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن توسىدۇ. ئاللاھ تائالا هارام قىلغان ۋە يېيىشتىن چەكلىگەن نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ تەن ساقلىقىغا ۋە دىنىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەردۇر.

ئى ئىنسانلار! شەيتانغا ئەگەشمەڭلار! ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماڭلار! چۈنكى، شەيتان ھەمىشە سىلەرنى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتىدۇ ھەمدە يامان ئىشلارنى ياخشى ئىشتەك كۆرسىتىپ سىلەرنى ئالدايدۇ. شەيتان سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغاندەك، سىلەرگىمۇ ئەشەددىي دۈشمەندۇر. شۇڭا سىلەر ھەرگىز شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرنى ھەرگىز ياخشى ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، ئۇ پەقەت يامانلىققىلا كۈشكۈرتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى تەبىئىتى ساغلام، ئەقلى جايىدا بولغان ئادەم قوبۇل قىلمايدىغان يىرگىنىشلىك، قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شەيتانلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەشكە، ئۇنىڭ دىنىغا ئاسىيلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلار ۋە بەزى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار«بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىغا ئەگىشىمىز، چۈنكى، ئۇلار ئەڭ ئەقىللىق ۋە دىننى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى» دېيىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئۇلارغا شۇنداق رەددىيە بېرىدۇكى، ئۇلار دىنىي ئىشلاردىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدىغان خۇددى كور ئادەمدەك توغرا يولنى كۆرەلمەيدىغان، ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن، توغرا يولدىن ئاداشقان ئاشۇ ئەقىلسىز ئەجدادلىرىغا ئەگىشەمدۇ؟!

شەيتانلارغا ئەگىشىپ ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىغان ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىن ۋە ئەقىلنىڭ كۆرسەتمىسىدىن يىراق ئويدۇرما ئېتىقادىغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغان بۇ مۇشرىكلارنى ھىدايەتكە، ئىمانغا دەۋەت قىلغان ئادەم خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە ئاۋازنىلا ئاڭلىغان ھايۋانلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ مۇشرىكلار خۇددى پادىچىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ چاقىرغان تەرەپكە بويىنىنى سوزغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشمەستىن ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئەقلى يوق پادىلارغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، بۇ مۇشرىكلار ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلايدۇ، ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەلكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىلىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پەردىلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلاردا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان ئىقتىدار يوق. ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىكتە ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن بۇ يەرگىچىلىك بولغان قىسمىدا «قۇرئان كەرىم»نى قوبۇل قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىن ئىككىنچى پارىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قىسمىدا مۇسۇلمان شەخسنى ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ. بۇ بۆلۈم تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولغان يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھالال ۋە ھاراملارنىڭ بايانى بىلەن باشلىنىدۇ.

ئى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۇئمىنلەر!

سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن رىزىقلىرىدىن كەڭتاشا يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال سانىماڭلار.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى، قاننى، توڭگۇز گۆشىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامى ئېيتىلماستىن بوغۇزلانغان چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى. ساغلام تەبىئەتلىك ئادەم مۇنداق مىكروبلۇق نەرسىلەرنى يېيىشنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ. توڭگۇزغا ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ گەندىسىنى يەيدىغان پاسكىنا ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ تەن ساقلىققا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تېببىي مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئىسپاتلىدى. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ نامى ئېيتىلماستىن بوغۇز-لانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر. مۇشرىك ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە، قۇربانلىق چارۋىلىرىنى لات ۋە ئۇززا بۇتلىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلايتتى. ئاللاھ تائالا يېيىشتىن مەنئى قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي جەھەتتىن ھارام، ئەقلىي ۋە تېببىي جەھەتتىنمۇ توغرا ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغانلار ئۈچۈن ھارام نەرسىلەردىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان زات بولۇپ، قىيىنچىلىقلاردا ئۇلارنى چارىسىزلىككە تاشلاپ قويمايدۇ، بەلكى ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقتا ئۇلارغا ئەلۋەتتە بىر چىقىش يولى بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش ئويئوچۇق ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن جىمى نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ، كەڭتاشا يېيىش كېرەك. ئەمما ھەرگىز چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ۋە ئىسراپ قىلماسلىق لازىم.

2. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر. ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈردۇر.

3. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان چارۋىلارنىڭ گۆشى، قان، توڭگۇز گۆشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامى ئېيتىلماستىن بوغۇزلانغان چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يېيىش

ھارامدۇر. پەقەت ئۆلۈم خەۋپى تۇغۇلغاندا، چارىسىزلىكتىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشكە رۇخسەت قىلىنغان.

4. ئۆلۈك جانلىقلاردىن بېلىق بىلەن چېكەتكە ھالالدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أُحِلَّتْ لَنَا مَيْتَتَانِ، وَدَمَانِ. فَأَمَّا الْمَيْتَتَانِ: فَالْحُوتُ وَالْجَرَادُ، وَأَمَّا الدَّمَانِ: فَالْكَبِدُ وَالطِّحَالُ» يەنى «بىزگە ئىككى ئۆلۈك، ئىككى قان ھالال قىلىندى. ئىككى ئۆلۈك: بېلىق بىلەن چېكەتكە، ئىككى قان: تال بىلەن جىگەردۇر»[1].

5. بىدئەتچىلەرگە ۋە ئازغۇنلارغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر.

6. تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى قانچىلىك قاتتىق بولۇپ كەتسىمۇ، ھەمىشە ھالال رىزىق ئۈچۈن تىرىشىش ۋە ھالالدىن يېيىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

7. ھالال بىلەن ھارام پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىس بىلەنلا بەلگىلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزگەرتىش ياكى بەلگىلەش ھوقۇقى يوقتۇر.

8. توغرا ئېتىقادقا ۋە توغرا يولدىكى دىنىي ئۆلىمالارغا ئەگىشىش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش زۆرۈردۇر.

## ◄ ئەھلى كىتاب، «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَشۡتَرُونَ بِهِۦ ثَمَنٗا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ مَا يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ إِلَّا ٱلنَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ۝١٧٤ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡعَذَابَ بِٱلۡمَغۡفِرَةِۚ فَمَآ أَصۡبَرَهُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ ۝١٧٥ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَفِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ۝١٧٦﴾

[1] «مسند الإمام أحمد» 10ـ توم، 15ـ بەت، 5723ـ ھەدىس، «ابن ماجه» 2ـ توم، 1102ـ بەت، 3314ـ ھەدىس، «سنن الدارقطني» 5ـ توم، 490ـ بەت، 4732ـ ھەدىس.

### تەرجىمىسى

**174**-شەكسىزكى، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب (تەۋرات)تىن بىر نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋېتىدىغانلار- ئەنە شۇلار قارنىغا پەقەت ئوتنىلا يەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

**175**-ئەنە شۇلار ھىدايەت بەدىلىگە ئازغۇنلۇقنى، مەغپىرەت بەدىلىگە ئازابنى سېتىۋالغانلاردۇر. ئۇلار دوزاخ ئازابىغا قانداق چىدايدىغاندۇ؟!

**176**-بۇ (قاتتىق ئازابنىڭ كېلىشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ كىتاب (تەۋرات)نى ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدى (ئۇلار تەۋراتتىكى ھەقىقەتنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى). بۇ كىتاب توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلغۇچىلار (ھەقىقەتتىن تولىمۇ) يىراق بىر تالاش-تارتىش ئىچىدىدۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە قارشى مەۋقەسى توغرۇلۇق توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، «تەۋرات»نىڭ بەزى بېشارەتلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتەك رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. يەھۇدىي موللىلىرى ئاۋاملىرىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ياردەملىرى ھەم سەدىقىلىرىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ماس كەلمەيدىغان يېڭى دىنىنىڭ ئەسلى ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ لازىملىقى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ «تەۋرات»نى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت بىر قاتار ھەقىقەتلەرنى ئېيتىشتىن قورقاتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ نادان ئاۋاملارغا ھەقىقەتنى ئېيتىپ يېڭى دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلدۈرگىنىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋام خەلق ئۈستىدىكى نوپۇزى يوقىلاتتى، دىن نامىدىن ئۇلاردىن ئالىدىغان ياردەملەر، سەدىقىلەر توختايتتى. ئۇلار خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىگە، ھەتتا يۇرتىدىن قوغلىنىشقا ئۇچرىغىنىدەك ئۇلارمۇ قەۋمىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراشتىن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن قورققانلىقتىن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان ئىدى. يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ ھەقىقەتنى قەۋمىدىن

يوشۇرغانلىقى ۋە ئۇلار رازى بولىدىغان ساختا سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى توسقانلىقى ئېغىر خاتالىق ۋە چوڭ جىنايەت ئىدى. بۇ قىلمىشنىڭ جازاسى پەقەت لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتى بولىدۇ. ئۇلاردىن ئازاب ھەرگىز يېنىكلىتىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار مەزكۇر قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلدى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ھىدايەت تېپىش يولىنى توستى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىق بەدىلىگە ئالغان ھارام پۇل-ماللىرى بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ قارنىغا ئوت بولغان ھالدا كىرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلار دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇلار خۇشال بولغۇدەك سۆز قىلمايدۇ، ئۇلار ھېچكىمدىن ئۆزلىرىنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر سۆز ئاڭلىمايدۇ (ياكى بەزى مۇپەسسىرلەر دېگەندەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن، گەپ-سۆز قىلماستىنلا ئۇلارنى ئۇدۇل دوزاخقا تاشلايدۇ.) چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن جەننەتنى بېرىپ دوزاخنى سېتىۋالغان ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش جەننەتنىڭ يولىغا كىرگەنلىك بولسا، ئۇنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلىش، ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك دوزاخنى تاللىغانلىقتۇر.

يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار بىر-بىرىنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىدۇ. يەھۇدىيلار «ئىنجىل»نى ئېتىراپ قىلمايدۇ. خىرىستىيانلار بولسا يەھۇدىيلار ئېتىقاد قىلىدىغان كىتابقا ئېتىقاد قىلمايدۇ. ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ قولىدىكىنى «ھەق» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىكى ناھايىتى كەسكىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇندىن ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان بولسا، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار تا ھازىرمۇ بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان ھالدا ياشىماقتا. بۇمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، كىشىلەرگە دىنىنىڭ روھىنى تولۇق يەتكۈزۈشتىن باش تارتىشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر.

2. ئىسلام ئۆلىمالىرى يەھۇدىي موللىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى دو-رىماسلىقى لازىم. چۈنكى، ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەھكاملىرى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقىلارغا بۆلۈنۈشىنىڭ خەتىرى ياماندۇر. بىرلىك ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى چاقىرىقىدۇر.

### ◄ ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى

﴿لَّيۡسَ ٱلۡبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ قِبَلَ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَلَٰكِنَّ
ٱلۡبِرَّ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلۡكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ
وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱبۡنَ
ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ
وَٱلۡمُوفُونَ بِعَهۡدِهِمۡ إِذَا عَٰهَدُواْۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِي ٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ
وَحِينَ ٱلۡبَأۡسِۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُتَّقُونَ ١٧٧﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

177-سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ نازىل قىلغان) كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، پۇل-مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە جىھادقا بەرداشلىق بېرىش (قاتارلىقلار) ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر (ئىماندا) راستچىل كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار كىشىلەردۇر.

#### ◄ تەپسىرى

قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ھەتتا ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ قىبلىسىگە ھامىي بولۇش ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا

قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدىغانلىقىنى، ياخشى ئەمەل كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىش تەرەپكە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇشلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ياخشى ئەمەل - ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىماننى ئەمەلدە كۆرسىتىشتۇر. ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان ھەقىقىي ئىمان - كىشىنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، نەپسىنى پاكلايدىغان، روھىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، كىشىنى شەيتان بىلەن ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ قۇترىتقۇلۇقىدىن ۋە يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتىشىدىن ساقلايدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ھامان تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىتىدىغان ئىماندۇر.

ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ھەقىقىي مۇئمىن كىشى ئاللاھ تائالاغا يېقىن، شەيتانغا يىراق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك - ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئىتائەتچان بەندىلەر ئىكەنلىكىگە، بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىدىغانلىقىغا، پەرىشتىلەردىن بەزىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداش بىلەن بەند ئىكەنلىكىگە، بەزىلىرىنىڭ ھەمىشە تائەت-ئىبادەت بىلەن بولىدىغانلىقىغا، ئومۇمەن ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قەتئىي ئاسىيلىق قىلمايدىغان، گۇناھ قىلمايدىغان پاك بەندىلەر ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك - ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» قاتارلىق ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى، ھەق دىننىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىردىنبىر ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشاش كىتابلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك - ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

بۇلار توغرا ئېتىقاد ۋە كامىل ئىماننىڭ ئاساسىدۇر. ئىماننى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىماننى نامايان قىلىش، نەپسىنى پاكلاش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەتتە سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئىناقلىق، باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش لازىم بولىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە، ئېتىقاد ۋە ئىمان مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، تۆۋەندىكى ياخشى ئەمەللەرنى بايان قىلغان:

ئاللاھ تائالانى سۆيۈش ۋە ئۇنى رازى قىلىش يۈزىسىدىن يوقسۇللارغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان زاكاتنى تولۇق بېرىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَنْ تَصَدَّقَ وَأَنْتَ صَحِيحٌ حَرِيصٌ ، تَأْمُلُ الغِنَى ، وَتَخْشَى الفَقْرَ ، وَلاَ تُمْهِلْ حَتَّى إِذَا بَلَغَتِ الحُلْقُومَ ، قُلْتَ لِفُلاَنٍ كَذَا ، وَلِفُلاَنٍ كَذَا ، وَقَدْ كَانَ لِفُلاَنٍ» يەنى «خەير-ساخاۋەتنى تېنىڭ ساق، بېرىشنى خالىمايدىغان، بايلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان، پېقىرلىقتىن قورقىدىغان چېغىڭدا بېرىشىڭ كېرەك. خەير-ساخاۋەتنى جېنىڭ ھەلقۇمىغا يېتىپ قېلىشتىن ئاۋۋال قىلغىنىكى، ئۇ ۋاقىتتا ‹پالانىغا مۇنچىلىك، پۈكۈنىغا مۇنچىلىك› دېگىنىڭنىڭ پايدىسى يوق»[1]. زاكاتنى ۋە سەدىقە، ياردەم قاتارلىق خەير-ئېھسانلارنى ئۆزىنىڭ يوقسۇل ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېرىش باشقىلارغا بەرگەندىن ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ» يەنى «ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆز ئەھلىڭگە قىلىشتىن باشلىغىن»[2] دېگەن. باققۇچىسى يوق يېتىملەرگە، يولدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرلارغا، يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش، تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلماستىن ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ھايا بىلەن سورايدىغان، ياكى سوراشتىن ئۇيىلىدىغان، بىر نەرسە تىلەمگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر باي دەپ ئويلاپ قالىدىغان موھتاجلارغا ياردەم قىلىش، ئەسىرلەرنى، ناھەق تۈرمىگە ئېلىنغان مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۇل-مال ياردەم قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

نامازنى پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇقلىغان ھالدا مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكاتنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلارغا («تەۋبە سۈرىسى» نىڭ 60-ئايىتىدە

[1] «صحيح البخاري» 4- توم، 4- بەت، 2748-ھەدىس.
[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 112-بەت، 1426-ھەدىس.

بايان قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك كىشىگە) يەتكۈزۈپ بېرىپ ئادا قىلىش ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەقىقىي چىن مۆئمىنلىكنىڭ ئالامىتى بولسا، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەدىستە: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاَثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ ، وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ» يەنى «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

ياخشىلىق دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى يوقسۇللۇقتا، كېسەللىكتە ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتا بەرداشلىق بېرىشتۇر. سەۋر- ئىماننىڭ يېرىمىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى مۇكەممەل ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر. سەۋر قىلغۇچى ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتىدۇ، نەتىجىدە، ئۇ كىشى ئۆز ئەجرىگە تولۇق ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە لايىق بولغۇچىلار ئىماندا راستچىل كىشىلەردۇر. ئۇلار كامالەت مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدىغان ۋە جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەردۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى ئىماندا راستچىل بولغان ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر، ئۇلار تەقۋالىق دائىرىسىگە كىرگەن كىشىلەر- دۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاخىرەتتە ۋە مۇشۇ دۇنيادا بېرىدىغان مۇكاپاتلىرى ھەقىقەتەن كاتتىدۇر. بۇنىڭدا بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا ئۆزلىرىنى كامىل مۇسۇلمان ساناپ، ئىسلام دىنىنىڭ زۆرۈر بولغان پەرزلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت سانىشىدىن ئىبارەت يېتەرسىزلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئىسلام كۆرسەتمىلىرى ھاياتى دۇنيانىڭ ھەربىر ساھەسىدە ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، ئىسلام ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرى ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئىبادەت ئىچىدىكى بىر ھايات بولىدۇ. ئاللاھ

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 16-بەت، 33-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 78-بەت، 59-ھەدىس.

تائالانىڭ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ۝٥٦﴾ يەنى ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش دېگەن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە كۆرسەتكەن بويىچە ياشاش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ئىككى خىل شەكلىنى بايان قىلىدۇ. بىرى، مەلۇم مىقداردىكى پۇل-مالنى بەلگىلەنگەن كىشىلەرگە بېرىش بولۇپ، بۇ «زاكات» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ﴿فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ﴾ يەنى ﴿نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار﴾[2] دېگەن ئەمرىدىكى زاكات مۇشۇدۇر. ئىككىنچىسى، پۇل-مالدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن خەير-ساخاۋەت قىلىش بولۇپ، بۇ بەرگۈچىنىڭ شارائىتىغا قاراپ بولىدۇ. بۇ مۇشۇ ئايەتتە ﴿وَءَاتَى ٱلْمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَـٰمَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِى ٱلرِّقَابِ﴾ يەنى ﴿پۇل-مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش﴾ دەپ تەبىرلەنگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىراۋنىڭ قولىدىكى پۇل-مالدا زاكاتتىن ئىبارەت مۇئەييەن ھەقلەر بولغىنىدەك، ئۆزىنىڭ شارائىتىغا قاراپ بېرىشكە بۇيرۇلغان «خەير-ئېھسان» ياكى «ياردەم» دەپ ئاتىلىدىغان مەجبۇرىيەتمۇ بار.

پۇل-مالنى ئاللاھ يولىدا يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل شەكىلدە سەرپ قىلىش جەمئىيەتتىكى پېقىرلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق كىرزىسىنى ھەل قىلىش ۋە بايلارنىڭ بېخىللىقىنى يېڭىشى، پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارىدۇر. ئەگەر ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۇ ئىقتىساد قانۇنى ھاياتلىقتا تولۇق تەتبىق قىلىنىدىغان بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھالسىرىتىۋاتقان كۆپلىگەن كىرىزىسلارنى ھەل قىلغىلى ۋە ئىنسانلارنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولاتتى. چۈنكى، بۇ قانۇن ھەممىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان زات تەرىپىدىن كەلگەن قانۇن ئىدى. كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ ھاجەتلىرىنى

[1] زارىيات سۈرىسى: 56-ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى: 78- ئايەت.

راۋا قىلالمىدى ۋە دەردىگە دەرمان بولالمىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بەزىسىنى ئورۇنداپ قويۇپ، بەزىسىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ھەقىقىي مۇئمىنلىككە ياتمايدۇ.

2. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى يۇقىرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىشلاردۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى مەزكۇر ئىشلارغا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىنى بىردۇر.

3. ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ۋە يوقسۇللارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

4. ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئورنى ئالاھىدە چوڭدۇر.

5. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. ۋاپادارلىق مۇسۇلمانلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەتتۇر.

6. تەقۋادارلىق ئەڭ ئېسىل خىسلەتتۇر. ئۇ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىدۇر.

7. ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنداشتا چىدامLىق بولۇش، خۇسۇسەن جىھاد مەيدانىدا چىدامچانلىق كۆرسىتىشنىڭ دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

## ◄ قىساسنىڭ پەرزلىكى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِصَاصُ فِي ٱلۡقَتۡلَىۖ ٱلۡحُرُّ
بِٱلۡحُرِّ وَٱلۡعَبۡدُ بِٱلۡعَبۡدِ وَٱلۡأُنثَىٰ بِٱلۡأُنثَىٰۚ فَمَنۡ عُفِيَ لَهُۥ مِنۡ أَخِيهِ
شَيۡءٞ فَٱتِّبَاعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيۡهِ بِإِحۡسَٰنٖۗ ذَٰلِكَ تَخۡفِيفٞ مِّن
رَّبِّكُمۡ وَرَحۡمَةٞۗ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١٧٨
وَلَكُمۡ فِي ٱلۡقِصَاصِ حَيَوٰةٞ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ١٧٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

178-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە

پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن (قىساس ئېلىنىدۇ). قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى(يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى) ياخشىلىق بىلەن بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن (يەنى دىيەتنى بەرگەندىن) كېيىن (قاتىلغا) ھۇجۇم قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب بار.

179ـ ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھاياتلىق بار[1]. (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس بەلگىلەندى).

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەر! ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. «قىساستا ھەممە ئادەم باراۋەردۇر. يەنى ئۆلتۈرگۈچى ئەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئەر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى ئايال ئۆلتۈرۈلگۈچى ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى ئەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئايال ئۆلتۈرۈلگۈچى ئەر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە قانداق ئۆلتۈرگەن بولسا شۇنداق ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتىدۇر. ناۋادا بىر توپ كىشىلەر بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ بىر توپ قاتىلنىڭ ھەممىسى شۇ بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەتتە كىشى بىرلىشىپ بىر بالىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك دېلوسىدا، يەتتە قاتىلنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: ‹ئەگەر مۇشۇ بىر بالىنى ئۆلتۈرۈشكە سەنئا شەھىرىنىڭ پۈتكۈل پۇقرالىرى ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم›. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھېچكىم قارشى چىقمىغان. شۇڭا بۇ ھۆكۈم ئىجمانىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان»[2].

ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى قىساس مەسىلىسىدە ھۆكۈم پەرقلىق بولىدۇ. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ

---

[1] يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىلگەن ئادەم قاتىللىقتىن ساقلىنىدۇ.

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1ـ توم، 156ـ 157ـ بەتلەر.

ئەھۋالى مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

زىممىي- ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتىدە ياشايدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئاھەد- مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىدە ياشىسۇن ياكى ئۆز دۆلىتىدە ياشىسۇن، ئۇرۇشماسلىق ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم تۈزۈلگەن كىشىلەر دېمەكتۇر.

مۇستەئمەن – مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىدە سودا قىلىش ياكى كونسۇل-خانىلاردا ئىشلەش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىگە ۋىزا بىلەن كىرگەن كىشىلەردۇر.

ھەربىي- زىممىي ياكى مۇستەئمەن ۋەياكى مۇئاھەد قاتارىدىن ئورۇن ئالمىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىكى داۋام قىلىۋاتقان كاپىرلاردۇر.

مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرگەن كاپىرنى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنىڭ جائىزلىقىدا بارلىق فەقىھلەر بىرلىككە كەلگەن[1]. شۇنىڭدەك، مۇ-سۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمان قاتىلنى، زىممىينى ناھەق ئۆلتۈرگەن زىممىينى، مۇستەئمەننى ناھەق ئۆلتۈرگەن مۇستەئمەننى ئۆلتۈ-رۈشنىڭ جائىزلىقىدا ۋە ھەربىينى ئۆلتۈرگەن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن[2].

مۇسۇلمان ئادەم بىرەر زىممىينى ياكى مۇستەئمەننى ۋەياكى مۇئاھەدنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ قويسا، مۇسۇلمان ئادەم قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلەمدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە فەقىھلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ[3]، ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ[4]. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىلى يۇقىرىقى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى» دېگەن ئايەتتۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ «لَا يُقْتَلُ مُسْلِمٌ بِكَافِرٍ» يەنى «مۇسۇلمان كاپىر ئۈچۈن

[1] «المغني لابن قدامة» 9- توم، 334- بەت.
[2] «نيل الأوطار للشوكاني» 5- توم، 162- بەت.
[3] «بدائع الصنائع للكاساني» 10- توم، 248- بەت.
[4] «روضة الطالبين للنووي» 9- توم، 150- بەت، «المغني لابن قدامة» 9- توم، 342- بەت.

ئۆلتۈرۈلمەيدۇ»[1] دېگەن سۆزدۇر. ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دېگەنلەر قاتىلدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق دىيەت ئېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

قىساستا ھاياتلىق بارلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، قاتىلنى ئۆلتۈرۈش يەنە باشقا قاتىللارنىڭ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش يولىنى توسىدۇ. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرسە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم قاتىللىق جىنايىتىدىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى ئامان قالىدۇ. چۈنكى، كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەم قاتىللىقتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلنىڭ دىيەت تۆلىشىگە رازى بولسا، قىساس كەچۈرۈم قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاتىل تۆلەم بېرىش ئارقىلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى تۆلەمنى قوبۇل قىلىپ، قاتىلنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتىلنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇنىڭ دىيەت تۆلىشىنى قوبۇل قىلسا، شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار قاتىلنى كەچۈرۈم قىلمىسا، قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَلَكُمۡ فِي ٱلۡقِصَاصِ حَيَوٰةٞ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھاياتلىق بار﴾ دېگەن بۇ ئىخچام ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سۆزى قەدىمقى ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ بەدىئىي سۆز دەپ پەخىرلىنىپ كەئبىگە ئاسقان «القتل انفى للقتل» يەنى «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئەلۋەتتە بەدىئىيدۇر. چۈنكى، بۇ جۈملىدىكى «ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆز قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنى ئىپادىلىگىنىدەك، ناھەق ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جۈملىدىكى «ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم تەكرارلانغان. مەلۇمكى، سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىگە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»دىكى ﴿سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھاياتلىق بار﴾ دېگەن ئايەت مۇنداق نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە خالىي ۋە ئەدەبىيلىكتە ئەڭ يۇقىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئەمەسمۇ؟! ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكا مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىقى سۆزدىن ئون توققۇز تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» كتاب العلم 47- بەت، 111- ھەدىس.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردىن قىساس ئېلىش ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. قىساستا ئىنسانلار باراۋەردۇر: قاتىل مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى ئازاد ئادەم بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن، ياكى ئايال بولسۇن قىساس ئۈچۈن چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدۇ.

2. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ قىساس بەدىلىگە تۆلەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكلىرىدىن بىرىدۇر.

3. قىساس ئايىتىدىكى بەدىئىيلىك «قۇرئان كەرىم»گە خاس ئالاھىدىلىكتۇر.

### ۋەسىيەت

﴿كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْرًا ٱلْوَصِيَّةُ
لِلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ بِٱلْمَعْرُوفِ ۖ حَقًّا عَلَى ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٨٠﴾ فَمَنۢ بَدَّلَهُۥ
بَعْدَ مَا سَمِعَهُۥ فَإِنَّمَآ إِثْمُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ
عَلِيمٌ ﴿١٨١﴾ فَمَنْ خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفًا أَوْ إِثْمًا فَأَصْلَحَ بَيْنَهُمْ فَلَآ
إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٨٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

180-ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال-دۇنيا قالدۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئادالەت بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى پەرز قىلىندى [1]• بۇ تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىدۇر.

181-ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى

---

[1] بۇ ئايەتتە پەرز قىلىنغان ۋەسىيەتنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ مىراسى تېگىدىغان تۇغقانلىرىغا بولغان پەرزلىكى نىسا سۈرىسىدىكى مىراس ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ۋارىسقا ۋەسىيەت قىلىش يوق» دېگەن ھەدىسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ مىراسى تەگمەيدىغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ۋەسىيەت قىلىشىنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان.

**ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**

**182-كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكىنى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچى بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ[1]. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ۋەسىيەتنى پەرز قىلغان بولۇپ، بۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىلىنىدۇ. بىراۋ كۆپ مىقداردا مال-دۇنيا قالدۇرغان بولسا، سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن ۋەسىيىتىنى قىلىشى لازىم. ۋارىسلىرىغا مال-دۇنيا قالدۇرغان ئادەم كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ۋاقتىدىلا ۋەسىيىتىنى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك.

ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز پېتى ساقلىماي، ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنىڭ ياكى كەم-زىيادە قىلىپ قويغانلىقىنىڭ گۇناھى شۇنداق قىلغانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بۇ قىلمىشى توغرۇلۇق چوقۇم ھېساب بېرىدۇ. بۇنىڭدا ۋەسىيەت قىلغۇچىغا گۇناھ يوق. گۇناھ پەقەت ۋەسىيەت ۋەسىقىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى كەم-زىيادە قىلىپ قويغانلارغا بولىدۇ. ھەقىقەتنى يوشۇرغان ۋە ئۆزگەرتكەننىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. شۇڭا ۋەسىيەتنى ئاغزاكى قىلماستىن، خەت بىلەن يېزىپ ياكى يازدۇرۇپ قالدۇرۇش كېرەك. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك يولدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى ئۆزىنىڭ ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن تۈگەتكەن. بۇنىڭ مەنىسى – ۋەسىيەت ئىشلىرىدا خىيانەت قىلغۇچىلار، ۋەسىيەتنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى چوقۇم جازالايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە يەنە مۆئمىنلەرگە خىتاب قىلغان. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلغان كىشىنىڭ بۇ

[1] ۋەسىيەت قىلغۇچى مال-دۇنياسىدىن ئۈچىنىڭ بىرىدىن ئېشىپ كەتمىگەن مىقدارىنى ۋەسىيەت قىلىش ھەققى بار، بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان ئادەم ۋارىسلىرىنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بەرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىسلىرى بىلەن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت چىقىدۇ. شۇڭا بۇنى بىلگەنلەر ئىككى تەرەپنى ياخشىلاپ قويسا گۇناھ بولمايدۇ، بەلكى ساۋاب بولىدۇ.

خاتالىققا قاراپ تۈزىماي ئۇنى تۈزىتىپ قويۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن شەكىلدە بولسا، بۇ ۋەسىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىسلام كۆرسەتمىسى بىلەن ئادىل ئىش قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ۋەسىيەت قىلغۇچى قالدۇرۇپ كەتكەن پۇل-مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنى دەرھال ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋارىسلارنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىپ بېرىۋېتىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى بۇ قىلمىشىدىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. بۇنداق قىلغاندا ۋەسىيەت قىلغۇچى بىلەن ۋارىسلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ۋارىسلار ۋەسىيەت قىلغۇچىغا نارازى بولۇپ قالىدۇ، ۋەسىيەت قىلغۇچى گۇناھنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان ھالدا ئۆلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى بۇ قىلمىشى ئارقىلىق ۋارىسلىرىغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ۋەسىيەت قىلغۇچىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئىشنى ئوڭشاش ئارقىلىق كىشىلەرنى ناھەقچىلىكتىن ۋە گۇناھكار بولۇشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ بىلمەستىن خاتالاشقانلىقىنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا گۇناھلارنى ۋە خاتالىقلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى شەپقەتلىك زاتتۇر.

### ◄ مۇلاھىزە:

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى «قۇرئان كەرىم»دىكى مىراس ئايىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋارىسلارغا پۇل-مالدىن ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇش چەكلەنگەن، ۋەسىيەت پەقەت ۋەسىيەت قىلغۇچىدىن مىراس ئالالمايدىغان كىشىلەرگىلا قىسقارتىلغان ۋە ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ بار مۈلۈكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ھالدا ۋەسىيەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ناۋادا ۋارىسلاردىن بىرەرسىگە بىر نەرسە ۋەسىيەت قىلىنغان بولسا، بۇنى باشقا ۋارىسلار قوبۇل قىلىپ يۈرگۈزسە جائىزدۇر. ئەگەر ئۇلار قوشۇلمىسا، بۇنداق ۋەسىيەت بىكار قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ اللهَ قَدْ أَعْطَى كُلَّ ذِي حَقٍّ حَقَّهُ فَلَا وَصِيَّةَ لِوَارِثٍ» يەنى «ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ئالىدىغان ھەققىنى تولۇق بايان قىلدى. بىراۋنىڭ ئۆز ۋارىسلىرىغا ۋەسىيەت قىلىشىغا بولمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بىر

[1] «مسند الإمام أحمد» 36- توم، 628-بەت، 22294- ھەدىس، «سنن الترمذي» 4- توم،

ھەدىستە: «مَا حَقُّ امْرِئٍ يَبِيتُ لَيْلَتَيْنِ وَلَهُ مَا يُرِيدُ أَنْ يُوصِيَ فِيْهِ ، إِلَّا وَوَصِيَّتُهُ مَكْتُوبَةٌ عِنْدَهُ» يەنى «قانداقلا بىر مۇسۇلمان كىشى ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولسا، ۋەسىيىتىنى يېزىپ بېشىدا قويماي ئىككى كېچىنى بولسىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشى جائىز ئەمەس»[1] يەنى ۋەسىيەت قىلىشنى كېچىكتۈرمەسلىكى لازىم، دەپ كەلگەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋارىسلارغا ۋەسىيەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى نىسا سۈرىسىدىكى مىراس ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ[2]، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولمىغان كىشىلەرگە ئاتاپ ۋەسىيەت قىلىشلا جائىزدۇر. ئەمما ۋارىسلارنىڭ بىرەرسىگە ۋەسىيەت قىلىش جائىز ئەمەس، ناۋادا ۋەسىيەت قىلىنغان تەقدىردە، باشقا ۋارىسلار-نىڭ ھەممىسى بىردەك قوشۇلمىسا، بۇ ۋەسىيەت ئىناۋەتسىزدۇر، يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

2. كۆپ مىقداردا مال-دۇنيا قالدۇرغان كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىدىن ئۇچىنىڭ بىرىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ھالدا بىر قىسمىنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىلىش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىشى ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ ۋە ئۇ «سەدىقە جارىيە» بولۇپ، ئۇنىڭغا ساۋابى ئۈزۈلمەستىن يېتىپ تۇرىدۇ.

3. گەدىنىدە باشقىلاردىن ئېلىشى ياكى باشقىلارغا بېرىشى بولغان كىشىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيەت قىلىشى پەرزدۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلمىغاندا كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى زايە بولۇپ كېتىدۇ.

4. ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق ئېغىر گۇناھ ۋە چوڭ خىيانەتتۇر.

## ◄ روزا ۋە ئۇنىڭ پەرزلىكى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى

434-بەت، 2121- ھەدىس، «سنن أبي داود» 3-توم، 114-بەت، 2870-ھەدىس، «ابن ماجه» 2-توم، 905-بەت، 2713- ھەدىس.

[1] «مسند الإمام أحمد» 9- توم، 128-بەت، 5118- ھەدىس.

[2] نىسا سۈرىسىنىڭ 11-، 12-، 176- ئايەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٨٣﴾ أَيَّامًا مَّعْدُودَٰتٍ ۚ فَمَن
كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۚ وَعَلَى ٱلَّذِينَ
يُطِيقُونَهُۥ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ ۖ فَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُۥ ۚ
وَأَن تَصُومُوا۟ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١٨٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

183-ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى.

184-(رامىزان روزىسى) ساناقلىق كۈنلەردىدۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل بولۇپ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتالمىغان بولسا)، تۇتالمىغان كۈنلەرنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (تۇتالمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىديە بېرىشى لازىم. كىمكى (فىديەنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (تۇتماي فىديە بەرگەندىن) ياخشىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

روزا تۇتۇش مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈشتۇر. روزا تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش، ئىرادىنى كۈچەيتىش، سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىش، نەپسىنى پاكلاش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش، قەلبنى سۈزۈلدۈرۈش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، قىيىنچىلىقلارغا ئۆزىنى كۆندۈرۈش ۋە ئاشكارا-يوشۇرۇن گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىجابىي ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەمچى بولىدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر.

ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە يېمەي، ئىچمەي، نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى قايرىپ قويۇپ روزا تۇتۇش ھەقىقەتەن ئىنسانغا ئېغىر تۇيۇلىدىغان، جاپالىق بىر ئىشتۇر. چۈنكى، روزا تۇتقان ئادەم ئۆز نەپسىنى تەبىئىي ئېھتىياجلىرىدىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قىلىدۇ. مۇئمىنلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان ئايەتنىڭ ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق سۆزلەر بىلەن باشلانغانلىقىغا قارايدىغان بولساقمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسانلارغا

ئېغىر كېلىدىغان ئەمر-پەرمانلارنى ئالدى بىلەن تەسىرلىك ۋە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنى قوبۇل قىلىدىغان هالغا كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئەمر-پەرماننى بايان قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئايەتتىمۇ ئالدى بىلەن مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلىك سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى جەلپ قىلىنغان. چۈنكى، «ئىمان ئېيتقان كىشى» دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر ئەمر-پەرماننى «باش ئۈستىگە» دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئورۇنداشقا ئالدىرايدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئاتالا ئۇلارغا روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرمۇ ئېغىر كۆرمەستىن قوبۇل قىلىپ ئورۇندىغان بۇ ئىبادەتنى مۇئمىنلەرنىڭمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق ئورۇندىشىنى تەلەپ قىلغان.

روزا – هەر يىلى قەمەرىيە ئايلىرىدىن رامىزان ئېيىدا بىر ئاي تۇتۇلىدىغان ساناقلىق كۈنلەردۇر. قەمەرىيە ئايلىرى 29 كۈن ياكى 30 كۈن بولىدۇ. هەرگىز مىلادىيە كالېندارىغا ئوخشاش 31 كۈنلۈك ئاي بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەككىدىكى دەۋرىدە، ئەمەل-ئىبادەتلەر ئانچە كۆپ بۇيرۇلماستىن، ئەقىدە، ئىمان ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە كۆپرەك ئەهمىيەت بېرىلگەنىدى. شۇڭا مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر ئاساسەن بۇ ماۋزۇلارنى چۆرىدەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ هەددىدىن ئاشقان زۇلۇم-سىتەملىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنىگە هىجرەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى بەرپا بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىبادەتلەر ۋە شەرىئەت ئەهكاملىرى تەدرىجىي بۇيرۇلۇشقا باشلايدۇ. ئالدىنقى ئايەتلەردە قىساس، ۋەسىيەت ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئەهكاملىرى بۇيرۇلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ چارىسى ۋە هەرخىل گۇناه-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنى بولغان روزا پەرزى بۇيرۇلىدۇ.

ئاللاھ تائالا روزىنى هىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى پەرز قىلغان بولۇپ، بۇ پەرزنى بايان قىلىشتا، «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دېگەن خىتاب بىلەن سۆز باشلاش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپىتى ۋە ئەڭ ئېسىل ئۇنۋانى بىلەن خىتاب قىلغان. روزا تۇتۇش بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىدىمۇ بۇيرۇلۇپ كەلگەن بىر پەرز بولسىمۇ، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان روزا پەرزى كۆپلىگەن پەزىلەتلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ روزىلىرىدىن ئەلۋەتتە پەرقلىقتۇر. مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىدا بىر ئاي

روزا تۇتۇش پەرزدۇر. رامىزان روزىسى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن چەكلىنىشنىڭ قالقىنى بولغاندەك، تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ ۋە ئۆزىدە ھەقىقىي ئىتائەتمەنلىكنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ۋاقتىدۇر. روزا سەممىيەتنى ئاشۇ-رىدىغان، ئىخلاسنى كۈچەيتىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. چۈنكى، كىمنىڭ روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بىراۋنىڭ باشقا ئىبادەتلىرىنى ئىنسانلار كۆرىدۇ ۋە بىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ راستىنلا روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا روزا تۇتقاننىڭ ساۋابى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. رامىزان ئېيى مەنىۋى ئوزۇقلىنىش، روھنى يۇكسەلدۈرۈش، نەپسنى پاكلاش، ئۆزىنى تەربىيەلەش ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىش پەيتىدۇر. روزا تۇتۇش دېگەن ئۆزىنى ئاچ ۋە سۇسىز قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى روھنى تويغۇزۇش ۋە ئۇنى يۇكسەلدۈرۈشتۇر. روزا تۇتۇش ئۆزىنى تۇتۇش دېمەكتۇر. روزا روزىدار كىشىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسۇش ئارقىلىق ئۇنى تەقۋالىققا ئېرىشتۈرىدۇ. روزىدا قورساقنى ئاچ قويۇش ئارقىلىق روھنى تويغۇزغىلى بولىدۇ.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ١٨٣﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ دېگەن قىسمىنى بەزى مۇپەسسىرلەر «گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇش تەقۋادار بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، روزا تۇتقان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، گۇناھ قىلىشتىن ساقلىنىپ تەقۋالىق قىلىدۇ. روزا تۇتقان ئادەم روزا جەريانىدا ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى، بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنى رەت قىلىدۇ، ئاچلىقتا، ئۇسسۇزلۇقتا قىينالسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ روزىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋالىقتۇر. يەنە روزا تۇتقان ئادەم ئۆزىنى جاپاغا، قىيىنچىلىققا كۆندۈرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ. روزا تۇتقان ئادەم شەيتاننىڭ ئۆزىنى ئازدۇرۇپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ. روزىدا شەيتاننىڭ كۈچى ئاجىزلىشىدۇ، مۇئمىننىڭ مەنىۋى كۈچى ئاشىدۇ. يەنە رامىزان ئېيىدا تائەت-ئىبادەت كۆپ قىلىنىدۇ، دۇئا كۆپ قىلىنىدۇ، كۆپ قۇرئان ئوقۇلىدۇ، كۆپ سەدىقە بېرىلىدۇ، بايلار روزىدىكى ئاچلىق جەريانىدا نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە

يارەدەم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدە تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئامىللىرىدۇر. شۇڭا دەيمىزكى، روزىنى مۇكەممەل تۇتقان ئادەم ئۆزىدە تەقۋالىقنى يېتىلدۈرىدۇ»[1].

كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغانلارنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتماستىن، باشقا كۈنلەردە قازاسىنى تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن شەپقىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئەگەر كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسىمۇ، روزا تۇتۇشقا كۈچى يېتىدىغان ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ «ئېغىزى ئوچۇق» يۈرگىنىدىن روزا تۇتقىنى ئەۋزەلدۇر. ئەمما تۇتمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى ساقايمايدىغان كېسەللىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتمىسا، كېيىن تۇتۇشقىمۇ كۆزى يەتمىسە، مۇنداق كىشىلەر روزا تۇتمىغان ھەربىر كۈنگە بىر پېقىر تويغۇدەك بىر ۋاق تاماق فىدىيە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئېغىر ئاياق، ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار بوۋاقلىرىدىن ئەنسىرىسە روزا تۇتماستىن، كېيىنچە قازاسىنى تۇتىدۇ.

تۇتالمىغان روزىسىنىڭ ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىردىن ئارتۇق پېقىرنى غىزالاندۇرۇشتەك پىداكارلىق قىلىدىغانلارنىڭ بۇ ياخشىلىقى ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى، بىر كۈنلۈك تۇتالمىغان روزا ئۈچۈن بىر پېقىرنى تويغۇزۇش پەرزدۇر، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ كۆپرەك پېقىرنى تويغۇزماقچى بولغان كىشىنىڭ بۇ ياخشى ئىشىغا ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئارتۇق مۇكاپات بېرىدۇ.

﴿وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدۡيَةٞ طَعَامُ مِسۡكِينٖۖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿يُطِيقُونَهُۥ﴾ نىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، مۇسۇلمانلار ﴿فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهۡرَ فَلۡيَصُمۡهُۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٖ فَعِدَّةٞ مِّنۡ أَيَّامٍ أُخَرَۗ﴾ يەنى﴿سىلەردىن كىم بۇ ئايغا يېتىشسە، روزا تۇتسۇن؛ كىم كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، (تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، كېسەل ۋە يول ئۈستىدىكى كىشىلەر روزا تۇتمايتتى،

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 77ـ بەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 185ـ ئايەت.

تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتاتتى. ئەمما روزا تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغان تىنى ساق، مۇقىم (سەپەردە بولمىغان) كىشىلەر خالىسا روزا تۇتاتتى، خالىسا روزا تۇتماي فىدىيە بېرەتتى، ئەگەر بىر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىردىن كۆپ يوقسۇللارغا تائام بەرسە، بۇنداق قىلىش ئۇ كىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، ئەگەر فىدىيە بەرمەي روزا تۇتسا ھەممىدىن ياخشى. بۇ ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، مۇقاتىل قاتارلىقلارنىڭ سۆزىدۇر. شۇڭا، ئاللاھ ﴿وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ فَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُۥ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[1]. دېمەك، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، كېسەل ئەمەس، سەپەر ئۈستىدىمۇ ئەمەس، ئەمما ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى تېنىنىڭ ئاجىزلىقىدىن روزىنى مۇشەققەت بىلەن تەسلىكتە تۇتىدىغان كىشىلەرگىلا روزا تۇتماي، فىدىيە بېرىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەر ۋە سۈددىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ﴾ يەنى ﴿سىلەردىن كىم بۇ ئايغا يېتىشسە، روزا تۇتسۇن﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ﴿وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان دەپ قارايدۇ[3].

روزا تۇتقانلىقنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى ئىنتايىن كۆپتۇر. روزىنىڭ دۇنيالىق پايدىلىرىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى ئۆز نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنى يېڭىشنى ئۆگىنىش ۋە تەن سالامەتلىكىنى ساقلاش بولسا كېرەك. چۈنكى، كىشى روزا تۇتۇش سەۋەبلىك بەزى كېسەللىكلەردىن شىپا تاپىدۇ. روزىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى چوڭ-كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىدۇر. چۈنكى، رامىزان ئېيى گۇناھلاردىن پاكلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرزدۇر.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 498- بەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 185- ئايەت.
[3] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 500- بەت.

2. روزا مۇسۇلمان كىشىنى تەقۋادارلىققا يېتەكلەيدۇ.

3. روزا تۇتقان كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ صَامَ رَمَضَانَ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» يەنى«كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن ئىمانى بىلەن، ساۋابىنى كۆزلەپ تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

4. كېسەل ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر رامىزان روزىسىنى تۇتالمىسا، كېيىن قازاسىنى تۇتسا بولىدۇ.

5. بالا ئېمىتىدىغان ۋە ئېغىر ئاياق ئاياللار رامىزان روزىسىنى تۇتالمىسا، كېيىن قازاسىنى تۇتسا بولىدۇ.

6. ياشىنىپ قالغان، ياكى ساقىيىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كېسەل كىشى روزا تۇتالمىسا، تۇتالمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىرنى بىر قېتىم تويغۇزسا بولىدۇ.

7. روزىنىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. روزىنىڭ پايدىلىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇسۇلمان كىشى روزا سايىسىدا ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل روھنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدۇ.

(2) روزا تۇتقان كىشى ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىدۇ.

(3) روزا تۇتقان كىشى جەمئىيەتتىكى يوقسۇللارنىڭ دەردىگە يېتىدۇ. رىۋايەتلەرگە كۆرە: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ خەزىنىسىگە مەسئۇل بولغان ۋاقىتلىرىدا تولىمۇ كۆپ روزا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئۆزۈم توق يۈرسەم، يوقسۇللارنىڭ ھالىنى بىلەلمەي قېلىشتىن قورقۇپ شۇنداق كۆپ روزا تۇتىمەن»دېگەن ئىكەن.

(4) روزىدا بايلار بىلەن پېقىرلار ئوخشاشلا سىنىلىدۇ.

(5) روزا ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئىنتىزامچانلىققا ۋە سەۋرچانلىققا ئۆزىنى كۆندۈرىدۇ.

---

[1] 1. «صحيح البخاري» 3-توم، 45-بەت، 2014-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 523-بەت، 760-ھەدىس.

(6) روزا ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشى ساقلىقنى ساقلاشنى ئۆگىنىدۇ.

### ◄ رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى

﴿شَهْرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلْقُرْءَانُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٍ
مِّنَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلْفُرْقَانِ ۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ وَمَن كَانَ
مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ بِكُمُ ٱلْيُسْرَ
وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا۟ ٱلْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا۟ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا
هَدَىٰكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٨٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

185-(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر. سىلەردىن كىم بۇ ئايغا يېتىشسە، روزا تۇتسۇن؛ كىم كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، (تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (بۇلارنىڭ ھەممىسى رامىزان كۈنلىرىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن روزىنىڭ پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساناقلىق كۈنلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە مەزكۇر ساناقلىق روزا كۈنلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولۇشقا باشلىغان ئاي ـ رامىزان ئېيى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. رامىزان ھىجرىيە ئايلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئايدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ، تېنى ساق، سەپەر ئۈستىدە بولمىغان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر. سەپەردە بولغانلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغانلار، رامىزان ئېيىدىن كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ.

رامىزان ئېيى روھنىڭ ماددىدىن ئۈستۈن بولۇشى، نەپسنىڭ ھەۋەسلىرى ۋە شەھۋەتلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. رامىزان ئېيى باشتىن-ئاخىر تەربىيە ئېيىدۇر. ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئەمەل ۋە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزلىرىنى كۆندۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «رامىزان ئېيىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىيسى ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەردە ئەڭ ئالدىنقىسى»ئىكەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا جىبرىل بىلەن ئۇچراشقىنىدا تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. روزىنىڭ ئەدەپلىرىدىن بىرى شۇكى: سىزگە بىراۋ ئازار قىلسا، ئۇنىڭغا: «مەن روزىدارمەن» دەيسىز ۋە ئاچچىقىڭىزنى رامىزاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يۇتىسىز. ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجۡرَهُم بِغَيۡرِ حِسَابٖ ۝١٠﴾ يەنى ﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾[1].

مەلۇمكى، رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان كاتتا نېمەتتۇر. روزىنىڭ پايدىسى ئۇنى تۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇ بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇيرۇلغان ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا بۇيرۇمايدۇ. چۈنكى، ئىسلامدىكى مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق كىشىنىڭ قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن ئادا قىلىش تاقىتى ئىچىدە بولغان ئىبادەتلەردۇر. سەپەر ئۈستىدە بولغانلار بىلەن قاتتىق كېسەل بولغانلارنىڭ رامىزاندا روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، بەندىلىرىنىڭ قىينىلىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا ھەر ئىشتا ئوڭايلىقنى خالايدۇ. رامىزان ئېيىدا سەپەرگە چىققان ئادەم مەيلى ئۆتمۈشتىكىدەك، ئات-ئۇلاغلار بىلەن چىقسۇن، مەيلى زامانىمىزدىكى ئايروپىلان، پويىز، پاراخوت ۋە ماشىنا قاتارلىق زامانىۋي قاتناش قوراللىرى بىلەن چىقسۇن، سەپەردە قىيىنچىلىققا يولۇقسۇن ياكى يولۇقمىسۇن، ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا ۋە كېيىن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشىغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رۇخسەت كۈچكە ئىگىدۇر. ئۇ رامىزاندا ئېغىزى ئوچۇق يۈرگىنى ئۈچۈن گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر خالىسا، سەپىرىدە قىيىنچىلىق

[1] زۇمەر سۈرىسى: 10-ئايەت.

كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن روزا تۇتسا ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك، كېسەل كىشىمۇ روزا تۇتسا كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ قېلىشى ياكى شىپا تېپىشىنىڭ كېيىنگە سوزۇلۇپ كېتىشى قاتارلىق ئەندىشىلەردىن خالىي بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتمىغىنىدىن تۇتقىنى ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كېسەللىك روزا تۇتسا كېسەللىكگە چوقۇم زىيانلىق بولغان ھالەتتىكى كېسەللىكتۇر. ئەمما زۇكام، كۆز ئاغرىقى، بەل ۋە بوت ئاغرىقىغا ئوخشىغان ئادەتتىكى ئاغرىقلار ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا ھەرگىز ئۆزرە بولالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتۇشى پەرزدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. رامىزان ئېيى بارچە ئايلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئايدۇر. شۇڭا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ نەزىرىدە رامىزان ئېيى «ئون بىر ئاينىڭ سۇلتانى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەرقانداق ئاقىل، بالىغ بولغان، سەپەر ئۈستىدە ياكى كېسەل بولمىغان مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر. ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئايلىق ئادەت ۋە تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاك بولۇشى شەرتتۇر. ئاياللارمۇ تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى باشقا ئايلاردا تۇتىدۇ.

3. ئىسلام دىنىدىكى مەجبۇرىيەتلەر ۋە ئىبادەتلەر ئوڭايلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ.

4. ھېيت نامازلىرىغا بېرىش ئۈچۈن ماڭغاندا، يولدا تەكبىر ئېيتىپ مېڭىش ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

تەكبىر-ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ﴿اللَّهُ أَكْبَرْ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) يەنى «ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

5. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئېسىل شۈكۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىمىغان كىشىنىڭ ئاغزاكى «شۈكرى خۇدايىم» دېگىنى يېتەرسىزدۇر.

6. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەڭ يېقىندۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىماندا مۇستەھكەم

بولۇش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش مۇھىمدۇر.

8. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ئادەم توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئازغۇنلۇقتۇر.

## ◄ روزىنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا
دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لِي وَلْيُؤْمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ ﴿١٨٦﴾ أُحِلَّ لَكُمْ
لَيْلَةَ ٱلصِّيَامِ ٱلرَّفَثُ إِلَىٰ نِسَآئِكُمْ هُنَّ لِبَاسٌ لَّكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ
لَّهُنَّ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَخْتَانُونَ أَنفُسَكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ
وَعَفَا عَنكُمْ فَٱلْـَٰٔنَ بَٰشِرُوهُنَّ وَٱبْتَغُواْ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمْ وَكُلُواْ
وَٱشْرَبُواْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلْخَيْطُ ٱلْأَبْيَضُ مِنَ ٱلْخَيْطِ ٱلْأَسْوَدِ
مِنَ ٱلْفَجْرِ ثُمَّ أَتِمُّواْ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيْلِ وَلَا تُبَٰشِرُوهُنَّ وَأَنتُمْ
عَٰكِفُونَ فِي ٱلْمَسَٰجِدِ تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ
ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿١٨٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

186ـ(ئى پەيغەمبەر!) بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن.

187ـرامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ، كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىپ ياشايسىلەر). ئاللاھ سىلەرنىڭ (رامىزان كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلىشىپ ئۆزۈڭلارغا خىيانەت قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى ۋە تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (رامىزان كېچىلىرىدىمۇ) يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان (پەرزەنت)نى تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغان (يەنى تاڭ يورۇغان)غا قەدەر

يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگۈچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئاياللىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. ئاللاھ ئىنسانلارنى (گۇناھلاردىن) ساقلانسۇن دەپ، ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتنىڭ بىرىنچىسىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق مۇنداق رىۋايەت كەلگەن: ساھابىلەردىن بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «رەببىمىز بىزگە يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ ئەگەر ئۇ بىزگە يىراق بولسا ئۇنى چاقىرايلى، ئەگەر يېقىن بولسا مۇناجات قىلايلى» دەپ سوراشقاندا، ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

كېيىنكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت كەلگەن: مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، رامىزان كېچىلىرىدە ئۇخلاپ قالسا، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا بىر نەرسە يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش چەكلىنەتتى. گويا روزا تاڭ يورۇغاندىن ئەمەس، بەلكى ئاخشىمى يېتىش ۋاقتىدىنلا باشلىناتتى. بۇ سەۋەبتىن، بەزى كىشىلەر رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىپ قويىدۇ ۋە بۇ ئىشقا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ (رامىزان كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلىشىپ) ئۆزۈڭلارغا خىيانەت قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، ئۇلارغا شۇنى ئېيتىپ قويغىنكى، مەن ئۇلارغا ھەقىقەتەن يېقىنمەن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلىپ، ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرىمەن، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، مەن ئۈچۈن خالىس قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى شەپى كەلتۈرۈپ، چىن دىلىدىن ماڭا سەمىمىي دۇئا قىلغان كىشىنىڭ

[1] «تفسير البغوي» 1- توم، 225-بەت.
[2] «تفسير ابن كثير» 1- توم، 515-بەت.

دۇئاسىنى مەن ئەلۋەتتە ئىجابەت قىلىمەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا توغرا يول تېپىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن، مېنىڭ ئىمانغا چاقىرغان دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا چىن قەلبىدىن ئىشەنسۇن. شۇنداق قىلسا، مەن چوقۇم ئۇلارنى ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە ياردىمى بىلەن بەندىلىرىگە يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن، ھەتتا كۆڭۈللىرىگە كەلتۈرگەنلىرىدىنمۇ تولۇق خەۋەرداردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان يېقىنلىقى ئىنساننىڭ ئۆز جان تومۇرىغا يېقىن بولغىنىدىنمۇ يېقىندۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى مەيلى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تىلىسۇن، مەيلى ئاۋازىنى چىقارماستىن ئىچىدە تىلىسۇن، بۇ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەلتۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ، پىچىرلىغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ ئاڭلاش ئۈچۈن تاۋۇشلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئۇ بەندىلىرىنىڭ تىلىگەنلىرىنى تېز ياكى كېچىكتۈرۈپ بولسىمۇ چوقۇم بېرىدۇ. يەنى ، دۇئا قىلغۇچى دۇئاسىنىڭ تېز ئىجابەت بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلەنمىسە ۋە دۇئا قىلىشتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇنىڭ تىلىگەنلىرى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەر بار بولۇپ، يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھالالدىن بولۇشى، دۇئانىڭ سەممىي بولۇشى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىنىڭ كامىل بولۇشى، ئىجابەت بولمىدى دەپ، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان مەزكۇر ئايەتتە، ئەر-ئايال مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشتە، ئەر-ئايال ئىككىسىنى كىيىمگە ئوخشاتقان. خۇددى كىيىم بەدەننى قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن ساقلىغاندەك، ئەر-خوتۇنلارمۇ بىر-بىرىڭلارنى شۇنداق ھىمايە قىلىسىلەر، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرىسىلەر ۋە بىر- بىرىڭلاردىن بىھاجەت بولالمايسىلەر، دەپ سۆيۈملۈك ھاياتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئاندىن ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە خۇددى ئۇستىلىرىگە كىيگەن كىيىملىرىدەك يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن بىر ئاي ئىچىدە بىر-بىرىگە يېقىنلاشماستىن ئۆتۈشىنىڭ

قىيىنلىقىنى نەزەردە تۇتقان هالدا، ئۇلارغا رامىزان كېچىلىرىدە يېقىنچىلىق قىلىشنى رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلغانلىقىنى بىلگەن ۋە بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خىيانەت قىلغانلىقى، زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنى ئالدىغانلىقى دەپ تەبىرلىگەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنلىكىنى ۋە رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق تەقدىر قىلىنغان پەرزەنتنى تەلەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئاللاھ تائالا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقىنى كىيىمگە ئوخشاتقان. چۈنكى، بىرىنچىدىن: كىيىم ئىنسانغا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ، ئىككىنچىدىن: كىيىم ئىنساننى سوغۇقتىن ساقلايدۇ، ئۈچىنچىدىن: كىيىم ئەۋرەتنى ياپىدۇ. دېمەك ئەر بىلەن ئايال بىر-بىرىگە ئەنە شۇ كىيىمدەك مۇھىمدۇر. ئىنسان ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئىمانىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئەۋرىتىنى هارامدىن ساقلايدۇ.

ئۆلىمالار ﴿ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقىنىڭ كىيىمگە ئوخشىتىلغانلىقىنى ۋە بۇ ئۇسلۇل ئەرەب تىلىدىكى ئىستىلىستىكىلىق مەنا ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىستىئارە (يەنى سىمۋوللۇق ئوخشىتىش) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا روزىنىڭ ئەھكاملىرىدىن بولغان سۇھۇرنىڭ (زولۇقنىڭ) ۋاقتىنى بەلگىلەپ كۆرسىتىدۇ. سۇھۇرلۇق يېيىشنى توختىتىشنىڭ ۋاقتى تاڭ يورۇشقا ئازراق قالغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھۇردىن ئېغىزنى ئېتىشنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلىپ: «لَا يَغُرَّنَّكُمْ أَذَانُ بِلَالٍ ، وَلَا هَـذَا الْبَيَاضُ ـ لِعَمُودِ الصُّبْحِ ـ حَتَّى يَسْتَطِيرَ هَكَـذَا» «تاڭدىن بۇرۇنقى ئۇيۇقتا ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ئاقلىق ياكى بىلالنىڭ قاراڭغۇ سەھەردىكى باش ئەزىنى سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن، سۇھۇردىن ئېغىزىڭلارنى ئېتىدىغان ۋاقتىڭلار تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى توغرىسىغا سوزۇلۇپ كۆرۈنگەن ئاقلىقتۇر»[1] دېگەن ۋە ئىككى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چۈشەندۈرگەن.

---

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 769-بەت، 1094-ھەدىس.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئېتىكاپنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلغان. ئېتىكاپ ـ دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاقىتلىق قول ئۈزۈپ، مەسجىدتە ئولتۇرۇپ ئىبادەت بىلەنلا بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ تاكى ئېتىكاپنى تۈگىتىپ ئۆيىگە چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئاياللىغا يېقىنچىلىق قىلىشى چەكلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. روزا تۇتقۇچىلارنىڭ رامىزان ئاخشاملىرى ئېتىدىن باشلاپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىدە بولۇشى، يەپ-ئىچىشى ھالالدۇر.

2. روزا تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن پاتقۇچە تۇتۇلىدۇ.

3. روزا تۇتقۇچىلار كۈندۈزى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى، يېيىش ۋە ئىچىشنى تەرك ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك گۇناھ ئۆتكۈزۈش، غەيۋەت قىلىش ۋە كىشىلەرگە ئازار بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىن مەنئى قىلىنىدۇ. گەرچە گۇناھ سادىر قىلىش، غەيۋەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، كىشىلەرگە ئازار بېرىش قاتارلىق ئىشلار ھەممە ۋاقىتتا چەكلەنگەن ھارام ئىشلار بولسىمۇ، رامىزاندا ئۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

4. ئېتىكاپ قىلىش ساۋابلىق ئىشتۇر، خۇسۇسەن رامىزاننىڭ ئا-خىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى، ۋاپات بولغان يىلىدىكى رامىزاندا يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلغان.

5. ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىدىن باشقا قانداقلا بىر سەۋەب بىلەن مەسجىدتىن ئايرىلماسلىقى ۋە ئاياللىغا ئېتىكاپ جەريانىدا يېقىنچىلىق قىلماسلىقى ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرىدىن سانىلىدۇ.

6.ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ھەربىر مۇ-سۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

7. دىنىي ئەھكاملارنىڭ بۇيرۇلۇشى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ۋە بارلىق زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈندۇر.

8. سۆھۇردا ئاغزىنى ئېتىش ئىشىنى بىرئاز كېچىكتۈرۈش ۋە ئېپتارنى

ئالدىراپ قىلىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَا تَزَالُ أُمَّتِي بِخَيْرٍ مَا أَخَّرُوا السَّحُورَ، وَعَجَّلُوا الْفِطْرَ» يەنى «ئۈممىتىم سۈھۇرنى كېچىكتۈرۈپ، ئىپتارنى بالدۇر قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان مۇددەتچە، ئۇلار ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## ◄ پارىخورلۇق ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋېلىشنىڭ ھاراملىقى

﴿وَلَا تَأْكُلُوٓاْ أَمْوَٰلَكُم بَيْنَكُم بِٱلْبَٰطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَآ إِلَى ٱلْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلْإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١٨٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

188-بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يېۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىدىن بىر قىسمىنى زۇلۇم بىلەن يېۋېلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەڭلار.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، روزىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا، كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى قايسىبىر يول بىلەن بولسۇن، ناھەق يېۋېلىش مۇتلەق ھارامدۇر. ئىسلام دىنى زۇلۇم قىلىشقا ۋە ناھەقچىلىككە قەتئىي يول قويمايدۇ. كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يېۋېلىش ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ يامىنى ئەمەلدارلارغا، مەھكىمىدىكىلەرگە پارا بېرىش ئارقىلىق دەۋانى ئۆز پايدىسىغا چۆرۈشكە تىرىشىشتۇر.

پارا بېرىش ياكى ئېلىش ھاراملارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ھارام ئۈستىگە ھارام قېتىلغان كەچۈرۈلمەس بىر جىنايەت ھەم خىيانەتتۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ناھەق يېۋېلىش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش بىر ھارام، ئاندىن ئەمەلدارلارغا پارا بېرىش يەنە بىر ھارام، ئاندىن دەۋانى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا چۆرۈپ، قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ناھەق ئېلىۋېلىش يەنە بىر ھارام، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ قەبىھ ھارام

[1] «مسند الإمام أحمد» 35- توم، 399-بەت، 21506- ھەدىس.

ئىشلاردۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئو-رۇندىماسلىق، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش دېگەندەك گۇناھلىرىدىن ئۆتىسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر-بىرىنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە بىر-بىرىنىڭ ھەققىنى يېۋالغانلىقىنىڭ گۇناھىدىن ھەق ئىگىسى ئۆتمىگۈچە قەتئىي ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى - ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا- ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئىككىنچىسى بەندىلەرنىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىشلار بولۇپ، بۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلار گەرچە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلسىمۇ، ئۆزى يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى رازى قىلمىغۇچە، ھەققىنى يېۋالغان بولسا بەرمىگۈچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇز ھەققىدىن ئۆتسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بەرمەيدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

مەلۇمكى، بىر مىللەتتە پارىخورلۇق، چىرىكلىك ۋە زۇلۇم-ستەملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى شۇ مىللەتنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىراۋنىڭ ھەققىنى يېۋېلىشىنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يولسىزلىق بىلەن ئۇنى يېۋېلىشى نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھە! مۇنداقلار قارىنىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يېگەن بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جازاسىنى تولۇق تارتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى دەۋالىشىپ كەلگەن ئىككى كىشىگە: «إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ، وَإِنَّهُ يَأْتِينِي الْخَصْمُ، فَلَعَلَّ بَعْضَكُمْ أَنْ يَكُونَ أَبْلَغَ مِنْ بَعْضٍ، فَأَحْسِبُ أَنَّهُ صَدَقَ، فَأَقْضِيَ لَهُ بِذَلِكَ، فَمَنْ قَضَيْتُ لَهُ بِحَقِّ مُسْلِمٍ، فَإِنَّمَا هِيَ قِطْعَةٌ مِنَ النَّارِ، فَلْيَأْخُذْهَا أَوْ فَلْيَتْرُكْهَا» يەنى «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان. سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا دەۋا قىلىشىپ كېلىسىلەر. بەزىلىرىڭلار بەزىلىرىڭلاردىن سۆزگە ئۇستا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشىم مۇمكىن. كىمگە قېرىندىشىنىڭ (يەنى قارشى تەرەپنىڭ) ھەققى بولغان بىر نەرسىنى بۇيرۇپ بەرگەن بولسام، ئۇنىڭغا بىر ئوت پارچىسىنى بۇيرۇپ بەرگەن بولىمەن. ئۇنى ئېلىش ياكى تەرك ئېتىش

ئۇنىڭ ئۆزىگە قالغان ئىشتۇر»[1] دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى يىغلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى «مېنىڭ ھەققىم قېرىندىشىمغا بېرىلسۇن» دېيىشىپ دەۋادىن ۋاز كېچىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ناھەق يېۋېلىشنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. كىشىنىڭ ھەققىدىن ئۆز ئىگىسى ئۆتمىگۈچە، ئاللاھ تائالا ئۆتمەيدۇ.

2. پارا بېرىش ۋە ئۇنى ئېلىش شەكسىز ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارا بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ھەر ئىككىسىگە لەنەت قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ قاتتىق ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بەزى ئۆلىمالار بىراۋ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان شارائىتتا، پارا بېرىپ بولسىمۇ، ئۆز ھەققىنى ئالسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ گۇناھى مەجبۇرلۇقتىن پارا بەرگەن ئادەمگە ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا زورلىغان ۋە پارا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغان ھارامخور ئەمەلدارلارغا بولىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن پارا بېرىش قەتئىي ھارامدۇر.

### ◄ ئاي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى

﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْأَهِلَّةِ ۖ قُلْ هِىَ مَوَٰقِيتُ لِلنَّاسِ وَٱلْحَجِّ ۗ وَلَيْسَ ٱلْبِرُّ بِأَن تَأْتُوا۟ ٱلْبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا وَلَـٰكِنَّ ٱلْبِرَّ مَنِ ٱتَّقَىٰ ۗ وَأْتُوا۟ ٱلْبُيُوتَ مِنْ أَبْوَٰبِهَا ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٨٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

189-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ھىلال ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (ئۆز ئىشلىرىنىڭ) ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەش ۋاستىسىدۇر». ياخشىلىق (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك ئېھرام-دىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ئەمەس،

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 131-بەت، 2458-ھەدىس.

بەلكى ياخشىلىق (گۇناھتىن) ساقلانغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىدۇر. سىلەر ئۆيلەرگە ئىشىكىدىن كىرىڭلار، نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بەزى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاينىڭ دەسلەپتە كىچىك چىقىپ ئاندىن چوڭىيىدىغانلىقىنىڭ، ئاندىن قايتا كىچىكلەپ ئەسلىدىكىدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق سورىغاندا، ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ھىلال ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

## ◄ تەپسىرى

مەدىنىلىكلەر ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە، ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ ئۆيلىرىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بەزىبىر ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ھاۋانىڭ ئىسسىقىدىن ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا ئازراق بولسىمۇ سايىداپ قېلىشنى ئىبادەت ئۈچۈن نۇقسان يەتكۈزىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن كىرمەستىن، ئۆيلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرەتتى. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇنداق ئاۋارىچىلىقنى بولىدىغان ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدىغانلىقىنى، ئۆيگە كىرمەكچى بولغان ئادەم قائىدە-يوسۇن بويىچە ئىشىكتىن كىرىشى كېرەكلىكىنى، ئەمما ياخشىلىق پەقەت ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھ-يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئىشىنى نىجاتلىقنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولغان تەقۋادارلىققا ئىخچاملىغان ھالدا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

بۇ سوئالنى سورىغۇچىلار گەرچە ئاينىڭ كىچىكلەش ۋە چوڭىيىش سەۋەبىنى ئاسترونومىيەلىك نۇقتىدىن سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھ

---

[1] «تفسير الطبري» 3-توم، 553-بەت.

تائالا ئۇلارغا سىلەرنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلىرىڭلار ئۇ ئەمەس، ئەمما شۇنى بىلىشىڭلار سىلەرگە يېتىدۇ دەپ، ئۇلار سورىغان سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى سەۋەبىنى جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىپ بەرگەن. ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار سورىغان سوئالنىڭ ئۆز جاۋابىنى بەرگەن بولسا ئىدى، پەن-تېخنىكا بولمىغان شۇ زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ بۇنى چۈشىنەلىشى ناتايىن ئىدى. بۇمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان سوئالنى سوراپ ئۆگىنىشى ۋە ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا پايدىسى بولمايدىغان سوئاللار توغرۇلۇق سۆز ئاچماسلىقى ياخشىدۇر. بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىش پەزىلەتلىك ئىشتۇر. ﴿فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ۝٤٣﴾ يەنى ﴿بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾.[1]

2. ئىسلام دىنىدىكى بەزى ئىبادەتلەر مۇئەييەن ئايلاردا قىلىنىشقا بۇيرۇلغان. مەسىلەن، پەرز روزا قەمەرىيە ئايلىرىدىن 9-ئاي بولغان رامىزان ئېيىدىلا تۇتۇلىدۇ. ھەج زۇلھەججە ئېيىدا ئادا قىلىنىدۇ. شۇنداقلا قەمەرىيە ئايلىرىدىن شەۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاي «ھەج ئايلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر كۆپلىگەن ئىبادەتلىرىنى شۇ قەمەرىيە ئايلىرىنىڭ ھېسابى بويىچە ئادا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان زاكاتنى ئادا قىلىشتا تولۇق بىر يىل ھېسابىنى قەمەرىيە يىل ھېسابى بىلەن ھېسابلاش كېرەك بولىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا زاكاتنى ئادا قىلىشتا نۇقسان پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، بىز ئىشلىتىۋاتقان مىلادىيە يىل ھېسابى بىلەن ھېسابلىغاندا، ئۇ قەمەرىيە يىلىدىن ئون بىر كۈن پەرقلىنىدۇ-دە، زاكاتنىڭ ئۆلچەملىك ئادا تېپىشىغا نۇقسان يېتىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئايلار بىلەن بەلگىلەيدۇ.

3. ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە شۇ ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە قىلىش كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولمىغاندا مەزكۇر ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ. دىندا بىدئەت سادىر قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. گەرچە ئۇنى ئىبادەت مەقسىتى بىلەن قىلىسىمۇ

---

[1] نەھل سۈرىسى: 43-ئايەت.

قوبۇل ئەمەستۇر.

4. تەقۋادارلىق ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتى، نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدىغان داغدام يول، كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلدۇر.

### ◄ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى

﴿وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ
لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ١٩٠ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم
مِّنۡ حَيۡثُ أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ
كَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٩١ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٩٢
وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِۖ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَلَا
عُدۡوَٰنَ إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ١٩٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

190-سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

191-ئۇلارنى(ئۇرۇشتا) تۇتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن جايدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار. پىتنە[1] ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. تاكى ئۇلار ئۆزى ئۇرۇش ئاچمىغۇچە مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى مۇشۇنداق بولىدۇ.

192-ئەگەر ئۇلار (ئۇرۇشتىن ۋە كۇفرىدىن) ۋاز كەچسە، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

193-تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن ۋە دۈشمەنلىكتىن) ۋاز كەچسە،

[1] «الفتنة» (پىتنە) دېگەن سۆز بۇ ئايەتتە كىشىلەرنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان زوراۋانلىقنى ۋە بېسىمنى ئىپادىلەيدۇ. (تەپسىرى زەمەخشەرىي)

زالىملاردىن باشقىسىغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاھىدى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، يۇقىرىقى ئايەتلەر ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان ۋاقىتتا نازىل بولغان. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئاتلانغىنىدا، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقان ۋە مەدىنىگە قايتىپ كېتىپ، كېيىنكى يىلى كېلىشكە، كەلگەندىمۇ مەككىدە ئۈچ كۈنلا تۇرۇپ، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆمرە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، قايتىپ كېتىشكە ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالىغان ئىدى. كېلىشىم بويىچە بىر يىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئۆمرە (ئالدىنقى يىلى قىلالمىغان ئۆمرىنىڭ قازاسىنى) قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كېلىشىمنى بۇزۇشىدىن، ئالدىنقى يىلدىكىدەك ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما يەنە كېلىپ ساھابىلەر مەسجىدى ھەرەمدە ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلىدۇ[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاۋۋالقى ئۈچ ئايەت، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ۋە زىيانكەشلىكتىن قول يىغقانلارغا چېقىلماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەسلەپكى ئايەتلەر بولۇپ، بۇ ئايەتلەردىكى خىتابتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرى، شۇنداقلا بارلىق مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى باتىل (ساختا) دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش ۋە كاپىرلارنىڭ زۇلۇم-ستەملىرىنى تۈگىتىش يولىدا جىھاد قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە رۇخسەت بېرىلدى. ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصۡرِهِمۡ لَقَدِيرٌ﴾ يەنى ﴿ھۇجۇم

[1] «أسباب النزول للواحدي»، «أسباب النزول لزغلول» 58-بەت، 103-ھەدىس.

قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر﴾[1]. چۈنكى، مۇشرىكلار سىلەرگە كۆپ زۇلۇم قىلدى. سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، ئاراڭلاردىكى ئەھدىنى بۇزدى. شۇڭا سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئۇلار سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقارغاندەك، ئۇلارنىمۇ يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. ئەمما سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىغانلارغا ئۇلار كاپىر بولسىمۇ چېقىلماڭلار. ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلماڭلار. ئۇرۇش ئەسناسىدا ياشانغانلار، كىچىك باللار ۋە ئاياللارغا چېقىلماڭلار. پەقەت سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلار بىلەنلا ئۇرۇشۇڭلار. چۈنكى، كاپىر بولسىمۇ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىغانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ زۇلۇم قىلىش چەكلىنىدۇ. مانا بۇ ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ پىرىنسىپىدۇر.

مەسجىدى ھەرەمدە ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئۇلۇغ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر كاپىرلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچقان ئەھۋال ئاستىدا، سىلەرنىڭ ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۆزۈڭلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن مەيلى مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ئۇلۇغ ئايلاردا بولسۇن، ئۇرۇش قىلىشىڭلار يوللۇقتۇر. بۇرۇن سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان ۋە ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرلار ئەگەر گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئىمان ئېيتسا ياكى زىيانكەشلىكتىن قول يىغسا، ئۇلارغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆز گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، كۇفرىدىن ۋە سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان بولغانلىرى سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. چۈنكى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىق شەرىپى بىلەن ئەپۇ قىلىنغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان بولۇپ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىدۇ.

ئاخىرقى ئايەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى جىھاد ئەمرىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئىسلامدىن توسىدىغان، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ياشاش ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىدىغان ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى توسىدىغان ئازغۇن كۈچلەرنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ،

---

[1] ھەج سۈرىسى: 39- ئايەت.

ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئازادە، خاتىرجەم ھالدا قىلالايدىغان ھۆرىيىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، زالىم كۈچلەرگە قارشى كەڭ كۆلەملىك جىھاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. زادى ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەركىن، ئازادە يولغا قويۇلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە قىلالايدىغان بىر ۋەزىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ، ھەدەپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان زالىم كۈچلەرنى ئۈزۈل كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ياكى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قوشۇۋېلىپ، زۇلۇمغا خاتىمە بېرىشتىن باشقا چارە يوقتۇر. كاپىرلار ئەگەر زىيانكەشلىك قىلىشتىن يېنىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى قىلمىشلىرى ۋە دۈشمەنلىكلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىسلام بۇرۇنقى گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن كىرگەن ئادەم ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرىدىن پاكلانغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى شۇنداق ئۇلۇغ بىر دىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن باشقىلارغا ئۇرۇش ئېچىشنى تاجاۋۇزچىلىق، دەپ سانايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىھاد پەرزى پەقەت ئىسلام دىنىغا ياكى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى، زىيانكەشلىك قىلمىغانلار گەرچە باشقا دىندا بولسىمۇ ئۇلارغا چېقىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرزدۇر. جىھاد جەريانىدا ئۆيلەرنى يېقىتىش، زىرائەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش، ھايۋانلارغا ۋە تەبىئەتكە زىيان يەتكۈزۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

2. ئۇرۇشتا ئاياللارنى، باللارنى ۋە ياشانغانلارنى ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. پەقەت ئۇرۇش قىلغانلار بىلەنلا ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ هَذَا الْبَلَدَ حَرَّمَهُ اللهُ يَوْمَ خَلَقَ اللهُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضَ ، فَهُوَ حَرَامٌ بِحُرْمَةِ اللهِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ، وَإِنَّهُ لَمْ يَحِلَّ الْقِتَالُ فِيهِ لأَحَدٍ قَبْلِي ، وَلَمْ يَحِلَّ لِي إِلاَّ سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ ؛ فَهُوَ حَرَامٌ بِحُرْمَةِ اللهِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ. لا يُعْضَدُ شَوْكُهُ ، وَلا يُنَفَّرُ صَيْدُهُ ، وَلا يَلْتَقِطُ لُقْطَتَهُ إِلاَّ مَنْ عَرَّفَهَا ،

وَلا يُخْتَلَى خَلاهُ» يەنى «ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندىن باشلاپ مەككە شەھىرىدە قان تۆكۈشنى ھارام قىلغان بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن تا قىيامەتكىچە ھارامدۇر. مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان بولۇپ، پەقەتلا ماڭا كۈندۈزدە بىر سائەت رۇخسەت قىلىنغان. بۇ ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن تا قىيامەتكىچە ھارامدۇر. مەككىنىڭ دەل-دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋ ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، تېپىۋالغان نەرسە ئېلىنمايدۇ، پەقەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈنلا ئالسا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوت-چۆپلىرى كېسىلمەيدۇ»[1].

**4.** ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداش يولىدا جىھاد قىلىش پەرزدۇر. ئىسلام قوشۇنىنىڭ بۇ پەرزنى ئادا قىلىشى بىلەن ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پەرزنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتى ساقىت بولىدۇ. ئەمما تاجاۋۇزچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، شۇ زېمىن ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش ھەممىسىگە جىھادقا چىقىش پەرز بولىدۇ.

## ◄ ئۇلۇغ ھەج ئايلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش پرىنسىپلىرى

﴿ٱلشَّهۡرُ ٱلۡحَرَامُ بِٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡحُرُمَٰتُ قِصَاصٞۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ
عَلَيۡكُمۡ فَٱعۡتَدُواْ عَلَيۡهِ بِمِثۡلِ مَا ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ١٩٤ وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا تُلۡقُواْ
بِأَيۡدِيكُمۡ إِلَى ٱلتَّهۡلُكَةِ وَأَحۡسِنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٩٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**194**-ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلىقىنىڭ جازاسىدۇر). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بىر-بىرى بىلەن تەڭدۇر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 3- توم، 72-بەت، 2350- ھەدىس.

تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋە جايلارنى دەپسەندە قىلغانلار قىلمىشىنىڭ ئوخشىشى بىلەن جازالىنىدۇ). كىم سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.

195-ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار، (بېخىللىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ۋە پۇل-مال سەرپ قىلىشنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار قەمەرىيە ئايلىرىدىن 11-، 12-، 1- ۋە 7-ئايلاردىن ئىبارەت تۆت ئاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب ئايلىرىدۇر. ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن جاي مەسجىدى ھەرەمدۇر. بۇ ئايلاردا ۋە بۇ ئۇلۇغ جاي مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. ئەمما دۈشمەنلەر ئۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ بۇ ئايلاردا ۋە بۇ ئۇلۇغ جايدا ئۇرۇش ئاچقان بولسا، ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ ئايلاردا ۋە بۇ ئۇلۇغ جايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى رەددىيە بېرىش ئۇرۇشىدۇر.

﴿ٱلشَّهۡرُ ٱلۡحَرَامُ بِٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡحُرُمَٰتُ قِصَاصٞ﴾ دېگەن ئايەت ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئىجاز (يەنى ئىخچام بايان قىلىش) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىخچام سۆزلەر ئارقىلىق مول مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتى شۇنى تەقەززا قىلغانكى، ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن مەزكۇر ئايلاردا ياكى مۇقەددەس جاي مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى شۇ ئايلار ۋە شۇ جايدا بولسىمۇ، ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلارنىڭ ۋە ئۇلۇغ جاينىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇرۇش بىرىنچى بولۇپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن باشلانمىغانلىقى ئۈچۈن بارچە گۇناھ بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچقانلارغا بولىدۇ. يەنى ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا چېقىلسا، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا شۇ ئايلاردا چېقىلسا بولىدۇ.

ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋە جايلارنى باشقىلار

دەپسەندە قىلسا، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن، شۇ ئۇسۇلدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا ھېچ يامىنى يوقتۇر. چۈنكى، ھۆرمەتنى ساقلىنىشقا تېگىشلىك جايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش ساقلىشى لازىم. بىر تەرەپ ئۇنى بۇزغاندا، قارشى تەرەپ ئۇلارنى ئەدەپلىسە بولىدۇ.

شۇنداقلا، زىيانكەشلىك قىلغانلارغىمۇ ئۇلارنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكىگە يارىشا جازا بېرىش، ئۇنىڭدىن ئارتۇق زىيانكەشلىك قىلماسلىق، تاجاۋۇزچىلىق قىلماسلىق، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مانا بۇ تەقۋادارلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ئادەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى تەقۋادارلىققا چاقىرىدۇ، تەقۋادارلارنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى ۋە نۇسرىتى ھەمىشە تەقۋادارلارغا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، جىھادقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇ ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى قول ئىلكىدە بار كىشىلەرگە پەرز ئىكەنلىكىنى، پۇل-مېلىغا بېخىللىق قىلىپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا پۇل-مال ياردەم قىلىشتىن باش تارتىشنىڭ ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شۇنداقلا، جىھادنى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر تەرەپتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ۋە ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى قېتىرقىنىپ، جان-دىل بىلەن ئادا قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ياخشى ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئۇرۇش ئەسكەرلەرنى تەييارلاش ۋە قورال-ياراقلارنى ھازىرلاش ئۈچۈن پۇل-مالغا ئېھتىياجلىقتۇر. دەرھەقىقەت، ئۆز دىنىنى، ئۆز ۋەتىنىنى تاجاۋۇزچى كۈچلەردىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار خارلىقتىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. تارىخ ۋە تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياۋۇز دۈشمەنلەرگە، تاجاۋۇزچىلارغا ۋە ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتىن باش تارتقان، جىھاد تەييارلىقى ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلغان ھەرقانداق مىللەت ۋە ھەرقانداق شەخس ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ- ھۆرىيىتىدىن، ۋەتىنىدىن، بايلىقىدىن، ئېپپەت- نومۇسىدىن ۋە ئەڭ ئاخىردا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ هُوَ خَيْرًا لَّهُمۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْۖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە بېخىللىق

قىلىدىغانلار بېخىللىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئەكسىچە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەق سۆزىنى تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَأَحْسِنُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٩٥﴾﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿وَأَحْسِنُوٓاْ﴾ دېگەن قىسمىنى ھەرخىل تەپسىر قىلغان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە پەرز قىلىنغان ئەمەللەرنى ئورۇنداشتا، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتا ۋە كۈچلۈكلىرىڭلار ئاراڭلاردىكى ئاجىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ياردەم قىلىشتا ﻗﯧتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلىڭلار. چۈنكى، مەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىمەن»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە تەبەرىي ئىكرىمەنىڭ: «ئاللاھقا توغرا قاراشتا بولۇڭلار» دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى، يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ «موھتاجلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىڭلار» دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان[3]. ئايەتنىڭ ﴿ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ دېگەن قىسمىنى كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر «ھەربىر ئىشنى ﻗﯧتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەل قىلغۇچىلار» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ﴿ٱلْمُحْسِنِينَ﴾نىڭ سۆز يىلتىزى «اَلْإِحْسَان» (ئېھسان) بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن ھەدىستە، «اَلْإِحْسَان»نى تونۇشتۇرۇپ: «أَنْ تَعْبُدَ اللهَ كَأَنَّكَ تَرَاهُ ، فَإِنْ لَمْ تَكُنْ تَرَاهُ فَإِنَّهُ يَرَاكَ» يەنى «ئېھسان-گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ گويا سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر»[4] دېگەن. دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. «اَلْإِحْسَان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىنىڭ قامۇسلىرىدا «ئىشنى مۇكەممەل قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش» ۋە «مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلىش» دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. ئەمما ئېھسان ئىماننىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە ئىشنى ﻗﯧتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿ٱلَّذِيٓ أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُۥ﴾ يەنى

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 180-ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 3- توم، 595- بەت.

[3] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[4] «صحيح البخاري» 1-توم، 19-بەت، 50-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 39-بەت، 9-ھەدىس.

﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئېھسان ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا بىز ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٩٥﴾﴾ دېگەن ئايەتنى ﴿چۈنكى، ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾ دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامدا بۇيرۇلغان جىھاد ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بولغان ئىسلامنى باتىل دىنلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئۇنىڭ يولىنى ئېچىش، ئىسلام دىيارىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى جازالاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2. ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئۇلۇغ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش زۆرۈردۇر. ئىسلام ئەھلىنىڭ مۇقەددەس قىبلىسى بولغان مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئالدىنقى زۆرۈرىيەتلەردىن سانىلىدۇ.

3. زىيانكەشلىك قىلغۇچىدىن ئۇنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكىگە يارىشا ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، ئەمما ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

4. ئۇرۇش ئاچقان دۈشمەنگە قانداقلا جايدا بولسۇن ۋە قانداقلا ئايدا بولسۇن ئۇرۇش ئارقىلىق رەددىيە بېرىش كېرەك.

5. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە پەزل-كەرەملىرى ئۇلارغا بولىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولغۇچىلارنى ۋە ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئورۇندىغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ.

## ◄ ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى (1)

﴿وَأَتِمُّواْ ٱلْحَجَّ وَٱلْعُمْرَةَ لِلَّهِۚ فَإِنْ أُحْصِرْتُمْ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْيِۖ
وَلَا تَحْلِقُواْ رُءُوسَكُمْ حَتَّىٰ يَبْلُغَ ٱلْهَدْيُ مَحِلَّهُۥۚ فَمَن كَانَ مِنكُم

[1] سەجدە سۈرىسى: 7- ئايەت

مَّرِيضًا أَوْ بِهِۦٓ أَذًى مِّن رَّأْسِهِۦ فَفِدْيَةٌ مِّن صِيَامٍ أَوْ صَدَقَةٍ أَوْ
نُسُكٍ فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلْعُمْرَةِ إِلَى ٱلْحَجِّ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ
ٱلْهَدْيِ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ فِى ٱلْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ
تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ذَٰلِكَ لِمَن لَّمْ يَكُنْ أَهْلُهُۥ حَاضِرِى ٱلْمَسْجِدِ
ٱلْحَرَامِ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١٩٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

196 ـ ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنداڭلار، ئەگەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، قۇربانلىققا (يارايدىغان چارۋىلاردىن) نېمىنى تاپالىساڭلار، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار، قۇربانلىق قىلىدىغان مال بەلگىلەنگەن جايغا يەتمىگۈچە چېچىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ (ئېھرامدا تۇرۇپ چېچىنى چۈشۈرۈشكە موھتاج بولۇپ قالسا)، (ئۈچ كۈن) روزا تۇتۇش، ياكى (ئالتە مىسكىنگە ھەربىرىگە يېرىم سادىن)[1] سەدىقە بېرىش، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلىش بىلەن فىدىيە ئادا قىلسۇن. ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم قۇربانلىقتىن نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قىلسۇن. قۇربانلىق تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، بۇ تولۇق ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ ھۆكۈم مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە (مەككىدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ قاتتىقتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن كېلىدۇ. ھەج مەزگىلىدە باينى گادايدىن، پادىشاھنى پۇقرادىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە باراۋەردۇر. ھەج مەزگىلىدىكى بۇ توپلىنىش بەئەينى قىيامەت كۈنىدىكى مەھشەر-گاھنى (ھېساب مەيدانىنى) ئەسلىتىدۇ. ھەج ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى پەرز

[1] سا ـ قەدىمقى كەمچەكلەردىن بولۇپ، بىر سا تەخمىنەن 2 كىلو 500 گىرامغا تەڭدۇر.

قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى پەرز قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە، ھەج بىلەن ئۆمرە ئىككىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنغان. بۇ ئىككىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىش دېگەنلىك ـ ھەج ياكى ئۆمرە سەپىرىدە سودا-سېتىق قىلىش ياكى ھاجى بولۇپ شۆھرەت تېپىش نىيەت قىلىنماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت بىرلا نىيەت ئاساس قىلىنىشى ۋە ھەج، ئۆمرىنىڭ شەرتلىرىگە، ئەدەپلىرىگە ۋە جىمى ئەھكاملىرىغا تولۇق رىئايە قىلىش دېمەكتۇر. مۇشۇنداق قىلىنغان ھەج بىلەن ئۆمرە توغرا يوسۇندا ئادا تاپقان بولىدۇ.

ھەج ياكى ئۆمرىگە ئىھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن، مەككىگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنغانلىق ياكى تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالغانلىق قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ھەجنى ياكى ئۆمرەنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان كىشى ئىھرامدىن چىقماي تۇرۇپ بىرەر مال قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق ئىھرامدىن چىقىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە مۇشرىكلار تەرىپىدىن مەككىگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنغاندا، ھەجدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنماللىرىنى شۇ جايدا بوغۇزلىغان، ئاندىن چېچىنى چۈشۈرۈپ ئىھرامدىن چىققان. ساھابىلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ: «قُومُوا فَانْحَرُوا ثُمَّ احْلِقُوا» يەنى «تۇرۇڭلار ماللىرىڭلارنى بوغۇزلاڭلار، ئاندىن چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار»[1] دېگەن.

ئەگەر ئىھرام باغلىغاندا بۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ قېلىشنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، «ئەگەر مەن بىرەر توسقۇنلۇق سەۋەبلىك بۇ ئىبادەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالسام، بۇ ئىھرام ئاشۇ توسۇلۇپ قالغان يەرگىچە بولىدۇ ۋە شۇ يەردە ئىھرامدىن چىقىمەن» دەپ شەرت قىلغان بولۇپ، قايسىبىر سەۋەب بىلەن ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشتىن توسۇلۇپ قالسا، ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ، قانمۇ كەلمەيدۇ، قازامۇ كەلمەيدۇ، چېچىنىمۇ چۈشۈرمەيدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «ھەج ياكى ئۆمرىگە ئىھرام باغلىغاندا، ‹ئەگەر بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا بىرەر توسقۇنلۇققا ئۇچراپ قالسام، شۇ يەردە ئىھرامدىن چىقىمەن› دەپ شەرت قىلىشنىڭ

[1] «صحيح البخاري» 3- توم، 193- بەت، 2731- ھەدىس.

پايدىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ كىشى كېسەللىك ياكى دۈشمەننىڭ توسۇۋېلىشى قاتارلىق بىرەر توسقۇنلۇققا ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ»[1]. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى زۇبائە ھەجگە بارماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۆزى كېسەلچان بولغانلىقتىن مەككىگە سالامەت بارالىشىدىن ئەنسىرەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «حُجِّي واشترطي أنَّ مَحَلِّي حيث حبَسْتَني» يەنى «ھەجگە بېرىۋېرىڭ، ھەجگە نىيەت قىلغاندا، ‹ئى ئاللاھ! بۇ ئېھرامنى سەن مېنى توسۇپ قويغان يەرگىچىلىك باغلىدىم› دەپ شەرت قىلىڭ»[2] دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇسۇلمانلارغا شۇنى تەلىم بېرىدۇكى، بېشىدا كېسەللىك ياكى يارا بولغانلىقتىن ئېھرام جەريانىدا چېچىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ياكى بېشىدا ئۆزرىسى بولغانلىقتىن، ئېھرام جەريانىدا بېشىنى يۆگىۋالغان ئادەم قىلمىشىنىڭ جازاسى ئورنىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ياكى ئالتە مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىش ياكى بىرەر مال قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ قايسىسىنى قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئېھرام جەريانىدا چاچنى چۈشۈرۈش ياكى ئەرلەرنىڭ بېشىنى يۆگىۋېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار يۇقىرىقى ئۈچ جازانىڭ قايسىسىنى خالىسا شۇنى ئادا قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنىڭ گۇناھىدىن پاكلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىلغان ھەجسى ياكى ئۆمرىسى نۇقسانسىز ئادا تاپقان بولىدۇ. شۇنداقلا، مەككە ئەھلى بولمىغانلاردىن مەككىگە كېلىپ ئۆمرە ئادا قىلىپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىققان ۋە يەنە ھەج پەرزىنىمۇ شۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئادا قىلغان، يەنى مەككىگە كەلگەن بىر قېتىملىق سەپىرىدە ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئايرىم-ئايرىم ئېھرام باغلاش بىلەن ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپتۇر. (بۇ «ھەج تەمەتتۇ» يەنى بەھرىمەن ھەج دەپ ئاتىلىدۇ). مال سېتىۋېلىپ قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن ياكى قۇربانلىق قىلىدىغان مال تاپالمىغان كىشىلەر زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن توققۇزىنچى كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ، كېيىن ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي ئون كۈن روزا تۇتقان بولىدۇ. بۇ روزىلار بىلەن قۇربانلىق قىلالمىغانلىقتىن ئىبارەت نۇقسان يۇيۇلىدۇ. نەتىجىدە قىلىنغان

[1] «مجموع فتاوى ابن باز» 17- توم، 50- بەت.

[2] «الصحيح البخاري» 7- توم، 7- بەت، 5089- ھەدىس.

ھەج بىلەن ئۆمرە تولۇق ئادا تاپقان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلار بۇلارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ بۇيرۇغانلىرىنى ئادا قىلىشقا ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا چاقىرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغانلارنىڭ-گەرچە نەپلە ھەج ياكى نەپلە ئۆمرە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ،-ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشى پەرزدۇر. چۈنكى، قانداقلا بىر ئىبادەتنى باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تاماملاش پەرز بولىدۇ.

2. مەلۇم ئۆزرىسى تۈپەيلىدىن ھەج ياكى ئۆمرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەم بىر مالنى قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىدۇ، كېيىن ئەگەر خالىسا مەزكۇر ئۆمرىنىڭ ياكى ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرىمۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان يىلى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ يولغا چىققان ۋە دۈشمەنلەرنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆمرىنى ئادا قىلالماستىن قايتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى يىلى مەزكۇر ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلغان.

3. ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشتا ۋاجىپ دېيىلگەن ئەمەللەردىن بىرەرسىنى تەرك ئەتكەن ياكى ئېھراملىق ھالىتىدە چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالغان ئادەم جازا ئورنىدا بىر قوي قان قىلىپ، گۆشىدىن ئۆزى يېمەي، مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ، ياكى ئالتە مىسكىنگە بىر ۋاخلىق تاماق بېرىدۇ ۋەياكى يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ.

4. شەۋۋال، زۇلقەئدە، زۇلھەججىدىن ئىبارەت ھەج ئايلىرىدا مەككىگە كېلىپ، ئۆمرە ئادا قىلغان، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىپ ھەج ۋاقتى كەلگەندە قايتا ئېھرام بىلەن ھەجنى ئادا قىلغان ئادەمگە بىر مال قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. قۇربانلىققا مال تاپالمىغانلىق، ياكى

پۈلى يەتمىگەنلىك سەۋەبلەر بىلەن قۇربانلىق قىلالمىغانلار ھەج كۈنلىرى ئىچىدە ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمئىي ئون كۈن روزا تۇتىدۇ.

## ◄ ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى(2)

﴿ٱلْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَٰتٌ ۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ
وَلَا جِدَالَ فِى ٱلْحَجِّ ۗ وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ ٱللَّهُ ۗ وَتَزَوَّدُوا۟ فَإِنَّ
خَيْرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقْوَىٰ ۚ وَٱتَّقُونِ يَـٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَـٰبِ ﴿١٩٧﴾ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ
أَن تَبْتَغُوا۟ فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ ۚ فَإِذَآ أَفَضْتُم مِّنْ عَرَفَـٰتٍ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ
عِندَ ٱلْمَشْعَرِ ٱلْحَرَامِ ۖ وَٱذْكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمْ وَإِن كُنتُم مِّن قَبْلِهِۦ
لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿١٩٨﴾ ثُمَّ أَفِيضُوا۟ مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ ٱلنَّاسُ وَٱسْتَغْفِرُوا۟
ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٩٩﴾ فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَـٰسِكَكُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ
كَذِكْرِكُمْ ءَابَآءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا ۗ فَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا
فِى ٱلدُّنْيَا وَمَا لَهُۥ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنْ خَلَـٰقٍ ﴿٢٠٠﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

197ـ ھەج (ۋاقتى) مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل-ماجىرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلا بىر ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، (ھەج سەپىرىڭلارغا يەتكۈدەك) ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، شەكسىزكى، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋالىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار.

198ـ رەببىڭلاردىن (ھەج مەزگىلىدە تىجارەت ۋە باشقا ئىشلار ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەپاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرۇلھەرامدا (مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار. شەكسىزكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر ئازغۇنلاردىن ئىدىڭلار.

199ـ ئاندىن كېيىن، سىلەر كىشىلەر قايتقان جاي (ئەرەپات)دىن قايتىڭلار، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

200ـ سىلەر ھەجگە خاس ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئاتا-بوۋاڭلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار. بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. مۇنداق ئادەمگە ئاخىرەتتە (مۇكاپاتتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ، ھەجنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ھەج ئايلىرى – شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى بولۇپ، بۇ ئايلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەجگە ئېھرام باغلاشقا بولمايدۇ. ھەج پەقەت زۇلھەججە ئېيىدىلا قىلىنىدۇ. ئەمما ئۆمرەنى ھەج كۈنلىرىدىن باشقا قانداقلا بىر ۋاقىتتا قىلىشقا بولىدۇ. ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان كىشى تاكى ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ بولغىنىغا قەدەر جىنسىي ئالاقە قىلىش، گۇناھ قىلىش ۋە جېدەل-ماجىرا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار ھەجنىڭ دۇرۇس شەكىلدە ئادا تېپىشى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ حَجَّ هَذَا البَيْتَ ، فَلَمْ يَرْفُثْ ، وَلَمْ يَفْسُقْ ، رَجَعَ كَمَا وَلَدَتْهُ أُمُّهُ» يەنى «كىمكى ھەجنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي، گۇناھ قىلماي ئادا قىلىدىكەن، ئۇ ئانىسىدىن ئەمدىلا تۇغۇلغاندەك پاك بولۇپ قايتىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «يەمەنلىكلەر ھەج سەپىرىگە ئاتلانسا، ئوزۇقلۇق ئالمايتتى ۋە ‹بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز› دەيتتى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاش-نانغا موھتاج بولۇپ، باشقىلاردىن يېمەك-ئىچمەك تىلەيتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقْوَىٰ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان»[2].

ئاللاھ تائالا ئۆيىدىن ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن چىققان ھەرقانداق

[1] «صحيح البخاري» 3ـ توم، 11ـ بەت، 1819ـ ھەدىس.
[2] «أسباب النزول للواحدي» 32ـ بەت.

ھاجىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارچە ئەمەللىرىنى، ياخشى ئىشلىرىنى، ئىبادەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەركىمگە ئۇنىڭ نىيىتى ۋە ئەمەلىنىڭ خالىسلىقىغا قاراپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇچۇن ئىسسىق ئۆيىنى، ئەزىز پەرزەنتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ چىققان ھاجىلار- نىڭ سەپىرىدە ئەڭ كېرەكلىك بولغان نەرسە تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. تەقۋالىق ئاخىرەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ ياخشى ئوزۇقىدۇر. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھاجىلارنى تەقۋالىق بىلەن، ياخشى ئىشلارنى ۋە خەير- ئېھسانلارنى كۆپ قىلىش بىلەن ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تەييارلاشقا ئەمر قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ھەجنىڭ مۇھىم ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ھەج ۋاقىتلىرىدا ئىبادەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىرگە، تىجارەت ۋە باشقا تىرىكچىلىك كەسىپلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق نېسىۋىلىرىنى تەلەپ قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلغان. مەككىگە كېلىشتىن ئاساسلىق مەقسەت ھەج قىلىش بولغان ئىكەن، ھەج ئەمەللىرىگە نۇقسان يەتكۈزمىگەن ھالدا تىجارەت ۋە باشقا دۇنيالىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما ھەرەمگە كەلگۈچىلەر تىجارەت قىلىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرىنىڭ نىيەت قىلغىنىدەك بولىدۇ. يەنى ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يېتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھاجىلارنى ئەرەپاتتا، مۇزدەلىفىدە ۋە باشقا ھەربىر مۇقەددەس جايغا كەلگەندە ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشكە، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشقا ۋە بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ھەج مەزگىلى گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ پاكلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىدۇر. قىلغان ھەجسى قوبۇل بولغان كىشىنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغان چېغىدىكىدەك گۇناھسىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بار. ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ چوڭ پۇرسەتكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ ئۇنى كۆپ ياد ئېتىش، زىكىر، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىش كېرەك. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككى ئالەملىك ياخشىلىقلارنى تىلەش كېرەك. ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ، دۇنيالىقنىلا تىلەش ئاقىۋەتتە زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھەر ئىككى ئالەملىك ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تەھلىل-ئاللاھ تائالانىڭ يالغۇزلۇقىنى ۋە شېرىكى يوقلىقىنى ئىقرار

بىلەن جاكارلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: ﴿لاَ اِلٰـهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ﴾ (لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ) يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېھرام جەريانىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، گۇناھ قىلىش ۋە جېدەل-ماجىرا قىلىشنى چەكلىنىدۇ.

2. ھاجىلارنىڭ ھەج داۋامىدا ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشى ھەسسىلەپ ساۋاب كەلتۈرىدۇ.

3. ھاجىلارنىڭ ھەج ۋاقتىلىرىدا ھەج پائالىيەتلىرىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەستىن تىجارەت ۋە باشقا تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىدا ھېچ گۇناھ يوقتۇر.

4. ھاجىلارنىڭ ھەج جەريانىدا، مۇزدەلىفە، ئەرەپات، ھەرەم ۋە باشقا مۇقەددەس جايلاردا ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشى، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشى، تەكبىر، تەھلىللەرنى كۆپ ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

5. ھەج جەريانىدا ھاجىلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەج پۇرسىتىگە مۇيەسسەر قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

6. ھەج جەريانىدا ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دۇئا قىلغاندا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقلارنى تىلەش كېرەك. چۈنكى، دۇنيالىقنىلا تىلىگەنلەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

### ◄ ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى(3)

﴿وَمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا
عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۚ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ
﴿٢٠٢﴾ ۞ وَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ فِىٓ أَيَّامٍ مَّعْدُودَٰتٍ ۚ فَمَن تَعَجَّلَ فِى يَوْمَيْنِ فَلَآ إِثْمَ
عَلَيْهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ لِمَنِ ٱتَّقَىٰ ۗ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ

إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٢٠٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

201ـ بەزى كىشىلەر «ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ.

202 ـ ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر.

203ـساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە[1]، ھەر نامازنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىپ) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. (مىنادا قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىن) ئىككى كۈن تۇرۇپ ئالدىراپ قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

## ◄ تەپسىرى

ھەج ۋاقتىدا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدىغانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، نەزەر دائىرىسى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگىلا قارىتىلغان، بارلىق ئارزۇسى مۇشۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش بولۇپ، شۇڭا ئۇلار دۇئا قىلغىنىدا بۇ دۇنيالىقنىلا تىلەيدۇ، ئاخىرەتلىكنى بولسا تىلىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ قىلغان دۇئا ۋە تىلىكىگە يارىشا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، بۇ دۇنيادا ئۇلارنى نېمەتلەندۈرىدۇ، ئارمىنىغا يەتكۈزىدۇ. بىراق ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا مۇكاپاتتىن، ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر. دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىنىدا بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىككىلىسىنى تىلەيدۇ ۋە دوزاخنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئارزۇ-ئارمانلىرى ئالىي، دىيانىتى ۋە تەقۋادارلىقى كۈچلۈك، ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇ

[1] تەشرىق كۈنلىرى- زۇلھەججە ئايىنىڭ ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون ئۈچىنچى كۈنلىرىدۇر.

دۇنيادا بەختلىك قىلىدۇ، ئاخىرەتتىمۇ مۇكاپاتتىن، جەننەتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىكنى تىلىگەن كىشى ئەڭ ئۈلگىلىك كىشىدۇر. چۈنكى، ئاخىرەت مەڭگۈلۈك قارارگاھ ۋە ھەقىقىي ئالەمدۇر. بۇ دۇنيا بولسا ۋاقىتلىق ئالەم ۋە ئاخىرەت يولىدىكى ھازىرلىنىش، تەييارلىنىش بېكىتىدۇر. ئاخىرەتلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن بۇ دۇنياغا ئېھتىياجىمىز بولغىنىدەك، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈش ۋە ئاخىرقى قارارگاھىمىزدا ئارام تېپىشىمىز ئۈچۈن ئاخىرەتكە ئېھتىياجلىقمىز. شۇڭا ھەر ئىككى ئالەملىك ياخشىلىقلارنى تىلىگەن ۋە شۇنىڭ يولىدا تىرىشقان مۇسۇلمان ئەڭ ئۈلگىلىك مۇسۇلماندۇر.

ئەتە «قۇربان ھېيت» دېگەن كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ 4-كۈنى ئەسىر نامىزىغىچە جەمئىي بەش كۈن، 23 نامازنىڭ ھەربىرىدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر. ئەمما ھاجىلار كۆپرەك تەكبىر ئېيتىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ھەج جەريانىدا، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، مىنادا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە قونۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق ھەج ئەمەللىرىنى ئورۇنداش جەريانىدا تەكبىرنى كۆپ ئېيتىدۇ.

بۇ بەش كۈندە ئېيتىدىغان تەكبىر تۆۋەندىكىچە: «اَللهُ أَكْبَرُ اَللهُ أَكْبَرُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ اَللهُ أَكْبَرُ وَلِلَّهِ الْحَمْدُ» يەنى «ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر».

مىنادا قونۇش ئۈچ كۈن بولۇپ، قونۇش قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاخشىمىدىن باشلىنىدۇ. ئالدىرايدىغانلار ئۈچۈن قۇربان ھېيتتىن كېيىن ئىككى كۈن تۇرۇش يېتەرلىكتۇر. بۇنىڭدا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قىلغان ھەجنىڭ كامىل ئادا بولۇشىغىمۇ ھېچ تەسىر يەتمەيدۇ. ئەمما ئۈچ كۈننى تولۇق تولدۇرغانلارنىڭ ساۋابى ئارتۇقراق بولىدۇ. مىنادا ئۈچ كۈن تۇرغانلار شەيتانغا ئۈچ كۈن تاش ئاتىدۇ. ئىككى كۈن تۇرغانلار ئىككى كۈن تاش ئاتىدۇ. تەقۋادارلىقنى ئاشۇرماقچى بولغانلار ساۋاب بولىدىغانلىكى ئىبادەتلەرنى كۆپرەك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئۇلارنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. قىلغان ئەمەلى بىلەن راستتىنلا تەقۋالىقنى ۋە كۆپ ساۋابنى كۆزلىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن توپلانغاندا

ئەسقاتىدىغان نەرسە يەنىلا تەقۋالىقتۇر. بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرگە قىيامەتتىكى توپلىنىشنىڭ ئەسكەرتىلگەنلىكىمۇ ئۇلارنى شۇ تەقۋالىققا ئۈندەش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

## ◄ مىنادا قونۇشنىڭ ھۆكمى

شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەج قىلغان كىشىنىڭ تەشرىق كۈنلىرىدە كېچىنىڭ كۆپرەك ۋاقتىنى مىنادا ئۆتكۈزۈشى ۋاجىپتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، مالىكىي مەزھىپىدە، ئۆزرىسىز تۇرۇپ، مىنادا بىرەر كېچە قونمىغان ئادەمگە قان (يەنى بىر قوينى قۇربانلىق قىلىپ، گۆشىنى ئۆزى يېمەي مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ ۋاجىپ بولۇپ) بەلگىلىنىدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىدە، مىنادا بىر كېچە قونمىغان كىشىگە بىر مۇد (يەنى تەخمىنەن 508 گرام) مىقدارىدا تائام فىدىيە بېرىش بەلگىلىنىدۇ، ئىككى كېچە قونمىغان كىشىگە ئىككى مۇد مىقدارىدا تائام فىدىيە بېرىش بەلگىلىنىدۇ، ئۈچ كۈن قونمىغان كىشىگە قان كېلىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر ئۆزرىسىز تۇرۇپ قونمىغان كىشىلەرگە خاس بولۇپ، ئۆزرە سەۋەبلىك قونمىغان كىشىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ھاجىلارنىڭ مىنادا قونۇشى سۈننەتتۇر[1]. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۆزرىسىز تۇرۇپمۇ مىنادا قونمىغان كىشىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ، گۇناھ بولمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ رايىنى كۈچلەندۈرۈپ، مىنادا قونۇش ۋاجىپ دەپ قارايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مىنادا شەيتانغا تاش ئاتقان ۋاقىتلاردا «اَللّٰهُ أَكْبَرْ» دەپ تەكبىرنى كۆپ ئېيتىش ۋاجىپتۇر. شۇنداقلا، ھەج قىلىۋاتقان ۋە قىلمىغان ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئەرەفە (يەنى ئەتە قۇربان ھېيت دېگەن) كۈنى ناماز بامداتتىن باشلاپ ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىنىڭ ئەسىر ۋاقتىغىچىلىك جەمئىي بەش كۈن ھەربىر پەرز نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش ۋاجىپتۇر.

2. ئاللاھ تائالادىن ئىككى ئالەملىك ياخشىلىق تىلەشنىڭ پەزىلىتى

[1] «حاشية رد المحتار» 2- توم، 520-بەت.

كۆپتۇر. بۇ مۆئمىنلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

3. «رەببەنا ئاتىنا» دۇئاسى لەۋزى ئىخچام، مەنىسى مول دۇئالاردىن بولۇپ، مەزمۇنى ھەر ئىككى ئالەملىكنى تىلەش بولغانلىقتىن، دۇئالارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بۇ دۇئانىڭ تېكىستى مۇنداق: ﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةٗ وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ٢٠١﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾.

4. مىنادا ئۈچ كۈن قونۇش ھەج ئەمەللىرىنىڭ ۋاجىپلىرىدىندۇر. ئالدىرايدىغانلارنىڭ ئىككى كۈنلا قونۇشىمۇ يېتەرلىكتۇر.

5. ئەرەپات مەيدانى قىيامەت كۈنىدىكى ھەشىر (يەنى توپلىنىش) مەيدانىنى ئەسلىتىدىغان ئىبرەتلىك جايدۇر.

### ◄ مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُعۡجِبُكَ قَوۡلُهُۥ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيُشۡهِدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا فِي قَلۡبِهِۦ وَهُوَ أَلَدُّ ٱلۡخِصَامِ ٢٠٤ وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُفۡسِدَ فِيهَا وَيُهۡلِكَ ٱلۡحَرۡثَ وَٱلنَّسۡلَۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلۡفَسَادَ ٢٠٥ وَإِذَا قِيلَ لَهُ ٱتَّقِ ٱللَّهَ أَخَذَتۡهُ ٱلۡعِزَّةُ بِٱلۡإِثۡمِۚ فَحَسۡبُهُۥ جَهَنَّمُۖ وَلَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ٢٠٦ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡرِي نَفۡسَهُ ٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ٢٠٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

204ـ(ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا شۇنداق (مۇناپىق) ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ ئەشەددىي دۈشمەن تۇرۇپ دىلىدىكى نەرسىگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ.

205ـئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇزغۇنچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ.

206ـئۇنىڭغا «ئاللاھتىن قورققىن» دېيىلگەن ھامان، تەكەببۇرلۇقى تۇتۇپ

گۇناھقا پاتىدۇ. بۇنداق ئادەمگە دوزاخ يېتەرلىكتۇر. دوزاخ بەكمۇ يامان جايدۇر.

207ـ بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇناپىقلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، مۇناپىقلار ـ تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرىدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىر ئەمەس، ئىككى يۈزلىمچى، كۆزبوياماچى، رىياخور مەخلۇقلاردۇر. مۇناپىقلار ھەمىشە كۆڭۈللىرىدىكى رەزىللىكلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى دىلىدا يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇلارغا يالغاندىن ساداقەتمەنلىك ئىزھار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى راستچىل كۆرسىتىش ئۈچۈن، يالغان سۆزلىرىگە ئاللاھ تائالانى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى ھەقىقەتەن كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى ئاجايىپ كارا- مەتلىك شەخسلەردەك قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋە رەزىل قىلمىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا ۋە بۇنداق رىياخورلۇق بىلەن قۇرۇق ماختىنىشنى تاشلاپ توغرا ئىش قىلىشقا چاقىرىلسا، ئۇلار ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. بەلكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچىغا چىقىدۇ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئىنسانلارغا ۋە تەبىئەتكە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ يەنە بىر تۈردىكىلىرى مۇئمىنلەر بولۇپ، مۇئمىنلەر- ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان (يەنى شەكسىز ئىشەنگەن) كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدۇ، قولىدىن كەلگەن بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ، بۇ ياخشىلىقلارنى شۆھرەت ئۈچۈن قىلمايدۇ، بەلكى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتكەن ھەقىقي مۇئمىنلەردۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئەخنەس ۋە سۇھەيب ئىسىملىك ئىككى كىشى

توغرۇلۇق نازىل بولغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئەخنەسنى مۇناپىقلىقىنىڭ ئوبرازى، سۆھەيبنى بولسا ھەقىقىي مۆئمىنلىكىنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسەتكەن. سۇددىي يۇقىرىقى ئۈچ ئايەتنىڭ ئەخنەس ئىبنى شەرىق دېگەن ئادەم توغرۇلۇق نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەخنەس مەدىنىگە – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەتلا مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ئاللاھ مېنىڭ دىلىمدىكىنى بىلىدۇ، مەن راست سۆزلەۋاتىمەن» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُعۡجِبُكَ قَوۡلُهُۥ...﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿... وَلَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ﴾ دېگەن ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنى نازىل قىلغان[1].

مۇپەسسىرلەر كېيىنكى ئايەتنىڭ سۆھەيب ئىبنى سىنان ئىسىملىك ساھابە ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. سۆھەيب مەككىلىك مۇھاجىرلاردىن بولۇپ، ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۇنى ئىسلام دىنىدىن يېنىشقا زورلىغاندا، ئۇلارغا «بارلىق پۇل-مېلىمنى ئېلىڭلار، ئەمما مېنى ئۆز دىنىمغا قويۇپ بېرىڭلار» دەپ، ئۆز دىنىنى قوغداپ قېلىش بەدىلىگە بارلىق مال-دۇنياسىنى ئۇلارغا بېرىپ، ئۆزى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ مەدىنىگە بېرىپ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا: «ئى يەھيانىڭ دادىسى! سېنىڭ تىجارىتىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن!» دەيدۇ. سۆھەيب «نېمە بولدى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا «ئاللاھ سېنىڭ ھەققىڭدە ئايەت نازىل قىلدى» دەپ، ﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡرِي نَفۡسَهُ ٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ٢٠٧﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ[2].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ سۆزلەشتىكى ئۇستىلىقىغا ۋە ياسىما سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قالماسلىق كېرەك.

2. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئەڭ خەتەرلىكى پىتنە-پاسات تارقاتقۇچى ئىغۋاگەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ھەزەر

[1] «أسباب النزول للواحدي» 33- بەت.
[2] «أسباب النزول للواحدي» 34- بەت.

ئەيلەش زۆرۈردۇر.

3. بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى سۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن «بۇنىڭغا ئاللاھ گۇۋاھ» دېگەن سۆزنى قەسەمنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

4. ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش پەزىلەتتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا بارلىقىنى ئاتىغانلارغا ئاللاھ تائالا ھەسسىلەپ ئەجىر ۋە مۇكاپات بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ۋە ئىنتايىن شەپقەتلىك زات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئازغىنە ئەمەلىگىمۇ كۆپلەپ ساۋاب بېرىدۇ.

## ◄ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ جازاسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱدْخُلُوا۟ فِى ٱلسِّلْمِ كَآفَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ
ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٢٠٨﴾ فَإِن زَلَلْتُم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْكُمُ
ٱلْبَيِّنَـٰتُ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٠٩﴾ هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن
يَأْتِيَهُمُ ٱللَّهُ فِى ظُلَلٍ مِّنَ ٱلْغَمَامِ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ وَقُضِىَ ٱلْأَمْرُ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ
تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٢١٠﴾ سَلْ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ كَمْ ءَاتَيْنَـٰهُم مِّنْ ءَايَةٍۭ بَيِّنَةٍ ۗ وَمَن
يُبَدِّلْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢١١﴾ زُيِّنَ
لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَيَسْخَرُونَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۘ وَٱلَّذِينَ
ٱتَّقَوْا۟ فَوْقَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۗ وَٱللَّهُ يَرْزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿٢١٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

208-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار. شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

209-سىلەرگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن، (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر (سىلەرنى جازالاشقا ئاجىز كەلمەيدۇ)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

210ـئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى قوبۇل قىلمىغانلار) پەقەت ئاللاھنىڭ (قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) بۇلۇتلارنىڭ سايىسى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئىشنىڭ پۈتۈشىنىلا كۈتىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

211ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. كىمكى ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

212ـكاپىرلارغا دۇنيا ھاياتى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. (شۇڭا) ئۇلار ئىمان ئېيتقانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمادىـن رىۋايـەت قىلىنىدۇكى، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱدْخُلُواْ فِى ٱلسِّلْمِ كَآفَّةً...﴾ دېگەن ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قاتارلىق يەھۇدىي دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ساھابىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقاندا، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگىمۇ ئەمەل قىلغان بولۇپ، شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلايتتى، تۆگە گۆشىنى ۋە ئۇنىڭ سۈتىنى يامان كۆرەتتى. ساھابىلەر ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتكەندە، ئۇلار «بىز ھەر ئىككى شەرىئەتكە ئەمەل قىلالايمىز» دېگەن. ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «تەۋراتمۇ ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب بولغان ئىكەن، بىز ئۇنىڭغىمۇ ئەمەل قىلىشنى خالايمىز» دېگەن. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن مۇسۇلمانلارنى ۋە باشقا جىمى مۆئمىنلەرنى ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرىشكە، ئىسلام بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق قوبۇل

[1] «أسباب النزول للواحدي» 35ـ بەت.

قىلىشقا، ئىسلام شەرىئىتىدىن باشقىسىغا ئەمەل قىلماسلىققا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىنى مۇكەممەل ئورۇنداش ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىدىكى مۆئمىنلەردىن بولۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن دىن بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى ۋە بۇيرۇغانلىرى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر پۈتۈن ھايات نىزامىدۇر.

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەمنىڭ بۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە قانۇن-تۈزۈملىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر. بەزى كىشىلەر ئىسلامنىڭ بەش چوڭ پەرزى بولغان ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىپ قويۇش بىلەنلا مۇسۇلمانلىق ئادا بولىدۇ، جەننەتكە كىرىش بۇلار بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، يۇقىرىقى بەش چوڭ پەرز ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن سانالسىمۇ، يەنىلا ئۇلار ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇركى، ھەممىسى ئەمەس. ئىسلام دىنى-ئىمان، ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق، قانۇن-تۈزۈم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئەقىل، تەپەككۇر، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرىدا پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇشى ۋە ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا تولۇق كىرگەن ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان بولىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم شۇ ۋاقىتتىلا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە ھەقلىق بولغان بولىدۇ. بۇرۇنقىلار شۇنداق قىلغانلىقتىن ئەزىزلىكتە، ھۆرلۈكتە ئۆتكەن. زامانىمىزدىكى ئىسلام مىللىتىنىڭ دەرد-ئەلەملىرى كۈندىن كۈنگە ئاۋۇماقتا. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلاشقانلىق، ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ پۈتۈنلەي سۇسلاشقانلىقى نەتىجىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شەيتانلار ھەر ئامال قىلىپ ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن تۇرماستىن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماسلىققا، ئۇلارنى دۈشمەن بىلىشكە ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەسلىككە چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرىشكە، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنداش ۋە شەيتانلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماسلىققا

چاقىرىدۇ. بۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك بولىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇپ بولۇپ، ياخشى-يامانىنىڭ پەرقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئىسلام كۆرسەتمىسىنىڭ ئەكسىچە ئىش ئىلىپ بارغۇچىلار ۋە توغرا يولدىن ئازغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھېكمەت بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇچى زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابىنى كۈتمەكتە. كېلىدىغان ئازاب كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم كېلىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھىدايەت ۋە توغرا يول تېپىشقا ۋاستە ھەم ياردەمچى بولىدىغان ئەقىل ۋە پىكىرگە ئوخشىغان قىممەتلىك نېمەتلەرنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلەتمەي، پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئىشلەتتى. ھەقىقەت ئوپئوچۇق نامايان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار كۇفرىنى ئىماندىن ئارتۇق كۆردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىغا تېپتىدىغان ئازابى ئىنتايىن قاتتىق ۋە تولىمۇ دەردلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسىرلەرچە يەر يۈزىدە ۋەتەنسىزلىك ۋە خار- زەبۇنلۇق دەردىنى چەككەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا ئۇلارغا بېرىدىغان ئازابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ئاخىرەتتىكى ئازابىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەستۇر.

كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىگە دۇنيا مەنپەئەتلىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار دۇنيالىققا ئالداندى، ئۇلارنىڭ قەلبى بۇ ۋاقىتلىق تىرىكچىلىككىلا تەلپۈندى، دۇنيالىق ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىدى. شۇڭا ئۇلار دۇنيالىقتىن ئاخىرەتلىكنى ئارتۇق كۆرگەن ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئاتىغان مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلدى. ھالبۇكى، مۇئمىنلەر قىيامەت كۈنىدە كاپىرلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر. چۈنكى، مۇئمىنلەر جەننەتلەردە بولسا، كاپىرلار دوزاختا بولىدۇ. بۇ ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلار. بۇ دۇنيا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئورنى ئەمەس، شۇڭا بۇ دۇنيادا سىناق بىلەن ئەمەللا مەۋجۇت. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا خالىغان بەندىسىنىڭ - گەرچە ئۇ كاپىر، ئاسىي-گۇناھكار بولسىمۇ - رىزقىنى كەڭ ۋە بايلىقىنى مول قىلىدۇ. شۇنىڭدەك خالىغان بەندىسىنىڭ - گەرچە ئۇ مۇئمىن، ئىتائەتچان مۇسۇلمان كىشى بولسىمۇ - رىزقىنى تار ۋە نامرات قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىگە ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن قەتئىينەزەر ھالدا ھەددى ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ بىراۋنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى باياشاتلىق قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدىن ۋە قىلغان ئىشلىرىدىن رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك،

ئاللاھ تائالانىڭ بىراۋنىڭ رىزقىنى تار، تۇرمۇشىنى جاپالىق قىلغانلىقى ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغانلىقىدىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازانىڭ ئورنى ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى ئۆزى بىلىدىغان ھېكمەتكە ئاساسەن شۇنداق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە قىلغان ئىشىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق سورۇشتە قىلىنمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي مۇئمىنلىك ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن كۆرسەتمىلىرىنى، تەلىماتلىرىنى ۋە ئەمر-پەرمانلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كاتتا نېمىتى ئۇنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغانلىقىدۇر.

3. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر.

4. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئۇنى ھازىرقى زامانغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، دەپ كەمسىتىدىغانلار مۇسۇلمان ئەمەستۇر.

5. دىندا چەكلەنگەن ئىشلاردىن يانمىغان، دىنىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقانلار ئازغۇنلاردۇر.

6. رىزىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا مۇئمىن، كاپىر، تەقۋا، ئاسىي پۈتۈن بەندىلىرىنى رىزىقلاندۇرىدۇ.

### ◄ ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى

﴿كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ
وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخْتَلَفُوا۟
فِيهِ ۚ وَمَا ٱخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ

بَغْيًا بَيْنَهُمْ ۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ مِنَ ٱلْحَقِّ
بِإِذْنِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢١٣﴾

## تەرجىمىسى

213ـئىنسانلار بىر دىندا ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى كاپىر بولۇپ ئىختىلاپلاشتى)، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى كىتابنى نازىل قىلدى. پەقەت كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) لا ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە (ئۇ يەھۇدىيلار) بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

## تەپسىرى

ئىنسانلار ئەسلىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ئىبارەت بىر دىندا بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلاتتى. كېيىنچە ئۇلار دىندا بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدى[1].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا ئون ئەسىر ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئون ئەسىر جەريانىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئىدى، ئۇلار ھەممىسى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان شەرىئەتكە ئەمەل قىلاتتى. كېيىنچە ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ بۆلۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى»[2]

[1] تەپسىرى شەئراۋى، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىر تەبەرىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مۇشۇنداق تەپسىر قىلىنغان.

[2] «تفسير الطبري» 4ـ توم، 276ـبەت.

دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

ئىبنى جەرىر تەبەرىي يۇقىرىقى تەپسىرنى كۈچلەندۈرگەن ۋە «بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا تەپسىرى مۇشۇدۇر» دېگەن.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. ئەسلىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلغان ۋاقتىدىكى ساپ ھالىتى بويىچە، ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر دىندا، بىر ئۈممەت بولۇپ ياشايتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ماكانلىشىشتىن ئىبارەت ئىنسانىي ئارمانلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىشلىرىغا، ئىمان، ئىنساپ ۋە ھىدايەتتىن ئېزىپ كېتىشلىرىگە سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشتى، ئەقىل ئىنسانىي ھەۋەسلەرنى يېڭەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتى، ئۇلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقاردى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇلارغا كىتابلارنى نازىل قىلدى»[1].

ئەتائ [2] ۋە ھەسەن[3] قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «ئىنسانلار ئەسلىدە كاپىر ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان بىلەن بەختلىك بولدى، بەزىسى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنى تاللاپ بەختسىزلەردىن بولۇپ كەتتى»[4] دەپ تەپسىر قىلغان.

پەيغەمبەرلەر بىلەن كىتابلار پەقەت ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارنى دۇنيادا بەختلىك ياشىتىش، ئاخىرەتتە بولسا سائادەتمەنلەردىن قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەقىل ئۆزى يالغۇزلا كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلار ئەقىلگە يول كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 127-بەت.

[2] ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ (27ھ 114ھ) ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەسىرىدە تونۇلغان كاتتا فەقىھ ۋە مۇھەددىس ئالىم.

[3] ھەسەن ئەل بەسرى (21- 110ھ - 642- 728م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تۇغۇلغان، ھىجرىيەنىڭ37- يىلى ھازىرقى ئىراقنىڭ بەسرە شەھرىگە كۆچۈپ كەتكەن، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھ قاتارلىق ئىلىملەردە ئالاھىدە يېتىشكەن كاتتا ئالىم.

[4] «تفسير ابن عاشور» 2- توم، 302- بەت.

بىلەن كىشىلەر ھەق دىنغا يېتەكلىنىدۇ.

ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىتابلار كەلگەن ۋە ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا كۆرەلمەسلىك قىلىشىپ، مەزكۇر كىتابلار ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى، ھەق دىندىن يىراقلاشتى. خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىختىلاپى ناھايىتى قاتتىق بولدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئۇ يەھۇدىيلار بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە يېتەكلىدى، ئۇلارنى ھىدايەت قىلدى. چۈنكى، ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن خالىغان بەندىسىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنتۇش ئەڭ ئېچىنىشلىق ھاماقەتلىكتۇر. ئەقىللىق كىشىلەر ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى ئويلىغاندەك ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتىنىمۇ ئويلايدۇ ۋە ئاقىۋەتتە بەختلىك بولۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ.

2. بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكىگە، مەنسىپىگە، شان-شۆھرىتىگە ئىشىنىپ، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلار، باشقىلارنى مەسخىرە قىلغانلار ئاخىرەتتە جازاسىنى تارتىدۇ ۋە بۇ دۇنيادا ئۇلار كۆزگە ئىلمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەسرەت چېكىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىككە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى ئەقىدىسىدۇر. كۇفرىلىق بىلەن شېرىك ئەقىدىسى ئىنسان ئىدېئولوگىيەسىگە سىرتتىن كىرگەن ئاپەتلەردۇر.

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ياخشىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئازغۇنلار ۋە گۇناھكارلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىدۇر.

5. ھەرقانداق بىر ئۈممەتنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىدىن بىرى دىندا ئىختىلاپ قىلىشىش، ئۆزلىرىنىڭ

ئىلاھىي دەستۇرنى بۇرمىلاشتۇر. يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان نەرسە مۇشۇدۇر.

## مۇسۇلمانلارنى چىدامچانلىققا ئۈندەش

﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُوا۟ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ ﴿٢١٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

214-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر)نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق، ئاغرىق- سىلاق كەلگەن ۋە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشۈرۈلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى كاپىرلارغا، ئۇلارنىڭ رەزىل دۈشمەنلىكىگە قارشى ئىرادىلىك ۋە چىدامىلىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ۋە شۇ زامانلاردىكى ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك تارتقان جاپالىرىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق سەۋرنىڭ ۋە چىدامچانلىقنىڭ گۈزەل نەتىجىسىنى بايان قىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر تېخى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر سىنالغاندەك سىنالماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەر سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق، ئېغىر كېسەللىكلەر، دەھشەتلىك قورقۇنچلار ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زور

قىيىنچىلىقلار كەلگەن، باشلىرىغا كەلگەن چىدىغۇسىز كۈلپەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگىگەن، ھەتتا ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ ياردىمىنىڭ مۆئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان پەيغەمبەرمۇ، ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرمۇ: ﴿مَتَىٰ نَصۡرُ ٱللَّهِۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟﴾ دەپ كەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرگە تەسەللى بېرىپ: ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾ دېگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتى ۋە ياردىمى ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھەر زامان يېقىندۇر، يەنى ئۇلارغا چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە تېگىشلىك بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياردىمىگە چىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭغا تايىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چوقۇم ئىشلەش، تىرىشىش ۋە قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى غەلىبىگە يېقىنلىشىپ كەلگەن چاغدا ئىلگىرىلەشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەلمەكچى بولغان نۇسرەتتىن ۋە غەلىبىدىن قۇرۇق قالىدۇ. شۇڭا، غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىش كېرەك.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا كۆپلىگەن قىيىن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ يولىدا مال-مۈلۈكىنى، جېنىنى قۇربان قىلىشنى بىلگەنلەر جەننەتكە لايىق كىشىلەردۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىلىرىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنايدۇ.

2. پەيغەمبەرلەرگە ۋە دىندىكى ئۈلگىلىك كىشىلەرگە ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ باسقان يولىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇلارغا ئەگىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرچىدۇر.

## ◄ پۇل-مال سەرپ قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغانلار

﴿يَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَۖ قُلۡ مَآ أَنفَقۡتُم مِّنۡ خَيۡرٖ فَلِلۡوَٰلِدَيۡنِ

وَٱلۡأَقۡرَبِينَ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِۗ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٞ ﴿٢١٥﴾

### تەرجىمىسى

215-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن قانداق نەرسىنى (كىمگە) سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، مال-مۈلۈكلەردىن قانداق نەرسىنى سەرپ قىلساڭلار، ئۇنى ئاتا-ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا ۋە يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەر قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن پۇل-ماللىرىدىن قانداق نەرسىنى ۋە كىملەرگە سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر پۇل-مېلىڭلاردىن قانداقلا بىر نەرسىنى سەرپ قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى ئاۋۋال ئاتا-ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقان-لىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، يول خىراجىتى تۈگەپ قېلىپ يولدا قالغان مۇساپىرلارغا سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەر مەيلى كۆپ، مەيلى ئاز، قانداقلا بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنى چوقۇم بىلىپ تۇرىدۇ ۋە سىلەرنى قىلغان ياخشىلىقىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتلايدۇ.

مەلۇمكى، ئىختىيارىي ياردەملەرنى قانچىلىك بېرىش بەرگۈچىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر. يەنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ قۇربىنىڭ يېتىشىچە خەير-ئېھسان قىلسا بولىدۇ. ئەمما ياخشىلىق قىلىنىدىغانلارنىڭ رەت-تەرتىپى ئاتا-ئانىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال ئاتا-ئانا، ئاندىن يېقىن تۇغقانلار، ئاندىن يېتىملەر، ئاندىن يوقسۇللار ۋە يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلار كېلىدۇ. ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىنغان ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە خەير-ئېھساننىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ چوقۇم تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىلمىگەننى بىلىدىغانلاردىن سوراش ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ يولىدۇر. شۇڭا «سوئال سوراش ــ ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر» دەپ ئېيتىلغان.

2. بايلارنىڭ پېقىرلارغا سەدىقە يولى بىلەن ياردەم قىلىشى ئىجتىمائىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىدىن ئاللاھ تائالا تولۇق خەۋەرداردۇر. ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرگىنىدەك، يامان ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنىمۇ چوقۇم كۆرىدۇ.

## ◄ جىھادنىڭ پەرز قىلىنىشى

﴿كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ وَهُوَ كُرۡهٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا
وَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّواْ شَيۡـٔٗا وَهُوَ شَرّٞ لَّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ
وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ٢١٦ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ قِتَالٖ فِيهِۖ قُلۡ
قِتَالٞ فِيهِ كَبِيرٞۚ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَكُفۡرُۢ بِهِۦ وَٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ
وَإِخۡرَاجُ أَهۡلِهِۦ مِنۡهُ أَكۡبَرُ عِندَ ٱللَّهِۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَكۡبَرُ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۗ
وَلَا يَزَالُونَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمۡ عَن دِينِكُمۡ إِنِ ٱسۡتَطَٰعُواْۚ
وَمَن يَرۡتَدِدۡ مِنكُمۡ عَن دِينِهِۦ فَيَمُتۡ وَهُوَ كَافِرٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ
أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا
خَٰلِدُونَ ٢١٧ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ يَرۡجُونَ رَحۡمَتَ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٢١٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

216-(ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن) سىلەر ياقتۇرمىساڭلارمۇ ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

217-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن: «ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ (ئەمما كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدىن توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەم ئاھالىسىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر». ئۇلار قولىدىن كەلسىلا، سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن يېنىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر دوزاخ ئەھلىدۇر ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

218-شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار – ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىگە ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە جىھاد جاننى پىدا قىلىشنى، پۇل-مال خەجلەشنى ۋە ۋاقىتنى سەرپ قىلىشنى، جاپا-مۇشەققەت تارتىشنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ئىبادەت بولغانلىقتىن، ئادەتتە ئۇنى كىشىلەرنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، گەرچە ئۇلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ ساۋابلىق ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە ئىنسانلار ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۆزلىرى ئۆچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى، ئۇرۇش قىلىشمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ياقتۇرۇلمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئەمەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بۇ دۇنيادا ھۆر ياشاش، باشقىلار تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنغان ھۆرمەت ۋە ئېتىبارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاشنىڭ خارلىقىدىن ئازاد بولۇپ، ئەركىن ھاياتلىققا ئېرىشىش بىلەن بىرگە

ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت كۆپلىگەن ياخشى نەتىجىلەرگە كېپىللىك قىلىدىغان ئۇلۇغ ئەمەلدۇر.

مەلۇمكى، جىھادنى ئۇنتۇپ قۇللۇق ھاياتقا رازى بولۇپ، بېقىندىلىق بىلەن ياشاشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى خارلىقى، ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئىنسان چەكلىك ئەقىل - ئىدراك بىلەن يارىتىلغان ئاجىز مەخلۇقات بولغانلىقتىن، بېشىغا كېلىدىغانلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى ئېنىق بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پايدا-زىيانلىرىنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغان ئىشلارغىلا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا زىيانلىق بولغان پايدىسىز ۋە بىھۇدە ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇئمىنلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىشنىڭ پەرز بولغانلىقى بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ كۈچ جەھەتتىكى ئەھۋالىنى بايقاش ئۈچۈن، ‹بەتنى نەخلە› دېگەن جايغا ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ قوماندانلىقىدا بىر قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقىدۇ، ئۇرۇشتا قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن ئەمر ئىبنى ھەزرەمىي ئىسىملىك بىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئىككى كىشى ئەسىر ئېلىنىپ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىت قەمەرىيە ئايلىرىدىن جامادىيەل ئاخىرنىڭ (6-ئاينىڭ) ئاخىرقى كۈنى ۋە رەجەپ ئېيىنىڭ (7-ئاينىڭ) ئاۋۋالقى كېچىسى ئىدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ: ‹مۇھەممەد ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا (7-ئاي رەجەپ ئېيىدا) ئۇرۇش قىلدى› دېگەن ئىغۋانى كەڭ تارقىتىشقا باشلايدۇ.

قەمەرىيە رەجەب ئېيى ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ۋاقىتتا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن مەدىنە يەھۇدىيلىرى بىلەن مۇناپىقلار مەككىلىك مۇشرىكلارغا ھەمكارلىشىپ مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەشكە باشلايدۇ. قوماندان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش كۆپ كىشىلەرنىڭ ئازارلىرىغا ئۇچرايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەلىك ئۈستىدە بىرەر ھۆكۈم چىقارمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى كۈتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ ۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن: «ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا قان تۆكۈش چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىقىش، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىدە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش، پەيغەمبەرنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئۆز يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش، مۇسۇلمانلارنى ئازابلاش، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش، ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا قان تۆككەندىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر»[1].

﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ ۖ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ ۖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانمۇ ياكى ھۆكمى كۈچكە ئىگىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ﴿وَقَـٰتِلُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ كَآفَّةً كَمَا يُقَـٰتِلُونَكُمْ كَآفَّةً ۚ﴾ يەنى﴿مۇشرىكلار سىلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقاندەك، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشۇڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان دەپ قارايدۇ. ئەڭ توغرىسى بۇ ئايەت تەۋبە سۈرىسىدىكى مەزكۇر ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەۋۋال ۋە زۇلقەئدە ئايلىرىدىن ئىبارەت ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ»[3].

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان دەپ قارايدىغان ئۆلىمالار ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما دۈشمەن تەرەپ ئۇرۇش باشلاتسا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ، دەپ

[1] «أيسر التفسير لكلام العلي الكبير»1ـ توم، 198ـبەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى: 36ـ ئايەت.
[3] «تفسير الطبري» 4ـ توم، 315ـ بەت.

قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەۋزىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى دۈشمەنلەر باشلاتقان ئۇرۇشلار ئىدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كاپىرلار بارلىق چارىلىرىنى قوللىنىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىن يانىدۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇشرىكلاردىن قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قارشى تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قىيىن-قىستاقلىرىدىن قورقماي دىندا مەھكەم تۇرۇش – ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر. شۇنىڭدەك، كاپىرلاردىن قورقۇپ ئۆز دىنىدىن يېنىپ كېتىپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، مۇنداق كىشىلەر ئاخىرەتتە دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن، ئامىن!

ئەمما دىندا مەھكەم تۇرغان، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بىلىنى قويۇپ بەرمەي ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلغان ھەقىقىي مۇجاھىدلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى مۇنداق:

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ۋەتىنىدىن، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سېپىگە قوشۇلغان، ھەق يولدا جىهاد قىلغان كىشىلەر ئاخىرەتتە بۇ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۆرىدۇ ۋە جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېهرى- شەپقەتلىك زاتتۇر.

بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇجاھىدلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئۇلۇغ جىهادلىرىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئەيىبلىگەندەك، ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلغىنى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەيىبلەنمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان ۋە جانلىرىنى، مال-مۈلۈكلىرىنى پىدا قىلىپ جىهاد قىلغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەسجىدى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش ۋە ناھەق قان تۆكۈش قەتئىي ھارامدۇر.

2. بەزى مۇپەسسىرلەر قەمەرىيە ئايلىرىدىن 11 ـ، 12 ـ، 1ـ ۋە 7ـ ئايلاردا يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەپ ئايلىرىدا ئۇرۇش قىلىش ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى چاغلىرىدا چەكلەنگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ ھۆكۈم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلقەئدە ئېيىدا ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىگە قارشى غازات قىلغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ[1].

3. كاپىرلار ھەر زامان مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ھەق دىندىن قايتۇرۇپ يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە كۆرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھازىرقى ئەسىرىمىزدىكى دۇنيا ۋەزىيىتى بۇ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

4. مۇرتەد ـ ئىماندىن يېنىۋالغان ئادەم دېگەنلىك بولۇپ، مۇرتەدنىڭ بارچە ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مۇرتەدلىك كۇفرى سۆزنى ئوچۇق ئېيتىش ياكى ئاللاھ تائالانى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆكۈش ياكى «قۇرئان كەرىم»نى ھاقارەتلەش قاتارلىقلار بىلەن سادىر بولىدۇ. مۇرتەد بولغان ئادەم ئەقلى جايىدا بولسا ۋە بالاغەتكە يەتكەن بىرى بولسا، ئىسلام قانۇنى ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەتنىڭ شەرئىي مەھكىمىسىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مَنْ بَدَّلَ دِينَهُ فَاقْتُلُوهُ» يەنى «كىمكى دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار»[2] دېگەن سۆزىدۇر. مۇرتەد يۇيۇلمايدۇ، ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ۋە بۇ دىنغا خىزمەت قىلىش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىشنىڭ ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرىدۇر.

## ◄ ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھۆكمى

﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ ۖ قُلْ فِيهِمَآ إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَٰفِعُ

[1] «أيسر التفسير لكلام العلي الكبير»1ـ توم، 199ـبەت.

[2] «صحيح البخاري» 4ـ توم، 61ـ بەت، 3017 ـ ھەدىس.

لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَآ أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَاۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَۖ قُلِ
ٱلْعَفْوَۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾ فِى
ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِۗ

## تەرجىمىسى

219-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار ۋە كىشىلەرگە ئازغىنە پايدىمۇ بار، لېكىن بۇ ئىككىسىدىكى گۇناھ پايدىسىغا قارىغاندا بەك چوڭدۇر»[1]. ئۇلار يەنە سەندىن قانداق نەرسىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «ئېھتىياجدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار» دېگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلەرنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ساھابىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتە، مۇناسىپ ۋاقىت ۋە مۇناسىپ شەرت-شارائىتلاردا بىر-بىرلەپ جاۋاب بېرىدۇ.

هاراق توغرۇلۇق تۆت قېتىم ئايەت نازىل بولغان. ئاللاھ تائالا بۇ تۆت ئايەت ئارقىلىق هاراقنى تەدرىجىي مەنئى قىلىش يولىنى تۇتقان. ئەڭ ئاخىر هاراقنىڭ مۇتلەق هارام قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتنى نازىل قىلىش بىلەن هاراقنىڭ قەتئىي تۈردە چەكلەنگەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە هاراق ئىچەتتى، قىمار ئوينايتتى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئىمانغا، گۈزەل ئەخلاققا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدىغان ئىسلام دەۋىتى باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، مەدىنىدە ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى تەدرىجىي بۇيرۇلۇشقا باشلايدۇ. بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغىنىدا ئۆزىنىڭ مەسلىكىدىن

[1] بۇ ئايەت هاراق بىلەن قىمار هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان.

ئوقۇغان ئايەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡرَبُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمۡ سُكَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَعۡلَمُواْ مَا تَقُولُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مەست بولۇپ قالغاندا نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگۈدەك بولغۇچە نامازغا (ۋە مەسجىدكە) يېقىنلاشماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ[2]. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن هاراق ئىچىدىغانلار مۇئەييەن ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا هاراق ئىچمەيدىغان بولدۇ. شۇنىڭدىن بىرى، هاراق بىلەن قىمار توغرىسىدا سوئاللار كۆپ سورىلىشقا باشلايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر سۈرىدىكى ﴿يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡخَمۡرِ وَٱلۡمَيۡسِرِۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ.

بەزى ساھابىلەر، خۇسۇسەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب هاراق بىلەن قىمارنىڭ هۆكمىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن بەكمۇ قىزىقاتتى. هەتتا دۇئاسىدا: «ئى ئاللاھ! بىزگە هاراق بىلەن قىمار توغرۇلۇق ئېنىق بىرەر هۆكۈم چىقىرىپ بەرگىن» دەپ تىلەيتتى. نەتىجىدە: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡخَمۡرُ وَٱلۡمَيۡسِرُ وَٱلۡأَنصَابُ وَٱلۡأَزۡلَٰمُ رِجۡسٞ مِّنۡ عَمَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ فَٱجۡتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ۝٩٠ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَن يُوقِعَ بَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةَ وَٱلۡبَغۡضَآءَ فِي ٱلۡخَمۡرِ وَٱلۡمَيۡسِرِ وَيَصُدَّكُمۡ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، (مەبۇد قىلىپ) تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى (بىلەن پال سېلىش) پەقەت شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراق بىلەن قىماردىن) يانماسىلەر؟﴾[3] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «ياندۇق ئى رەببىمىز! ياندۇق!»[4] دەيدۇ. شۇنىڭدىن بىرى هاراق بىلەن قىمار قەتئىي تۈردە هارام قىلىنغان بولدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى هاراق ئىچىشتىن قاتتىق مەنئى

[1] نىسا سۈرىسى: 43-ئايەت.
[2] بۇ هاراق هارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى هۆكۈم.
[3] مائىدە سۈرىسى: 90 ـ، 91-ئايەتلەر.
[4] «تفسير طبري» 10- توم، 567- بەت.

قىلىپ مۇنداق دېگەن: «لاَ يَزْنِي الزَّانِي حِينَ يَزْنِي وَهُوَ مُؤْمِنٌ، وَلاَ يَشْرَبُ الخَمْرَ حِينَ يَشْرَبُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ، وَلاَ يَسْرِقُ حِينَ يَسْرِقُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ» يەنى «زىنا قىلغۇچى مۇئمىن ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىن ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچى مۇئمىن ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ»[1]. بۇ ھەدىستىكى «مۇئمىن» دېگەن سۆزدىن كامىل مۇئمىن مەقسەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «لَعَنَ اللَّهُ الْخَمْرَ، وَشَارِبَهَا، وَسَاقِيَهَا، وَبَائِعَهَا، وَمُبْتَاعَهَا، وَعَاصِرَهَا، وَمُعْتَصِرَهَا، وَحَامِلَهَا، وَالْمَحْمُولَةَ إِلَيْهِ» يەنى «ئاللاھ ھاراققا، ئۇنى ئىچكۈچىگە، ئىچكۈزگۈچىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ھاراقنى ياسىغۇچىغا، ياساتقۇچىغا، توشۇغۇچىغا ۋە ئەكەلدۈرگۈچىگە لەنەت قىلدى»[2] دېگەن.

﴿وَإِثۡمُهُمَآ أَكۡبَرُ مِن نَّفۡعِهِمَاۗ﴾ يەنى ﴿لېكىن بۇ ئىككىسىدىكى گۇناھ پايدىسىغا قارىغاندا بەك چوڭدۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ بايانى يۇقىرىدىكى مائىدە سۈرىسىنىڭ ھاراق بىلەن قىمارنى قەتئىي ھارام قىلغان ئايىتىدە ئېنىق سۆزلەنگەن بولۇپ، ھاراق بىلەن قىمارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقى، توغرا يولدىن ئاداشتۇرىدىغانلىقى بۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق نەرسىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار﴾[3] دېگەن چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇلار سەدىقە بېرىشتە نېمىنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان. ئاللاھ تائالا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى: ﴿قُلِ ٱلۡعَفۡوَۗ﴾ يەنى ﴿«ئېھتىياجدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار» دېگىن﴾ دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خَيْرُ الصَّدَقَةِ مَا كَانَ عَنْ ظَهْرِ غَنِي وابدأ بِمَنْ تَعُولُ» يەنى «ئەڭ ياخشى سەدىقە ئېھتىياجدىن ئاشقىنىنى بېرىشتۇر. ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆز ئائىلەڭدىن باشلىغىن»[4] دەپ كۆرسەتكەن. سەدىقە ئۆزىنىڭ ۋە

[1] «صحيح البخاري» 3- توم، 136-بەت، 2475-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 76-بەت، 57-ھەدىس.

[2] «سنن أبي داود» 3-توم، 326-بەت، 3674-ھەدىس.

[3] بەقەرە سۈرىسى195- ئايەت.

[4] «صحيح البخاري» 2- توم، 112- بەت، 1426- ھەدىس.

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجىدىن ئاشقانىنى پېقىرلارغا، يېتىملەرگە بېرىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ئىختىيارىي ئىبادەتتۇر.

﴿كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْأَيَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾ فِي ٱلدُّنْيَا وَٱلْأَخِرَةِ﴾ دېگەن ئايەت شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئۆزۈڭلارغا پايدىلىق بولغاننى قىلىش ۋە زىيانلىق بولغاندىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئىككىلا ئالەملىك بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئايەتلەرنى سىلەرگە مانا مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەيلى قانداق ئىسىملار بىلەن ئاتالسۇن، ئىنساننىڭ ئەقلىنى كەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، ھاراقنىڭ ھەر قاندىقى ھارامدۇر.

2. ھاراق بىلەن قىمار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئەخلاقىنى بۇزىدىغان، ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان يامان ئىشتۇر.

3. ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق ئويۇن دىنىمىزدا قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى، بۇلار قىمارنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

4. سەدىقە ئىختىيارى ئىبادەت بولۇپ، ئائىلە ئېھتىياجىدىن ئاشقانىنى بېرىش ئەۋزەلدۇر.

### ◄ يېتىملەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش

﴿وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْيَتَٰمَىٰ ۖ قُلْ إِصْلَاحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ ۖ وَإِن تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَٰنُكُمْ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ ٱلْمُفْسِدَ مِنَ ٱلْمُصْلِحِ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

220-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، (خالىسانە تەربىيەلەپ، ماللىرىنى كۆپەيتىپ) ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش تولىمۇ ياخشىدۇر. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار،

(يېيىش ـ ئىچىش، كەسىپ ۋە تىجارەتتە ئۆزۈڭلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ياشىساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر) چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ (دىنىي) قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، (ئارىلىشىپ ياشاشنى چەكلەپ) سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالغان بولاتتى». ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە يېتىملەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەرەبلەر يېتىملەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى ئۆزلىرىنىڭ پۇل ـ مېلىغا قوشۇپ قوياتتى ۋە ئومۇمىي پۇل ـ مالدىن ئائىلىگە خىراجەت قىلاتتى. نىسا سۈرىسىدىكى: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلۡيَتَٰمَىٰ ظُلۡمًا إِنَّمَا يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ نَارٗاۖ وَسَيَصۡلَوۡنَ سَعِيرٗا ١٠﴾ يەنى ﴿يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ناھەق يېۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (يېنىپ تۇرغان) ئوتنى يېۋالغان بولىدۇ. ئۇلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۆيلىرىدە يېتىملەرنى بېقىۋاتقان مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتتىكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتىن قورقۇپ كېتىپ، يېتىملەر بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئايرىۋېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېتىملەرنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى بۇ كىرىزىستىن قانداق چىقىش چارىسىنى سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡيَتَٰمَىٰۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولۇپ، ئۇلارغا كىرىزىسنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى يېتىملەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئايرىۋېتىش ياكى بىرلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى مۇھىم بولغىنى تاماقنى بىرلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، يېتىملەرنى ياخشى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشتۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قاتلىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ، يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى بۇزىدىغانلار بىلەن تۈزىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا ئاياندۇر. ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، سىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا سالغان بولاتتى ۋە يېتىملەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىڭلارنى ئايرىم تۇتۇشنىڭ

---

[1] نىسا سۈرىسى: 10 ـ ئايەت.

قىيىنچىلىقى بىلەن سىلەرنى سىنىغان بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، بارلىق بۇيرۇقلىرىدا، بەلگىلىمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش يېنىپ تۇرغان ئوتنى يۇتقانغا ئوخشاش بولۇپ، گۇناھى بەكمۇ ئېغىردۇر.

2. يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنَا وَكَافِلُ الْيَتِيمِ فِي الْجَنَّةِ هَكَذَا ، وَأَشَارَ بِالسَّبَّابَةِ وَالْوُسْطَى وَفَرَّجَ بَيْنَهُمَا شَيْئًا» يەنى «مەن يېتىمنى باققان ئادەم بىلەن جەننەتتە خۇددى مۇشۇنداقمىز» دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن بارماقلىرىنى بىرلەشتۈرگەن[1].

### مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار بىلەن ئۆيلىنىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكى

﴿وَلَا تَنكِحُوا۟ ٱلْمُشْرِكَٰتِ حَتَّىٰ يُؤْمِنَّ ۚ وَلَأَمَةٌ مُّؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ ۗ وَلَا تُنكِحُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤْمِنُوا۟ ۚ وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَٱللَّهُ يَدْعُوٓا۟ إِلَى ٱلْجَنَّةِ وَٱلْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِۦ ۖ وَيُبَيِّنُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٢١﴾﴾

### تەرجىمىسى

221-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. مۇشرىك ئايال سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە (مۇئمىن ئاياللارنى) ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەرلەر ۋە ئاياللار) سىلەرنى دوزاخقا باشلايدۇ، ئاللاھ ئۆز

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 9-بەت، 6005-ھەدىس.

ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، ئىنسانلار ئۇگۈت ئالسۇن دەپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئەرلەرنى مۇشرىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشتىن ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇشرىك ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا لايىق ئەمەستۇر. يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن باشقا كاپىرلار ئىسلام نەزىرىدە مۇشرىكلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ بۇددىست ياكى دىنسىز ئاياللارغا ئۆيلىنىشى ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بۇددىست ياكى دىنسىز ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى قەتئىي ھارامدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنىدىكى ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى جائىزدۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىلەن ئۆيلەنمىگەن ئەۋزەلدۇر. بىراق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلەردىن باشقىسىغا ياتلىق بولۇشى قەتئىي ھارامدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ باشقا دىندىكى ئەرلەرگە، جۈملىدىن يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىدىكى ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى قەتئىي جائىز ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَلَن يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لِلۡكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ سَبِيلًا ١٤١﴾ يەنى ﴿ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾[1] دەيدۇ. تۇرمۇشنىڭ تەلىپى بويىچە، ئايالنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىگە بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، مۇسۇلمان ئايال باشقا دىندىكى ئەرگە ياتلىق بولغاندا، ئۇنىڭ ئېرىگە بويسۇنۇشىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ دىنىنى ئېرىنىڭ دىنى ئالدىدا خارلىغان بولىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا مۇسۇلمان ئاياللارنى باشقا دىندىكى ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. پۈتۈن ئىسلام مەزھەپلىرى بۇ ھۆكۈم بويىچە ئىش كۆرمەكتە. بۇ ئايەتنىڭ ئېيادىسى بويىچە، مۇسۇلمان ئەمەس ئەر بىلەن مۇسۇلمان ئەمەس ئايال ئۆزىنىڭ جورىسىنى دوزاخقا باشلايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق جەننەتكە چاقىرىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يانغان ئادەم

[1] نىسا سۈرىسى: 141-ئايەت.

جەننەتنىڭ يولىغا كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىنىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ۋەز-نەسىھەت ۋە ئۈگۈت ئالسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئايەتلىرىنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئايالاردىن باشقا كاپىر ئايالارغا ئۆيلىنىشى قەتئىي ھارامدۇر. ئەمما يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنلىرىدىكى ئايالارغا ئۆيلىنىشى جائىزدۇر.

2. مۇسۇلمان قىز- ئايالارنى مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، مەيلى باشقا دىندىكى كاپىرلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇسۇلمان قىز-ئايالارغا ئۆيلىنىشكە لايىق ئەمەستۇر.

3. مۇسۇلمان ئوغۇل-قىزلىرىنى باشقا دىندىكىلەرگە ئۆيلىنىش ۋە ياتلىق بولۇشتىن توسۇش كېرەك.

4. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر.

### ◄ ھەيز ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

﴿وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡمَحِيضِۖ قُلۡ هُوَ أَذٗى فَٱعۡتَزِلُواْ ٱلنِّسَآءَ
فِي ٱلۡمَحِيضِ وَلَا تَقۡرَبُوهُنَّ حَتَّىٰ يَطۡهُرۡنَۖ فَإِذَا تَطَهَّرۡنَ
فَأۡتُوهُنَّ مِنۡ حَيۡثُ أَمَرَكُمُ ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ
ٱلۡمُتَطَهِّرِينَ ٢٢٢ نِسَآؤُكُمۡ حَرۡثٞ لَّكُمۡ فَأۡتُواْ حَرۡثَكُمۡ أَنَّىٰ
شِئۡتُمۡۖ وَقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُم
مُّلَٰقُوهُۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢٢٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

222-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ھەيز (مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش) توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇ زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھەيز مەزگىلىدىكى ئاياللاردىن يىراق تۇرۇڭلار. (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ كۆپلەپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

223-ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۇچۇن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئۇچۇن (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن.

### ◄ تەپسىرى

يەھۇدىيلار ھەيزدار ئاياللارغا مۇئامىلە قىلىشتا بەكمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتەتتى، ئاياللىرى ھەيز كۆرگەن كۈنلەردە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، بىر يەردە ئولتۇرۇش ۋە بىرگە يېتىشتىن ئۆزلىرىنى مەنئى قىلاتتى. ھەتتا ھەيزدار ئايالنى تۇتۇپ قويغانلىقنى پاسكىنا بولۇپ قالغانلىق، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خرىستىيانلار ئاياللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ ھەيزدار ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە سوئال قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى.

ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللىرى ھەيزدار بولۇپ قالغان كۈنلەردە ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش مەسىلىسى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئاياللار ھەيزدار بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن باشقا بارلىق ئىشلاردا ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنى، ھەتتا ئۇلار بىلەن بىرگە يېتىشنىڭمۇ دۇرۇسلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى شۇكى، ئايال ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىدە ئۇنىڭ بالىياتقۇسىدىن كېلىدىغان قان مىكروبنىڭ

ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ۋاقىتتا ئايالنىڭ سىرتتىن كىرگەن مىكروبلاردىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىلىرى ئىشتىن توختاپ يېرىمجان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر.

ھازىرقى زامان تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىنى ئەڭ خەتەرلىك كېسەللىكلەرگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان. ئەمما ھەيزدىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن قان كېلىپ تۇرغان ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ زىيىنى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن مەنئى قىلغان ۋە جىنسىي ئالاقىدىن باشقا كۆڭۈل ئېچىشلارنى قىلىشتىن توسمىغان، بەلكى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغان. چۈنكى، ئايال كىشى بۇ مەزگىلدە ئېرىنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ، ئېرىنىڭ ئۆزىگە يېقىن بولۇشىنى خالاپ قالىدۇ. ھەيزدار ئاياللار ھەيزنىڭ قېنىدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن خالىغان رەۋىشتە يېقىنچىلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاياللارنى زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرىدىغان ئېكىنزارلىققا ئوخشاتقان، ئاياللارغا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلمەسلىك (يەنى مەقەتكە جىما قىلماسلىق) شەرتى بىلەن خالىغان رەۋىشتە، خالىغان تەرەپتىن كېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بايان قىلغان. بۇ بايانمۇ بەزى ساھابىلەرنىڭ بۇ توغرىدىكى سوئالىغا بىنائەن كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق بايان قىلغان.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُمْۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، سۇددىي بۇ ئايەتنى «ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار. چۈنكى، ياخشى ئەمەل قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا سىلەرگە ئەسقاتىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتنى «جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ‹بىسمىللاھ› دەڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي سۇددىينىڭ تەپسىرىنى ئەڭ توغرا قىلىنغان تەپسىر دەپ قارىغان[1].

بۇ ئايەتتىن ئاياللارغا مۇقەددىمىسىز كېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بۇرۇن ئەر-خوتۇن

[1] «تفسير الطبري» 4- توم، 418- بەت.

ئىككىسىنىڭ تەييارلىنىشى ئالاھىدە مۇھىم ئىشتۇر. ئەرنىڭ ئايالىغا مۇقەددىمىسىز ھالدا، تۇيۇقسىز كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە باقماستىن، ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەنلا يېقىنچىلىق قىلىشى تولىمۇ ئاڭسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىقتۇر. ئەر ئىستىگەننى ئايالمۇ ئىستەيدۇ. بىراق، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەييار بولالمايدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرى ئىنتايىن ئاستا قوزغىلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئاياللارغا مۇقەددىمىسىز يېقىنچىلىق قىلىش ئۇلارنى نەپرەتلەندۈرۈش كەيپىياتىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئەر ئۆزىنىلا ئويلىماستىن، ئايالىنىمۇ ئويلىشى، ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن يېقىنلىشىشى لازىم. ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە چەكلىمە يوق. چەكلەنگىنى ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىش بولۇپ، مۇنداق قىلىش ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىقتۇر، قەتئىي ھارامدۇر ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

﴿ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىش ئىنتايىن خاتادۇر. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿ئېكىنزارلىقىڭلار﴾ دېگەن سۆز ئايالنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئىبارەت ئېكىنزارلىققا ئوخشاش بىر نەرسە تېرىسا ئۈنىدىغان جايغا خالىغانچە كېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى، ئەمما ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئىبارەت ھېچ نەرسە تېرىغىلى بولمايدىغان جايغا كېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاخىردا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى بۇيرۇيدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش مۇتلەق ھارام ۋە ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر.

2. ھەيزنىڭ قېنى توختىغان بولسىمۇ، تېخى غۇسلى قىلمىغان ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن: «ھەيز ھەيز مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنىدا توختىغان بولسا، ئۇ ئايال گەرچە غۇسلى قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش جائىزدۇر. ئەگەر ھەيز قىسقا ۋاقىتتا توختىغان بولسا، ئۇ ئايال غۇسلى قىلمىغۇچە ياكى

ھەيز توختاپ بىر نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتمىگۈچە، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش جائىز ئەمەس»[1].

3. تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش پەزىلەتلىك ئەمەل بولۇپ، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

4. ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىگە رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش

﴿وَلَا تَجۡعَلُواْ ٱللَّهَ عُرۡضَةٗ لِّأَيۡمَٰنِكُمۡ أَن تَبَرُّواْ وَتَتَّقُواْ وَتُصۡلِحُواْ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٢٤﴾ لَّا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتۡ قُلُوبُكُمۡۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٞ ﴿٢٢٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

224-سىلەر ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسىمىڭلارنى ياخشىلىق قىلىشقا، تەقۋادار بولۇشقا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە توسالغۇ قىلىۋالماڭلار. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

225-مەقسەتسىز ئېيتقان قەسىمىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. ئەمما قەستەن ئېيتقان قەسىمىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئاللاھ ئىنتايىن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

كەلبىي دەيدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بەشىر ئىبنى نۇئمانغا قېيداپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەسلىككە، ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىققا ۋە ئايالى بىلەن ئارىسى بۇزۇلسا تۈزەپ قويماسلىققا قەسەم قىلىپ، «مەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدىم، مەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىمەن» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ﴿وَلَا تَجۡعَلُواْ ٱللَّهَ عُرۡضَةٗ لِّأَيۡمَٰنِكُمۡ أَن تَبَرُّواْ وَتَتَّقُواْ وَتُصۡلِحُواْ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٢٤﴾﴾ دېگەن ئايەتنى

---

[1] «التحرير شرح الدليل» 268- بەت.

نازىل قىلىنغان[1].

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلماسلىققا ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشتىن مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ قەسەمنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلماسلىقىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا ۋە يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلماسلىقىغا يول قويمايدۇ. بەزى كىشىلەر گاھىدا ئاچچىقىنى باسالماي بىراۋغا ياردەم قىلماسلىققا ياكى سۆز قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئۆزى قىلغان قەسىمگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى، ئۇ قەسەمدە ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى قوللىنىپ ۋە ئاللاھ تائالانى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ئىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ قەسەمگە ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما پېقىرلارغا سەدىقە قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، بىر-بىرىدىن رەنجىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۇرۇپ قويۇش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ. ﴿وَلَا يَأْتَلِ أُولُوا۟ ٱلْفَضْلِ مِنكُمْ وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤْتُوٓا۟ أُو۟لِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينَ وَٱلْمُهَـٰجِرِينَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ وَلْيَعْفُوا۟ وَلْيَصْفَحُوٓا۟ ۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاراڭلاردىكى مەرتىۋىلىك ۋە دۆلەتمەن بولغانلار يېقىن تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرماسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2]

ناۋادا بۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، مۇنداق قەسەمنى بۇزۇش لازىم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينٍ ، فَرَأَى غَيْرَهَا خَيْرًا مِنْهَا ، فَلْيُكَفِّرْ عَنْ يَمِينِهِ ، وَلْيَفْعَلْ» يەنى «بىراۋ بىرەر ئىشنى ياخشى ئىش دەپ بىلىپ ئۇنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ باشقىسىنى توغرا تاپقان بولسا، قەسىمىنى بۇزۇپ كاپارەت بەرسۇن ۋە ئۇ ئىشنى قىلسۇن»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 41- بەت.

[2] نۇر سۈرىسى: 22- ئايەت.

[3] «صحيح مسلم» 3-توم، 1272-بەت، 1650-ھەدىس.

## ◄ قەسەمنىڭ كاپارىتى

قەسەمنىڭ كاپارىتى ئون پېقىرغا بىر ۋاخلىق تاماق بېرىش ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىش ياكى بىر قۇل ئازاد قىلىش، ئەگەر بۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتۇر. يۇقىرىقى ئۈچتىن بىرەرسىنى ئورۇنداشقا قۇربى يېتىدىغان ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى جائىز ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِيٓ أَيْمَٰنِكُمْ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ ٱلْأَيْمَٰنَ ۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ ۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيْمَٰنِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ ۚ وَٱحْفَظُوٓا۟ أَيْمَٰنَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، (بۇنداق قەسەمنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلاردىكىلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلغاندا (بۇزۇۋەتكەن) قەسەمڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر. قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار. سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1].

مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپلىرى ﴿وَلَا تَجْعَلُوا۟ ٱللَّهَ عُرْضَةً لِّأَيْمَٰنِكُمْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿عُرْضَةً﴾ دېگەن سۆزنىڭ «سەۋەب، توسالغۇ، باھانە» دېگەن مەنىدە كەلگەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىشتا ئىختىلاپلاشقان. «تەپسىرى مۇنىر»دا بۇ ئايەتكە «سىلەر ئاللاھنىڭ نامىنى ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قىلغان قەسەمڭلارغا چېتىۋالماڭلار» دەپ مەنە ئېيتىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿عُرْضَةً﴾ دېگەن سۆزگە بەزىسى «سەۋەب»، بەزىسى«دەلىل» يەنە بەزىسى«كۈچ» دەپ مەنە ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىپ، «دەلىل» دەپ مەنە ئېيتقانلارنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرگەن ۋە ئايەتكە: «سىلەر ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسەمڭلارنى ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە دەلىل قىلىۋالماڭلار» دەپ مەنە ئېيتقان.

[1] مائىدە سۈرىسى: 89- ئايەت.

«تەپسىرى سەفۋەتۇتتەفاسىر»دا ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسەمىڭلارنى ياخشىلىق قىلىشقا، تەقۋادار بولۇشقا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە توسالغۇ قىلىۋالماڭلار﴾ دەپ مەنە ئېيتىلغان. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بىز بۇنى تاللىدۇق.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَا تَجۡعَلُواْ ٱللَّهَ عُرۡضَةً لِّأَيۡمَٰنِكُمۡ﴾ دېگەن ئايەتنى قەسەمنى كۆپ قىلماڭلار، چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ كۆپ قەسەم قىلىش ئۇنىڭ نامىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلارغا قوللانغانلىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۆپ قەسەم قىلغۇچىنى سۆككەن. ﴿وَلَا تُطِعۡ كُلَّ حَلَّافٖ مَّهِينٍ ۝١٠﴾ يەنى ﴿قەسەمخور، پەسكەشلەرنىڭ ھېچبىرىگە بويسۇنمىغىن﴾[1]. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قەسەمنى باھانە قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ نىيىتىنى مەقسەت قىلىپ قەسەم قىلغانلىقنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا قەسەم سۆزىنى مەقسەتسىز ئىشلەتكەنلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، ئەمما قەستەن قەسەم ئىچكەنلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. چۈنكى، مەقسەتلىك ئىچكەن قەسەمنىڭ جاۋابكارلىقى بار، قەسەمنى يامان ئىش قىلىشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىققا قالقان قىلماقچى بولغانلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

## ◄ قەسەم ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

بىرىنچى، قەسەم قىلىشقا ئېھتىياج تۇيۇلغاندا قەسەم قىلىشقا بولىدۇ. بىرەر ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ياكى ھەق-ناھەقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن قەسەم قىلىش جائىزدۇر. قەسەم راست ئىشقا قىلىنغان ئىكەن، ئۇنىڭ چەكلىمىسى يوقتۇر. شۇنىڭدەك، دەۋا ئىشلىرىدا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتى بولمىغان ئادەمنىڭ مەھكىمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قەسەم قىلىشى جائىزدۇر. بۇنىڭدا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. شۇنداقتىمۇ قەسەمنى كۆپ ئىشلىتىش، كەلسە-كەلمەس ھەممىلا ئىشقا قەسەم قىلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۆپ قەسەم قىلغاننى ئەيىبلىگەن.

[1] قەلەم سۈرىسى: 10- ئايەت.

ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن، ئاي بىلەن ۋە يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلغىنىغا ئوخشاش. ئەمما ئىنسانلار قەسەم قىلماقچى بولسا، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: «واللهِ» (ۋەللاھى) «تاللهِ» (تەللاھى) ۋە «باللهِ» (بىللاھى) دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن قەسەم قىلغانغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ حَلَفَ بِغَيْرِ اللَّهِ فَقَدْ كَفَرَ أَوْ أَشْرَكَ» يەنى «كىمكى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[1]. چۈنكى، قەسەم دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقۇلىدىغان بىر زاتنىڭ نامىنى ئاتاش ئارقىلىق، سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئېكەنلىكىنى تەكىتلەش دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئەگەر مەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسام، نامى ئاتالغان بۇ زات مېنى ئۇرسۇن» دېگەنلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغلۇقنىڭ يېگانە ئىگىسى، قىلمىشلارغا يېتەرلىك جازا بەرگۈچى ۋە ئازابىدىن قورقۇشقا تېگىشلىك زات ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا، مەخلۇقاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان ئۇلۇغلۇق ۋە قىلمىشلارغا جازا بېرىشتەك ئالىي سۈپەتلەرگە مەخلۇقاتنى شېرىك قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەم قەسەم ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ «مېنى نان ئۇرسۇن»، «ئۇنداق بولۇپ كەتەي، مۇنداق بولۇپ كەتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى قەسەمگە ياتمايدۇ. ئەمما كىشى قەسەم قىلدىم دەپ: «مەن كاپىر بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ۋە يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مَنْ قَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِنَ الْإِسْلَامِ فَإِنْ كَانَ كَاذِبًا فَهُوَ كَمَا قَالَ وَإِنْ كَانَ صَادِقًا لَمْ يَعُدْ إِلَى الْإِسْلَامِ سَالِمًا» يەنى «كىمكى ‹ئەگەر شۇنداق بولمىسا كاپىر بولۇپ كېتەي› دەپ يالغان ئىشقا قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ، ناۋادا راست ئىشقا شۇنداق دەپ قەسەم قىلسىمۇ، ئىسلامغا سالامەت قايتالمايدۇ»[2].

[1] «سنن الترمذي» 3- توم، 162- بەت، 1535- ھەدىس.

[2] «سنن ابن ماجة» 1- توم، 679- بەت، 2100 ھەدىس.

ئۈچىنچى، قەسەمنىڭ تۈرلىرى: «اليمين اللغو» (مەقسەتسىز قەسەم)، «اليمين المنعقد» (مەقسەتلىك قەسەم)، «اليمين الغموس» (گۇناھقا پاتۇرغۇچى قەسەم) دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

مەقسەتسىز قەسەم - قەسەم ئىچىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، پەقەت تەكىتلەش ئۈچۈن قەسەم لەۋزىنى ئىشلىتىش ياكى بىرەر ئىشنى شۇنداق دەپ ئويلاپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىش ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىغانغا ئوخشىغان قەسەم بولۇپ، بۇنداق قەسەم قىلغان ئادەم گۇناھكار بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كاپارەتمۇ كەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئىشنى تەكىتلەش ئۈچۈن قەسەمنى مەقسەت قىلماستىن «ياق، ۋەللاھى» دېيىشكەنگە ئوخشاش.

مەقسەتلىك قەسەم - بىرەر ئىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ياكى بىرەر تۆھمەتنى رەت قىلىش ياكى كېلەچەكتە بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا قىلىنىدىغان قەسەم بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش پەرزدۇر. بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق ئۈچۈن قىلىنغان قەسەمنى بۇزغان كىشىگە كاپارەت كېلىدۇ.

گۇناھقا پاتۇرغۇچى قەسەم - ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياكى سۈپەتلىرىدىن بىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ يالغان ئىشقا قىلىنغان قەسەم بولۇپ، مۇنداق قەسەم گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىدىن كاپارەت بىلەن يۇيۇلمايدىغان، پەقەت سەممىي تەۋبىدىن باشقىسى قۇتقۇزالمايدىغان، قەسەم قىلغۇچىسىنى ئەڭ ئېغىر گۇناھلارغا پاتۇرىدىغان قەسەمدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قەسەمنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن قوللىنىشقا بولمايدۇ. ناۋادا بىراۋ بىرەر ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا ياكى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلغان بولسا، قەسىمىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ كاپارىتىنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ، گۇناھنى تەرك ئېتىدۇ.

2. قەسەمنى نىيەت قىلماستىن ئىختىيارسىز قەسەم قىلىپ تاشلاش قەسەم ئىچكەنلىككە كىرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، كىشى ئۆزىنىڭ خىيالىدا راستچىل بولغان ھالدا مەلۇم بىر ئىشقا قەسەم قىلغان ۋە ئۇ ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە چىققان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم يالغان قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نىيىتىدە راستچىلدۇر.

3. مەنپەئەتنى كۆزلەپ كىشىلەرنى ئالداش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يولسىزلىق بىلەن يېۋېلىش ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ يالغان ئىشقا قەسەم

قىلىش ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىدىن تېنىش ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. بۇنداق قەسەم «يەمىن غۇمۇس-قەسەم قىلغۇچىنى گۇناھقا پاتۇرىدىغان قەسەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

4. بىراۋ بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى بىرەر ئىشنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئون پېقىرغا بىر ۋاخلىق تاماق بېرىدۇ ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىدۇ ۋەياكى بىر قۇل ئازاد قىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش بىلەن كاپارەتنى ئادا قىلىدۇ.

## ◄ ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىش مەسلىسى

﴿لِّلَّذِينَ يُؤْلُونَ مِن نِّسَآئِهِمْ تَرَبُّصُ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ فَإِن فَآءُو فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٢٦﴾ وَإِنْ عَزَمُوا۟ ٱلطَّلَٰقَ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٢٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

226-ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتۈشى كېرەك؛ ئەگەر ئۇلار بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا (يېقىنچىلىق قىلىش بىلەن قەسىمىدىن) قايتسا، (شۇنى ياخشى بىلسۇنكى)، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

227-ئەگەر ئۇلار (ئاياللىرىنى) تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، (شۇنىمۇ ياخشى بىلسۇنكى)، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئايالىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلىش مەسىلىسىنى بايان قىلىدۇ. ئەرەبلەردە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا يۈز بەرگەن ياكى ئەرنىڭ كۆڭلى ئايالىدىن سوۋۇپ كەتكەن سەۋەبلەر بىلەن ئەر ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇنداق قىلغانلارغا ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى مۇنداق: ئايالىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلىش ئايالنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى رازى بولمايدىغان ئىشتۇر. بۇنداق قىلغانلار قەسىمىگە

ئەمەل قىلىپ تۆت ئاي كۈتىدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ ئېرىسىز يېتىشقا بەرداشلىق بېرىش مۇددىتىنىڭ ئەڭ كۆپى تۆت ئاي دېيىلىدۇ.

تۆت ئاي توشماستىن، ئەر قەسىمىنى بۇزۇپ ئايالىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەسەم قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشقا قەسەم قىلىپ ئۇنى بۇزۇۋەتكەنلىك گۇناھىنى ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر. ئەمما ئەرگە قەسىمىنى بۇزغانلىقىنىڭ كاپارىتى كېلىدۇ.

تۆت ئاي توشقاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە ئۆتۈش نىيىتى بولسا، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتىدۇ. ئەگەر ئايالىغا قايتىشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىدۇ. ئەگەر ئەر قەسەم قىلغىنىغا تۆت ئاي توشقاندىن كېيىنمۇ يا ئايالىغا يېقىن كەلمەي ياكى ئۇنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئۇنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويماي تۇرۇۋالسا، ئىسلام مەھكىمىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى مەجبۇرىي ئايرىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلغان كىشىنىڭ نىيىتىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا نىيىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى خالىسا ئۇنى جازالايدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ.

تالاق – ئەرنىڭ ئايالدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى دېگەنلىكتۇر.

تالاق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق رەجئى، يەنە بىرى، تالاق بائىندۇر.

1. تالاق رەجئى – «سۆزۈڭنى ئال» ياكى «سەن تالاق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن قىلىنغان تالاق بولۇپ، ئايالنى بۇنداق تالاق قىلغان ئەر راستىنلا تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسۇن، ياكى چاقچاق قىلغان بولسۇن ۋەياكى ئايالنى قورقۇتۇش ئۈچۈن تالاق دېگەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئايالى ئۇنىڭدىن تالاق بولىدۇ.

تالاق رەجئى بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال مەيلى بۇ بىرىنچى قېتىملىق تالاق بولسۇن ياكى ئىككىنچى قېتىملىق تالاق بولسۇن، ئىددىتى توشمىغۇچە ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئېرى خالىسا، ئۇنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغۇچىلىك ئۇنى قايتا نىكاھ قىلماستىنلا ئۆزىگە قايتۇرۇۋالالايدۇ.

2. تالاق بائىن – ئېرى ئايالىنى نىكاھسىز قايتۇرۇپ ئالالمايدىغان تالاق دېگەنلىكتۇر. تالاق بائىن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، تالاق بائىن سۇغرا، يەنە بىرى، تالاق بائىن كۇبرادۇر.

تالاق بائىن سۇغرا – بىرىنچى ياكى ئىككىنچى تالاقتىن كېيىن ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغۇچىلىك قايتۇرۇپ ئالمىغان تالاق بولۇپ، ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىنلا بۇ ئايال ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ئايالنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغا ئەر ئايالنىڭ رازىلىقى بولۇش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا يېڭى مەھرى تەيىنلەپ، قايتا نىكاھ ئوقۇتۇش ئارقىلىقلا قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

تالاق بائىن كۇبرا – ئۈچ قېتىمغا يېتىپ قالغان تالاقتۇر. ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ئايالى ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش ئارقىلىقمۇ قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت، ئۈچ تالاق بولغان ئايال باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك جور بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىنچە قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، يېڭى نىكاھ بىلەن بىرىنچى ئېرىگە قايتالايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىراۋ ئايالىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى ئەڭ كۆپ تۆت ئاي داۋاملىشىدۇ، بۇ تۆت ئاي ئىچىدە قەسىمىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ كاپارىتىنى ئادا قىلىپ ئايالىغا يېقىنلاشسا ياخشى. ئەگەر تۆت ئاي توشقاندىن كېيىنمۇ، ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئاجرىشىش نىيىتى بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئايالىنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئۇنى بۇ قىيىنچىلىقتىن چىقىرىشى كېرەك.

2. ئاياللارنى يا سۆزىنى بەرمەي ياكى ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتمەي تۇتۇۋېلىش ئەرنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان نامەردلىكتۇر. ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان ئەرلەرنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ.

### ◄ ئاجرىشىشتا بالىياتقۇنىڭ پاكلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر

﴿وَٱلْمُطَلَّقَٰتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَٰثَةَ قُرُوٓءٍ ۚ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَن
يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِىٓ أَرْحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤْمِنَّ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ

ٱلْأَخِرِ ۚ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ بِرَدِّهِنَّ فِى ذَٰلِكَ إِنْ أَرَادُوٓا۟ إِصْلَٰحًا ۚ وَلَهُنَّ
مِثْلُ ٱلَّذِى عَلَيْهِنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ ۗ وَٱللَّهُ
عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٨﴾

### تەرجىمىسى

**228ـ تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ[1]. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (راستتىنلا) ئىشىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسە (تۆرەلمە ياكى ھەيز) نى يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار. ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.**

### تەپسىرى

ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال ئۈچ قېتىم ھەيز (ئايلىق ئادىتىنى) كۆرۈپ ئۇنىڭدىن پاكلانمىغۇچە، ھەيز كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاياللار ئۈچ ئاينى توشقۇزمىغۇچە ياتلىق بولالمايدۇ. بۇ مۇددەتنىڭ تۈگىشى ئۇلارنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ دۇرۇسلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر.

## ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى

تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن سەۋەبلىك ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال ئىددەت تۇتۇشى كېرەك.

ئىددەت ـ تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قەدەر بولغان مەزگىل دېگەنلىكتۇر. ئىددەت تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ھەيز كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ھەيزدۇر، يەنى ئېرى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈش ئارقىلىق ئىددەتتىن چىقىدۇ.

---

[1] ئايەتتىكى ﴿قُرُوٓءٍ﴾ دېگەن سۆز كۆپ مەنىلىك سۆزلەر قاتارىدىن بولۇپ، ھەم ھەيز كۆرۈشنى ھەم ھەيزدىن پاكلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ چاغدا ئۇ ئايال ئېرىنىڭ زىممىسىدىن پۈتۈنلەي چىققان بولىدۇ.

فەقىھلەر ﴿وَٱلْمُطَلَّقَـٰتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَـٰثَةَ قُرُوٓءٍ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿قُرُوٓءٍ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. چۈنكى، بۇ سۆز ھەم ھەيز كۆرۈشنى ھەم ھەيزدىن پاكلىنىشنى ئىپادىلەيدىغان كۆپ مەنىلىك سۆزدۇر. شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى ﴿قُرُوٓءٍ﴾ دېگەن سۆزدىن پاكلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەنبەلىي مەزھەپتىكى كۈچلۈك قاراشتىمۇ بۇ سۆزدىن پاكلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ۋە ھەنبەلىي مەزھەپتىكىلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆزدىن ھەيز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قاراش تۆت خەلىپە قاتارلىق مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

﴿قُرُوٓءٍ﴾ دېگەن بۇ سۆزدىن ھەيز كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگۈچىلەر ئايالنىڭ ياتلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تالاقتىن كېيىن تولۇق ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايالنىڭ تالاق قىلىنغان ۋاقتىتىكى ھەيزىسى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. ئەمما بۇ سۆزدىن ھەيزدىن پاكلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگۈچىلەر ئەگەر ئايال پاكلىق ھالىتىدە تالاق قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچ قېتىم پاكلىنىشىنى شەرت قىلمايدۇ.

2. ھەيز كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. يەنى ھەيز كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئەرلىرىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ تولۇق ئۈچ ئاي بولىدۇ.

3. ھامىلىدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولۇپ، ھامىلىدار ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولۇپ، تۇغۇتنىڭ قېنىدىن تولۇق پاكلانغاندىن كېيىن ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ.

4. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر. ئەگەر بۇ ئايال ھامىلىدار بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولىدۇ.

بىراۋ بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ياكى ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەتتە بولماي تۇرۇپ ئايرىلىپ كەتكەن بولسا ۋەياكى ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئايال ئىددەت تۇتمايدۇ.

ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر.

ئاياللار ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەيز ۋە ھامىلىدارلىق ئىشلىرىنى

ئۆزلىرى ياخشى بىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىزلىقى ياكى جائىز ئەمەسلىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ راستچىل بولۇشى، بالىياتقۇسىدىكىنى يوشۇرماسلىقى، هامىلىدار بولسا، ئۆزىنى هامىلىدار دەپ ئوچۇق ئېيتىشى، هەيزدار بولسا، ئۆزىنى هەيزدار دەپ ئوچۇق ئېيتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشەنگەن هەقىقىي مۇئمىن بولىدىكەن، بالىياتقۇسىدىكىنى يوشۇرماستىن راستىنى ئېيتىشى ۋە ياتلىق بولۇشقا قىزىقىپ يالغان سۆزلىمەسلىكى لازىم.

تالاق قىلىنغان ئايالنى تالاق قىلىنغىنىغا ئۈچ ئاي توشماستىن ياكى ئۈچ قېتىم هەيز كۆرۈپ پاكلىنىپ بولغۇچىلىك مۇددەت ئىچىدە ئېرىنىڭ قايتۇرۇۋېلىشىغا بولىدۇ. بەلكى ئېرى ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى هەل قىلىپ راستتىنلا يارىشىپ قېلىش نىيىتى بىلەن ئايالنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئۆز ئايالنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا تامامەن هەقلىقتۇر. چۈنكى، تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولغۇچىلىك ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ مەقسىتى ئايالى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇش يولىنى توسۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش بولسا، بۇنداق ئەر ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى نە ئىنسانىيەتچىلىككە، نە دىيانەتكە ياتمايدىغان بىر رەزىللىكتۇر. ئىددىتى توشمىغان ئايالنىڭ ياتلىق بولۇشتىن مەنئى قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ، ئۇنىڭ ئىددەت داۋامىدا ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولغانلىقى ۋە ئۈچ قېتىم هەيز كۆرۈپ پاكلانمىغۇچە ئۇنىڭ هامىلىدار ياكى ئەمەسلىكى بىلىنمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئايال ئىددەتتىن چىققاندىن كېيىن باشقا ئەرگە ياتلىق بولالايدۇ.

ئەر-خوتۇنلۇق هاياتى كۆپلىگەن مەسئۇلىيەتلەر ۋە بىر-بىرىگە قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك هەق-هوقۇقلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر تۇرمۇش بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەر-ئايال هەر ئىككى جىنسنىڭ تەبىئىتى، يارىتىلىشى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى جەهەتتىكى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان هالدا، هەربىر جىنسقا ئۆزىگە يارىشا مۇناسىپ ۋەزىپىلەرنى يۈكلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك هەق-هوقۇقلىرىنى بەلگىلىگەن. ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇهىم بۇرچلىرى ۋە هەقلىرى بولغاندەك، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلىرىگە قارىتا ئۆتەشكە بۇيرۇلغان بۇرچلىرى ۋە هەقلىرى بار. ئەرلەر ئائىلىنىڭ بىر پۈتۈن

مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش يولىدا جاپالىق ئىشلارغا چىداملىق يارىتىلغانلىقى ۋە ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا مەجبۇر ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئارتۇقلۇقى ھۆرمەت، باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەت ۋە ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارتۇقلۇقتۇر.

ئاياللارنىڭ ھاياتلىقتىكى ئورنى ۋە ئائىلىدىكى ۋەزىپىسى ناھايىتى چوڭدۇر. ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرىدۇر. ياراملىق ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئانىلىق ۋەزىپىسى ئەڭ شەرەپلىك ۋە تولىمۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىدۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ ئېھتىياج تېپىلغاندا سىرتتا مۇناسىپ ئىشلاردا ئىشلىشى مەنئىي قىلىنمايدۇ. بۇمۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىش، ئىسلامىي كىيىنىش ۋە ئەيىپەتلىك بولۇش شەرتى بىلەن جائىزدۇر. ﴿يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ لَسۡتُنَّ كَأَحَدٖ مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِنِ ٱتَّقَيۡتُنَّۚ فَلَا تَخۡضَعۡنَ بِٱلۡقَوۡلِ فَيَطۡمَعَ ٱلَّذِي فِي قَلۡبِهِۦ مَرَضٞ وَقُلۡنَ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ٣٢﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن گەپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، كۆڭلىدە بۇزۇقلۇق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (شۇڭا گەپ قىلغاندا گۇماندىن خالىي) ياخشى گەپنى قىلىڭلار﴾[1].

◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئىددىتى توشمىغۇچە، يەنى ئۈچ قېتىم ئايلىق ئادىتىنى كۆرۈپ ھەيزدىن پاك بولمىغۇچە تۇرمۇشقا چىقالمايدۇ.

2. ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللار قانداقلا بىر مەقسەت بىلەن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ھەيزدار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، ھامىلىدار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا راستچىل بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، بالىياتقۇسىدىكىنى يوشۇرماسلىقى كېرەك.

3. ئىددەتتىن چىقمىغان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تېخى ئەرلىرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ بولمىغان ئاياللاردۇر.

4. ئۈچ تالاقتىن ئاز تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۇنىڭ ئىددىتى توشۇپ

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 32ـ ئايەت.

بولۇشتىن بۇرۇن ئىرى قايتا نىكاھ قىلماستىنلا قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولمىغان مۇددەت ئىچىدە ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قايتا نىكاھ قىلىشقا ھاجەت يوق.

5. ئەر-خوتۇن ھەر ئىككى جىنسنىڭ ھاياتلىقتا مۇئەييەن ۋەزىپىلىرى ۋە بىر-بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچلىرى ھەم ھەق-ھوقۇقلىرى بار. ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپكە ئۆتەشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

6. ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇللىرىدۇر.

7. ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئائىلىق ۋەزىپىسى ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىدۇر.

### ◄ تالاقنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

﴿ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِۖ فَإِمۡسَاكُۢ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ تَسۡرِيحُۢ بِإِحۡسَٰنٖۗ وَلَا يَحِلُّ
لَكُمۡ أَن تَأۡخُذُواْ مِمَّآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ شَيۡـًٔا إِلَّآ أَن يَخَافَآ أَلَّا يُقِيمَا
حُدُودَ ٱللَّهِۖ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَا
فِيمَا ٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَعۡتَدُوهَاۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ
ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٢٢٩ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُۥ مِنۢ
بَعۡدُ حَتَّىٰ تَنكِحَ زَوۡجًا غَيۡرَهُۥۗ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن
يَتَرَاجَعَآ إِن ظَنَّآ أَن يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۗ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ يُبَيِّنُهَا
لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ٢٣٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

229-(يارىشۋېلىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (ئايالنى) ياخشىلىق بىلەن تۇتۇش، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىش لازىم. ئاللاھنىڭ (ئەر-ئاياللار ھەققىدىكى) بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق

خەۋپى بولمىسىلا، ئۆزۈۋىلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى[1] ئۈچۈن) بەرگەن پۇل-مېلىڭلاردىن بىرەر نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش سىلەرگە ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ (ئەر-ئاياللار ھەققىدىكى) بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى بولسا، ئايال ئاجرىشىش ئۈچۈن (ئېرىگە) بىر نەرسە بەرسە، ھەر ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر.

230- ئەگەر ئەر ئايالىنى (ئۈچىنچى قېتىم) يەنە تالاق قىلسا، ئۇ ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. ئەگەر (كېيىنكى ئەرمۇ) ئۇنى تالاق قىلسا، (ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن) بۇرۇنقى ئېرى بىلەن ئىككىسى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن تەقدىردە، قايتىدىن يارىشىۋالسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، ئۇنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام مالىك ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىشىچە، بەزى ئەرەبلەر ئاياللىرىنى تالاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغاندا، تالاقتىن ۋاز كېچىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋالاتتى. ئەرلەر شۇنداق قىلىپ ئاياللىرىنى يا قويۇپ بەرمەي ياكى ھەققىنى ئادا قىلىپ نىكاھىدا تۇتماي، ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ خىل ناچار ئادەتنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن ﴿ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِۖ فَإِمۡسَاكُۢ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ تَسۡرِيحُۢ بِإِحۡسَٰنٍۗ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[2]. بۇ ئايەتتە تالاق قىلىنغان ئايالنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ چەك-چېگراسى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ تالاق مەسىلىسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئەرنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلىشىغا ۋە ئەر-ئايال قايتا يارىشىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى بولۇپ، ئۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى

[1] مەھرى-نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەلۇم مىقداردىكى ماددىي بويۇم ياكى پۇل دېمەكتۇر.
[2] «أسباب النزول للواحدي»، «تفسير البغوي» 3-توم، 304-بەت.

قېتىملىق تالاقتۇر. ئىككىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن ئەر ياخشى ئويلاپ ئىش كۆرۈشى كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول قالغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئايالى بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ ئۆتۈش، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئۇنىڭ ئەيىبىنى كىشىلەرگە يايماستىن، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىشتۇر. مانا بۇ ئۈچىنچى تالاق بولۇپ، بۇ ئاخىرقى ئايرىلىش تالىقىدۇر. ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىپ ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىشقا يول يوق. پەقەت ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە - بىرىنچى ئېرىگە قايتىش ئۈچۈن يول چىقىرىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىنچە قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسا ۋە ئىددىتىنى توشقۇزسا، ئاندىن بىرىنچى ئېرى ئۇنى قايتا نىكاھ بىلەن ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

### ◄ ئۈچ تالاق دېگەن نېمە؟

ئۈچ تالاق – تالاقنىڭ ئۈچىنچى قېتىمغا يېتىپ قېلىشى دېمەكتۇر. بۇ ئىسلام تەلىماتلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان بىدئەت تالاق ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئورتاق قارىشى بويىچە، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى ئېرى نىكاھ بىلەنمۇ قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىنچە قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئېرى ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەن قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ.

### ◄ ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش (يەنى ھالال قىلىش) دېگەن نېمە؟

ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش – ئۈچ تالاق بولغان ئايالنى ئېرىگە ھالال قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنى باشقا بىر ئەرگە ۋاقىتلىق نىكاھلاپ قويۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ قەتئىي ھارامدۇر ۋە زىنانىڭ ئۆزىدۇر. بەزى يامان نىيەتلىك ئادەملەر بۇ خىل زىنانى «ھىيلە شەرئىي» دېگەن سەت بىر ئاتالغۇ بىلەن ئاتىۋالغان. شەرىئەتكە قانداقمۇ ھىيلە ئىشلەتكىلى بولسۇن؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يامان قىلىقنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «لَعَنَ اللَّهُ الْمُحَلِّلَ ، وَالْمُحَلَّلَ لَهُ» يەنى «ئايالنى ئېرىگە ھالال قىلىش مەقسىتى بىلەن ئالغان كىشىگە ۋە ئۆزىگە ھالال قىلىش ئۈچۈن ئەرگە

بەرگەن كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن!»[1] دېگەن.

بىر لەۋزى بىلەن «ئۈچ تالاق» دېيىش بىر تالاقتا ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۈچ تالاقىمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاق ھېسابلىناتتى. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ تالاق ئىشىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ، ئاياللىرىنى ھە دەپ ئۈچ تالاق قىلىۋېتىش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقتىن، بۇ سەلبىي ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەر بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن «بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق»نى ئۈچ تالاقتا ھېساب قىلىدىغان بولغان. كېيىن مەشھۇر تۆت مەزھەپ – ھەنەفىي، شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىمۇ، «بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق»نى ئۈچ تالاقتا ھېساب قىلغان. ئەمما شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە[2] قاتارلىق بەزى ئاز ساندىكى ئۆلىمالار مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەسلى ھۆكۈمگە قايتۇرۇپ، «بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق»نى بىر تالاقتا ھېساب قىلىشنى تاللىغان. ھازىرقى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ بۇ قارىشىنى قوللايدۇ.

ئايرىلىش سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالىغا بۇرۇن بەرگەنلىرىنى (يەنى

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 8-توم، 266-بەت، 8270- ھەدىس، «سنن أبي داود» 2- توم، 227-بەت، 2076- ھەدىس.

[2] ئىبنى تەيمىيە-تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇسسالام ھىجرىيەنىڭ 661-يىلى (1263م) ھازىرقى سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. «شەيخۇلئىسلام» دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مازارلارغا چوقۇنۇش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش قاتارلىق بىدئەت ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ سەۋەبتىن شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، سۈرىيە تۈرمىسىدىنمۇ پالىنىپ مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە تۈرمىسىدە ياتقان، كېيىنچە دەمەشىق شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ يەنە تۈرمىگە مەھكۇم بولغان. فىقھى، تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە قاتارلىق ماۋزۇلاردا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. شېئىرمۇ يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «ئىبنى تەيمىيە پەتۋالىرى» بولۇپ، 27 توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. تەقۋالىقتىمۇ تونۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «بۇ دۇنيادا بىر جەننەت بار، ئۇنىڭغا كىرەلمىگەن ئادەم ئاخىرەتتىكى جەننەتكىمۇ كىرەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ زىكرىدۇر» دېگەن سۆزى شۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان. ھىجرىيىنىڭ 728-يىلى (1328م) 67 يېشىدا تۈرمىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەھرىنى ۋە تويلۇقنى) قايتۇرۇۋېلىشى ياكى بىر قىسمىنى بولسىمۇ تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئايالغا ئەر تەرەپتىن بېرىلگەن مەھرى، تويلۇق قاتارلىق نەرسىلەر نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئايالغا بەلگىلەنگەن ھەقلەردۇر. كېيىن ئاجراشقانلىق سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالغا بۇرۇن بەرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىشى يولسىزلىقتۇر. مۇبادا ئېرىدىن ئاجرىشىشقا تۈرتكە بولغۇدەك ئېتىبارلىق بىرەر سەۋەب تېپىلماستىن، پەقەت ئېرى بىلەن تۇرۇشنى ئۆزى ياقتۇرمىغانلىق سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئايال ئەگەر ئاجرىشىش بەدىلىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىگە بىر نەرسە بەرسە، ئۇ نەرسە ئېرى ئۈچۈن ھالالدۇر. ئەمما ئايالنىڭ سۆزىنى بەرمەي ئۇنى بىر نەرسە بېرىشكە زورلاش ئىنتايىن يامان ئىشتۇر. بۇنداق قىلىش نامەردلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئەرنىڭ بۇ تەرىقىدە ئايالدىن ئېلىۋالغان نەرسىسى قەتئىي ھارامدۇر.

ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇنى ھەيزدار كۈنلىرىدە تالاق قىلماستىن، ئايالى پاكلانغان ھالىتىدە تالاق قىلىشى لازىم. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئايالنىڭ مەنپەئەتى كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلغان. ئايالىنى ھەيزدار ۋاقتىدا تالاق قىلىش ۋە ئۈچ تالاق قىلىش بىدئەت تالاق (يەنى ئىسلامدا بولمىغان تالاق قىلىش ئۇسۇلى) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك، تالاق قىلىشتا ئېھتىياج تۇغۇلغاندا، بىر قېتىمدىن تالاق قىلىش، بىراقلا ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلماسلىق لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى: ﴿ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِۖ﴾ يەنى ﴿(قايتىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتتە، «تالاق ئىككىدۇر» دېمەستىن، بەلكى ﴿ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېيىلگەن. مەلۇمكى، قېتىم سۆزى بىردىن كېيىن يەنە بىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تالاقنىڭ بۇنداق باسقۇچلارغا بۆلۈنۈشىدە ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئاجرىشىشنى قارار قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يارىشىپ قېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلغان. يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، ئۇلار پەقەت ھېكمەت بىلەن بېكىتىلگەن ئەھكاملاردۇر. بۇلارنىڭ ھېكمىتىنى ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ئالىملار ۋە باشقا ئەقىل ئىگىلىرى بىلىدۇ. بۇرۇن ئىسلام دىنىنى تالاققا يول قويغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەن خىرىستىيان چېركاۋلىرى ۋە بارچە غەرب دۇنياسى بۈگۈنكى كۈندە، ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى تالاقنىڭ ھېكمىتىنى

چۈشىنىپ، تەۋەلىرىگە زۇرۇرىيەت تېپىلغاندا تالاق قىلىشنى رۇخسەت قىلىشقا باشلىغان. تۇرمۇش ھەمىشە بىر خىل ئۆتمەيدۇ، تۇرمۇش قۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا بەختلىك بولۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، گاھىدا بەزى ئەر-خوتۇنلار ئاجرىشىپ، ھەربىرى يېڭىدىن تۇرمۇش قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەستىن ئىنسانلارنى قىيناشنى دىنىمىز خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئايالنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان ئادەم ئۇنىڭدىن قەتئىي ئايرىلغان بولىدۇ.

2. ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىنغان ئايال باشقا بىرىگە مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، ئېرى ئۆلگەن ياكى قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىرىنچى ئېرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن قايتالايدۇ. (بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ئۈچ قېتىملىق تالاق ھوقۇقى بولغان تولۇق نىكاھ بولىدۇ). ئەمما ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرىگە قايتىشىغا يول ئېچىش مەقسىتى بىلەن ئۇنى ۋاقىتلىق ئەرگە بېرىش ھارامدۇر. بۇنداق نىكاھ باغلانمايدۇ. ئۇ پەقەت زىنانىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

3. ئۆز رىغبىتى بىلەن ئېرىدىن تالاق سۆزىنى ئېلىش بەدىلىگە ئېرىگە ھەق تۆلىمەكچى بولغان ئايالنىڭ زورلانماستىن ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگەن نەرسىسى ئېرى ئۈچۈن ھالالدۇر. ئەمما ئايالغا بۇرۇن بەرگەن نەرسىلىرىدىن بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بەرمەسلىك ياكى ئارقىغا سوزۇش چوڭ گۇناھتۇر. بۇ نامەرد ئەرلەرنىڭ قىلىقىدۇر.

4. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭدىن چەتنىمەسلىك زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەبىرى بويىچە، زۇلۇمنىڭ مەنىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، ئاللاھ تائالا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىدىن تەۋبىسىز ئۆتمەيدۇ، يەنى مۇنداق كىشى شېرىك كەلتۈرۈشتىن يانمىغان ۋە تەۋبە قىلىپ ئىمانغا قايتمىغان ھالدا ئۆلسە، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالا قەتئىي

كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنى دوزاخ بولىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى ئىلگىرى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ تەۋبە قىلىپ، ئىمانغا قايتسا، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ. زۇلۇمنىڭ ئىككىنچى تۈرى، كىشىلەرگە يولسىزلىق قىلىش بولۇپ، ئۇۋال قىلغۇچى ئۇۋال قىلىنغۇچىنى رازى قىلمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالا خالىسا تەۋبىسىز، خالىسا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن كەچۈرىدۇ.

## ◄ تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

﴿وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ
سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍۚ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَارًا لِّتَعْتَدُوا۟ۚ وَمَن يَفْعَلْ
ذَٰلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُۥۚ وَلَا تَتَّخِذُوٓا۟ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًاۚ وَٱذْكُرُوا۟
نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمَآ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْحِكْمَةِ
يَعِظُكُم بِهِۦۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٣١﴾
وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحْنَ
أَزْوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوْا۟ بَيْنَهُم بِٱلْمَعْرُوفِۗ ذَٰلِكَ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ
مِنكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِۗ ذَٰلِكُمْ أَزْكَىٰ لَكُمْ وَأَطْهَرُۚ وَٱللَّهُ
يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢٣٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

231-ئاياللارنى تالاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، (ئۇلار بىلەن يارىشىپ) ئۇلارنى چىرايلىقچە نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار ياكى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار. زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە-چاقچاق قىلىۋالماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ئۈگۈت بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابىنى ۋە

ھېكمەت (يەنى سۈننەت)نى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

232-(ئۈچ تالاقنىڭ تۆۋىنىدە) تالاق قىلىنىپ ئىددەتنى توشۇپ قالغان ئاياللار ئەگەر (ئۆز) ئېرى بىلەن قائىدە بويىچە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى (قايتا) نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئاراڭلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ئۇلارنى نىكاھلاپ قويۇش) سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا تالاق توغرۇلۇق بەلگىلىمىسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەرنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىددىتى توشقىلى ئاز قالغاندا، ئۇنى ئىددىتى توشۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلىشى ياكى ئىددىتىنى توشقۇزۇپ تۇرمۇشقا چىقىشىغا يول قويۇشى لازىم. ئايالىغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىددىتى توشقىلى ئاز قالغاندا ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلىش، قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يا ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياخشى ئۆتمەي ياكى ئۇنى قويۇپ بەرمەي ئۇنى تۇتۇۋېلىش قەتئىي خاتادۇر. بۇنداق قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھنى ۋە يولسىزلىقنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە ئايالىغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. مەلۇمكى، زۇلۇم قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلمىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە دىنغا ئەمەل قىلمىغانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىق، كۆزىگە ئىلمىغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەستىن چىقارماي، ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ ئايەت يەنە ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ نىيە قىلىۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغا بىنائەن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە تېگىشلىك جازا ياكى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرىگە، ئاتا-ئانىسىغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئىگە-چاقىلىرىغا شۇنداق ئەمر قىلىدۇكى، تالاق قىلىنغاندىن كېيىن يەنە شۇ ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىش ياكى باشقا

بىر ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈشكەن ئاياللارنى نىۋەتتىكى يارىشىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرىدىن توسماڭلار، ئۇلارغا زورلاۋانلىق قىلماڭلار. تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قېلىشىغا يول قويۇش سىلەر ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما سىلەر ئۇنى بىلمەيسىلەر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغان ئىشلارنى بۇيرۇمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىش، هارام ۋە گۇناھ ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش بەختلىك بىر ئائىلە تۇرمۇشىغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىدۇر.

تالاق ئىشىدا كۆپىنچە جېدەل-ماجىرالار ۋە بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ، ئىنساننىڭ كۆڭلىدە يامانلىقنىڭ ۋەسۋەسىلىرى ئويغىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى نەپسى خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكى ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگەشمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئورۇندا ئۇلارغا دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئەسلىتىشنى مۇناسىپ كۆرگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحْنَ أَزْوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوْاْ بَيْنَهُم بِٱلْمَعْرُوفِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ﴾ يەنى ﴿نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار﴾ دېگەن قىسمىدىكى خىتابنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى خىتابنىڭ ئاياللارنىڭ ئىگە-چاقىلىرىغا قارىتىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتكە ﴿(ئۈچ تالاقنىڭ تۆۋىنىدە) تالاق قىلىنىپ ئىددىتى توشقان ئاياللار ئەگەر (ئۆز) ئېرى بىلەن قائىدە بويىچە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى (قايتا) نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار﴾ دەپ مەنە ئېيتقان. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە مۇنداق بىر رىۋايەت كەلگەن: مەئقىل ئىبنى يەسار دېگەن كىشىنىڭ سىڭلىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاسىم دېگەن كىشىگە ياتلىق بولغان بولۇپ، بۇ ئايال ئۇ كىشىدىن تالاق بولغاندىن كېيىن، ئىددەت ئىچىدە ئېرى بىلەن قايتا يارىشىپ قېلىشقا كېلىشكەن چاغدا، مەئقىل سىڭلىسىنى ئېرى بىلەن قايتا يارىشىپ قېلىشتىن توسىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[1]. بۇ

[1] «شرح تفسير الجلالين» 1- توم، 282- بەت.

تەپسىرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەتتىن ئاياللارنىڭ ۋەلىيسىز (يەنى ئىگە-چاقىسىنىڭ رۇخسىتىسىز) نىكاھلىنىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكى چىقىدۇ. ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت قىز-ئاياللارنى ۋەلىيسىز نىكاھلاندۇرۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بىردىنبىر ئايەتتۇر». ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىدە ئەرنىڭ ئايالنىڭ خىلى بولۇشى شەرتى بىلەن ۋەلىنىڭ رۇخسىتى شەرت قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئالماقچى بولغان ئەر ئايالغا خىل بولمىسا، ۋەلىنىڭ بۇ نىكاھقا قارشى چىقىش ۋە قىلدۇرماسلىق ھەققى بار.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ﴾ دېگەن ئايەتتىكى خىتابنىڭ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ قويۇپ بەرگەن ئەرلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇڭا ئۇلار ئايەتكە «سىلەر تالاق قىلىپ ئىددىتى توشۇپ بولغان ئاياللار ئەگەر بولغۇسى ئېرى بىلەن قائىدە بويىچە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار» دەپ مەنە ئېيتقان. ئايەتتىن ئايالنىڭ قويۇپ بەرگەن ئېرى ۋە ئىگە-چاقىسى مەقسەت قىلىنىدۇ، دېسەكمۇ خاتا بولمايدۇ. چۈنكى، ئايال كىشىنى نە بۇرۇنقى ئېرىنىڭ، نە ئىگە-چاقىسىنىڭ نىكاھلىنىشتىن مەنئى قىلىش ھەققى يوق.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۆزى پۈتۈشكەن ئەرگە ياتلىق بولۇشتىن توسۇش ۋە تول قالدۇرۇش نىيىتىدە، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ياتلىق بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلغانلار ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

2. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن چەتنەپ كېتىش دىنىي مەسخىرە قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش تىل، دىل ۋە ئەمەل بىلەن بولىدۇ. ئەمەل بىلەن بولىدىغان شۈكۈر نېمەتنى توغرا يولغا ئىشلىتىش ۋە مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئادالەتلىك ئىشتۇر. شۇنداقلا بەختلىك بىر ئائىلىنى بەرپا قىلىشنىڭ يولىدۇر.

## بالا ئېمىتىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

﴿وَٱلۡوَٰلِدَٰتُ يُرۡضِعۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ حَوۡلَيۡنِ كَامِلَيۡنِۖ لِمَنۡ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَۚ وَعَلَى ٱلۡمَوۡلُودِ لَهُۥ رِزۡقُهُنَّ وَكِسۡوَتُهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ لَا تُكَلَّفُ نَفۡسٌ إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةُۢ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوۡلُودٞ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦۚ وَعَلَى ٱلۡوَارِثِ مِثۡلُ ذَٰلِكَۗ فَإِنۡ أَرَادَا فِصَالًا عَن تَرَاضٖ مِّنۡهُمَا وَتَشَاوُرٖ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَاۗ وَإِنۡ أَرَدتُّمۡ أَن تَسۡتَرۡضِعُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِذَا سَلَّمۡتُم مَّآ ءَاتَيۡتُم بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ٢٣٣﴾

### تەرجىمىسى

233-ئانىلار باللىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتسۇن، (بۇ ھۆكۈم) تولۇق ئېمىتىشنى خالىغان كىشى ئۈچۈندۇر. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ. ئانا بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتمىسۇن، ئاتىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتمىسۇن. (ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئاتا-ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) سۈتتىن ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلەرلا، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

### تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلۡوَٰلِدَٰتُ يُرۡضِعۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ حَوۡلَيۡنِ كَامِلَيۡنِۖ لِمَنۡ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي ئايەتتىكى ﴿وَٱلۡوَٰلِدَٰتُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ئاياللار كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان

قىلىپ، ئايەتكە: «ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ئاياللار ئەگەر بوۋاقلىرىنى ئۆزلىرى ئېمىتىشنى خالىسا، باشقا ئېمىتكۈچى ئاياللارغا قارىغاندا بۇ ئىشقا ئۇلار ئەڭ ھەقلىقتۇر، ئەمما ئۇلارغا بوۋاقلىرىنى ئېمىتىش پەرز ئەمەس، خالىسا ئېمىتىپ بېرىدۇ، خالىمىسا باشقا ئېمىتكۈچىلەر ئېمىتىدۇ»[1] دەپ مەنە ئېيتقان.

ئەللامە بەغەۋىي مۇنداق دېگەن: «﴿وَٱلْوَٰلِدَٰتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَٰدَهُنَّ﴾ دېگەن ئايەت خەۋەر مەنىسىدە كەلگەن ئەمردۇر، ئەمما پەرزلىكنى ئەمەس، مۇستەھەبلىكنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنىڭغا بىنائەن ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ئايال ئەگەر بوۋىقىنى ئېمىتىدىغان ئىنىكئانا بار ئەھۋالدا، بوۋىقىنى ئېمىتىشكە مەجبۇرلانمايدۇ، ئەگەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېمىتسە بۇ ئەڭ ئەۋزەلدۇر»[2].

ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا «تەپسىرى مەنار» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئالدىنقى ئايەتلەردە تالاقنىڭ ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە بالا ئېمىتىش مەسىلىسى بايان قىلىنغان. مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلْوَٰلِدَٰتُ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق ئۈچ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان:

بىرىنچىسى، بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم تالاق قىلىنغان ئاياللارغىلا خاستۇر. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتە تالاقنىڭ ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەت شۇ باياننىڭ تولۇقلانمىسىدۇر. يەنە بۇ ئايەتتە ئەرلەر بۇ ئاياللارنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم- كېچەك جەھەتتىن تەمىنلەشكە بۇيرۇلغان. ئەگەر بۇ ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئاياللار بولسا ئىدى، ئۇلارنى تەمىنلەشكە بۇيرۇمىغان بولاتتى. چۈنكى، بۇنى دېمىسىمۇ ئەرلەر قىلىدىغان ئىشتۇر. يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ بەزىسى ئېرىنىڭ قولىدا قالغان بوۋاقلىرىنى ئېمىتىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا بۇ ئايەتتە ئانىلار ئۆز بوۋاقلىرىنى ئېمىتىشكە بۇيرۇلغان.

ئىككىنچىسى، بۇ ئايەت ئېرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئاياللار توغرۇلۇق نازىل بولغان. چۈنكى، تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ئىددەتتىن توشقاندىن كېيىن كىيىندۇرۇش ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، ئۇلارغا پەقەت بوۋاقلىرىنى ئېمىتىپ بەرگەنلىكىنىڭ ھەققى بېرىلىدۇ.

---

[1] «تفسير الطبري» 1- توم، 277- بەت.
[2] «تفسير البغوي» 5- توم، 31- بەت.

ئۈچىنچىسى، بۇ ئايەت تالاق قىلىنغان ۋە تالاق قىلىنمىغان بارلىق ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

«تەپسىرى جەلالەين»، «تەپسىرى نەسەفىي»، «تەپسىرى مۇنىر» ۋە «تەپسىرى ئىبنى كەسىر» قاتارلىق تەپسىرلەردە: ﴿وَٱلْوَٰلِدَٰتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَٰدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ ۖ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَ ۚ﴾ دېگەن ئايەتكە ﴿ئانىلار بالىلىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتىسۇن، (بۇ ھۆكۈم) تولۇق ئېمىتىشنى خالىغان كىشى ئۈچۈندۇر﴾ دەپ مەنە ئېيتىلغان. چۈنكى، بۇ تەپسىرلەردە ﴿يُرْضِعْنَ﴾ دېگەن ئايەتتىن ئەمر مەنىسى ئېلىنغان بولۇپ، شۇڭا «ئېمىتىسۇن» دەپ مەنە ئېيتىلغان.

بوۋاقلارنى ئېمىتىش مۇددىتى تولۇق ئىككى يىل بولۇپ، ھەرقانداق بىر بوۋاقنىڭ تولۇق ئىككى يىل ئېمىش ھەققى بار. شۇڭا ئانىلار بوۋاقلىرىنى ساق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتا بىلەن ئانا ئاجرىشىپ كېتىپ، بالا ئاتىسىغا قالغان ئەھۋالدا، بوۋاقلارنى باشقا ئاياللار ئېمىتكەندىن كۆرە ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرى ئېمىتكىنى ياخشىدۇر.

بالىلارنىڭ ئاتىلىرى ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكتىن باشلاپ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. ئاتا قولىدىن كەلگەننى قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئەگەر ئاتا يوقسۇل بولسا، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا مەجبۇرلانمايدۇ، ئىلكىدە يوق نەرسىنى بېرىشكە زورلانمايدۇ. چۈنكى، دىندا كىشىلەرنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلاش يوقتۇر. بالىنىڭ ئانىسىنى ئۆز بالىسىنى ئېمىتىشتىن توسۇش، ياكى ئۇنىڭغا نەپىقە بېرىشنى توختىتىش بىلەن ئۇنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا بالىنىڭ دادىسىغىمۇ ئۇنى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا زورلاش، بالىسىنى ئېمىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي سەۋىيەسىدىن يۇقىرى ھەق تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ.

ئاتا بىلەن ئانا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بالىنى ئىككى يىل توشماستىن، سۈتتىن ئايرىۋەتسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما بالىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتتۇر. ئەگەر قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئانا بوۋىقىنى ئۆزى ئېمىتمەي، باشقىلارغا ئېمىتكۈزۈشنى خالىسا بۇنىڭدىمۇ گۇناھ يوقتۇر. مۇھىم بولغىنى بالىنى ئېمىش ھەققىدىن مەھرۇم قىلماسلىقتۇر. بالىنى ئىنىكئانىغا ئېمىتكۈزگەندە، ئىنىكئانىنىڭ ئېمىتىش ھەققىنى

[1] «تفسير المنار» 2- توم، 324- بەت.

بالىنىڭ ئانىسى قائىدە بويىچە تولۇق بېرىشى كېرەك.

تالاق قىلىنغان ئايال بوۋىقىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بالىنىڭ ئاتىسىدىن ھەق تەلەپ قىلسا، ئاتا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ھەق تۆلىسە بولىدۇ. ئەمما تۆلەشكە مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئانىنىڭ ئۆز بوۋىقىنى ئېمىتىپ بەرگەنلىكىگە ئاتىسىنىڭ ھەق تۆلىشى پەرز ئەمەس. ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسى (يەنى مىراسىنى ئالىدىغان كىشى) ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە بالىنىڭ ئېمىتىش ھەققىنى تولۇق بېرىدۇ. ئۇنىڭ ۋارىسى نارەسىدە بالا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتىسى قالدۇرغان مال-دۇنياسىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر نارىسىدىنىڭ مال-دۇنياسى بولمىسا، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردىن ئېلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاتا-ئانىلارغا بوۋاقلىرىنى ئېمىتىش ئىشلىرى توغرۇلۇق ئىككى ئىشقا رۇخسەت بەرگەن: بىرى، ئاتا-ئانا كېڭىشىپ بالىنى ئىككى يىل توشۇشتىن بۇرۇن سۈتتىن ئايرىۋېتىش، يەنە بىرى، خالىسا بالىسىنى ئىنىكئانىغا ئېمىتكۈزۈپ ھەققىنى تۆلەش. ئاخىردا ئاللاھ تائالا بالىنى ئېمىتكۈچى ۋە ئېمىتكۈزگۈچى ھەر ئىككىسىنى، دۇرۇسلۇق ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشكە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە بۇيرۇيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بوۋاقلارنىڭ تولۇق ئىككى يىل ئېمىش ھەققى بار. ئىككى يىل داۋامىدا بوۋاقنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئېمىتىشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئىنىكئانىغا ئېمىتكۈزسىمۇ بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى بوۋاقنىڭ ئىككى يىل ئېمىشىدۇر. بوۋاق باشقا ئايالنى ئەمگىلى ئۇنىمىغان ئەھۋالدا، بوۋاقنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئېمىتىشى پەرزدۇر. بۇ ئەھۋالدا بوۋىقىنى ئېمىتىشكە ئۇنىمىغان ئايال گۇناھكار بولىدۇ. ھەرقانداق ئانىنىڭ، ھەتتا ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ۋە بوۋىقى ئېرىگە قالغان ئايالنىڭمۇ ئۆز بوۋىقىنىڭ ئاغزىغا تۇنجى ئەمچەك سېلىش ۋە بالىنىڭ تەن سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراپ بىر قانچە ۋاقىت ئېمىتىش بۇرچى بار.

2. بوۋاقلارنى تولۇق ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ئىككى يىل توشماستىن بالىسىنى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئانا سۈتىدىن ئايرىۋەتسە بولىدۇ.

3. تالاق قىلىنغان ۋە بالىسى ئېرىگە بۇيرۇپ بېرىلگەن ئايال بالىسىنى

ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن بالىسىنىڭ ئاتىسىدىن ھەق ئالسا بولىدۇ.

4. ناۋادا بالىنى ئۆز ئانىسى (ئاجراشقانلىق، ياكى كېسەلچانلىق، ياكى قانداقلا بىر سەۋەب بىلەن) ئېمىتىشنى خالىمىسا، ئاتىنىڭ باشقا ئاياللارغا ئېمىتكۈزۈش ھەققى بار.

### ◄ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى

﴿وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَٰجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا ۖ فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِىٓ أَنفُسِهِنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٣٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

234-ئاراڭلاردىن ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ئاياللار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم. ئۇلار ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارنىڭ ئىگە-چاقىلىرىغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئىددەت – ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى ئۈچۈن كۈتىدىغان مۇددىتى دېمەكتۇر. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا نىسبەتەن ئىددەت «ھازا تۇتۇش»تۇر. ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەردىن بىرى ئۇنىڭ بالىياتقۇسى قانداق ۋەزىيەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەگەر ئايال ھامىلىدار بولسا، بۇ مۇددەت ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئۈچ قېتىم ئايلىق ئادىتىنى كۆرۈپ پاكلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ. ئادەت كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈن بولۇپ، بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئايال ياتلىق بولۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ ئىددىتى

بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولۇپ، ئېرى ئۆلۈپ، ياكى ئاجرىشىپ بىر كۈندىن كېيىنلا تۇغقان ئايالنىڭمۇ تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا ياتلىق بولۇشى جائىزدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿وَأُوْلَٰتُ ٱلۡأَحۡمَالِ أَجَلُهُنَّ أَن يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ﴾ يەنى ﴿ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى يەڭگىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[1] دەپ بەلگىلىگەن.

ھەنەفىي مەزھىپىگە ئاساسەن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئېغىر ئاياق ئايال ئىككى ئىددەتنىڭ ئۇزۇنراقىنى تۇتىدۇ، يەنى بالىسىنى تۇغۇشقا تۆت ئاي ئون كۈندىن ئاز ۋاقىت قالغان بولسا، ئۇ ئىددەتتىن چىقىش ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈننى ھېسابقا ئالىدۇ. ئەگەر بالىسىنى تۇغۇشقا تۆت ئاي ئون كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت قالغان بولسا، بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولغان ۋاقىتنى ھېسابقا ئالىدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق ئۆلىمالار يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تالاق سۈرىسىدىكى ئايەتكە ئاساسلىنىپ بۇ قاراشنى قوللىمايدۇ. ئۇلار ئېرى ۋاپات بولۇپ بىر قانچە سائەتتىن كېيىن تۇغقان ئايالمۇ ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ ۋە تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا ياتلىق بولسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ باشقىسىنىڭ قانداقلا بىر مېيىت ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى بۇيرۇلمىغان بولۇپ، پەقەت ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئېرى ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنىڭ ئېلانىدۇر. ئىددەتتىن چىقمىغان ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتىكى نىكاھمۇ باغلانمايدۇ. چۈنكى، ئىددەت ئىچىدىكى ئايال تېخى ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئايالدۇر. شۇڭا ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ ياتلىق بولۇش نىيىتىدە، ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ ياسىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقىپ يۈرۈشلىرى جائىز ئەمەس. ئەمما ئۇلار ئىددەتلىرىنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ياسىنىش ۋە ياتلىق بولۇش ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن جائىزدۇر. بۇ چاغدا ئۇ ئاياللارمۇ، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلارمۇ گۇناھكار بولمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ.

[1] تالاق سۈرىسى: 4-ئايەت.

2. ئېرىدىن تالاق بىلەن ئايرىلغان ئايال ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاك بولغۇچە ئىددەت تۇتىدۇ.

3. ئادەت كۆرمەيدىغان ئايال ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ. ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

4. ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ.

### ◄ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا ئەلچى قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى

﴿وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا عَرَّضْتُم بِهِۦ مِنْ خِطْبَةِ ٱلنِّسَآءِ أَوْ أَكْنَنتُمْ فِىٓ أَنفُسِكُمْ ۚ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمْ سَتَذْكُرُونَهُنَّ وَلَٰكِن لَّا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّآ أَن تَقُولُوا۟ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ۚ وَلَا تَعْزِمُوا۟ عُقْدَةَ ٱلنِّكَاحِ حَتَّىٰ يَبْلُغَ ٱلْكِتَٰبُ أَجَلَهُۥ ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ فَٱحْذَرُوهُ ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿٢٣٥﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

235ـ(ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۈچ تالاق قىلىنغان) ئاياللارغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى پۈرىتىپ ئۆتۈشتە ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. سىلەرنىڭ ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇم. لېكىن، ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئىددىتى توشمىغۇچە نىكاھ قىلىشقا بەل باغلىماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

#### ◄ تەپسىرى

ئۈچ تالاقتىن ئاز تالاق قىلىنغان ئاياللارغا ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغۇچە ئۆيلىنىشكە ۋە ئەلچى قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئىشارەت بىلەن پۈرىتىپ ئۆتۈشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئەرلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا

ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. چۈنكى، بۇنداق ئاياللارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۈچ تالاقنىڭ تۆۋىنىدىكى تالاقلار مەڭگۈلۈك ئايرىلىش تالىقى ئەمەس، بەلكى قايتا يارىشىپ قېلىشقا بولىدىغان تالاقلاردۇر. شۇڭا ئۈچتىن ئاز تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى توشۇشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى ئۆز ئەرلىرى قايتا نىكاھ ئوقۇماستىنلا قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالمۇ ئىددەتتىن چىقمىغۇچە ياتلىق بولۇشتىن مەنئى قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ مۇددەت ئىچىدە ئەلچى قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئاشكارا ئېيتىلسا خىجىل بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئىددىتى توشقاندىن كېيىن بەربىر ياتلىق بولماي قالمايدۇ.

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئۇنىڭ ئىددىتى توشماستىنلا ئەلچى قويۇشقا ۋە ئىددىتى توشقاندا ئۆيلىنىش ئۈچۈن پۈتۈشۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال تالاق قىلىنغان ھامان ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئېرى ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەنمۇ ئۆزىگە قايتۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بالىياتقۇسىنىڭ بالىدىن خالىي ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ بايانلاردىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى تەقۋادارلىققا (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا) چاقىرىدۇ ۋە بەندىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىنىمۇ ئاللاھ تائالاغا مەلۇم ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئارقىدىن تەۋبە قىلغۇچىلارنى كەچۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۈچتىن ئاز تالاق قىلىنغان ئاياللارغا ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغۇچە ئەلچى قويۇش ۋە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. پەقەت ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن

ئايالغا ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇنى ئالدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، گەپ-سۆزلىرىنى، ھەتتا ئويلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان يامان ئىشلارنى سادىر قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش زۆرۈردۇر.

## ◄ يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ مەسىلىسى

﴿لَّا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ مَا لَمۡ تَمَسُّوهُنَّ أَوۡ تَفۡرِضُواْ
لَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى ٱلۡمُوسِعِ قَدَرُهُۥ وَعَلَى ٱلۡمُقۡتِرِ قَدَرُهُۥ
مَتَٰعَۢا بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٢٣٦ وَإِن طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن
قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدۡ فَرَضۡتُمۡ لَهُنَّ فَرِيضَةٗ فَنِصۡفُ مَا فَرَضۡتُمۡ
إِلَّآ أَن يَعۡفُونَ أَوۡ يَعۡفُوَاْ ٱلَّذِي بِيَدِهِۦ عُقۡدَةُ ٱلنِّكَاحِۚ وَأَن تَعۡفُوٓاْ
أَقۡرَبُ لِلتَّقۡوَىٰۚ وَلَا تَنسَوُاْ ٱلۡفَضۡلَ بَيۡنَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ
بَصِيرٌ ٢٣٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

236-سىلەر مەھرىنى بېكىتمەستىن ئالغان ئاياللىرىڭلارنى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (لېكىن) ئۇلارنى (پۇل-مالدىن) بەھرىمەن قىلىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن. بۇ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ [1] ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

237-ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بېرىڭلار. ئەمما ئاياللار ئۆزىگە تېگىشلىكىنى

[1] ياكى «ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مەجبۇ-رىيىتىدۇر». چۈنكى ئايەتتىكى «المحسنين» دېگەن سۆز مۇكەممەل ئىش قىلغۇچىلار دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

ئېرىگە ئۆتۈنسە ياكى نىكاھنىڭ توگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆزىگە تېگىشلىكنى ئايالغا ئۆتۈنسىمۇ (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتسىمۇ) بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئۆتۈنگىنىڭلار تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

بۇ ئايەتلەر ئەنسارلاردىن بىر كىشى توغرۇلۇق نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ كىشى بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەھرى ھەققى بەرمىگەن ۋە جىنسىي تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي تۇرۇپ قويۇپ بەرگەن. شۇ چاغدا ﴿لَّا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مَتِّعْهَا وَلَوْ بِقَلَنْسُوَتِكَ» يەنى «ئۇ ئايالنى دوپپاڭنى بېرىپ بولسىمۇ رازى قىلغىن»[1] دېگەن.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا تالاق مەسىلىسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئى ئەرلەر! ئەگەر سىلەر ئەمدىلا ئۆيلەنگەن ئاياللىرىڭلارنى ئۇلارغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ۋە مەھرىنى تەيىنلەشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان بولساڭلار، سىلەرگە ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر ئۇلارغا مەھرى بېرىشكە مەجبۇر ئەمەسسىلەر. پەقەت ئۇلارغا تەسەللى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل-مال بېرىشىڭلار بەلگىلىنىدۇ. قانچىلىك بېرىش ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا باغلىق بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا قائىدە بويىچە ئايالنى رازى قىلسا بولىدۇ.

ئەمما ئايالغا بېرىدىغان مەھرى مىقدارى بەلگىلىنىپ بولغان بولۇپ، ئايالنى يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن قويۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغا شۇ بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. مەزكۇر يېرىم مەھرىنى ئېلىش ئۇ ئايالنىڭ شەرئەت بەلگىلىگەن ھەققىدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر يېرىم مەھرىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى ئېرىگە ئۆتۈنسە، ياكى نىكاھ پۈتۈمىگە ئىگە بولغۇچى ئەر بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئايالغا

---

[1] «تفسير القرطبي» 3-توم، 202-بەت، «تفسير البغوي» 2-توم، 284-بەت.

ئۆتۈنۈپ بەرسە، مەسىلىنى شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئەر-ئاياللارنىڭ مۇنداق بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈشى تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر ۋە ياخشى ئەمەلدۇر.

﴿ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ عُقْدَةُ ٱلنِّكَاحِ﴾ يەنى ﴿نىكاھ پۈتۈمگە ئىگە بولغۇچى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق سەلەف ئۆلىمالىرى ۋە پېشقەدەم مۆپەسسىرلەر ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، قەتادە قاتارلىقلار، ئەبۇ ھەنىفە، سەۋرى قاتارلىق مەزھەپ پېشقەدەملىرى ۋە ئىمام شافىئىيغا مەنسۇپ قىلىنغان بىر رىۋايەتتە «نىكاھ پۈتۈمگە ئىگە بولغۇچى»نىڭ نىكاھلانغۇچى ئەر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىمام مالىك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «نىكاھ پۈتۈمگە ئىگە بولغۇچى»نىڭ ئايالنىڭ ئىگە-چاقىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ تەپسىرگە ئاساسەن، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى: ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر يېرىم مەھرىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى ئېرىگە ئۆتۈنسە، ياكى ئۇنى ئايالنىڭ ۋەلىيسى (يەنى ئايالنىڭ ئىگە-چاقىلىرى) ئۆتۈنسە، مەسىلىنى شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرى ئۈستىدىكى ھەققىدىن ۋاز كېچىشى تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئەر-ئاياللار ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشىشنى، بىر-بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. چۈنكى، نىكاھنىڭ رىشتىسى ئەڭ مۇقەددەس رىشتىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ قىلغۇاتقان بارلىق ئىشلىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە ۋە نىيەتلىرىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىراۋ ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلغان ۋە باشتا ئۇنىڭ مەھرىنى تەيىنلىمىگەن بولسا، بۇنداق شارائىتتا ئۇنىڭ مەزكۇر ئايالغا مەھرى بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ماددىي شارائىتىغا يارىشا پۇل-مالدىن ئىختىيارىي ھالدا بىر نەرسە بېرىپ ئۇنى رازى قىلىشى بەلگىلىنىدۇ.

2. بىراۋ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلماستىن ئاجراشقان ۋە ئىلگىرى ئايالنىڭ مەھرى بەلگىلىنىپ بولغان بولسا، شۇ مەھرىنىڭ يېرىمى ئايالنىڭ ھەققىدۇر. ناۋادا ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، ئۇ ئەر ئۈچۈن ھالال بولىدۇ. شۇنداقلا ئەرمۇ ئەگەر ئاتىغان مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىشنى خالىسا، ئۇمۇ ئايال ئۈچۈن ھالالدۇر.

3. ئەر-ئاياللار قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىنمۇ، ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشىشنى ئۇنتۇماسلىقى، بىر بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئىززىتىنى قوغدىشى، ئاجراشقانلىق سەۋەب بىلەن بۇرۇنقى مۇھەببەتنى نەپرەتكە، قۇدىلار ئارا يېقىنلىقنى ئاداۋەتكە ئۆرۈمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## ◄ نامازنىڭ ۋاقتلىرىغا رىئايە قىلىش

﴿حَٰفِظُواْ عَلَى ٱلصَّلَوَٰتِ وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلۡوُسۡطَىٰ وَقُومُواْ لِلَّهِ قَٰنِتِينَ
٢٣٨ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ فَرِجَالًا أَوۡ رُكۡبَانٗاۖ فَإِذَآ أَمِنتُمۡ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَمَا
عَلَّمَكُم مَّا لَمۡ تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ ٢٣٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

238-سىلەر نامازلارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى ناماز (ئەسىر نامىزى)غا ئەھمىيەت بېرىڭلار. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.

239- سىلەر قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، نامازنى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا، نامازنى ئاللاھ سىلەرگە تەلىم بەرگەن بويىچە تولۇق ئوقۇڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەر بىلمىگەن ئەھكاملارنى سىلەرگە تەلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار).

### ◄ تەپسىرى

بەش ۋاخ ناماز دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، شۇنداقلا دىنىنىڭ كۆنىدە

بەش قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئەمەلىي پەرزىدۇر. كۈندە بەش ۋاخ نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر. نامازنىڭ نەپسىنى پاكلاش، روھنى ساپلاشتۇرۇش ۋە گۇناھلارنى يۇيۇشتىكى زور ئەھمىيىتى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهَرًا بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ فِيهِ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسًا ، مَا تَقُولُ: ذَلِكَ يُبْقِي مِنْ دَرَنِهِ»قَالُوا: لاَ يُبْقِي مِنْ دَرَنِهِ شَيْئًا ، قَالَ: «فَذَلِكَ مِثْلُ الصَّلَوَاتِ الخَمْسِ ، يَمْحُو اللَّهُ بِهِ الخَطَايَا» يەنى « سىلەرنىڭ ئىشىكىڭلار ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭدا بەش قېتىم يۇيۇنساڭلار، بەدىنىڭلاردا كىر قالامدۇ؟» دېگەندە، ساھابىلەر: «ھېچ كىر قالمايدۇ» دېگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بەش ۋاخ نامازمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ»[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى لەھزىلىرىدە ساھابىلىرىگە نامازغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. دېمەك بەش ۋاخ ناماز مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم، شانلىق ئىبادەتتۇر.

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا ناماز شۇنچىلىك زور ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەرقانداق بىر ئۆزرە يۈزىسىدىن تەرك ئېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەتتا قورقۇنچلۇق، كېسەللىك، سەپەر ئۈستىدىكى ۋاقىتلاردىمۇ نامازنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. كېسەل كىشى قۇربى يەتمىسە، ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇنداق شارائىتلاردا نامازنى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئوقۇمدۇ ياكى پىيادە كېتىپ بېرىپ ئوقۇمدۇ، قانداقلا ھالەتتە بولسۇن، تەرك قىلماي ئوقۇشى، ئەمما قورقۇنچ يوقالغان ۋە ئۆزرىلەر تۈگىگەن ۋاقىتلاردا بەش ۋاخ نامازنى ئەسلىدىكى قائىدىسى بويىچە تولۇق ئادا قىلىشى پەرزدۇر.

نامازدا «خۇشۇ»نىڭ ئەھمىيىتى زوردۇر. خۇشۇ – دۇنيالىق ئىشلارنى قەلبىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەن ھالدا، ئاللاھ تائالاغىلا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. نامازدا خۇشۇ پەرزدۇر. ﴿وَقُومُواْ لِلَّهِ قَٰنِتِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايەت بۇنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئايەتتە، ئەسىر نامىزىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ تەكىتلىنىشى

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 112-بەت، 528-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1- توم، 462- بەت، 667-ھەدىس.

ئەسىر نامىزىنىڭ بامدات بىلەن پېشىن ۋە شام بىلەن خۇپتەندىن ئىبارەت تۆت نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ئەھمىيەتلىك ناماز بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب غازىتىدا ئەسىر نامىزىنىڭ قازا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ: «شَغَلُونَا عَنِ الصَّلَاةِ الْوُسْطَى ، صَلَاةِ الْعَصْرِ ، مَلَأَ اللهُ بُيُوتَهُمْ وَقُبُورَهُمْ نَارًا» يەنى «ئۇلار بىزنىڭ ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئوت بىلەن تولدۇرسۇن!»[1] دېگەن ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ناماز ئاللاھ تائالاغا بولغان كامالىي ئىھتىرام ۋە ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئادا قىلىنىدىغان قۇللۇق بۇرچىدۇر. نامازدا بارلىق خىيال ۋە پىكىر ئاللاھ تائالاغىلا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

3. بامدات بىلەن ئەسىر ئىككى نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش تولىمۇ مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ صَلَّى الْبَرْدَيْنِ دَخَلَ الْجَنَّةَ» يەنى «بامدات بىلەن ئەسىر نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

4. قورقۇنچلۇق ۋاقىتلاردا نامازلارنى قايسىبىر كەيپىيات بىلەن بولسىمۇ ئادا قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. ھەتتا بۇنداق شارائىتلاردا ئات-ئۇلاغ ۋە باشقا قاتناش قوراللىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ، پىيادە كېتىپ بېرىپمۇ ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ.

5. نامازدا خۇشۇ بىلەن تۇرۇش پەرزدۇر.

### ◄ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا

﴿وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا وَصِيَّةً لِّأَزْوَاجِهِم

[1] «صحيح مسلم» 1ـ توم، 437ـ بەت، 627ـ ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 1ـتوم، 119ـبەت، 574ـھەدىس، «صحيح مسلم» 1ـتوم، 440ـبەت، 635ـھەدىس.

مَّتَٰعًا إِلَى ٱلۡحَوۡلِ غَيۡرَ إِخۡرَاجٖۚ فَإِنۡ خَرَجۡنَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ
فِي مَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ مِن مَّعۡرُوفٖۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٤٠﴾
وَلِلۡمُطَلَّقَٰتِ مَتَٰعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٤١﴾ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ
ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٢٤٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

240ـ ئاراڭلاردىن ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى (تۇل) قالىدىغانلار ئاياللىرىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماستىن، بىر يىلغىچە (يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن) تەمىنلىنىشىنى (ئۆزى ھايات ۋاقتىدا) ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر ئاياللار ئۆزى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

241ـ تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ قائىدە بويىچە نەپىقىسى بار. (بۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

242ـ سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، ئاللاھ ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاياللىرىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئاياللىرى توغرۇلۇق ۋارىسلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچى جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ۋارىسلىرىغا ئۇنىڭ ئايالىنى بىر يىلغىچىلىك ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىقا، ئايالنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، دورا-دەرمەك قاتارلىق بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئېرىنىڭ قالدۇرغان مال-دۇنياسىدىن چىقىم قىلىپ تەمىنلەپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى زۆرۈردۇر. ۋارىسلارمۇ ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىپ مەزكۇر ئايالنى ئېرىنىڭ ئۆلۈمىگە بىر يىل توشماستىن ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارماسلىقى لازىم. ئەگەر ئايال ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىنى خالىسا، ئۇ چىقىپ كېتىشتىن مەنئى قىلىنمايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ياتلىق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىختىيارىدۇر.

ئىبرىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئۇنى ياتلىق بولۇشتىن مەنئى قىلىش ياكى ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇش ھوقۇقى يوقتۇر. بۇنداق قىلغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ئاللاھ تائالانى ھېچقانداق بىر كۈچ يېڭەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بارلىق ئىشلىرىدا ۋە ئەمر-پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرگۈچىدۇر.

تالاق قىلىنغان ئاياللارغا ئەرلىرىنىڭ قائىدە بويىچە پۇل-مالدىن خالىغىنىنى بېرىشى بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈم ياتلىق بولۇپ ئېرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان ۋە تېخى يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ ئايرىلغان ئاياللىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارغا پۇل-مالدىن بىر نەرسە بېرىش مەيلى ئەرنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن ھەق دېيىلسۇن، مەيلى ئىختىيارىي ياردەم دېيىلسۇن، ھەرھالدا ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىبرىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تولۇق بىر يىل تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولسا، چىقىپ كەتسە بولىدۇ، ئېرى ئۆلۈپ تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ياتلىق بولسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئايالنى ئىبرىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بىر يىل توشماستىن ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ھوقۇقى يوق. مۇنداق قىلغانلار زالىملاردۇر.

2. تالاق قىلىنغان ئاياللارغا پۇل-مالدىن بىر نەرسە بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىش ئەرلىرىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى بەندىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## ◄ مىللەتلەر قانداق ياشنايدۇ؟

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ

فَقَالَ لَهُمُ ٱللَّهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحۡيَٰهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾ وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ
وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٤٤﴾ مَّن ذَا ٱلَّذِي يُقۡرِضُ ٱللَّهَ قَرۡضًا
حَسَنٗا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥٓ أَضۡعَافٗا كَثِيرَةٗۚ وَٱللَّهُ يَقۡبِضُ وَيَبۡصُۜطُ وَإِلَيۡهِ
تُرۡجَعُونَ ﴿٢٤٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

243ـ ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا: «ئۆلۈڭلار» دېدى (ۋە ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن (ئاللاھ) ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن كەرەملىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ.

244ـ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

245ـ كىمكى (پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا ياخشى قەرز[1] بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭكىنى) كەڭ قىلىدۇ، (ئاخىر ھەممىڭلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامغا ئۆتمۈشتىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سان جەھەتتە مىڭلارچە ئادەم تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورقۇپ جىھادنى تەرك ئېتىپ، دۈشمەندىن قېچىپ يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىققانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بۇ

[1] ياخشى قەرز- ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئايەتتە ﴿قَرۡضًا حَسَنٗا﴾ (ياخشى قەرز) دەپ تەبىرلەنگەن.

قورقۇنچاقلىقىغا غەزەپ قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە غالىب قىلىش بىلەن ئۇلارنى جازالىغانلىقى، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمرىنى ئورۇندىغىنىدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا يېڭىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئاددىيغىنە قىسسە ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ قانداق قىلغاندا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئەركىن، ھۆر ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن قانۇنىيىتى ئەزەلدىن ئۆزگەرگىنى يوق. ئۆلۈمدىن قورقىدىغان، تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان توخۇ يۈرەكلەر قۇللۇقتىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەزىز ۋەتىنىنى باشقىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغان، ھەققەت يولىدا ئۆلۈمدىن، جاپادىن، پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن قاچمايدىغان ۋە خارلىققا ھەرگىز رازى بولمايدىغان مىللەتلەر بۇ دۇنيادا ھۆر ۋە ئەزىز ياشايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلار بەختكە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى بۇ دۇنيادا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن سىناش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇنداق تاۋلاپ يېتىشتۈرىدۇ. ئەرەبلەردە: «سىناقلار ئەرلەرنى يارىتىدۇ» دەيدىغان ماقال بار. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق سىناقلىرىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، بۇ خىل سىناقلارنى بىر خىل ئىنتىقام ياكى جازالاش دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى شۇنداق ئېغىرچىلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن سىناپ، تاۋلاپ يېتىشتۈرۈشى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان كاتتا ئىنئامىدۇر.

بۇ ئايەت مىللەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىلنىڭ قورقۇنچاقلىق بىلەن بېخىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، دۈشمەندىن قورقۇپ يۇرتلىرىنى تاشلاپ قېچىپ چىققانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن: ﴿مَّن ذَا ٱلَّذِى يُقْرِضُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا﴾ يەنى ﴿كىمكى (پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا ياخشى قەرز بېرىدىكەن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈك ۋە ئازادىچىلىك ئىچىدە

ھايات كەچۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئىلىپ بېرىلىدىغان جىھادلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالنى ئاللاھقا قەرز بەرگەنلىك دەپ ئاتىغان. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ قەرز بېرىشىگە موھتاج ئەمەس، يەر يۈزىنىڭ خەزىنىسى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ مۈلۈكىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالغا يەتتە يۈز ھەسسە ۋە خالىسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلىق سەۋەبتىن كىشى كەمبەغەل بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، رىزىق بىلەن بەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سىنايدۇ. بەندىلەرنىڭ ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھى بولۇپ، ئاللاھ تائالا شۇ جايدا ئۇلارنىڭ مۇكاپات ۋە جازالىرىنى بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلۈمدىن قورقۇپ زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق ۋە قۇللۇق ھاياتقا رازى بولۇپ ياشاشنىڭ ئاقىۋىتى يەنىلا قۇللۇقتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر قىلىش ھەرقانداق ئىنساندىن تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

4. ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ساۋابى ئىنتايىن كاتتا بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىرگە يەتتە يۈز ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

5. ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشى ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ سىناق ئارقىلىق، نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلار بىلەن قاتتىقچىلىققا سەۋر قىلغۇچىلار تاللىنىدۇ.

## ◄ تالۇت بىلەن جالۇتنىڭ قىسسىسى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلْمَلَإِ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰٓ إِذْ قَالُوا۟ لِنَبِىٍّ

لَّهُمُ ٱبۡعَثۡ لَنَا مَلِكٗا نُّقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ قَالَ هَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن كُتِبَ
عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُواْۖ قَالُواْ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ
وَقَدۡ أُخۡرِجۡنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبۡنَآئِنَاۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقِتَالُ تَوَلَّوۡاْ
إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٤٦﴾ وَقَالَ لَهُمۡ نَبِيُّهُمۡ إِنَّ ٱللَّهَ
قَدۡ بَعَثَ لَكُمۡ طَالُوتَ مَلِكٗاۚ قَالُوٓاْ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ عَلَيۡنَا
وَنَحۡنُ أَحَقُّ بِٱلۡمُلۡكِ مِنۡهُ وَلَمۡ يُؤۡتَ سَعَةٗ مِّنَ ٱلۡمَالِۚ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ
ٱصۡطَفَىٰهُ عَلَيۡكُمۡ وَزَادَهُۥ بَسۡطَةٗ فِي ٱلۡعِلۡمِ وَٱلۡجِسۡمِۖ وَٱللَّهُ يُؤۡتِي
مُلۡكَهُۥ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٤٧﴾ وَقَالَ لَهُمۡ نَبِيُّهُمۡ إِنَّ ءَايَةَ
مُلۡكِهِۦٓ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلتَّابُوتُ فِيهِ سَكِينَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَبَقِيَّةٞ مِّمَّا
تَرَكَ ءَالُ مُوسَىٰ وَءَالُ هَٰرُونَ تَحۡمِلُهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ
لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٤٨﴾

## تەرجىمىسى

246-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسادىن كېيىن ياشىغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشكەن ئىدى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد قىلىش پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالساڭلارچۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە بالىۋاقىلىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى (جىھاد قىلىشتىن) باش تارتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

247-پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار: «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولالايدۇ؟ پادىشاھ بولۇشقا بىز ئۇنىڭدىن بەكرەك ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال-مۈلۈكى كۆپ بولمىسا» دېدى، پەيغەمبەر: «ئاللاھ راستىتىنلا سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى تاللىدى، ئۇنى ئىلمى مول، قامەتلىك قىلدى، ئاللاھ پادىشاھلىقنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ (پەزل-كەرەمى) كەڭ، ھەممىنى

بىلىدىغان زاتتۇر» دېدى.

248ـ ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭغا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تاۋابىئاتلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن بىر دەلىل بار».

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. بەدرى غازىتىدىن ئېتىبارەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش باشلاندى. مەلۇمكى، جىھاد قىلىشتا ئىرادىلىك ئەرلەر بىلەن پۇل ـ مالغا بولغان ئېھتىياج ئىنتايىن چوڭدۇر. ئىسلام دەۋىتىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالغان ۋە مۇسۇلمانلارغا تەھدىد سېلىۋاتقان ئەرەب ـ ئەجەمنىڭ زوراۋان كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار سېپىنى كۈچەيتىش، مۇجاھىدلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. تەبىئىيكى، غازاتتىن قېچىش، قورقۇنچاقلىق قىلىش ۋە پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەر ئەرلەرنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان نوقسانلاردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد قىلىش روھىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى ئايەتلەردە ئۇلارغا ئۆتمۈشتىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىن قورقۇپ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ دۈشمەندىن قېچىپ چىققانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىسىنى بايان قىلغان. ئاندىن ئارقىدىنلا مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان، جىھادقا ئەسكەرلەرنى ۋە قورال ـ ياراقلارنى تەييارلاش يولىدا پۇل ـ مالغا بولغان ئېھتىياجنىڭ چوڭلۇقىنى ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ كاتتا ئەجىرلىرىنى بايان قىلغان، ھەتتا ئۇنى ئاللاھ تائالاغا قەرز بەرگەنلىك دەپ سۈپەتلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادقا بولغان ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يەنە بىر قىسسىسىنى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش بىلەن باشلايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا مۇسانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ياشاپ ئۆتكەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرى سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامدىن «بىزگە غازاتتا قوماندانلىق قىلىدىغان بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن. بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ غازات قىلايلى ۋە يۇرتىمىزدىن دۈشمەنلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ ئۇنى ئازاد قىلايلى» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ سۇسلۇقىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ غازاتقا بەرداشلىق بېرەلمەي بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غازات قىلىشتا ئىرادىلىك، قويغان تەلەپلىرىدە ھەقىقەتەن راستچىل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىپ يۇرتلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن باشقا مۇددىئاسى يوقلۇقىنى ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق تەكىتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۇلارغا تالۇتنى قوماندان قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار تالۇتنىڭ قوماندانلىقىدا ئۆزلىرىنى پەلەستىن زېمىنىدىن ھەيدەپ چىقارغان بابىل ئىمپىراتورلۇقىغا قارشى غازاتقا ئاتلىنىدۇ. ئۇلار غازات مەيدانىغا كىرەر-كىرمەيلا ئارقىغا چېكىنىشكە باشلايدۇ ۋە قارشى تەرەپتىكى دۈشمەن كۈچىنى كۆرۈپ ئۇرۇش قىلماستىن يېڭىلىدۇ. ئىش سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچىدۇ.

مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈك مىللەتلەرنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىزلىكى، قورقۇنچاقلىقى سەۋەبلىك ئۆز ۋەتىنىنى دۈشمەن قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ئەسىرلەر بويى سەرسانلىقتا، خارلىقتا ۋە قۇللۇقتا ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم بولغان ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن قاچىدىغان ۋە خارلىققا رازى بولىدىغان مىللەتنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلماي ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

قىسسىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن تالۇتنى پادىشاھ ۋە قوماندان قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى كاتتىباشلار ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا خاس ئاسىيلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت ناچار ئادىتى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە تالۇتنى تۆۋەن ساناپ، بۇنداق پۇل-مالدا ۋە يۈز-ئابرۇيدا ئۆزلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان بىرىنىڭ ئۆزلىرىگە پادىشاھ بولۇشىنى رەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن شۇنداق بەلگىلەنگەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى، تالۇت بايلىقتا ۋە شۆھرەتتە ئۇلاردەك يۇقىرىلىقنى ئىگىلىمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمەتتە، ئەقىل-پاراسەتتە ۋە جىسمانىي كۈچ جەھەتتە ئۇلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقنى كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇق ئادىتى بويىچە، تالۇتنىڭ ئۇلارغا پادىشاھ قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى سەمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن تالۇتنىڭ پادىشاھلىققا ئەمەلىيەتتە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىل بولۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر ساندۇق كېلىدىغانلىقىنى، ساندۇقنى پەرىشتىلەرنىڭ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ ساندۇقنى ئەسلىدە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قولىدىن باشقىلار زورلاۋاتلىق بىلەن تارتىپ ئېلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ساندۇقتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى، كىيىملىرى، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسى ۋە «تەۋرات» تېكىستلىرى يېزىلغان بەزى تاختىلارنىڭ بار ئىكەنلىكى، ئۇ ساندۇقنى غازات جەريانىدا ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ھەمراھ قىلىپ كۆتۈرۈشتە ئۇلار ئۈچۈن خاتىرجەملىك ۋە غەلىبە بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جىھادتا ۋە ھەرقانداق بىر ھەربىي يۈرۈشتە قوماندانغا بويسۇنۇش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

2. ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ ئىلىم-ھېكمەتلىك ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى شەرتتۇر.

**3.** قورقۇنچاقلىق بىلەن بېخىللىق ئەرلەرنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان ناچار ئىللەتلەردۇر.

**4.** زۇلۇمغا قارشى چىقماسلىق ۋە خارلىققا رازى بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىقتۇر.

## ◄ داۋۇدنىڭ جالۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسە

﴿فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِٱلۡجُنُودِ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ مُبۡتَلِيكُم بِنَهَرٖ فَمَن شَرِبَ
مِنۡهُ فَلَيۡسَ مِنِّي وَمَن لَّمۡ يَطۡعَمۡهُ فَإِنَّهُۥ مِنِّيٓ إِلَّا مَنِ ٱغۡتَرَفَ غُرۡفَةَۢ
بِيَدِهِۦۚ فَشَرِبُواْ مِنۡهُ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ فَلَمَّا جَاوَزَهُۥ هُوَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
مَعَهُۥ قَالُواْ لَا طَاقَةَ لَنَا ٱلۡيَوۡمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦۚ قَالَ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ
أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ ٱللَّهِ كَم مِّن فِئَةٖ قَلِيلَةٍ غَلَبَتۡ فِئَةٗ كَثِيرَةَۢ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ
وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ٢٤٩ وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦ قَالُواْ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ
عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٢٥٠
فَهَزَمُوهُم بِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَقَتَلَ دَاوُۥدُ جَالُوتَ وَءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلۡمُلۡكَ وَٱلۡحِكۡمَةَ
وَعَلَّمَهُۥ مِمَّا يَشَآءُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لَّفَسَدَتِ
ٱلۡأَرۡضُ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ ذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٥١ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ
نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۚ وَإِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ٢٥٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**249**ـ تالۇت (جىھاد قىلىش ئۈچۈن) ئەسكەرلىرى بىلەن يولغا چىققان چاغدا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى دەريا سۈيىدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى ئىچمەيدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن قولى بىلەن بىر ئوچۇم ئىچكەن ئادەم بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەنىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن

ئۇرۇشۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ ئەسكەرلىرىدىن) ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قانچىلىغان ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان» دېدى. ئاللاھ چىدامىلىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

250-ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقاندا: «ئى رەببىمىز! قەلبىمىزنى چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى.

251-نىھايەت (مۇئمىنلەر) ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى يەڭدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا پادىشاھلىقنى، ھېكمەت (پەيغەمبەرلىك) نى بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابىلىككە ئايلانغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

252-(ئى پەيغەمبەر!) بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە پەيغەمبەر-لەردىنسەن.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى شۇ ۋاقىتتىكى پەيغەمبىرى سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تالۇتنىڭ ئۆزلىرىگە پادىشاھ ۋە قوماندان بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئەڭ ئاخىر قوبۇل قىلىپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تالۇت ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ جىھادقا ئاتلىنىدۇ ۋە بەيتۇلمۇقەددەستىن يولغا چىقىدۇ. ئۇ قوشۇنلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى غازات مەيدانىغا يېتىپ بېرىش يولىدىكى بىر دەريا سۈيى بىلەن سىنايدىغانلىقىنى، كۈنىنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىدىن چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچمىگەنلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولۇپ تاللىنىدىغانلىقىنى، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچكەنلەر ئاسىيلاردىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ھالدا دەريا سۈيىدىن ئىچىدۇ.

تالۇت ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغىنە قوشۇن بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ غازات مەيدانىغا يېتىپ باردۇ. تالۇتنىڭ قوشۇنىدىكى دەريا سۈيىنى ئىچىپ قويغان كىشىلەر دۈشمەن تەرەپنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى كۆرۈپلا قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ ۋە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئارقىسىغا قاراپ تىكىۋېتىدۇ. ئەمما قوشۇندىكى يا غەلىبە يا شېھىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولسا، دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىدىن ھېچ قورقۇپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، باشقىلارنى ئالغا باشلاپ «ئى قەۋم! سىلەر دۈشمەن تەرەپنىڭ ئادەم سانى جەھەتتىكى كۆپلۈكىدىن قورقماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا روھىي ئوزۇق بېغىشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تالۇت قوشۇنلىرى بىلەن جالۇت قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. تالۇت سېپىدىكى كۈرەشچان مۇئمىنلەر قارشى تەرەپتىكى ئۆزلىرىدىن ھەسسىلەپ كۆپ بولغان قوشۇننى كۆرگەندىن كېيىن، غەلىبىگە تولۇق ئىشەنچ قىلىپ بارچە كۈچى بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىنى ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم قىلىشىنى، كاپىر قەۋم ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىشىنى تىلەيدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن تالۇتنىڭ ئاز سانلىق مۇئمىن قوشۇنى جالۇتنىڭ كۆپ سانلىق تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. تالۇتنىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى داۋۇد ئەلەيھىسسالام قارشى تەرەپنىڭ قوماندانى جالۇتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا سەمۇئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تالۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر-لىك بىلەن پادىشاھلىق ئاتا قىلغان.

ئۇرۇش ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەي-ھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن قابىل قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن باشلاپ يەر يۈزىدە ئىنسانلار ئارىسىدا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش ئىشى مەۋجۇتتۇر. ئۇرۇش ئاچچىق تۇيۇلىدۇ. ئەمما بەھۇدە ئۇرۇشنىڭ زىيىنى بولغىنىدەك ھەققانىي ئۇرۇشنىڭ پايدىسى بار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرمايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە زۇلۇم، قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئومۇملاشقان بولاتتى، يەر يۈزىنىڭ نىزامى بۇزۇلغان ۋە دۇنيا خارابىلىككە ئايلانغان بولاتتى، ئاللاھ تائالانى زىكرى قىلىدىغان جايلارمۇ يەر بىلەن

يەكسان بولغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتا تولىمۇ مېھىر-شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى كۆيۈمچان بولغانلىقتىن، ھەرقانداق ھەددىدىن ئاشقان زالىم كۈچكە ئۆزىنىڭ-ئىمۇ زوراۋانلىق بىر كۈچنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنى ۋە ھاياتلىقنىڭ تەلىپىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ئەنە شۇنداق ياردەم قىلغان. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستىنلا ھەق پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. غازاتچى قوشۇننى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىناش ۋە قىيىن مەشىقلەر بىلەن چېنىقتۇرۇش جائىز بولۇپلا قالماستىن، زۆرۈردۇر. چۈنكى، قىيىن سىناقلار كىشىنىڭ سەۋر-چانلىقىنى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

2. مۇجاھىدلاردىكى يا غەلىبە يا شېھىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىمان ۋە قايتماس ئىرادە جىھاد مەيدانىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچتۇر. ئىمانى مۇستەھكەم بولۇپ تۇرۇپ جىھاد قىلغانلار ھەر زامان غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.

3. جىھادنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرى زالىملارغا، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق يەر يۈزىدە ئادالەت تارازىسىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياردىمىگە ھەقلىق بولغانلارغىلا خاستۇر.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 38- ئايەت.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى

﴿تِلْكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلَ ٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ وَلَٰكِنِ ٱخْتَلَفُوا۟ فَمِنْهُم مَّنْ ءَامَنَ وَمِنْهُم مَّن كَفَرَ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلُوا۟ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿٢٥٣﴾﴾

### تەرجىمىسى

253ـئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى. مەريەم ئوغلى ئىيساغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (جىبرىل) بىلەن كۈچلەندۈردۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى ئىنكار قىلدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا بەزى قىسسىلەرنى بايان قىلىپ ئۇنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۆزنى يېڭىدىن باشلاپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇقلۇقىنى ۋە ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرگە كىشىلەرنىڭ تۆتقان پوزىتسىيەسىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى ۋە دەرىجىسىنى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى بىۋاسىتە سۆز قىلىش

بىلەن ئۇنى شەرەپلەندۈرگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى ئۈچۈن «خەلىل» (يەنى دوست) دەپ ئاتىغان، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئىلىم-ھېكمەت ۋە تۆمۈرنى يۇمشىتىپ ئىشلىتىش ھۈنىرىنى بىلدۈرگەن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھلىق ئاتا قىلغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بۆشۈكتە يېتىپ سۆزلەيدىغان، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، گاچىلارنى ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان، جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنى كۈچلەندۈرگەن.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ سۈپەتلەر بىلەن ئالاھىدە تەرىپلەشتىكى ھېكمەت شۇكى، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توغرا بولمىغان ئېتىقادلاردا بولغان. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ شەننىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ۋە ئانىسىنى ئېغىر تۆھمەت بىلەن قارىلىغان بولسا، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالغان. شۇڭا يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت بۇ بىر-بىرىگە قارشى ئىككى پىرقىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن.

﴿وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ﴾ يەنى ﴿بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى﴾ دېگەن ئايەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنى ساماۋىي دىنىنىڭ ئەسلىسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكمۇ پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى تاماملىغۇچى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك ھەم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىيۈزلۈك بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى، ھۆرمىتى ۋە مەرتىۋىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أُعْطِيتُ خَمْسًا لَمْ يُعْطَهُنَّ أَحَدٌ قَبْلِي ، كَانَ كُلُّ نَبِيٍّ يُبْعَثُ إِلَى قَوْمِهِ خَاصَّةً ، وَبُعِثْتُ إِلَى كُلِّ أَحْمَرَ وَأَسْوَدَ ، وَأُحِلَّتْ لِيَ الْغَنَائِمُ ، وَلَمْ تُحَلَّ لِأَحَدٍ قَبْلِي ، وَجُعِلَتْ لِيَ الْأَرْضُ طَيِّبَةً طَهُورًا وَمَسْجِدًا ، فَأَيُّمَا رَجُلٍ أَدْرَكَتْهُ الصَّلَاةُ صَلَّى حَيْثُ كَانَ ، وَنُصِرْتُ بِالرُّعْبِ بَيْنَ يَدَيْ مَسِيرَةِ شَهْرٍ ، وَأُعْطِيتُ الشَّفَاعَةَ» يەنى «مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بەش خىسلەت ماڭا بېرىلدى. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلەتتى، مەن قىزىل تەنلىك، قارا تەنلىك بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم، بۇرۇنقىلارغا غەنىيمەتلەر ھالال ئەمەس ئىدى، ئەمما ماڭا ھالال قىلىندى، زېمىن مەسجىد قىلىندى، زېمىننىڭ

تۇپراقلىرى پاك قىلىندى، شۇڭا نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە نەدە ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ، ماڭا بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش ھەيۋىسى بېرىلدى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت رۇخسىتى ماڭا بېرىلدى»[1].

﴿وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ﴾ يەنى ﴿بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى﴾ دېگەن ئايەتتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە خىتاب قىلغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان زامانلاردا يەھۇدى، خرىستىيان ۋە ئىسلام ئۈممەتلىرىلا بار ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ﴿مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى﴾ دېگەن ئايەت بىلەن، خرىستىيانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ﴿وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ﴾ يەنى ﴿مەريەم ئوغلى ئىيساغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (جىبرىل) بىلەن كۈچلەندۈردۇق﴾ دېگەن سۈپەتلىرى بىلەن تولۇق تونۇشتۇرۇلغان ۋە ﴿وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ﴾ يەنى ﴿بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلدى﴾ دېگەن ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىپادىلىگەن ھالدا يېگانە قالغان ئىدى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىلىپ ھەقىقەت بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن بولاتتى ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ بىر-بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇشماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلدى، ئۇلارغا يول تاللاش ئىختىيارىنى ھەم ئەركىنلىكىنى بەردى، بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە چۈشىنىش تەرىزى يەنە بىر ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر، ئېتىقاد ۋە قاراش ئايرىمچىلىقلىرى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا شۇنداق تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش ۋە يول تاللاش ئەركىنلىكىنى ھەم ئىختىيارىنى بەرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۈممەت بولغان – يا ھەممىسى مۇئمىن ياكى ھەممىسى كاپىر بولغان – بولاتتى. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ دىنىنى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 370-بەت، 521-ھەدىس.

قوبۇل قىلىش ئىشىنى تەپەككۇر قىلماستىن ۋە ئىزدەنمەستىنلا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىسىمۇ بولىدىغان قىلمىدى. بەلكى ئەقلى بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، ئويلاپ، چۈشىنىپ ئاندىن قوبۇل قىلىشقا بۇيرىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىنغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىر خىل بولمىدى، بەزىسى دىنغا ئىشىنىپ مۆئمىن بولدى ۋە بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولدى.

ئەھۋال بۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئىلاھىي ھېكمەت ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىنى تەقەززا قىلدى ۋە ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئېتىقاد ئايرىمچىلىقى تۈپەيلى ئۇرۇش قىلىشتى. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بىر-بىرىگە شۇنچىلىك قاتتىق دۈشمەن بولۇشقان تەقدىردىمۇ ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆز ئىرادىسىنى يۈرگۈزۈشتە مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر. ئۇ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى قايتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قارشى چىققۇچى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇچى زاتتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللانغان ۋە ئۇلارغا يولباشچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ زاتلاردۇر. ئۇلارمۇ مەرتىۋە جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى بىرەر ئارتۇقچىلىق بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق قىلغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلىش بىلەن ئۇنى شەرەپلەندۈرگەن بولسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى داۋالايدىغان، ھەتتا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان مەڭگۈلۈك دەستۇر «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىنى مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارچە پەيغەمبەرلەردىن مەرتىۋىدە ئۈستۈن قىلغان.

2. ئىمان ئېيتىش ياكى كۇفرىلىقتا قېلىش، ھىدايەت تېپىش ياكى ئازغۇنلۇقتا قېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. توغرا يولدا مېڭىشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يولىنى، باتىل ئەقىدىسىنى ۋە ئازغۇن پىكىرلىرىنى توغرا دەپ بىلىپ، ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمىغانلارنى

ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمايدۇ. مۇنداقلار ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ قېلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئازغۇنلۇق ھىدايەت ئورنىدا كۆرۈنىدۇ.

3. دىندا ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى بەختسىزلىك ۋە ھالاكەتتۇر.

### ◄ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ئۈندەش

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَـٰكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خُلَّةٞ وَلَا شَفَـٰعَةٞۗ وَٱلۡكَـٰفِرُونَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ٢٥٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

254ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودىلىشىش، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز) شاپائەت بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كاپىرلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئاللاھ يولىدا پۇل- مال سەرپ قىلىش مەسىلىسىنى ئىنتايىن بەدىئىي ئۇسلۇبتا بايان قىلىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ﴿مَّن ذَا ٱلَّذِي يُقۡرِضُ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا﴾ يەنى ﴿كىمكى (پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا ياخشى قەرز بېرىدىكەن...﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالىدۇر. كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل- مال سەرپ قىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپلا قىلسا، بەزىسى ئاخىرەتتە يۇقىرى دەرىجە قازىنىشنى تىلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئايەت ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر بىلەن خىتاب قىلىنغان.

ئى ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقانلار! ئى مۇئمىنلىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي ئۇنۋانغا ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپەتكە لايىق بولغان كىشىلەر! ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ جەننىتىنى تىلىگەن ھالدا ئاللاھ يولىدا پۇل- مال سەرپ قىلىشقا ئالدىراڭلار. مۇشۇ دۇنيا

[1] بەقەرە سۈرىسى: 245ـ ئايەت.

ھاياتىدا كۆپلەپ ياخشىلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سىلەرگە يېتەرلىك، كەڭرى پۇرسەت بار. چۈنكى، سودىلىشىش، دوستلۇق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت بولمايدىغان، پەقەت كىشىنىڭ ئۆز ئەمەللىرىدىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلگەن چاغدا، سىلەر پەقەت مۇشۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسىلەر. چۈنكى، قىيامەت كۈنى ئىشلەش كۈنى ئەمەس، مۇكاپات ياكى جازا كۆرۈش كۈنىدۇر. ئۇ كۈندە مال-دۇنيا ۋە بالىلار ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ تائالاغا بېغىشلانغان سادىق ۋە ساغلام قەلبنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىلغان ياخشى ئىشلارلا ئەسقاتىدۇ. ئۇ كۈندە بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان زور ئېھتىياجىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئىمان بىلەن قوراللانمىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغان، ئىماندىن كۇفرىلىقنى ئەۋزەل كۆرۈپ كۇفرىنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن كاپىرلار ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالادىن كەلدى دەپ بىلمىگەن، «ئۆزۈم ئىشلەپ تاپتىمغۇ» دەپ تۇزكورلۇق قىلىپ ئۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن باش تارتقانلارمۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغان، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىدا كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملاردۇر.

ئايەتتىكى پۇل-مال سەرپ قىلىش ئەمرىدىن مەقسەت زاكاتتۇر. زاكات ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرى، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنىڭ ئاساسىدۇر. زاكات ئىسلام دىنىدا پېقىرلىققا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قوللانغان بىر ئۇنۇملۇك چارىدۇر. ئەگەر زاكات ئۆز يولىدا قوللىنىلسا ۋە ھەركىم زاكاتنى تولۇق ئادا قىلسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پېقىرلىققا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1.ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى زاكات، يەنە بىرى سەدىقىدۇر. زاكاتنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. ئەمما سەدىقە، خەير-ئېھسان قاتارلىق ياردەم ۋاسىتىلىرى ئىختىيارىي ئىبادەتلەر قاتارىدىندۇر.

2. زاكات بېرىش بىلەن پۇل-مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ، بەلكى بەرىكەت بىلەن ئۆسىدۇ.

## ئايەتۇلكۇرسى

﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا
فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ
يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ
إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ
وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ٢٥٥﴾

### تەرجىمىسى

255-بىر ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى[1] ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ، ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، ھەركىمگە بۇ دۇنيادا ئۆزى قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان، كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار، ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق شاپائەتچى بولمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ۋەكاتتىلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، ئىبادەت قىلىشقا ۋە بويسۇنۇشقا

[1] كۇرسى – «ئورۇندۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. («أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1- توم، 245-بەت).

ھەقلىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. دۇنيادا كىشىلەر تەرىپىدىن تىكلىۋېلىنغان ساختا ئىلاھلار كۆپ، ئەمما ھەقىقىي ئىلاھ پەقەت بىرلا ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى بولغان، ھېچ ئۆلمەيدىغان، ھەمىشە تىرىك تۇرىدىغان، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ۋە پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئاجىز كەلمەيدىغان، چارچاپ قالمايدىغان، مۈگدەپ قالمايدىغان، ئۇيقۇ ۋە ھارغىنلىق باسمايدىغان، تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە، يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى قۇدرەتلىك زاتتۇر. ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت ۋە ياردەم قىلالمايدىغان بۇ كۈندە مەخلۇقاتلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلغۇچى زات بولۇپ، ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق ئالەملەرنى باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرى ئۇنىڭغا ھېچ ئېغىر كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ قۇدرىتى ۋە ئىلىم-ھېكمىتى چەكسىز، مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى يېگانە ئىلاھتۇر.

ئايەتۇلكۈرسىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئەبۇ مۇنزىر ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەندىن «ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت قايسى؟» دەپ سورىدى، مەن «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت قايسى؟» دەپ سورىدى، بۇ چاغدا مەن «﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ..﴾دۇر» دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيدەمگە ئۇرۇپ قويۇپ: «ئىلمىڭگە مۇبارەك بولسۇن ئى ئەبۇ مۇنزىر!»[1] دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى رامىزاندا پىتىر سەدىقىسى ھېسابىغا يىغىلغان ئاشلىقنى ساقلاشقا قويغان ئىدى. بىر كېچىسى نامەلۇم بىر ئادەم

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 556-بەت، 810-ھەدىس.

كېلىپ، ئاشلىقتىن ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا « سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن» دېۋىدىم، ئۇ «مېنى قويۇۋەتكىن، چۈنكى، مەن ھاجەتمەن ئادەم، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ئاشلىققا زور ئېھتىياجى بار» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! كېچە سەن تۇتۇۋالغان ئادەمنى قانداق قىلدىڭ» دەپ سورىدى. مەن «يارەسۇلۇللاھ! ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قاتتىق موھتاجلىقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قويۇۋەتتىم» دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇ يەنە كېلىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەنە كېلىدۇ دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم كېلىدۇ دەپ، ئۇنى ماراپ تۇردۇم. راست دېگەندەك ئۇ يەنە كېلىپ ئاشلىقتىن ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى يەنە تۇتۇۋالدىم. ئۇنىڭغا «ئەمدى سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن» دەپ چىڭ تۇردۇم. ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ، «مېنى قويۇۋەتكىن، مەن راستتىنلا موھتاج ئادەم، ئائىلەمنىڭ ئاشلىققا زور ئېھتىياجى بار» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن يەنە ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن يەنە «كېچە سەن تۇتۇۋالغان ئادەمنى قانداق قىلدىڭ» دەپ سورىدى. مەن يەنە ئەينى جاۋابنى بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇ ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ» دېدى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇنى يەنە ئاشلىق ئېلىۋاتقان چېغىدا تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا «مەن سېنى ئۈچ قېتىم تۇتۇۋالدىم، سەن كەلمەيمەن دەپ قويۇپ يەنە كەلدىڭ، ئەمدى مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چوقۇم ئېلىپ بارىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان ئىدىم. ئۇ «سەن مېنى قويۇۋەتكىن، مەن ساڭا پايدىلىق بىر سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قوياي» دېدى. مەن «قايسى سۆزلەر ئۇ؟» دېۋىدىم. ئۇ ماڭا: «إِذَا أَوَيْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَاقْرَأْ آيَةَ الكُرْسِيّ ، لَنْ يَزَالَ عَلَيْكَ مِنَ اللَّهِ حَافِظٌ ، وَلاَ يَقْرَبُكَ شَيْطَانٌ حَتَّى تُصْبِحَ» يەنى «سەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇغىن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ساڭا بىر پەرىشتە ھەمراھ بولۇپ، سېنى بارلىق خەتەرلەردىن قوغدايدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە ساڭا شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ» دېدى. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! كېچە سەن تۇتۇۋالغان ئادەمنى قانداق قىلدىڭ» دەپ سورىدى. مەن «ئۇ ماڭا پايدىلىق سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويغان ئىدى، ئۇنى قويۇۋەتتىم» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن «قايسى

سۈزلەركەن ئۇ؟» دەپ سورىۋىدى. مەن «ئۇ «﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ...﴾ دېگەن ئايەتۇلكۇرسىدۇر» دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا «ئۇ يالغانچى تۇرۇپ ساڭا راست گەپ قىلىپتۇ. ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن ئۈچ كېچىدىن بېرى كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ئۇ شەيتان ئىدى»[1] دېدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۇقىرىقى ئايەت «ئايەتۇلكۇرسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئايەتۇلكۇرسى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ 18 ئىسمى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەت 50 سۆز ۋە 15 جۈملىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتى، ئېسىل سۈپەتلىرى، ئۇلۇغ ئىسىملىرى بايان قىلىنغان.

2. ئايەتۇلكۇرسىنى ھەربىر پەرز نامازدىن كېيىن ۋە ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇش مۇستەھەب ئەمەللەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ پەزىلىتى چوڭ، پايدىلىرى كۆپتۇر.

## ◄ دىندا زورلاش يوقتۇر

﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٢٥٦ ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٥٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

256-دىندا زورلاش يوقتۇر. ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇتنى[2] ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 123-بەت، 3275-ھەدىس.

[2] تاغۇت-چوقۇنۇلغان بارلىق ساختا ئىلاھلارغا، ئازغۇن يولباشچىلار ۋە زالىم ھۆكۈمدارلارغا قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، شەيتانمۇ تاغۇت قاتارىغا كىرىدۇ.

تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

257ـ ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ دوستلىرى تاغۇتتۇر، تاغۇت ئۇلارنى (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىدىن چىقىرىپ (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا كىرگۈزىدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

تەپسىرى تەبەرىيدە بايان قىلىنىشىچە، ﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ...﴾ دېگەن ئايەت ئەنسارلاردىن سالىم ئىبنى ئەۋف دېگەن كىشى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن خرىستىيان بولۇپ كېتىدۇ، ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار مەدىنىگە كېلىدۇ ۋە ئاتىسىغا قوشۇلىدۇ. ئاتىسى ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا قىستايدۇ، ئەمما ئۇلار قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۇلارنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىسام بولامدۇ؟» دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتۇلكۇرسىدا، ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىنى ۋە يەككە-يېگانە، تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا زورلاپ كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ھەقىقەت باتىلدىن ئېنىق ئايرىلغان ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ياخشى-ياماننى، توغرا-خاتانى پەرق ئېتىپ توغرىسىنى ئۆزلىرى تاللىۋېلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلام پىرىنسىپى بويىچە، كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن ﴿أَفَأَنتَ تُكۡرِهُ ٱلنَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ﴾ يەنى ﴿سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلىماقچىمۇ؟﴾[2]. چۈنكى، ئىسلام

[1] «تفسير الطبري» 4- توم، 548-بەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى: 99-ئايەت.

دىنى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە دىن تاللاشتا ھۆر ئىكەنلىكىنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ھەققانىي دىندۇر. كىشىلەرگە ھەقىقەتنى توغرا يوسۇندا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلىش، ئاندىن، قايسى يولنى تاللاش ئىختىيارىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇش، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ «ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالغان» دەيدىغان سەپسەتىلىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن ئويدۇرۇپ چىققان يالغانلىرى بولۇپ، ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە شانلىق ئىسلام تارىخى بۇ سەپسەتىلەرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردا نامازلىرىنى مەخپىي ئوقۇيتتى. چۈنكى، ئۇلار مەككە كاپىرلىرىنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن ۋە ئۆچ ئېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. كېيىنچە، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. ﴿دىندا زورلاش يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغاندىن ئۈچ يىل كېيىن نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلار قۇدرەتلىك ئىدى، مەدىنىدىكى بەزى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى يالغاندىن مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن ئىدى. ئىسلام تارىخىدىكى مۇناپىقلىق ئەڭ دەسلەپ مەدىنىدىكى مۇناپىقلاردىن باشلانغان. ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرىدە مۇناپىق يوق ئىدى، چۈنكى، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئاجىز، كاپىرلار كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما مەدىنىدە كاپىرلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى قورقۇنچاق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانچە كۆرسۇتۇپ ياشاشقا ئۆتكەن. مۇسۇلمانلار شۇنداق كۈچلەنگەن مەدىنە دەۋرىدە، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەلىمات بېرىپ، كىشىلەرنى دىنغا زورلاشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان. مۇسۇلمانلار قۇدرەت تاپقان شۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ كىشىلەرنى ئىسلامغا زورلاشنى رەت قىلغان تۇرسا، قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى جايدا كىشىلەرنى ئىسلامغا زورلاش يۈز بەرگەن؟!

كاپىرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان غازاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ

تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش، ئۇنىڭ ئالدىدىكى توساقلارنى پاچاقلاپ تاشلاش، كاپىرلارنىڭ هۇجۇمىنى قايتۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش قاتارلىق مەقسەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. چۈنكى، مۇشرىك ئەرەبلەر مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ، ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مۇشرىكلىك دىنىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچىنى سەرپ قىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ كاپىرلاردىن ۋە كاپىر ھۆكۈمدارلاردىن تەلەپ قىلغىنى كىشىلەرنى دىن تاللاشتا ئۆز ئىختىيارىغا ئەركىن قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى يەتكۈزدى، ئۆگەتتى ۋە بىلدۈردى. ھەق بىلەن باتىلنىڭ پەرقىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بەردى. كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە چاقىردى. شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق ساختا ئىلاھلارنى رەت قىلىپ، يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم سۇنماس، مەھكەم تۇتقۇنى تۇتقان بولىدۇ. ئەمما ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماي، باتىل يوللارنى ھەقىقەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭغان ۋە ئاللاھ تائالانى تونۇمىغانلار ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ چىدامسىز ۋە ئاجىز بىر نەرسىگە ئېسىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ھەقىقي مۇئمىنلەرنىڭ يېتەكچىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىغانلارنى ھىدايەتنىڭ، ئىماننىڭ ۋە ئىسلامنىڭ نۇرىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇلارنى كۇفرى، ئازغۇنلۇق، شەك ۋە نىفاقنىڭ ئىللەتلىرىدىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن يىراق قىلىپ، نازۇ-نېمەتلىك جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئەمما كاپىرلار ساختا ئىلاھلارغا، ئازغۇن يولباشچىلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم تىلەيدۇ. ئۇلار ئىشەنچ قىلىپ چوقۇنغان بۇ ساختا ئىلاھلار ئۇلارنى توغرا يولدىن چىقىرىدۇ. ئۇلارنى بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تۇغۇلۇشتىن بېرى ئۆزلىرىدە بار بولۇپ كەلگەن تەبىئىي ئاڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ ئازگاللىرىغا كۆمىدۇ. ئاخىردا، ئەگەشكۈچىلەر ئەگىشىلگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاختىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق. ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭغا كىشىلەرنى چاقىرىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

2. ئەڭ توغرا يول ۋە ئەڭ ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.

3. يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر.

4. «لائىلاھە ئىللەللاھۇ»نىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئېتىقاد قىلىپ، بارلىق ساختا ئىلاھلارنى، يالغان مەبۇدلارنى ئېتىقاد ۋە ئەمەل جەھەتتە رەت قىلىش دېمەكتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا يولى ئىماندا راستچىل بولۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشتىن ئىبارەت.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدا ئىزچىل يۈرگۈچى مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

### ◄ نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ كىبرىسى

﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِي حَآجَّ إِبۡرَٰهِـۧمَ فِي رَبِّهِۦٓ أَنۡ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلۡمُلۡكَ إِذۡ
قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّيَ ٱلَّذِي يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا۠ أُحۡيِۦ وَأُمِيتُۖ قَالَ
إِبۡرَٰهِـۧمُ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَأۡتِي بِٱلشَّمۡسِ مِنَ ٱلۡمَشۡرِقِ فَأۡتِ بِهَا مِنَ ٱلۡمَغۡرِبِ
فَبُهِتَ ٱلَّذِي كَفَرَۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٥٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

258ـ ئاللاھ ئاتا قىلغان پادىشاھلىق تۈپەيلى (ھاكاۋۇرلىشىپ)، رەببى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەم (نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم (ئۇنىڭغا): «مېنىڭ رەببىم ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ: «مەنمۇ تىرىلدۈرەلەيمەن، ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى. ئىبراھىم: «ئاللاھ كۈننى شەرقتىن چىقىرىدۇ، قېنى

سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېۋىدى، ئۇ كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، ئۆزىنىڭ ھىدايىتى ۋە ياردىمى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىماننىڭ، ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىپ كاپىرلار ئالدىدا ئەزىز قىلىدىغانلىقىنىڭ راستلىقىغا بۇ ئورۇندا بىر مىسال كەلتۈرۈشنى لايىق كۆرگەن.

بۇ قەدىمقى بابىل پادىشاھى نەمرۇد بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئاللاھ توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشكەن قىسسىسى بولۇپ، نەمرۇد ئۆز خىيالىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مۇنازىرىدە يېڭىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىش يولىنى توسماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ مۇنازىرىدە يېڭىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا روھىي مەدەت ئاتا قىلىش، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى ئۇنىڭغا خىتاب قىلىش بىلەن باشلىغان.

نەمرۇد ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرگە ۋە پادىشاھلىققا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان بىر رەزىل مەخلۇق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەن ھەق دىننى نەمرۇدقا يەتكۈزىدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ. لېكىن نەمرۇد مۇتەكەببىرلىك قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مۇنازىرىدە يېڭىشنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن: «سېنىڭ رەببىڭ كىم؟» دەپ سورايدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدقا كەسكىن جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ رەببىم ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدىغان قادىر ئاللاھتۇر» دەيدۇ. نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى نەپەر مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، يەنە بىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا يۈزلىنىپ: «مەنمۇ ئۆلتۈرەلەيمەن ۋە تىرىلدۈرەلەيمەن ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرگە خاس ھوشيارلىقى بىلەن

نەمرۇدنىڭ بۇنداق بىمەنە سۆزىنى رەت قىلىپ، دەيدۇكى: ﴿ئاللاھ قۇياشنى شەرقتىن چىقىرىدۇ. قېنى سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن﴾ يەنى مېنىڭ رەببىم قۇياشنى شەرق تەرەپتىن چىقىرىدۇ. سەنمۇ ئىلاھ بولساڭ ئۇنى غەرب تەرەپتىن چىقىرىپ باقمامسەن قېنى! بۇ ۋاقىتتا نەمرۇد زۇۋان سۈرەلمەي قالىدۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ياردەم قىلغان. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىنى كۇفرى ۋە جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىغا، خالىغان بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشى سەۋەبلىك ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا مۇئمىن بەندىلىرىنى كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياردەم قىلىدىغانلىقىغا بىر مىسالدۇر.

بۇ مىسالدا، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ھىدايەت ۋە ئىماننىڭ نۇرىغا چىقارغان، نەمرۇدنى بولسا ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نەمرۇدنى مۇنازىرىدە يېڭىپ چۈشىدىغان ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەڭ چوڭ زىيان ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر.

نېمەت مۇئمىنلەر ئۈچۈن ياخشىلىققا تۈرتكە بولسا، كاپىرلارنىڭ تېخىمۇ ئاسىيلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ھەقىقىي مۇئمىنگە خاستۇر. ئاللاھ تائالا گاھىدا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مۇنازىرىدە يېڭىشىغا ياردەم بەرگەندەك، گاھىدا ئۇلارنىڭ غازاتلاردا غەلىبە قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

3. ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا ھەقىقەت دۈشمەنلىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىش جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر.

4. ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمايدىغان مۇتەكەببىرلەر ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

### ◄ ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشىنىڭ دەلىلى

﴿أَوْ كَٱلَّذِى مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْىِۦ

هَٰذِهِ ٱللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا ۖ فَأَمَاتَهُ ٱللَّهُ مِاْئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُۥ ۖ قَالَ كَمْ
لَبِثْتَ ۖ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ ۖ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِاْئَةَ عَامٍ فَٱنظُرْ
إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ ءَايَةً
لِّلنَّاسِ ۖ وَٱنظُرْ إِلَى ٱلْعِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا ۚ فَلَمَّا
تَبَيَّنَ لَهُۥ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٥٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

259-ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان شەھەردىن ئۆتكەن ۋە «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن (ئاھالىسى)نى قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟» دېگەن كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى (ئۆلتۈرۈپ) شۇ ھالىتىدە يۈز يىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن تىرىلدۈردى. (ئاللاھ پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىركۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ياق! سەن يۈز يىل تۇردۇڭ! يېمەك-ئىچمىكىڭگە قاراپ باققىنكى، ھېچ بۇزۇلمىغان، ئېشىكىڭگە قارا (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). سېنى ئىنسانلارغا (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن (مۇشۇ ئىشلارنى قىلدۇق). بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى بىز قانداق قۇراشتۇرۇپ، ئاندىن بىز ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرىدىكەنمىز». بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق بولغان چاغدا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ (ئوبدان) بىلىۋالدىم» دېدى.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە قانداق ئىنئام قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە قانداق يېتەكلەيدىغانلىقىغا يەنە بىر مىسال بولۇپ، ئۆي-ئىمارەتلىرى يىقىلىپ خارابىگە ئايلانغان ۋە ھاياتلىقنىڭ ھېچقانداق ئەسىرى قالمىغان بىر شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى بۇ شەھەرنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىنى يىراق سانىغانلىقتىن، «ئاللاھ بۇ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن شەھەرنى قانداقمۇ قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرەر؟» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆلۈك ھالىتىدە

قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇ كىشى: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ بۇ مەنىدە دېگەنكى، «ياق! سەن تولۇق يۈز يىل تۇردۇڭ. رەببىڭنىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن، مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى يېمەك-ئىچمەكلىرىڭگە قاراپ باققىنكى، ئۇ ھېچ بۇزۇلمىغان. رەڭگىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ئەسلىدىكى شۇ پېتى بويىچە تۇرغان. ئېشىكىڭگە قارىغىنكى، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن سېنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆلۈك ھالىتىڭدە تۇرغانلىقىڭنى بىلەلەيسەن. بىز بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشنى ساڭا قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىش ۋە سېنى كىشىلەرگە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان كاتتا قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر مۆجىزە قىلىپ كۆرسەتتۇق. ئەمدى سەن بىزنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى ئۆز جايىغا بىر-بىرلەپ قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرىمىز».

مۇپەسسىرلەر﴿ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان شەھەردىن ئۆتكەن كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿كىشى﴾نىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿كىشى﴾دىن «ئۇزەير» كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «ئەرمىيا ئىبنى ھىلقىيا» دېگەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. ئەمما بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ توغرا سۆز شۇكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان شەھەردىن ئۆتكەن كىشىنىڭ ﴿ئاللاھ بۇ يەرنى ئۆلگىنىدىن كېيىن قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟﴾ دېگەنلىكىنى، ئۇ كىشىنىڭ ئاشۇ شەھەرنى يوقتىن بار قىلغان زاتنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە قۇدرىتى يېتىدىغان چەكسىز قۇدرەتلىك ۋە ئىلىم-ھېكمەتلىك زات ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ﴿ئاللاھ بۇ يەرنى ئۆلگىنىدىن كېيىن قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟﴾ دەپ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ سۆزنى دېگەن كىشى ئۇزەير بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەرمىيا بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ سۆزنى كىمنىڭ دېگەنلىكى مۇھىم ئەمەس، ئۇنى بىلىشكە ھاجىتىمىزمۇ يوق. چۈنكى، ئايەتنىڭ مەقسىتى بۇ سۆزنى دېگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرۈش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ

ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر»[1].

مۇپەسسىرلەر يەنە ﴿تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان شەھەر﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿شەھەر﴾نىڭ قايسى شەھەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئۇنى «بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرى» دېگەن بولسا، يەنە بەزىسى «ئاللاھ تائالا ئاھالىسىنى ھالاك قىلىۋەتكەن شەھەرلەرنىڭ بىرى» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ توغرا سۆز ﴿ئاللاھ بۇ يەرنى ئۆلگىنىدىن كېيىن قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟﴾ دېگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك بىر مەلۇمات بولمىغاندەك مەزكۇر شەھەرنىڭ قايسى شەھەر ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق»[2].

ئەللامە ئىبنى ئەتىيە[3] بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿ئاللاھ بۇ يەرنى ئۆلگىنىدىن كېيىن قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە «بۇ سوئالنى سورىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرگەن» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ سوئالى شەكنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرمىگەنلىكىنى، بەلكى قارشى پىكىردىكى نادانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[4].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتكە «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دەپ مەنە ئېيتقان. تەپسىرى قۇرتۇبىيدا «ئايەتنىڭ لەۋزى خارابىلىق شەھەردىن ئۆتكەن كىشىنىڭ ‹ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ خاراپ بولغان ئۆي-ئىمارەتلىرىنى قانداقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەر؟› دېگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەلكى ئۇ كىشى شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ‹ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەركىن؟› دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن»[5] دېگەن.

ئۇ كىشى بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ

[1] «تفسير الطبري» 5- توم، 442- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 5- توم، 443- بەت.

[3] ئەللامە ئىبنى ئەتىيە-«المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى،ئەندەلۇسلۇق(ئىسپانىيەلىك)ئالىم،ھجرىيەنىڭ542-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[4] «تفسير ابن عطبة» 2- توم، 41- بەت.

[5] «تفسير القرطبي» 3- توم، 466- بەت.

كاتتىلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، مەن ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلدىم، دەيدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ قىسسە مەخلۇقاتنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلارنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ئىسپات بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

2. قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ قايتىدىن تىرىلىپ ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمانى كامىل تۇرۇپ، خارابىگە ئايلانغان بىر شەھەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى يىراق سانىغان كىشىگە ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت كامالىي توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىش ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

### ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنىڭ دەلىللىرى

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِى كَيْفَ تُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ ۖ قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن ۖ قَالَ
بَلَىٰ وَلَـٰكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِى ۖ قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ ٱلطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ
إِلَيْكَ ثُمَّ ٱجْعَلْ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ٱدْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ
سَعْيًا ۚ وَٱعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٦٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

260-ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ» دېۋىدى. ئاللاھ (سەن بۇنىڭغا): «ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ تېخىمۇ ئارام تېپىشى ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن) » دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداقتا، قۇشتىن

تۆتنى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە توپلىغىن، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپ، گۆشلىرىنى پەيلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ) ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكنى قويۇپ قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئۇلار دەرھال سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ» بىلگىنكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە قانداق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى شەك-شۈبھىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئارقىلىق توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئۈچىنچى مىسالدۇر. بۇ قىسسەدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تەرىقىدە تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىنى تىلىگەن.

تەبىئىيكى، بۇ سوئال ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىگە ئىشەنمىگەنلىك ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلغانلىقتىن سورالغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈمىدى بىلەن سورالغان سوئالدۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سوئالنى نېمە مەقسەت بىلەن سورىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سوئالىغا بىنائەن، ئۇنىڭدىن: ﴿(سەن بۇنىڭغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟﴾ دەپ سورايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ياق! مەن سېنىڭ چەكسىز قۇدرىتىڭگە ئەلۋەتتە ئىشەنىدىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئارام تاپسۇن ئۈچۈن، سېنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى كۆرۈشنى تىلەيمەن»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۈچار قۇشتىن تۆتنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھەربىر تاغقا بىر بۆلۈكنى قويۇشنى، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرسا دەرھال كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىگە ئاساسەن، ئۈچار قۇشلاردىن تۆتنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى بوغۇزلاپ، گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى تۆتكە بۆلۈپ تۆت تاغقا بىر بۆلۈكتىن تاشلايدۇ. ئاندىن ھەربىر قۇشنىڭ كاللىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ قۇشلارنى بىر-بىرلەپ چاقىرىدۇ-دە، قۇشلار تىرىلىپ، ھەربىرى ئۆز گۆشلىرى ۋە پەيلىرى بىلەن بىرلەشكەن

هالدا كېلىپ، ھەربىرى ئۆز كاللىسىغا ئېرىشىدۇ ۋە ئاسمانغا ئۇرلەپ ھەممىسى بىردەك ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزىگە مەجھۇل بولغان ئىشلار مەلۇم بولۇش ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋە سوراش ئىنسان خىسلىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈ-رۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىنى كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارام تېپىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلغان كاتتا ياردىمى ۋە ئىنئامىدۇر.

3. بۇ ئايەت، قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

4. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ كائىناتتىكى ئالامەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى كۈچەيتەلەيدۇ ھەم ئاشۇرالايدۇ.

### ◄ ئاللاھ يولىدا پۇل سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى

﴿مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتْ
سَبْعَ سَنَابِلَ فِى كُلِّ سُنۢبُلَةٍ مِّاْئَةُ حَبَّةٍ ۗ وَٱللَّهُ يُضَٰعِفُ لِمَن
يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦١﴾ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ
ٱللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَآ أَنفَقُوا۟ مَنًّا وَلَآ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ
رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٦٢﴾ ۞ قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ
وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَآ أَذًى ۗ وَٱللَّهُ غَنِىٌّ حَلِيمٌ ﴿٢٦٣﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُبْطِلُوا۟ صَدَقَٰتِكُم بِٱلْمَنِّ وَٱلْأَذَىٰ
كَٱلَّذِى يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۖ
فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ

صَلْدًاۖ لَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّمَّا كَسَبُوا۟ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ
ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦٤﴾

### تەرجىمىسى

261ـ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

262ـ پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ـ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا (خاس) مۇكاپاتلار بار. ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.

263ـ ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈۋېتىش ئەزىيەت ئەگىشىپ كېلىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سەدىقىسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، (گۇناھكارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

264ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ (بورۇنقىدەك بولۇپ) كەتكەن سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن(ئاخىرەتتە ساۋابتىن) ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلىش، ۋەتەننى قوغداش ۋە پۇقرالارنى بەختلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكىچىلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادقا پۇل ـ مال ياردەم قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى يۇقىرى ئورنىنى ۋە كاتتا مۇكاپاتىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى بەرىكەت ۋە

ساۋاب جەھەتتە خۇددى يەرگە تېرىلىپ يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر ئۇرۇققا ئوخشاشتۇر. تېرىمى، تۇپرىقى ۋە ئۇرۇغى ياخشى بولغان يەردىن شۇنداق كۆپ ھوسۇل چىقىشى ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. بۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان ساۋاب ۋە ئەجرىنىڭ شۇنداق ھەسسىلەپ زىيادە بولىدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن بىر مىسالدۇر. ئاللاھ تائالا پەزلى-كەرەمى ۋە مەرھەمىتى ناھايىتى كەڭ زاتتۇر. شۇڭا، ئاللاھ يولىدا بىر تەڭگە سەرپ قىلغان مۇسۇلمان كىشىگە ئۇنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ يەتتە يۈز ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆپەيتىپ بېرىلىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى كۆپەيتىشنى ئەجىر-ساۋابنىڭ كۆپىيىشى دەپ تەپسىر قىلغان، يەنە بەزىسى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان نەرسىنىڭ بەرىكەت بىلەن شۇنداق كۆپىيىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىز دەيمىزكى، بۇ كۆپەيتىش پۇل-مالنىڭ كۆپىيىشىنى ئىپادىلىگەندەك، ئەجىر-ساۋابنىڭمۇ شۇنداق كۆپىيىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەت، كەرەملىك، سېخى زاتتۇر. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنىڭ پۇل-مېلىنى ۋە ئەجىر-ساۋابىنى شۇنداق كۆپەيتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىكى نىيىتىگە ۋە ئىخلاسىغا قاراپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

بۇ مىسالدىن ئاللاھ تائالانىڭ كەڭ پەزل- كەرەم ئىگىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سېخىيلىقىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلغان كىشى – پېقىرلارغا بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلماسلىق، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىكى شەرتى بىلەن – سەرپ قىلغان بىر تەڭگىسى ئۈچۈن بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يەتتە يۈز ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەككە چوقۇم ئېرىشىدۇ.

بېرىلگەن خەير-ئېھسانغا مىننەت ياكى ئازارنى ئەگەشتۈرۈش بۇ خەيرلىك ئىشنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ھاجەتمەنلەرگە بىر نەرسە بېرىش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەتئىي مىننەت قىلماسلىق ۋە بەرگەن نەرسىسىنى ھەرگىز تىلغا ئالماسلىق لازىم.

كىشىلەرگە خەير-ئېھسان قىلىپ، ئارقىدىن ئۇلارغا ئازار قىلمىغان، مىننەت قىلمىغان ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ بەدىلىنى ئۇلاردىن كۈتمىگەن ۋە قىلغانلىرىنىڭ ئەجرىنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كۈتكەن كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە ئەجرىنى ئاللاھ تائالا تولۇق بەرگۈچىدۇر.

ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاخىرەتتە ھېچقانداق غەم-ئەندىشىگە ئۇچرىمايدۇ، بېخىللار بۇ دۇنيادا قىلغان بېخىللىقلىرى سەۋەبلىك پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەيدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇ سېخىيلار غەم-قايغۇدىن پۈتۈنلەي خالاس بولغان ھالدا مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ساۋابى چوڭ بولغىنىدەك، پېقىرلارغا، يوقسۇللارغا ۋە ھەرقانداق ئېھتىياج ئىگىسىگە پۇل-مال بېرەلمىسىمۇ، ياخشى سۆز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېچىش ۋە دەرد-ئەلەملىرىگە تەسەللى بېرىش كاتتا ئىبادەتتۇر ۋە ئازار ياكى مىننەت بىلەن بېرىلگەن سەدىقىدىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەلدۇر.

كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. سەدىقىنىڭ بۇيرۇلۇشىدا كىشىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىشىلەرگە سەدىقە بېرىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئۇلارغا مىننەت قىلىش ياكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرە سەدىقە بەرمىگەن، ياردەم قىلمىغانلىق ئۇلارغا سەدىقە بېرىپ ئارقىدىن ئازار بەرگەندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

مىننەت قىلىش ۋە ئازار قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر ئىللەتتۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالنىڭ بۇ ئىككى ئىللەتتىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇشىنى شەرت قىلدى. چۈنكى، بۇ ئىككى ئىللەت كىشىنىڭ قىلغان سەدىقىسىنى ۋە ياردىمىنى يوققا چىقىرىدىغان خەتەرلىك ئىللەتلەردۇر. خۇددى يامغۇر يېغىش بىلەن سىلىق تاش ئۈستىگە قونغان توپا-توزانلار تازىلىنىپ تاشنىڭ يۈزى ئېچىلىپ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ قالغىنىغا ئوخشاش، پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىش ۋە ئۆزىنى مەردلەردىن قىلىپ كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن سەدىقە قىلغان ئادەمنىڭ ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىدىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوقتۇر. بۇ ئايەتتە، سەدىقىنىڭ مىننەت قىلىش بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ رىيا بىلەن بىكار بولۇپ كەتكىنىگە ئوخشىتىلغان. ھەر ئىككى ھالەتتە ساۋابتىن نېسىۋە يوقتۇر، قىلىنغان سەدىقە بىكاردۇر.

رىيا قىلىپ (يەنى كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) سەدىقە قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە يامان كۆرۈلگىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىمۇ قاتتىق يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. مۇنداقلار بۇ دۇنيادا

كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتتە بولسا، ساۋابتىن ۋە مۇكاپاتتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ئەمەللەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس قىلغانلارغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، ھىدايەت تېپىشنى خالىمىغان كاپىر قەۋمنى ھەرگىز ھىدايەت قىلمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا پۇل-مال ياردەم قىلىشنىڭ ساۋابى ۋە پەزىلىتى ھەرقانداق ئورۇنلارغا قىلىنغان ياردەمدىن ئەلۋەتتە ئارتۇقتۇر.

2. پېقىرلارغا ۋە ھەرقانداق ھاجەتمەنلەرگە سەدىقە بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپ، ئاقىۋىتى ياخشىلىقتۇر.

3. كىشىلەرگە زاكات ياكى سەدىقە بېرىپ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلىش ياكى ئالغۇچىلارغا ئازار بېرىشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. مۇنداق قىلىنغان سەدىقىنىڭ ساۋابى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلغۇچىنى جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلارنىڭ قاتا-ردىن سانىغان.

4. كىشىلەرگە ئىبىل مۇئامىلە قىلىش، ياخشى سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش ئۇلارغا سەدىقە بېرىپ مىننەت قىلغاندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ صَدَقَةٌ» يەنى «ياخشى سۆز سەدىقىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

5. رىيا (يەنى ئەمەللەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن) قىلىش ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەنلىك قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى كۆزىتىش ، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئەمەل - ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغانلىق بولىدۇ. ﴿فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا﴾ يەنى ﴿كىمكى رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان

[1] «مسند الإمام أحمد» 13- توم، 512-بەت، 8183- ھەدىس.

ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾[1] دېگەن ئايەت ئەمەل-ئىبادەتنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «إِنَّ أَخْوَفَ مَا أَخَافُ عَلَيْكُمُ الشِّرْكُ الْأَصْغَرُ» يەنى «مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم كىچىك شېرىكتۇر» دېگەندە، ساھابىلەر «يارەسۇلۇللاھ! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟» دەپ سورىشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «الرِّيَاءُ» يەنى «ئۇ بولسىمۇ رىيادۇر» [2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ◄ پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇددىئالىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى

﴿وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍۭ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَـَٔاتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٦٥﴾ أَيَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ لَهُۥ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ لَهُۥ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَأَصَابَهُ ٱلْكِبَرُ وَلَهُۥ ذُرِّيَّةٌ ضُعَفَآءُ فَأَصَابَهَآ إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَٱحْتَرَقَتْ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٦٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

265-پۇل-ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ۋە (ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە) چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن ھالدا سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا، مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولالمىسا، شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى ئىككىلا ھالەتتە مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ. ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

266-ئاراڭلاردىن خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى تېپىلىدىغان بىر بېغى بار بىرەيلەن ئۆزى

[1] كەھف سۈرىسى: 110- ئايەت.
[2] «مسند الإمام أحمد» 5- توم، 429-بەت.

قېرىپ قالغان، بالىلىرى تېخى كىچىك چاغدا، بۇ باغنىڭ بىر قارا بوران ئېلىپ كەلگەن ئوت ئۇچقۇنىدا كۆيۈپ كېتىشىنى ياقتۇرامدۇ؟ [1] سىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشۈڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەتتە، كىشىلەرگە سەدىقە بەرگۈچىلەردىن ئىككى خىل ئادەمنىڭ مىسالىنى بايان قىلىدۇ. بىرى، پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى ۋە كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش يولىدا سەرپ قىلغان.

پۇل-ماللىرىنى ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۆز نەپسىنى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن سەرپ قىلغۇچىلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا ئىككى ھەسسە كۆپ مېۋە بېرىدىغان، ئەگەر يامغۇردىن بەھرىمەن بولالمىسىمۇ تۇپرىقىنىڭ تېرىقچىلىققا يارايدىغانلىقى بىلەن يەنە مېۋە بېرەلەيدىغان بەرىكەتلىك باغقا ئوخشىتىلغان. دېمەك، بۇنداق خەير-ساخاۋەتلىك ئادەمنىڭ پۇل-مېلى كۆپ بولسا، كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئوخشىتىشتىن شۇ مەنە مەقسەت قىلىنغانكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان، سەرپ قىلغاندىمۇ ئۇنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ئۆز رازىلىقى ۋە ئىختىيارى بىلەن سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر دېھقانچىلىققا يارامىلىق بولغان ياخشى زېمىنغا ئوخشايدۇ، خۇددى ياخشى تېرىم يەر مەيلى ئۇنىڭغا يامغۇر كۆپ ياغسۇن، ياكى ئاز ياغسۇن، ھەر ھالەتتە مېۋە بېرىشتىن توختاپ قالمىغاندەك، ياخشى ئادەممۇ ياخشىلىقتىن توختاپ قالمايدۇ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قولى ئۇزۇن چاغلاردا خەير-ساخاۋەت ۋە خالىسانە ياردەملەرنى كۆپ قىلىدۇ. قولى قىسقا بولۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ چامىنىڭ يېتىشىچە خەير-ساخاۋەت قىلىدۇ.

ئەمما ئىككىنچى مىسالدىكىلەر ئالدىنقىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، پۇل-ماللىرىنى ئۆزىنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى سېخىيلاردىن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغۇچىلاردۇر.

---

[1] بۇ پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىنىڭ بۇ ئەمەلىنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا ئەسقاتمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

ئايەتتە، مۇنداقلارنىڭ ھالى، خۇددى نازۇ-نېمەتلىك كاتتا بېغى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرخىل ئېسىل مېۋىلەر بولغان، ئۆزى ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا كۈچى يەتمەيدىغان كىچىك باللىرىنىڭ رىزىق مەنبەسى مۇشۇ باغدىن بولۇپ، بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا بۇ باغ دەھشەتلىك قارا بوران ئېلىپ كەلگەن ئوت ئۇچقۇنىدا كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كېتىشى ۋە خارابىگە ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن ھەممىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قېلىپ قۇرۇق قول قالغان ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشىتىلغان. دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بۇ مىسالدىكى ئادەمگە ئوخشاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە.

پۇل-مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى كىشىلەرگە سەدىقە قىلىپ، ئارقىدىن ئۇلارنى رەنجىتكەن، مىننەت قىلغان ئادەم بۇ ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى ۋە ئەجرىنى ئۆزى شۇ ساۋابقا ئەڭ موھتاج بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇنى يوقىتىپ قويۇپ قالغان بولىدۇ. بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزۈش ۋە مىننەت قىلىش بىلەن سەرپ قىلغۇچىلار ۋە رىيا ئۈچۈن سەدىقە قىلغۇچىلار قىلغان بۇ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق سەرپ قىلغان پۇل-مالنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. ئۇ كۈندە ئۇلار قۇرۇق قول بولۇپ قالىدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ پىكىر يۈگۈزۈشۈڭلار ۋە ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئايەتلىرىنى سىلەرگە خۇددى مۇشۇنداق ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرگە ئازار بەرمەستىن ۋە مىننەتسىز ھالدا خالىسانە قىلىنغان خەير-ساخاۋەتنىڭ ساۋابى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

2. كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى سېخىيلەردىن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ۋە سەدىقىنى ئالغۇچىلارنىڭ دىللىرىغا ئازار بېرىپ، بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلىدىغانلارنىڭ قىلغان خەير-ساخاۋەتلىرى پايدىسىز بولۇپ، ساۋابتىن نېسىۋىسى يوقتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىش كاتتا

ئىبادەتتۇر.

## ◄ سەرپ قىلىنىدىغان مالنىڭ تۈرى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبۡتُمۡ وَمِمَّآ أَخۡرَجۡنَا لَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِۖ وَلَا تَيَمَّمُواْ ٱلۡخَبِيثَ مِنۡهُ تُنفِقُونَ وَلَسۡتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغۡمِضُواْ فِيهِۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ ٢٦٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

267ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر (ھالال كەسىپ بىلەن) قولغا كەلتۈرگەن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار، (سىلەرگە بېرىلسە) كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالمىساڭلار ئالغۇڭلار كەلمەيدىغان ناچارلىرىنى سەدىقە قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقىگە) موھتاج ئەمەستۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمان بەندىلىرىنى ئاللاھ يولىدا خەير-ساخاۋەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە، زاكاتتىن ئىبارەت ئىسلام پەرزىنى ۋە سەدىقە نامى بىلەن بۇيرۇلغان ئىختىيارىي ياردەمنى ئورۇنداشقا ۋە ئورۇنداشتا مالنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بەرمەستىن، بەلكى ئوتتۇراھاللىرىدىن بېرىشكە ئەمر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ﴿لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَۚ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن.

فەقىھلەرنىڭ قارىشىچە: زاكاتقا بېرىدىغان نەرسىگە مېلىنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بەرگەن كىشىنىڭ بەرگەن زاكىتى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، زاكاتقا ئەڭ ياخشىسىنىمۇ ئەمەس، ئەڭ ناچارلىرىنىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇراھاللىرىدىن بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. زاكات بەرگۈچى مېلىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن بەرسە ئەلۋەتتە ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ئەمما زاكات توپلىغۇچى خادىملارنىڭ مالنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېلىۋېلىشى

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 92ـ ئايەت.

دۇرۇس ئەمەس، ئوتتۇراھالىنى ئېلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا شۇنى بايان قىلىدۇكى، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر زاكاتقا مالنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بەرمەڭلار. ئۇيلاپ بېقىڭلاركى، ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولساڭلار، سىلەرگە كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالمىساڭلار قەتئىي ئالغۇڭلار كەلمەيدىغان نەرسىلەر بېرىلسە، ئۇنى ھەرگىز ئالغۇڭلار كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟! سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن لايىق كۆرمىگەننى قانداقمۇ باشقىلار ئۈچۈن لايىق كۆرىسىلەر! سىلەرنىڭ بۇنداق بەرگەن زاكات ۋە سەدىقەڭلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ھاجىتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى زاكات ۋە سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇشتا ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى كۆزلەيدۇ. چۈنكى، قىلغان ياخشى ئەمەللىڭلارنىڭ پايدىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈڭلار كۆرىسىلەر.

بۇ ئايەت زاكاتقا بېرىلىدىغان مالنىڭ سۈپىتىنى ۋە تۈرىنى بايان قىلغان. زاكاتقا بېرىلىدىغان مال ياخشىسىمۇ ئەمەس، ناچىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇراھاللىرىدىن بولسا يېتەرلىكتۇر.

زاكاتنىڭ تۈرلىرى يەنى زاكات بېرىلىدىغان نەرسىلەر: ئالتۇن، كۈمۈش، نەق پۇل، ئاشلىق، مېۋە، كۆكتات، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تۇتۇلغان تاۋارلار، چارۋىلار، زېمىندىن چىقىرىلغان مەدەنلەر، نېفىت بايلىقلىرى ۋە باشقىلاردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا 85 گرام ئالتۇن كەلگۈدەك نەق پۇل-مالغا ئىگە بولغان، مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ ئادەمنىڭ يىلدا بىر قېتىم زاكات بېرىشى پەرزدۇر. زاكات كېلىدىغان ماللار ئالتۇن، كۈمۈش، نەق پۇل، تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان تاۋارلار، چارۋا ماللىرى، ئاشلىق، مېۋە، كۆكتات، كان بايلىقلىرى ۋە ئاياللارنىڭ ئېھتىياجىدىن تاشقىرى ئالاھىدە قىممەت باھالىق زىننەتلىنىش بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردۇر. ئەمما كىشىنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى، ئىشلىتىۋاتقان ماشىنىلىرى، ئۆي جاھازلىرى، كىتاب ماتېرىياللىرى، ھۈنەر ئەسۋابلىرى، ئاياللارنىڭ ئىشلىتىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق ئۆزىنىڭ نورمال ئېھتىياجى ئىچىدىكى مال-مۈلۈككە زاكات كەلمەيدۇ. زاكات – زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل-مالغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشقاندىن كېيىن كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ۋاقىت بىرلىكى ھىجرىيە كالېندارىنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى، مىلادىيە كالېندارى بويىچە

ھېسابلىغاندا، بىر يىل توشۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا زاكات ئالغۇچىلارنىڭ ھەققى زايە بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا زاكات بېرىشتە ھىجرىيە يىلى ھېساب قىلىنىدۇ.

2. ئالتۇن، كۈمۈش، نەق پۇل ۋە تىجارەت ماللىرىنىڭ 2.5%ى زاكاتقا بېرىلىدۇ. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار ئۈچۈن ئەگەر ئۇلار يامغۇر سۈيى بىلەنلا سۇغۇرۇلغان بولسا 10%ى، ئەگەر ئادەم كۈچى ۋە تېخنىكىلىق سۇغىرىش ئۇسۇللىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا 5%ى، زاكات بېرىلىدۇ.

3. زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى ئۆشرە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆشرە ئوننىڭ بىرى دېگەنلىك بولۇپ، زىرائەتتىن ھوسۇل ئالغان چاغدا، ئوننىڭ بىرى زاكاتقا بېرىلىدۇ. يەر ئاستىدىن تېپىلغان مەدەن بايلىقلىرىدىن 20% (يەنى بەشتىن بىرى) زاكات بېرىلىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىغا كەلسەك، قوي بىلەن ئۆچكە سانى قىرىققا يەتسە بىر قوي، كالا ئوتتۇزغا يەتسە بىر ياشلىق كالىدىن بىر كالا، تۆگە بەشكە يەتسە بىر قوي زاكات بېرىلىدۇ.

4. مالنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بېرىلگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. بەلكى نورماللىرىدىن بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### ◄ شەيتاننىڭ ھىيلىسى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى

﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغۡفِرَةٗ مِّنۡهُ وَفَضۡلٗاۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ٢٦٨ يُؤۡتِي ٱلۡحِكۡمَةَ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُؤۡتَ ٱلۡحِكۡمَةَ فَقَدۡ أُوتِيَ خَيۡرٗا كَثِيرٗاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٢٦٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

268ـشەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن مەغپىرەتنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ (نىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى) كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

269ـئاللاھ ھېكمەتنى[1] خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا

[1] ھېكمەتـتوغرا گەپ قىلىش ۋە توغرا ئىش قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى

قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشقا، شۇنداقلا نەپسى شەيتاننىڭ ئىنسانىنى بېخىللىققا چاقىرىپ «ئەگەر سەن پۇل-مېلىڭنى زاكات ئۈچۈن بېرىۋەتسەڭ، پۇل-مېلىڭ كېمىيىپ كېتىدۇ، سەن ئۇ چاغدا پېقىر بولۇپ قالىسەن» دېگەندەك ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانماسلىققا، پۇل-ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بەرىكەت، مەغپىرەت ۋە كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەق ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. زاكات بېرىش بىلەن مال-دۇنيا كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بەلكى بەرىكەت بىلەن ئۆسىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مەرھەمىتى ۋە پەزل-كەرەمى كەڭدۇر.

شەيتانلار ئەزەلدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. شەيتانلار-نىڭ ئاتىسى ئىبلىس ھىيلە-مىكىر قىلىپ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەمنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار ئادەم ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارغا ئاشكارا دۈشمەندۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن ئالداپ يامان، قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش دوزاخ ئەھلىدىن قىلىشنى تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بولسا بەندىلىرىنى ياخشىلىقلارغا، نىجاتلىققا ۋە جەننەتكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن زاكات، سەدىقە ۋە قىلىنغان ياخشىلىقلارنىڭ پايدىسى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. زاكات پۇل-مالنى پېقىرلارنىڭ ھەقلىرىدىن پاكلاپ ساپلاشتۇرىدۇ، ئۆستۈرىدۇ ۋە ئىنساننىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. چۈنكى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھلار يۇيۇلىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلْحَسَنَٰتِ يُذْهِبْنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1].

---

ھېكمەت – «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى مۇكەممەل بىلىش دېگەنلىكتۇر. («تفسير الطبري» 5-توم، 576-بەت).

[1] ھۇد سۈرىسى: 114-ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ العِبَادُ فِيهِ ، إِلَّا مَلَكَانِ يَنْزِلَانِ ، فَيَقُولُ أَحَدُهُمَا: اللَّهُمَّ أَعْطِ مُنْفِقًا خَلَفًا ، وَيَقُولُ الآخَرُ: اللَّهُمَّ أَعْطِ مُمْسِكًا تَلَفًا» يەنى «ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرى ‹ئى ئاللاھ! سېخىي ئادەمگە قىلغان خەير-ساخاۋىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن› دېسە، يەنە بىرى ‹ئى ئاللاھ! بېخىلنىڭ پۇل-مېلىنى ھالاك قىلغۇەتكىن› دەپ دۇئا قىلىدۇ»[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ لِلشَّيْطَانِ لَمَّةً بِابْنِ آدَمَ وَلِلْمَلَكِ لَمَّةً فَأَمَّا لَمَّةُ الشَّيْطَانِ فَإِيعَادٌ بِالشَّرِّ وَتَكْذِيبٌ بِالحَقِّ ، وَأَمَّا لَمَّةُ المَلَكِ فَإِيعَادٌ بِالخَيْرِ وَتَصْدِيقٌ بِالحَقِّ ، فَمَنْ وَجَدَ ذَلِكَ فَلْيَعْلَمْ أَنَّهُ مِنَ اللهِ فَلْيَحْمَدِ اللهَ وَمَنْ وَجَدَ الأُخْرَى فَلْيَتَعَوَّذْ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» يەنى «ئادەم بالىسىنىڭ شەيتاندىن بىر ھەمراھى بولغىنىدەك، پەرىشتە تەرىپىدىنمۇ بىر ھەمراھى بولىدۇ. شەيتاندىن بولغان ھەمراھ ئىنساننى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما پەرىشتە تەرىپىدىن بولغان ھەمراھ ئۇنى ھەقىقەتنى تونۇشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئادەم بىلسۇنكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلسۇن، ئاۋۋالقىسىنى ھېس قىلغان ئادەم ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن» دېگەن، ئاندىن ﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان [2].

﴿يُؤۡتِي ٱلۡحِكۡمَةَ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُؤۡتَ ٱلۡحِكۡمَةَ فَقَدۡ أُوتِيَ خَيۡرٗا كَثِيرٗاۗ﴾ دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى، شۇنداقلا ياخشى ئىشلارغا يېتەكچى بولىدىغان، مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ ۋە «قۇرئان كەرىم»نى بىلىش ئىلىمنى ۋە بارلىق مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىگە - يەنى ھىدايەت ۋە ئىلىم-ھېكمەت تەلەپ قىلغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلگەن بەندىسىگە — ئاتا

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 115-بەت، 1442-ھەدىس، «صحيح مسلم» 2-توم، 700-بەت، 1010-ھەدىس.

[2] «سنن الترمذي» 5- توم، 219-بەت، 2988- ھەدىس.

قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ھېكمەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپ-لاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «بۇ ئايەتتىكى ھېكمەت قۇرئاننى مۇكەممەل بىلىشتۇر» دېگەن. قەتادە «بۇ ئايەتتىكى ھېكمەت قۇرئاندۇر ۋە ئۇنى بىلىشتۇر» دېگەن. مۇجاھىد «قۇرئان، ئىلىم ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىشتۇر» دېگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ھېكمەتنى «چۈشىنىش» دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، يەنە بەزىسى «ئەقىل» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ھېكمەتنى «دىنىنى مۇكەممەل بىلىش» دەپ تەپسىر قىلغان[1].

بەزى مۇپەسسىرلەر ھېكمەتنى «مەنپەئەتلىك ئىلىم، خۇسۇسەن قۇرئاننى ۋە دىنىنى چۈشىنىش»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. ياخشى ئىشلارغا يېتەكچى بولىدىغان، مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان پايدىلىق ئىلىمنى ھاسىل قىلالىغان ئادەم ھەقىقەتەن كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن قالسا ئىشلارنى ھەقىقەتنى بويىچە توغرا چۈشىنىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىمگە ئىگە بولۇشتىن ئارتۇق ياخشىلىق يوقتۇر. ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن ئۆگۈت ئالىدۇ، پەند-نەسىھەت ئالىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نەپسى شەيتان كىشىلەرنى ھەمىشە يامان ئىشلارنى قىلىشقا، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى ياخشىلىقلاردىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى ۋە شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى يېڭىپ ئەقىل ۋە دىنىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالغان ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىدۇر.

2. ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە ياخشى ئىشلارغا يېتەكچى بولىدىغان مەنپە-ئەتلىك ئىلىملەرنى ئاتا قىلىشى تەلەپ قىلىنماستىن، ئىنتىلمەستىن ۋە جاپا چەكمەستىن بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ھىدايەت بىلەن مەنپەئەتلىك ئىلىم ئەڭ قىممەتلىك نېمەتلەردۇر.

3. مال-دۇنيادىن ئىلىم چوڭدۇر. گەرچە ھازىرقى زاماندا پۇل-مال

[1] «تفسير طبري» 5 ـ توم، 576ـ بەت.
[2] «التفسيرالواضح» 1ـ توم، 184ـ بەت.

ئىگىلىرى ئالىملاردىن چوڭ كۆرۈنسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئالىملار چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا ئالىملارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە شېھىتلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. بۇ ئايەتتىكى «ئەقىل ئىگىلىرى» دېگەن سۆز ئالىملارغا ئىشارەت قىلماقتا. چۈنكى، ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ قورالى ئەقىلدۇر.

## ◄ پۇل سەرپ قىلىشنىڭ بەزى ئەھكاملىرى

﴿وَمَآ أَنفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّن نَّذْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُهُۥ ۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿٢٧٠﴾ إِن تُبْدُوا۟ ٱلصَّدَقَٰتِ فَنِعِمَّا هِىَ ۖ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا ٱلْفُقَرَآءَ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّـَٔاتِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٧١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

270-نېمىنى خەير- ساخاۋەت قىلساڭلار ياكى (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ. (پۇل-مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.

271-سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلارنى ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان زاكات پەرزىنى ئادا قىلىشقا، يەنە ئاللاھ يولىدا ئىختىيارىي ھالدا سەدىقە ۋە خەير-ساخاۋەتلەرنى قىلىشقا، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بېخىللىق قىلماسلىققا بۇيرۇغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، كىشىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا نېمىنى سەرپ قىلسۇن ۋە نېمىنى قىلىشقا ۋەدە قىلسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، سەدىقىنى مەخپىي بېرىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر زاكات ۋە سەدىقە ئۈچۈن ماللىرىنىڭ ياخشىلىرىنى بېرەمدۇ ياكى ناچارلىرىنى تاللاپ بېرەمدۇ؟ ئۇنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىسانە بېرەمدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سېخىيلىق نامىنى ئېلىپ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن رىيا قىلىپ بېرەمدۇ؟ بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ تائالاغا مەخپىي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئاللاھ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قاتلىرىدىكىسىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا نىيىتىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ئەمەلىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتتىن بولغان نېسىۋىلىرىنى تولۇق بەرگىنىدەك، پۇل-ماللىرىنى رىيا قىلىپ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋە بەرگەن نەرسىسى ئۈچۈن كىشىلەرگە مىننەت قىلىدىغان، ئازار قىلىدىغانلارنىڭ بۇ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار ياكى زاكاتقا ماللىرىنىڭ ناچارلىرىنى تاللاپ بېرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ئالدىماقچى بولغانلار ياكى رىيا قىلىپ بەرگۈچىلەر ياكى بەرگەن نەرسىسى ئۈچۈن كىشىلەرگە مىننەت ۋە ئازار قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر. مۇنداقلارغا قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرەلمەيدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە بولسا، «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا زاكات، سەدىقە، خەير-ساخاۋەت ۋە خالىسانە ياردەم قاتارلىقلارنى ئادا قىلىشنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگىتىدۇ. يۇقىرىقىلارنى كىشىلەرگە ئاشكارا بېرىش ياخشىدۇر. خۇسۇسەن زاكاتنى ئاشكارا بېرىشنىڭ ئەۋزەللىكىدە شەك يوق. چۈنكى، ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان زاكاتنى ئاشكارا بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرگە بۇ ياخشى ئىشتا ئۈلگە بولۇپ، باشقىلارنىمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا ئۈندەش ئەۋزەلدۇر. ئەمما، سەدىقە، خەير-ساخاۋەت ۋە خالىسانە ياردەم قاتارلىق ياردەم ۋاستىلىرىنى رىيادىن يىراق تۇرۇش ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئابرۇيلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن بېرىدىغان نەرسىلەرنى مەخپىي ھالدا بېرىش ئەۋزەلدۇر. مۇنداق قىلىش ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ياردەمنى ۋاكالەتەن قوبۇل قىلىدىغان ئورۇن بىرەر خەيرىيەت فوندى ياكى بىرەر ۋەخپە بولسا،

ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ياردەمنى ئاشكارا بېرىش ئەۋزەلدۇر، ھەتتا ئېلان قىلىسمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى، مۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنى ۋە خەير-ساخاۋەتلەرنى بەس-بەستە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشلارغا بەسلەشكۈچىلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُوْلَٰٓئِكَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَهُمۡ لَهَا سَٰبِقُونَ﴾ يەنى ﴿ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلاردا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ئۇنىڭدا (باشقىلارنىڭ) ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر﴾[1].

راستتىنلا ئاللاھ يولىدا قىلىنغان خەير-ساخاۋەت بەزى گۇناھلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[2] دەپ كۆرسەتكەن. زاكات، سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەملەر ياخشى ئەمەللەردۇر. بۇ ياخشى ئەمەللەر يۈزىسىدىن خاتالىقلار، گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ.

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلغۇاتقان ئەمەللىرىڭلارنى ئېنىق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ كۆڭۈللەردە يوشۇرۇنغان سىرلارنى بىلگۈچىدۇر. ئەمەللىرىڭلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىش سىلەرنىڭ شۇ ئەمەللەرنى قىلغان ۋاقىتتىكى نىيەتلىرىڭلارغا قاراپ بولىدۇ. شۇڭا سىلەر ئەمەل-ئىبادەتنى ۋە ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ، مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتۈپ قىلىڭلار. ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلماي، باشقا غەرەزلەر بىلەن قىلىش ياكى رىيا قىلىش شۇ ئەمەل-ئىبادەتلەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. كىمنىڭ خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان، كىمنىڭ رىيا قىلغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى، ھەتتا كۆڭۈللىرىدە ئويلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەركىمنىڭ نىيىتىگە ۋە ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

2. پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىشنىڭ ساۋابى چوڭدۇر. ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلار بۇ ئەمەللىرىنىڭ

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 61-ئايەت.
[2] ھۇد سۈرىسى: 114-ئايەت.

ساۋابىدىن چوقۇم بەھرىمەن بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان زاكاتنى بەرمىگۈچىلەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

4. زاكاتنى ئاشكارا بېرىش مەخپىي بەرگەندىن ئەۋزەلدۇر. ئەمما خەير-ئېھسان ۋە سەدىقىلەرنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي مەخپىي بېرىش ئەۋزەلدۇر. مەخپىي قىلىنغان خەير-ساخاۋەتنىڭ ساۋابى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئىسسىقىدىن ئەرشنىڭ سايىسىدا سايىداش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغان يەتتە خىل ئادەمنىڭ بىرىنى «وَرَجُلٌ تَصَدَّقَ بِصَدَقَةٍ فَأَخْفَاهَا حَتَّى لاَ تَعْلَمَ شِمَالُهُ مَا تُنْفِقُ يَمِينُهُ» يەنى «خەير-ساخاۋەتنى مەخپىي قىلىدىغان، ھەتتا ئوڭ قولى بىلەن بەرگەن نەرسىسىنى سول قولى بىلمەيدىغان ئادەم»[1] دەپ تەرىپلىگەن.

## ◄ سەدىقىنى كىملەرگە بېرىش كېرەك؟

﴿لَّيۡسَ عَلَيۡكَ هُدَىٰهُمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۗ وَمَا تُنفِقُواْ
مِنۡ خَيۡرٖ فَلِأَنفُسِكُمۡۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ ٱللَّهِۚ وَمَا تُنفِقُواْ
مِنۡ خَيۡرٖ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ﴿٢٧٢﴾ لِلۡفُقَرَآءِ ٱلَّذِينَ
أُحۡصِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ ضَرۡبٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ يَحۡسَبُهُمُ
ٱلۡجَاهِلُ أَغۡنِيَآءَ مِنَ ٱلتَّعَفُّفِ تَعۡرِفُهُم بِسِيمَٰهُمۡ لَا يَسۡـَٔلُونَ ٱلنَّاسَ
إِلۡحَافٗاۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢٧٣﴾ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ
أَمۡوَٰلَهُم بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ سِرّٗا وَعَلَانِيَةٗ فَلَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا
خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٢٧٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

272-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 111-بەت، 1423-ھەدىس، «صحيح مسلم» 2-توم، 715-بەت، 1031-ھەدىس.

ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. پۇل-مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. سىلەر خەير-ساخاۋەتنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىڭلار. پۇل-مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ھەرگىز ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

273-(خەير-ساخاۋەت) ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (شۇڭا تىرىكچىلىك ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى بايمىكىن دەپ قالىدۇ، ئۇلارنى (يەنى نامراتلىقىنى) تۇرقىدىن بىلىۋالالايسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. پۇل-مېلىڭلاردىن قانداق نەرسىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.

274-پۇل-ماللىرىنى كېچە-كۈندۈز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير-ساخاۋەت قىلىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببىنىڭ دەرگاھىدا (تولۇق) بېرىلىدۇ، ئۇلارغا قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلارغا غەم-قايغۇمۇ بولمايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا سەدىقە بەرمەيتتى، ﴿وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغىمۇ سەدىقە بېرىدىغان بولغان» دېگەن سۆزىنى ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك تۇغقانلىرىغا سەدىقە بەرمەيتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا سەدىقە بېرىدىغان بولغان» دېگەن سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن[1].

## ◄ تەپسىرى

زاكاتتىن باشقا ھەرقانداق سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەملەرنى مۇسۇلمان ئەمەس پېقىرلارغىمۇ بېرىشكە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، سەدىقە ۋە ھەرقانداق ياردەمنى ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئىچىدىكى ئېھتىياجلىقلارغا بېرىشنىڭ ئەۋزەللىكىدە قىلچە شەك يوق. چۈنكى، ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا خەير-ساخاۋەت قىلىشتا ھەم سەدىقىنىڭ ھەم تۇغقاندارچىلىق قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بار.

[1] «تفسير الطبري» 3- توم، 337-بەت.

مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە خەير-ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق قىلىشتىن مەقسەت، بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن بولغان ئىنسانىي قېرىنداشلىق يۈزىسىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقتىمۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىشتىن مەقسەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش نىيىتى بىلەن بولۇشى كېرەك. ﴿وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَلِأَنفُسِكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿(پۇل-مېلىڭلاردىن) نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ئاساستۇر، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان ئادەم ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆزى كۆرىدۇ.

توغرا، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغانىنىڭ پايدىسى ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. ئۇ بىزگە ئاخىرەتتە ئەسقېتىشتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا ئەسقاتىدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە پېقىرلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىشنىڭ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىشتا، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، كۆرەلمەسلىك قاتارلىق يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. خەير-ساخاۋەتنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىمۇ تولۇق بېرىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ھېسابلاشماستىن قانداقلا بىر پېقىر بولسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم ۋە خەير-ئېھسان قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەلگە ياتىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەمما بۇنىڭ بىرلا شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ، بىز ياردەم ۋە خەير-ساخاۋەت قىلماقچى بولغان كاپىرنىڭ ئىسلامغا ياكى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلاردىن بولماسلىقىدۇر. ﴿لَّا يَنۡهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمۡ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَلَمۡ يُخۡرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ أَن تَبَرُّوهُمۡ وَتُقۡسِطُوٓاْ إِلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ٨ إِنَّمَا يَنۡهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ قَٰتَلُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَأَخۡرَجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ وَظَٰهَرُواْ عَلَىٰٓ إِخۡرَاجِكُمۡ أَن تَوَلَّوۡهُمۡۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى (كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ،

كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن (ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر)[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

خەير-ساخاۋەت ۋە سەدىقىگە ھەممىدىن بەك ھەقلىق بولغان پېقىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى «قۇرئان كەرىم» ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

«بىرىنچىسى، ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئاتىۋەتكەنلىكتىن تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكەندىن كېيىن، مەككىدىكى بارلىق مال-مۈلۈكىنى، ئۆي-جايلىرىنى تەرك ئېتىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر. ئۇلار جىھاد بولغان چاغلاردا جىھاد مەيدانلىرىدا بولاتتى، باشقا ۋاقىتلاردا بولسا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار «ئەسھابۇس سۇففە» يەنى جىھادتىن باشقا ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ھويلىسىدىكى سۇپىدا يېتىپ-قوپۇپ دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ياتىدىغان باشقا جايلىرى يوق ئىدى. ئۇلار يېمەك-ئىچمەكلىرىنى كۆپرەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن ۋە باشقا ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن يەيتتى. بۇ ئايەت شۇ كىشىلەر توغرۇلۇق نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 400 گە يېقىن كىشى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىككىنچىسى، جىسمانىي ئاجىزلىقى ياكى ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبتىن ئىشلەشكە، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار.

ئۈچىنچىسى، ئىپپىتى ۋە نومۇسچانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ پېقىرلىقىنى ۋە ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەيدىغان، ھەتتا كىشىلەر ئۇلارنى بايمىكىن دەپ قالىدىغان كىشىلەر.

تۆتىنچىسى، كىيىملىرىنىڭ كونىلىقتىن يىرتىلىپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقتىن ئورۇقلاپ چىرايىنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش بەزى ئالامەتلىرى بىلەن پېقىرلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدىغان كىشىلەر.

---

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 8 ـ9-ئايەتلەر.

بەشىنچىسى، تىلەمچىلىك قىلمايدىغان، ھەتتا كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنىمۇ چاندۇرماي يۈرىدىغان پېقىر كىشىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ الْمِسْكِينُ بِالَّذِى تَرُدُّهُ التَّمْرَةُ وَالتَّمْرَتَانِ وَلَا اللُّقْمَةُ وَاللُّقْمَتَانِ إِنَّمَا الْمِسْكِينُ الْمُتَعَفِّفُ اقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ ﴿لَا يَسْـَٔلُونَ ٱلنَّاسَ إِلْحَافًا﴾» يەنى «پېقىر دېگەن بىر-ئىككى تال خورما ياكى بىر-ئىككى لوقما بىر نەرسە تىلەپ يۈرىدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى پېقىر دېگەن ئېپپەتلىك كىشىدۇر. خالىساڭلار ﴿ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار»[1]. مەجبۇر بولۇپ قالمىغان ھالدا تىلەمچىلىك قىلىش ئىسلامدا ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ الْمَسْأَلَةَ لَا تَصْلُحُ إِلَّا لِذِى فَقْرٍ مُدْقِعٍ أَوْ لِذِى غُرْمٍ مُفْظِعٍ أَوْ دَمٍ مُوجِعٍ» يەنى « كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەش جائىز ئەمەس، پەقەت قاتتىق يوقسۇللۇق ياكى ئېغىر قەرزدارلىق ۋەياكى دىيەت (بىرىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش) ئۈچۈنلا جائىزدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن»[3].

ئاللاھ تائالا زاكات ۋە سەدىقىگە ھەقىقىي ئېھتىياجلىق ۋە ھەقلىق بولغانلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىق يوللىرىغا خەير-ساخاۋەتتىن قانچىلىك قىلسا، مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلغان ئادەم بۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ئەلۋەتتە تولۇق كۆرىدۇ.

ئاخىرقى ئايەتتە، سەدىقە ۋاقتى ۋە مىقدارى بەلگىلەنمىگەن ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى قانداق ۋاقىتتا ۋە قانچىلىك قىلىش خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىنى، مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىدە بولسۇن قانداقلا بىر ۋاقىتتا ئاللاھ يولىدا كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ياخشى ئەمەلىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئۇلارغا تېگىشلىك مۇكاپاتنى بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارغا ئاخىرەتتە غەم-قايغۇ بولمايدۇ.

[1] «صحيح مسلم» 2- توم، 720- بەت، 1039- ھەدىس.
[2] «سنن ابن ماجة» 2- توم، 740-بەت، 2198- ھەدىس.
[3] «التفسير الواضح» 1- توم، 188- بەت.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا، ياخشى ھايات كەچۈرىدۇ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلمايدۇ، كېلەچەكتىمۇ ھېچقانداق غەم-قايغۇغا ئۇچرىمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس، چۈنكى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزۈش، ئۇنى بايان قىلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىشتۇر. ئەمما كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىش پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

2. سەدىقىنى مۇسۇلمان ئەمەس پېقىرلارغىمۇ بېرىش جائىزدۇر. ئەمما زاكاتنى دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلاردىن باشقا كاپىرلارغا بېرىشكە بولمايدۇ[1]. چۈنكى، زاكات مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە بېرىلگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ.

زاكاتتىن باشقا ئىنساني ياردەملەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى قىلىشتا كىشىلەرنىڭ دىني ئېتىقادى بىلەن ھېسابلاشماي كىشىلەرگە قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

3. ئاللاھ يولىدا خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى ئۇلارغا ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەمنۇن بولىدىغان كىشىلەردۇر.

4. سەدىقە بېرىشتىمۇ ئىخلاس ۋە توغرا نىيەت تەلەپ قىلىنىدۇ. سەدىقىنى ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈش كېرەك.

5. پۇل-مالغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارغا بېرىلگەن سەدىقە ۋە ياردەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى ۋە مۇكاپاتى ھەر خىل بولىدۇ. ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىستا قالغان كىشىگە قىلىنغان جىددىي ياردەمنىڭ ساۋابى ناھايىتى چوڭ، مۇكاپاتى كاتتا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَمَنْ فَرَّجَ عَنْ مُسْلِمٍ كُرْبَةً ، فَرَّجَ اللَّهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرُبَاتِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ» يەنى «كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ قويىدىكەن،

[1] «المغني لإبن قدامة» 4- توم، 106- بەت.

ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىرىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

6. قاتتىق پېقىرلىقتا بولسىمۇ كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىمەيدىغان نومۇسچان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قەدىر-قىممىتى يۇقىرىدۇر. ياردەمنى شۇنداقلارغا قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

7. سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەمنىڭ بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋاقتى ۋە مىقدارى بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قايسى ۋاقىتتا ۋە قانچىلىك بەرسە بولىدۇ. ئەمما زاكات يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ.

## ◄ جازانە ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان خەتىرى

﴿ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ ٱلَّذِي يَتَخَبَّطُهُ
ٱلشَّيۡطَٰنُ مِنَ ٱلۡمَسِّۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ وَأَحَلَّ
ٱللَّهُ ٱلۡبَيۡعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْۚ فَمَن جَآءَهُۥ مَوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ
فَلَهُۥ مَا سَلَفَ وَأَمۡرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَنۡ عَادَ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ
هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧٥﴾ يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ
لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ
عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٢٧٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

275-جازانە يېگەنلەر (ئاخىرەتتە قەبرىلىرىدىن) پەقەت جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەكلا قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ھارامنى ھالال ساناپ): «سودا-سېتىق پەقەت جازانىگە ئوخشاشتۇر (يەنى جازانىدا زىيادە ئېلىش بولغاندەك سودا-سېتىقتىمۇ زىيادە ئېلىش بار)» دېدى. ئاللاھ سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى. كىمكى رەببى تەرىپىدىن

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 128-بەت، 2442-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 1996-بەت، 2580-ھەدىس.

ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن، جازانە قىلىشتىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ. كىمكى (جازانىخورلۇققا) قايتىدىكەن، مۇنداقلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

276-ئاللاھ جازانىنى(بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مالنى) تۈزۈتۈۋېتىدۇ، سەدىقىنى(ئۆستۈرۈپ، پايدىسىنى) زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ (جازانىنى ھالال سانايدىغان) ھەرقانداق كاپىر گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

ئاللاھ ھەرقانداق تۈزكور گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

277-ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا تولۇق مۇكاپات بار. ئۇلارغا ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، جازانە (ئۆسۈم) يېيىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر جازانىخورلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق كەلگەن كۆپلىگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، جازانە مۇئامىلىسى قىلغانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە قەبرىلىرىدىن خۇددى جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەكلا قوپىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان جازانە مۇئامىلىسىنى ھالال سانايدىغان، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان جازانىنى يەيدىغان، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى بەدەلسىز يېۋالىدىغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا پۇلغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار شەخسىيەتچىلىكنى ۋە نەپسى خاھىشىنى ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەملەر بولۇپ، نەپسى شەيتان ئۇلارنى شۇنداق خارلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلار نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەقلىدىن ئازىدۇ، ئىمان-ئىنساپتىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە مۇئامىلىسى خۇددى جىن چاپلىشىۋالغان ساراڭلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىتىلغان.

بىز دەيمىزكى، ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلىدىغان جازانىخورلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە قەبرىلىرىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەكلا قوپىدىغانلىقى بەرھەقتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى

تۇپەيلىدىن هارامنى هالال سانىغانلىقى ئۈچۈن خۇددى جىن چېپىلىپ قالغان ئادەمدەك ياششى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئىككى خىل تەپسىرنى بىرلەشتۈرگەن بولىمىز. دېمەك، ئۆسۈم يېگۈچىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى بەدەلسىز يېۋالغۇچىلار بۇ دۇنيادا نەپسى شەيتاننىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشىغىنىدەك قىيامەت كۈنىدە قەبرىلىرىدىن خۇددى جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭلاردەك ئەس-هوشىنى يوقاتقان، قورقۇنچتىن ۋارقىرىغان هالدا قوپىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ هارام قىلغان ئۆسۈمنى يېگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى سودا-سېتىقا ئوخشاش هالال سانىغۇچىلاردۇر. ئۆسۈم بەدەلسىز كەلگەنلىكى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى قەتئىي هارام قىلىپ چەكلىۋەتكەن نەرسىدۇر.

ئاللاھ تائالا هارام قىلغاننى هالال سانىغان ۋە ئاللاھ تائالا هالال قىلغاننى هارام قىلىۋالغانلارنىڭ جازاسى يېنىپ تۇرغان دەھشەتلىك دوزاخ ئوتى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سودا-سېتىقنى هالال قىلدى ۋە جازانىنى هارام قىلدى. جازانە سودا سېتىقا هەرگىز ئوخشىمايدۇ. جازانىدىكى بەدەلسىز ئۆسۈم سەۋەبلىك جازانە هارام قىلىنغان. ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرسە، ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىش ۋە ئېلىش قەتئىي هارامدۇر. بۇنىڭدا ئۆسۈمنى ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ئىككىلىسى گۇناهكار بولىدۇ. ئۆسۈمنىڭ هاراملىقى ۋە ئۇنى يېگەنىنىڭ گۇناهىنىڭ ناهايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق نازىل بولغان ئايەتلەر، كەلگەن هەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

ئۆسۈمنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى گۇناهىغا تەۋبە قىلىپ، ئۆسۈمدىن قول ئۈزگەن ئادەمنىڭ ئىلگىرى ئالغان ئۆسۈملىرى قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەممىي تەۋبە قىلغان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۆسۈمنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئوچۇق ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۆسۈمنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قول ئۈزەلمىگەنلەر يەنى ئۇنى سودا-سېتىق قاتارىدا كۆرۈپ جازانە قىلغۇچىلار هەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان گۇناهكار ئادەملەردۇر. بىراق جازانىنى هالال ساناپ قىلغۇچىلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا هارام قىلغان نەرسىنى هالال ساناپ، ئۇنى هالال ئورنىدا ئىستېمال قىلغان

ئادەم كاپىر بولىدۇ، كاپىرلار ئاخىرەتتە دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بىلەن جازالىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئادالىتى بويىچە، جازانىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، پايدىسىنى يوق قىلىۋېتىدۇ، جازانىگە ئارىلىشىپ قالغان پۇل-مالنى تۈزۈتۈۋېتىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن سەدىقە قىلغۇچىلارنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى كۆپ قىلىدۇ، ئىلكىدىكى پۇل-مالنىڭ بەرىكىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

كۆرۈۋاتىمىزكى، جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلغانلار ۋاقىتلىق بېيىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەممىدىن ئايرىلىپ پېقىرلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ قاتمۇقات قەرز تۈپەيلى ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى زامانىمىزدىكى رەھىمسىز ئۆسۈمنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پالاكىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالا زاكات ۋە سەدىقىنىڭ ئورنىنى ئۆزى تولدۇرۇپ بېرىپ، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغۇچىلارنى ئۆز پەزلى ۋە بەرىكىتى بىلەن قورشايدۇ، ئۇلارنى باي قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا نَقَصَ مَالُ عَبْدٍ مِنْ صَدَقَةٍ» يەنى «زاكات بېرىش بىلەن ھېچكىمنىڭ پۇل-مېلى كېمىيىپ كەتمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر كىشىلەردۇر.

گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى بايان قىلغاندىن كېيىن، ياخشىلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلىش «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، نامازنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە مۇكەممەل ئادا قىلغان ۋە زاكاتنى تولۇق بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ ياكى غەم-قايغۇ بولمايدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغان ۋە ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەن ھالدا، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولغۇچىلاردۇر.

---

[1] «سنن الترمذي» 4- توم، 562-بەت، 2325- ھەدىس.

## ◄ ئۆسۈمنى هارام قىلىشتىكى ھېكمەت

ئىسلام دىنى – مۇھەببەت، شەپقەت، كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش، بىر– بىرىگە ياردەم قىلىش، ياخشىلىق قىلىش دىنىدۇر. ئاللاھ يولىدىكى دىنني قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانىي باراۋەرلىك ۋاپىغا يەتكەن دىن مۇشۇ ئىسلام دىنىدۇر. بۇ دىن ئادىمگەرچىلىكنى قانۇن قىلغان، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت، ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان يېگانە دىندۇر. شۇڭا كۈچلۈكنىڭ ئاجىزنى يۈلۈشىنى، باينىڭ پېقىرغا ياردەم قىلىشىنى ئىبادەت قاتارىدىن سانىدى. جازانىخورلۇقنى، ئۆسۈم مۇئامىلىسىنى، كىشىلەرگە ئازار بېرىشىنى ۋە كىشىلەرنىڭ موھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئېزىشىنى ۋە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشنى قەتئىي چەكلىدى.

ئاللاھ تائالا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى مال باھاسىنى بېكىتىش ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئېزىش ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق قىلغاندا بايلىق بىر ئۈچۈم كىشىلەرنىڭلا قولىدا توپلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن جەمئىيەتكە ۋە پۇقرالارغا كېلىدىغان زىيان مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانىنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الذَّهَبُ بِالذَّهَبِ ، وَالْفِضَّةُ بِالْفِضَّةِ ، وَالْبُرُّ بِالْبُرِّ ، وَالشَّعِيرُ بِالشَّعِيرِ ، وَالتَّمْرُ بِالتَّمْرِ ، وَالْمِلْحُ بِالْمِلْحِ ، مِثْلًا بِمِثْلٍ ، يَدًا بِيَدٍ ، فَمَنْ زَادَ ، أَوِ اسْتَزَادَ ، فَقَدْ أَرْبَى ، الْآخِذُ وَالْمُعْطِي فِيهِ سَوَاءٌ» يەنى «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ئوخشاش مىقداردا نەقمۇنەق ئالماشتۇرسا بولىدۇ. كىمكى زىيادە قىلىۋالىدىكەن ياكى ئارتۇقنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ جازانە قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ئىككىلىسى ئوخشاشلا گۇناھكار بولىدۇ»[1]. يەنە بىر ھەدىستە: «فَإِذَا اخْتَلَفَتْ هَذِهِ الْأَصْنَافُ ، فَبِيعُوا كَيْفَ شِئْتُمْ ، إِذَا كَانَ يَدًا بِيَدٍ» يەنى «ساتىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش بولمىغاندا، ئۇلارنى خالىغانچە سېتىڭلار، ئەمما نەقمۇنەق بولسۇن»[2] دېگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەردە ئۆسۈم بىلەن

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1211-بەت، 1588-ھەدىس.
[2] «صحيح مسلم» 3-توم، 1211-بەت، 1587-ھەدىس.

مۇئامىلە قىلىش ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادىمگەرچىلىكنى يوق قىلىۋېتىپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى يېقىنلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، كۆڭۈللەردە كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنىڭ ئوتلىرىنى ياندۇرىدۇ، ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە ئاچ قالغان بۆرىلەردەك مۇئامىلە قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەركىم پۇرسەتپەرەسلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، ئۆزىنىڭ دىنىي ياكى ئىنسانىي قېرىندىشى ئۈچۈن تۇزاق قۇرىدىغان، ھىيلە ئىشلىتىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. شەكسىزكى، بۇ چوڭ ھالاكەتتۇر.

سىز باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى يولسىزلىق قىلىپ ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋېلىشنى قانداقمۇ راۋا كۆرىسىز؟ بۇ ئۇچىغا چىققان زۇلۇم ئەمەسمۇ؟ جازانىخورلۇق ئومۇملاشقان مىللەتتە پېقىرلىق ئومۇملىشىدۇ، ھەر خىل ئاپەتلەر ۋە زىيان-زەخمەتلەر ئەگىشىپ كېلىدۇ. جازانىخورلۇق ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئەمما باشقا مىللەتلەر بىلەن شۇنداق قىلىشنى جائىز سانايدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دىنى، ئىرقى، رەڭگى، تىلى ۋە مىللىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھارام قىلغاننى ھالال سانىغانلار مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كەتكەنلەردۇر. نەتىجىدە، جازانىنى سودا-سېتىققا ئوخشاش ھالال سانىغان ۋە ئۆسۈمنى يوللۇق سانىغانلار مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدۇ.

2. ئۆسۈم يېگەنلىكنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۆسۈم يېگۈچىلەر قىيامەت كۈنىدە ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قوپىدۇ. جازانە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، قەرز بېرىلگەن پۇل-مالنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلىق ۋە تاپشۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتقانلىق سەۋەبلىك قەرز پۇلغا قوشۇلىدىغان بەدەلسىز پۇلدۇر. ئىككىنچىسى، قەرز بەرگەن ۋاقىتتا ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇشقا كېلىشكەن بەدەلسىز پۇلدۇر. جازانىنىڭ ھەر ئىككى تۈرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەسكىن ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر.

3. بىلمەستىن جازانە قىلغان بولسىمۇ، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتقان ئادەمنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

4. ئاللاھ يولىدا قىلىنغان خەير-ساخاۋەتنىڭ بەرىكىتى ۋە ساۋابى كۆپتۇر. ئۆسۈمنىڭ پايدىسى يوقىلىدۇ، بەرىكىتى بولمايدۇ، ئۆسۈم ئارىلىشىپ قالغان پۇل-مال تۈزۈپ كېتىدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئادەمنىڭ ئىشى ئالغا باسمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن قىلغان ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

### ◄ جازانە توغرۇلۇق بەزى ھۆكۈملەر

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم
مُّؤۡمِنِينَ ٢٧٨ فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ فَأۡذَنُواْ بِحَرۡبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن
تُبۡتُمۡ فَلَكُمۡ رُءُوسُ أَمۡوَٰلِكُمۡ لَا تَظۡلِمُونَ وَلَا تُظۡلَمُونَ ٢٧٩ وَإِن
كَانَ ذُو عُسۡرَةٖ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيۡسَرَةٖۚ وَأَن تَصَدَّقُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن
كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٢٨٠ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ
نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٢٨١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

278-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر (ھەقىقىي) مۆئمىن بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدا) قېلىپ قالغان جازانىنى ئالماڭلار.

279-ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ (جازا-نىخورلارغا قارشى) ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭلار. ئەگەر (جازانىدىن قول يىغىپ) تەۋبە قىلساڭلار، سەرمايەڭلار سىلەر ئۇۋال قىلمىغان ۋە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ.

280-ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە مۆھلەت بېرىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، (ئۇ قەرزنى ئۇنىڭدىن) كەچۈرۈۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.

281-سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان، ئاندىن ھەركىم قىلغان

ياخشى-يامان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى (قىلچە) ئۈۋۈلچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا تولۇق كۆرىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، جازانىخورلۇق قىلىشنىڭ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىنى، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلارنى تەقۋالىققا، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ ۋە جازانىدىن قېلىپ قالغان مۇئامىلىلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىن قەتئىي قول ئۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئىماننىڭ تەلىپى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن دەرھال يېنىشتۇر.

## تەپسىرى

ئى ئۆزىنى مۇئمىن، مۇسۇلمان دەپ بىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىمانىمىز بار دەپ يۈرىدىغان كىشىلەر! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ غەزىپىگە، جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار، ئەگەر سىلەر راستتىنلا ھەقىقىي مۇئمىن بولىدىغان بولساڭلار، جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ۋاز كېچىڭلار، جازانە قىلىشتىن قول ئۈزۈپ ئاللاھ تائالاغا سەممىمىي تەۋبە قىلىڭلار، تەۋبە قىلغانلىقىڭلارنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ زىممىسىدا قېلىپ قالغان جازانىنى ئالماڭلار. بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر.

زادى ئاللاھ تائالاغا ئىمانىم بار دېگەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى قەتئىي تاشلىشى شەرتتۇر. جازانىنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە جازانىنى تەرك ئەتمىگۈچىلەرنى ئاللاھ تائالا قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغان ۋە بۇنداقلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئاللاھ تائالا بۇرۇن جازانە مۇئامىلىسى قىلغانلارنىڭ بۇ پالاكەتتىن

قانداق قۇتۇلۇشى ۋە قانداق يوسۇندا تەۋبە قىلىپ، توغرا يولغا قايتىشى كېرەكلىكى ھەققىدە شۇنداق تەلىم بېرىدۇكى، ئەگەر سىلەر بۇرۇن قىلغان جازانە مۇئامىلىلىرىڭلارغا خاتىمە بېرىپ، سەممىمي تەۋبە قىلساڭلار، سىلەرنىڭ باشقىلارغا قەرز بەرگەن سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتۇرۇلىدۇ، سەرمايەڭلارنى كېمەيتىپ سىلەرگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، سىلەرمۇ قەرز ئالغان كىشىلەردىن ئۆسۈم ئالمىغىن دەپ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلمايسىلەر، ئۆسۈمنى كەچۈرۈم قىلىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن سىلەرمۇ، ئۇلارمۇ زىيانغا ئۇچرىمىغان بولىسىلەر. سىلەردىن قەرز ئالغانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، دەماللىققا سىلەرگە سەرمايەڭلارنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىغان شارائىتتا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغۇچىلىك كۈتۈڭلار. ئەگەر خالىساڭلار ئۇلاردىكى قەرزىڭلارنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ۋاز كەچسەڭلار، يەنى ئۇ قەرزنى ئالمىساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تېخىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ بۇرۇن جازانە قىلغانلىقىڭلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ پاكلايدۇ، پۇل-مېلىڭلارنىمۇ ئۆسۈمنىڭ كىرلىرىدىن پاكلايدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، بەندىلىرىنى قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ كۈندىكى ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار مۇكاپاتىنى تولۇق ئالغاندەك، يامان ئىش قىلغانلار، ئۆسۈم يېگەنلەر، ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللانغانلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تولۇق كۆرىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر بۇ دۇنيانىڭ بارچە لەززەتلىرى، مەنپەئەتلىرى، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرى ۋە بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا تۇپلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلاركى، بۇ كۈندە ھەركىمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان پۈتۈن ئەمەللىرى ئادالەت تارازىسىغا قويۇلىدۇ، ئۇ كۈندە ھېچكىمنىڭ ساۋابى ئازايتىلمايدۇ ياكى گۇناھى كۆپەيتىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٢٨١﴾ دېگەن ئايەتنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت دەپ قارايدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ.

2. ھارامدىن قول ئۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

3. جازانە ئىشلىرىدىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار كىشىلەردە قالغان ئۆسۈملىرىنى ئالمىسا، ئەگەر خالىسا قەرزلىرىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى ھارام مۇئامىلىلىرىنىڭ گۇناھىدىن پاكلىنىدۇ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە پۇل-ماللىرى ھارامدىن تازىلانغان بولىدۇ.

4. ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلىق كۆرۈش زۆرۈردۇر.

### قەرز ۋە نېسى مۇئامىلىنىڭ بايانى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى فَٱكْتُبُوهُۚ
وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌۢ بِٱلْعَدْلِۚ وَلَا يَأْبَ كَاتِبٌ أَن يَكْتُبَ كَمَا
عَلَّمَهُ ٱللَّهُۚ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ ٱلَّذِى عَلَيْهِ ٱلْحَقُّ وَلْيَتَّقِ ٱللَّهَ
رَبَّهُۥ وَلَا يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْـًٔاۚ فَإِن كَانَ ٱلَّذِى عَلَيْهِ ٱلْحَقُّ سَفِيهًا
أَوْ ضَعِيفًا أَوْ لَا يَسْتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُۥ بِٱلْعَدْلِۚ
وَٱسْتَشْهِدُواْ شَهِيدَيْنِ مِن رِّجَالِكُمْۖ فَإِن لَّمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ
فَرَجُلٌ وَٱمْرَأَتَانِ مِمَّن تَرْضَوْنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحْدَىٰهُمَا
فَتُذَكِّرَ إِحْدَىٰهُمَا ٱلْأُخْرَىٰۚ وَلَا يَأْبَ ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْۚ وَلَا
تَسْـَٔمُوٓاْ أَن تَكْتُبُوهُ صَغِيرًا أَوْ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦۚ ذَٰلِكُمْ أَقْسَطُ
عِندَ ٱللَّهِ وَأَقْوَمُ لِلشَّهَـٰدَةِ وَأَدْنَىٰٓ أَلَّا تَرْتَابُوٓاْ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَـٰرَةً
حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلَّا تَكْتُبُوهَاۗ
وَأَشْهِدُوٓاْ إِذَا تَبَايَعْتُمْۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٌ وَلَا شَهِيدٌۚ وَإِن تَفْعَلُواْ

فَإِنَّهُۥ فُسُوقُۢ بِكُمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٨٢﴾

### تەرجىمىسى

282-ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز مۇئامىلىسى (ياكى نېسى سودا) قىلىشساڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى بىر پۈتۈكچى ئۇنى ئادىللىق بىلەن يازسۇن، پۈتۈكچى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك يېزىپ بېرىشنى رەت قىلماي، (ھەممىنى ئەينەن) يازسۇن، قەرزدار ئادەم (ئەينەن) ئېيتىپ بەرسۇن، رەببى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم گالۋاڭ ياكى كەم ئەقىل ۋەياكى ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋالدا بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن (ئېيتىپ بېرىپ) يازدۇرسۇن، سىلەر ئاراڭلاردىكى ئىككى ئەر كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىققا چاقىرىلغان ۋاقتىدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، گۇۋاھلىق ئۈچۈن ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر ۋە گۇمانلىنىپ قالماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن، ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار، ئېنىقكى، بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققىنىڭلار دېمەكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى شۇنداق) ئۆگىتىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى زاكات پەرزىنى ۋە سەدىقىدىن ئىبارەت ئىختىيارىي خەير-ساخاۋەتنى ئورۇنداشقا بۇيرۇغان ۋە

جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى قەتئىي تۈردە هارام قىلغاندىن كېيىن، «قەرز ئايىتى» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇزۇن ئايەت ئارقىلىق پۇل-مالنى قانداق مۇهاپىزەت قىلىش، ئىلىم-سېتىم ۋە ئۆزئارا قەرز بېرىشىش ئىشلىرىنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇشقا تاللانغان ئەڭ ئىلغار دىن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرى ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات - ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان زاكات، سەدىقە، خەير-ساخاۋەت ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشتە مېھىر- شەپقەت، كۆيۈمچانلىق، ھېسداشلىق ۋايىغا يەتكەن بولسا، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان جازانىخورلۇقتا شەپقەتسىزلىك، رەھىمسىزلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، ئادالەتسىزلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر ئورۇن ئالغان. ئىلىم-سېتىم مەسىلىلىرىدىكى ئىسلام كۆرسەتمىلىرىمۇ ئادالەتتە ۋە توغرۇلۇقتا ۋايىغا يەتكەن.

ئىنسانلار بىر-بىرىگە پۇل-مال قەرز بېرىشىش، ئىلىم-سېتىم ۋە باشقا پۇل-مال بىلەن قىلىنىدىغان بارلىق مۇئامىلە ئىشلىرىدا راستچىل، ئادالەتلىك بولغان، ئىككى مۇسۇلمان ئەر كىشىنى، ئەگەر ئادالەتلىك، راستچىل ئىككى مۇسۇلمان ئەر كىشى تېپىلمىسا، دىيانىتىگە، ئادالىتىگە ئىشىنىلىدىغان بىر ئەر كىشى بىلەن ئىككى ئايال كىشىنى گۇۋاھلىققا چاقىرىشقا ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى خەت بىلەن ھۆججەت قىلىپ يازدۇرۇپ قالدۇرۇشقا ئەمر قىلىنغان. قەرز مۇئامىلىلىرىنىڭ مىقدارى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىش ۋە خەت بىلەن ئېنىق يېزىپ ھۆججەت قىلىپ قالدۇرۇش تولىمۇ ياخشى ۋە زۆرۈر ئىشتۇر. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا گۇۋاھچىلارنى ئۆزلىرى گۇۋاھ بولغان ئىشلارنى يوشۇرماسلىققا بۇيرۇيدۇ. نەق مەيداندا ئېلىپ بېرىلغان سودا ئىشلىرىدا، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى مال بىلەن پۇلنى شۇ ئورۇندا بىر-بىرىگە نەق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۇنى يېزىپ قالدۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا پۇل-مال مۇئامىلىلىرىدە، قەرز بېرىشىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىپ گۇۋاھ قىلىش ۋە خەت بىلەن يېزىپ ھۆججەت قىلىپ قالدۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى پۇل-مالنى كۆپەيتىشكە تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئۆستۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، يولسىزلىق قىلىشقا، جازانە قىلىشقا يول قويمايدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار قائىدە، پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان كىشى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. قەرز مۇئامىلىلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىشتىن مەقسەتمۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى، ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە يولسىزلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

قەرز ھۆججىتىنى يازغۇچىنىڭمۇ راستچىللىق بىلەن ئىشنىڭ ئۆز ئەينىنى يېزىشى، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بىرىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەق ئىگىسى ئېغى بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدە ياكى ئەقىل-ھوشى جايىدا بولمىغان ۋەياكى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئۆزىنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىنى بېجىرەلمەيدىغان بىرى بولسا، ئۇنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ۋەكىل بېجىرىدۇ. ۋەكىل ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ مۇئامىلە ئىشلىرىنى ھەققانىي يوسۇندا ئورۇندايدۇ. پۈتۈكچىمۇ ھەق ئىگىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى كەم-زىيادە قىلماي ئەينەن يېزىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلمىسا، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

«قەرز مۇئامىلىسى ھەققىدە دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى مۇنداق:

قەرزنى قايتۇرىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەش، يەنى يىل، ئاي ۋە كۈننى ئېنىق بەلگىلەپ يېزىش.

قەرز ھۆججىتىنى يازىدىغان ئادەم قەرزداردىن باشقا بىرى بولسا، قەرزدار ھۆججەتكە يازىدىغان گەپلەرنى دەپ بېرىدۇ.

قەرزدار كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى قەرز ھۆججىتىگە يازىدىغان گەپلەرنى دەپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ۋەلىيسى (ئىشىغا ئىگىدار-چىلىق قىلىدىغان بىرى) يازدۇ.

قەرزگە گۇۋاھ قالدۇرۇش، يەنى ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر، ئىككى ئايالنىڭ قەرزگە گۇۋاھ بولۇشى.

قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرزداردىن قەرزنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قەرزداردىن رەنە (گۆرۈ) تەلەپ قىلىش ھەققى بار. قەرزنىڭ ۋاقتى كەلگەندە قەرزدار قەرزنى قايتۇرمىسا، قەرز بەرگۈچى قەرزدار رەنىگە قويغان نەرسىنى سېتىپ، ئۆزىنىڭ قەرز بەرگەن پۇلىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، سېتىلغان رەنىنىڭ پۇلىدىن ئېشىپ قالسا، ئۇنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

قەرز مۇئامىلىسىدە يازما ھۆججەت توختىتىش پەرزمۇ؟

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي قاتارلىق بەزى مۇپەسسىرلەر قەرز مۇئامىلىسىدە ۋە باشقا سودا ئىشلىرىدا يازما ھۆججەت توختىتىش پەرزدۇر[1] دەپ قارايدۇ. ئەمما ئەللامە قۇرتۇبىي قاتارلىق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ھۆججەت توختىتىش مۇستەھەبتۇر[2] دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئايەتتىكى كۆرسەتمە پەرزنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭا قەرز ھۆججىتىنى يازمىسىمۇ، گۇۋاھ قىلدۇرمىسىمۇ ۋە رەنە ئالمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: ﴿فَإِنۡ أَمِنَ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا فَلۡيُؤَدِّ ٱلَّذِي ٱؤۡتُمِنَ أَمَٰنَتَهُۥ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥۗ وَلَا تَكۡتُمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَۚ وَمَن يَكۡتُمۡهَا فَإِنَّهُۥٓ ءَاثِمٞ قَلۡبُهُۥۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ﴾ يەنى ﴿ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا ئىشىنىپ (ھۆججەت ياكى رەنە تەلەپ قىلماي) قەرز بەرگەن بولساڭلار، ئۇ چاغدا قەرز ئالغۇچى ئادەم ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرسۇن، رەببى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن﴾[3]. ھۆججەت يازماي ياكى گۇۋاھ قىلدۇرماي ۋەياكى رەنە ئالماي قەرز بەرگەندە، تەقۋالىق ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۇستىدە قەرز بار كىشىنى تەقۋالىققا، رەببىدىن قورقۇشقا ۋە ئامانەتنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان»[4].

بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا ئىش شۇكى، ئۆي-ئىمارەت، دۇكان قاتارلىق سودىلاردا يازما ھۆججەت توختىتىش پەرزدۇر، يەنە بەزى ئىشلاردا يازما ھۆججەت توختىتىش مۇستەھەب بولىدۇ[5].

---

[1] «تفسير الطبري» 6- توم، 54- بەت.

[2] «تفسير القرطبي» - توم، 348- بەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى: 283- ئايەت.

[4] «ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد پەتىۋالىرى» 13180- نومۇرلۇق پەتىۋا.

[5] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 1-توم، 276- بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزئارا قەرز بېرىشىشتە، ئۇنىڭغا مۇسۇلمان، ئىشەنچلىك ۋە دىيانەتلىك گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىپ گۇۋاھ قىلدۇرۇش ۋە يازما ھۆججەت قالدۇرۇش ھەق-ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ۋە قەرز بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقماسلىقى ئۈچۈن ياخشىدۇر.

2. پۇل-مال مۇئامىلىلىرىنى يېزىشقا تەكلىپ قىلىنغان پۈتۈكچىنىڭ ئادالەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولغىنىنىڭ سىرتىدا، يېزىش ئىشلىرىغا ماھىر ۋە ھوشيار بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. يېزىشنى بىلىشىنىڭ ئۆزى بىر كاتتا نېمەت ۋە ئامانەتتۇر. پۈتۈكچى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىشى ۋە پۈتۈكچىلىكنىڭ راستچىل بولۇش، كىشىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ۋە ھەققانىي بولۇش قاتارلىق ئامانىتىگە ۋاپا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. گۇۋاھلىق ئىشىدا ئىككى ئەر گۇۋاھچى تېپىلمىسا، بىر ئەر، ئىككى ئايال گۇۋاھ بولسا بولىدۇ.

4. مەيلى تەكلىپ قىلىنسۇن ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە كەلسۇن، ئادالەتلىك بولۇپ، توغرا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولغىنىدەك، پۇلغا سېتىلىپ ياكى بىراۋدىن قورقۇپ ۋەياكى يېقىنلىرىغا يان بېسىپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. شۇنداقلا، گۇۋاھلىق بەرگەندە بىلگەن ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھىمۇ ئالاھىدە ئېغىردۇر. بۇ گۇناھ كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق گۇناھنى سادىر قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ھەق ئىگىلىرى كەچۈرمىگۈچە ئاللاھ تائالا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

5. گۇۋاھچىلار ياكى پۈتۈكچى گۇۋاھلىق بېرىشنى ياكى يېزىشنى خالىمىسا، ئۇلارنى زورلاشقا ياكى ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ.

6. نەق مەيداندا، نەق پۇل بىلەن قىلىشقان ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا ھۆججەت توختىتىش ھاجەتسىزدۇر. مەسىلەن: بازاردىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالغانغا ئوخشاش.

### ◄ گۆرۈ قويۇشنىڭ جائىزلىقى

﴿وَإِن كُنتُمۡ عَلَىٰ سَفَرٖ وَلَمۡ تَجِدُواْ كَاتِبٗا فَرِهَٰنٞ مَّقۡبُوضَةٞۖ فَإِنۡ أَمِنَ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا فَلۡيُؤَدِّ ٱلَّذِي ٱؤۡتُمِنَ أَمَٰنَتَهُۥ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥۗ وَلَا تَكۡتُمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَۚ وَمَن يَكۡتُمۡهَا فَإِنَّهُۥٓ ءَاثِمٞ قَلۡبُهُۥۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ ٢٨٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

283-ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەم تاپال-مىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز بەرگۈچىگە) بىرەر نەرسىنى رەنىگە تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا ئىشىنىپ (هۆججەت ياكى رەنە تەلەپ قىلماي) قەرز بەرگەن بولساڭلار، ئۇ چاغدا قەرز ئالغۇچى ئادەم ئۇنى ئېگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرسۇن، رەببى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ دىلى گۇناھكاردۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىمۇ مۇسۇلمانلارغا پۇل-مال مۇئامىلىلىرىنى قانداق قىلغاندا توغرا ۋە ئاقىۋەتتە خەيرلىك هالدا ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەلىم بېرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ئۆتكەن قەرز ئايىتىدە، مۇسۇلمانلارغا ئۆزئارا قەرز بېرىشكەندە، نېسى سودا قىلىشقاندا ۋە هەرقانداق بىر ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا گۇۋاهچىلارنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە ئېنىق يازما هۆججەت قىلىپ يازدۇرۇپ قالدۇرۇش هەققىدە تەلىم بەرگەن بولسا، بۇ ئايەتتە، سەپەر ئۈستىدە بولغانلىق سەۋەبلىك ئېلىم-بېرىم مۇئامىلىسىنى خەت بىلەن يېزىپ بېرىدىغان پۈتۈكچى تېپىلمىغان ياكى يېزىقچىلىق قوراللىرىدىن قەلەم-قەغەز تېپىلمىغان شارائىتلاردا، قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز بەرگۈچىگە بىرەر نەرسىنى رەنىگە تاپشۇرۇشى (گۆرۈ قويۇشى) ئارقىلىق قەرز مۇئامىلىسىنى بېجىرىشنىڭ جائىزلىقىنى بايان قىلىدۇ. رەنىگە تاپشۇرۇلغان نەرسە يېزىلغان ۋەسىقە ئورنىدا تۇرىدۇ. قەرز ئالغۇچى ئالغان قەرزنى ئېگىسىگە تاپشۇرغاندىن

كېيىن تاپشۇرغان رەنىسىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەگەر قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن رەنە ياكى ھۆججەت تەلەپ قىلماي قەرز بەرگەن بولسا، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئالغان بۇ قەرزنى توختىتىلغان مۇددەت ئىچىدە ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بولۇشى كېرەك. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مۇئمىنلىكنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولغان بىر ئېسىل سۈپەت بولغىنىدەك، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان بىر رەزىللىكتۇر. قەرز تەلەپ قىلغۇچىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ھۆججەت ياكى رەنە تەلەپ قىلماي، ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماستىن ۋە ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماستىن، قەرزنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىش مۇئمىنلىكنىڭ ئالامىتى بولغىنىدەك، كىشىلەرنىڭ ئىشەنـ-چىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىشمۇ، ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشمۇ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ياكى يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئەڭ ئېغىر ۋە چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئايەتتە، گۇۋاھلىقنى يوشۇرغانلارنىڭ «دىلى گۇناھكار بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. چۈنكى، دىل (يەنى قەلب) بەدەننىڭ ھاكىمىدۇر. كىشىنىڭ قەلبى تۈزۈلسە، ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىمۇ تۈزۈلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَلاَ وَإِنَّ فِي الجَسَدِ مُضْغَةً: إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الجَسَدُ كُلُّهُ ، وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الجَسَدُ كُلُّهُ ، أَلاَ وَهِيَ القَلْبُ» يەنى «بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزۈلسە بەدەننىڭ ھەممىسى تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ قەلبتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راستچىل بولۇش ۋە ئامانەتنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا ئوخشىغان ئىجابىي ئىشلارنى ۋە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش، يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشكە ئوخشىغان سەلبىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتتە شۇنىڭغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 20-بەت، 52-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1219-بەت، 1599-ھەدىس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سەپەر ئۈستىدە قەرز مۇئامىلىسى قىلىشتا، يازما ھۆججەت قالدۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرز ئالغۇچىدىن رەنە ئېلىش ھەققى بار. سەپەر ئۈستىدە بولمىغان ۋاقىتلاردىمۇ رەنە قويۇش جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چاغدا ئۇنىڭ تۆمۈر كىيىمى بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا رەنىدە ئىدى.

2. قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز ئالغۇچى ئىككىسى تونۇشلاردىن بولۇپ، بىر-بىرىگە ئىشەنسە، رەنە تەلەپ قىلماستىن قەرز مۇئامىلىسىنى يۈرگۈزسىمۇ بولىدۇ. بۇ چاغدا، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى ۋە ئامانەتنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. گۇۋاھلىق بەرگەندە ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ يالغان سۆزلەش ياكى يالغان ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئەڭ ئېغىر ۋە ھالاكەتلىك گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

## ◄ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئىلمىنىڭ كەڭلىكى

﴿لِّلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۗ وَإِن تُبْدُواْ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ ٱللَّهُۖ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٨٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

284-ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى جازالايدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭدۇر، مەيلى يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى باشقۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بىلىش جەھەتتىن بولسۇن، كائىناتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ

تائالاغا خاستۇر ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، يارىتىدۇ، يوق قىلىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۈلۈكىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئوي-پىكىرلىرىنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ نىيەت ئىقبالىغا ۋە ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە قاراپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇكاپات ياكى جازا تەييارلايدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى تەۋبە قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق يامانلىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا مۇيەسسەر قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. خالىغان ئادەمنى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلمىغانلىقى، ھەقىقەتكە قايتمىغانلىقى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي بايان قىلىدۇكى، ﴿وَإِن تُبۡدُواْ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ أَوۡ تُخۡفُوهُ يُحَاسِبۡكُم بِهِ ٱللَّهُۖ﴾ يەنى ﴿دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا ساھابىلەرنى قاتتىق غەم-قايغۇ باسىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە جىھاد قىلىشتەك بىز قىلالايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلغان ئىدۇق، ئەمدى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان بۇ ئايەتكە تاقىتىمىز يەتمەيدۇ» دېيىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ﴿سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا﴾ يەنى ﴿(سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، بويسۇنمىدۇق﴾[1] دېمەكچىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار، بەلكى ﴿سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ٢٨٥﴾ يەنى ﴿بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق. ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾[2] دەڭلار» دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق دەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرى تېخىمۇ يۇمشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاللاھ تائالا ﴿ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن

[1] نىسا سۈرىسى: 46-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 285-ئايەت.

رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)گە ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «بىز (ئىمان ئېيتىشتا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدۇ. ئاندىن ﴿دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ﴿لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ...﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ مۇكاپاتى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدۇ[1].

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىنساننىڭ قەلبىگە كىرىپ تۇرىدىغان ھەر خىل يامان خىيال ۋە ئوي-پىكىرلەر سەۋەبلىك ئىنسان گۇناھكار بولمايدۇ، نەتىجىدە، جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. پەقەت شۇ يامان خىيال ۋە يامان ئوي-پىكىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىشتىن بۇرۇن، بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭلاردىن ئۆزۈڭلار ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۆز پەزل-مەرھەمىتى بىلەن، بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان كىشىگە بىر ساۋاب، ئەگەر ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئون ساۋاب بېرىشكە ۋەدە قىلغان. ئەمما بىراۋ بىرەر گۇناھ ئىشنى سادىر قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا، ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. بەلكى شۇ ئويلىغان يامانلىقنى قىلمىغىنى ئۈچۈن بىر ساۋاب يېزىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەچكەن خاتا پىكىرلەر ۋە

[1] «تفسير القرطبي» 3- توم، 388- بەت.

يامان ئويلىرىدىن ھېساب ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ تَجَاوَزَ لِأُمَّتِي عَمَّا حَدَّثَتْ بِهِ أَنْفُسَهَا ، مَا لَمْ تَعْمَلْ ، أَوْ تَكَلَّمْ بِهِ» يەنى «ئاللاھ مېنىڭ ئۇممىتىمدىن كۆڭلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، قىلمىغان ياكى سۆزلىمىگەن يامانلىقنى كەچۈرۈم قىلغۇەتتى»[1].

2. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ ۋە بىراۋنىڭ ھەققىنى ناھەق يېۋالغانلىقنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ. باشقا گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى خالىغان كىشىدىن مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى تەۋبە قىلىپ قايتا ئىمان ئېيتمىغۇچە، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېۋالغانلىقنىڭ گۇناھىنى بولسا ھەق ئىگىسىنى رازى قىلمىغۇچە مەغپىرەت قىلمايدۇ.

### ◄ مۇئمىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ دۇئالىرى

﴿ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨٥﴾ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

285ـ بۇ پەيغەمبەر رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)گە ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى.

---

[1] «صحيح البخاري» 8ـتوم، 135ـبەت، 6664ـھەدىس، «صحيح مسلم» 1ـتوم، 116ـبەت، 127ـھەدىس.

ئۇلار: «بىز (ئىمان ئېيتىشتا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز» دېدى. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دېدى.

286ـ ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ مۇكاپاتى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. ئۇلار يەنە: «ئى رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇپ قالغان ياكى خاتالاشقان بولساق، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. ئى رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك (مەجبۇرىيەت) يۈكلىمىگىن. ئى رەببىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بەقەرە سۈرىسى ئالدى بىلەن«قۇرئان كەرىم»نى تونۇشتۇرغاندىن كېيىنلا، مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىپ، يەنە مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئا- مۇناجاتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيى- «قۇرئان كەرىم»گە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتتى، ئۇنىڭ بارچە ئەھكاملىرىنى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرمۇ «قۇرئان كەرىم»گە چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىنلا يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى رەب ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ نۇردىن يارىتىلغان ئىتائەتمەن پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق

دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھىدايەت مەشئەللىرى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالماستىن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىماي ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

مانا بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىدۇ، ئىمان ئېيتىشتا ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋە تەۋھىد (ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش) ئەقىدىسىنى تارقىتىشتا ئوخشاش خىزمەت كۆرسەتكەن زاتلاردۇر. ئەمما ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ.

مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلار رەببىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پەيغەمبىرىگە: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق» دېدى، ئۇلۇغ رەببى بولغان ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرى چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىنى سۆزلىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق بىر كىچىك گۇناھ-مەئسىيەت ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقىدۇ ۋە ئۇنتۇپ قالغانلىق، ياكى سەۋەنلىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلىرىغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئۇلار ھەمىشە: «ئى رەببىمىز! بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن» دەپ مۇناجات قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدىغانلىقىنى، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭمۇ ئىنسانلارنىڭ تاقىتى يېتىدىغان، ئۇلارنى قىيناپ قويمايدىغان، نورمال ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە ھەركىم ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن نېمىنى قىلسا، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ياكى زىيىنى ئۈچۈن قىلىدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنى ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق كۆ-

رىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مۇنۇ دۇئانى تەلىم بېرىدۇ: ئى رەببىمىز! بىز ئۇنتۇپ قالغانلىق ياكى خاتالاشقانلىقتىن قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقنى تەرك ئەتكەن، ياكى تەرك ئېتىشكە تېگىشلىك يامانلىقنى قىلىپ قويغان بولساق، بىزنى كەچۈرگىن. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە بۇيرىغىنىڭدەك، بىزگە قىيىن دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى بۇيرىمىغىن. قۇربىمىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا بىزنى بۇيرىمىغىن، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن. چۈنكى، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزنىڭ رەببىمىزسەن، بىزگە ئەڭ كۆيۈمچان ۋە شەپقەتلىكسەن، بىز سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز ۋە ساڭىلا تايىنىمىز. ئى رەببىمىز! كاپىر قەۋم ئۈستىدىن بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ئامىن!

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە بىزگە ئاللاھ تائالادىن ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز ياكى خاتالىقىمىز تۈپەيلى بىزنى جاۋابكارلىققا تارتماسلىقنى تىلەشكە بۇيرۇغان. مەلۇمكى، ئۇنتۇپ قىلىش ـ ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن بولىدۇ. خاتالىق ـ ئېھتىياتسىزلىق ۋە بېپەرۋالىقتىن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانى تونۇغان مۇئمىن ئادەم ئەقىللىق ۋە هوشيار بولىدۇ. مۇئمىنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەپەككۇرنى، ھوشيارلىقنى ۋە ئېھتىياتچانلىقنى قولدىن بەرمەسلىكى لازىم. بۇلارغا ئاللاھدە دىققەت قىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنە سادىر بولغان خاتالىق ۋە ئۇنتۇپ قېلىشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە كەچۈرۈشىگە تاپشۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «إن الله تجاوز عن أمتي الخطأ والنسيان وما استكرهوا عليه» يەنى «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئۇنتۇپ قالغانلىق، خاتالاشقانلىق ۋە مەجبۇرلانغانلىقتىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن»[1].

ئاللاھ تائالا بىزگە دىندا قىيىن مەجبۇرىيەتلەرنى بۇيرۇماسلىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ بۇ ھەقتە تەلىم بەردى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز رەھمەت پەيغەمبىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ شەرىئىتى ئاسانلىق ۋە كەڭچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان. ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلدِّينِ

[1] «سنن ابن ماجه» 5- توم، 43-بەت، 2043- ھەدىس.

مِنْ حَرَجٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ دىندا سىلەرگە ھېچقانداق قىيىنچىلىقنى يۈكلىمىدى﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۇقىرىقى ئايەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلار: ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس. مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»دە ئىسىم-زاتلىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە كونكېرت ئىمان كەلتۈرۈشكە، ئىسىملىرى «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىسلەر ئارقىلىقمۇ بىزگە يەتمىگەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئومۇمىي ھالدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغاندۇر.

3. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر. چۈنكى، ئىمان – ئېتىقاد دېمەكتۇر، ئەمەل ئۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئېتىقادسىز ئەمەلنىڭ پايدىسى بولمىغىنىدەك، ئەمەلسىز ئېتىقادمۇ يېتەرسىزدۇر.

4. ئۇنتۇپ قېلىش ياكى خاتالىشىشنىڭ گۇناھى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىنى كەچۈرگەن ئىكەن، ئىنسانلارمۇ بىر-بىرىنىڭ خاتالىقىنى ۋە ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن سادىر قىلغان كەمچىلىكلىرىنى ئۆزئارا كەچۈرۈم قىلىشىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

5. كىشىلەر كۆڭۈللىرىگە كەچكەن يامان ئوي-خىياللار ۋە شەيتانىي ۋەسۋەسىلەر سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ھەتتا بىراۋ بىرەر يامانلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا، شۇ يامان نىيىتى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما بىرەر ياخشىلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ كۆڭلىگە پۈككەن ھامان ئۇنىڭغا بىر ساۋاب يېزىلىدۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، ئون ساۋاب يېزىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە شەپقىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

6. بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئىككى ئايەتنى ئاخشىمى

[1] ھەج سۈرىسى: 78-ئايەت.

يېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇشىنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ قَرَأَ هَاتَيْنِ الْآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ» يەنى «كىمكى ئاخشىمى بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى (يەنى ئامەنەر رەسۇلۇ›دىن ‹كافىرىين›غىچە)نى ئوقۇسا، ئاللاھنىڭ ئۇنى (بارلىق يامانلىقلاردىن) ساقلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 555-بەت، 808-ھەدىس.